مورتىمېر ئادلېر (ئامېرىكا)

# غەربنىڭ تەپەككۇرى

—ئوخشىمىغان دەۋرلەردىكى مەشھۇر مۇتەپەككۇرلارنىڭ كۆز قاراشلىرى



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

غەربنىڭ تەپەككۇرى

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى : ئەكبەر سالىھ

بۇ بىر سوئال ـ جاۋابلىق كىتاب . سوئال
دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن بولۇپ ،
بۈيۈك ئەقىل ـ پاراسەتكە تولغان قويۇق ئىشتىياق
چىقىپ تۇرىدۇ . بولۇپمۇ 20 ـ ئەسىر ئاخىرلىش-
ۋاتقان ھازىرقى پەيتتە بىزنىڭ بۈيۈك ئەقىل ـ پا-
راسەتلەرنى ئۈگىنىش قىزغىنلىقىمىز بۇ ئەقىل ـ
پاراسەتلەر پەيدا بولغان ئاشۇ دەۋرلەردىكىدىن
قىلچىمۇ قېلىشمايدۇ . سوئال سورىغۇچىلار ئۆز
سوئاللىرىغا جاۋاب تەلەپ قىلىپلا قالماستىن ،
بەلكى غەرب ئەنئەنىسىدىكى ئۇلۇغ مېڭىلەر ئار-
قىلىق گۇمانلىرىنى ئايدىڭلاشتۇرماقچى بولۇش-
ماقتا . چۈنكى ، بۇ مېڭىلەر ھەزارىتىمىزنىڭ ئىل-
گىرىلىشى ئۈچۈن زور تۆھپىلەرنى قوشقان.

ISBN 7-228-09346-1
(民文)定价：18.00元



مورتىمېر ئادلېر (ئامېرىكا)

# غەربنىڭ تەپەككۇرى

—ئوخشىمىغان دەۋرلەردىكى مەشھۇر مۇتەپەككۇرلارنىڭ كۆز قاراشلىرى

تەرجىمە قىلغۇچى: ئابدۇقادىر جالالىدىن

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

图书在版编目(CIP)数据

西方名著中的伟大智慧/(美)莫蒂默·阿德勒著；阿不都卡德尔·加拉力丁译．—乌鲁木齐：新疆人民出版社，2005
ISBN 7-228-09346-1

Ⅰ.西… Ⅱ.①阿… ②阿… Ⅲ.哲学—西方国家—通俗读物—维吾尔语(中国少数民族语言)
Ⅳ.B5.49

中国版本图书馆CIP数据核字(2005)第020253号

责任编辑：阿扎提·阿里玛斯
责任校对：阿斯亚·艾合买提
封面设计：艾克拜尔·沙力

新疆人民出版社出版
(乌鲁木齐市解放南路348号 邮政编码:830001)
新疆新华书店发行
乌鲁木齐康林纸业印务有限公司印刷
850×1168 毫米 32开本 12.75印张
2005年3月第1版 2005年3月第1次印刷
印数:1—3000

ISBN 7-228-09346-1 定价：18.00元

# ئاپتورنىڭ كىرىش سۆزى

بۇ بىر سوئال ـ جاۋابلىق كىتاب. سوئال دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن كەلگەن بولۇپ، بۈيۈك ئەقىل ـ پاراسەتكە بولغان قويۇق ئىشتىياق چىقىپ تۇرىدۇ. بولۇپمۇ 20 ـ ئەسىر ئاخىرلىشىۋاتقان ھازىرقى پەيتتە بىزنىڭ بۈيۈك ئەقىل ـ پاراسەتلەرنى ئۆگىنىش قىزغىنلىقىمىز بۇ ئەقىل ـ پاراسەتلەردىن پەيدا بولغان ئاشۇ دەۋرلەردىن قېلىشمىغۇ قېلىشمايدۇ. سوئال سورىغۇچىلار ئۆز سوئاللىرىغا جاۋاب تەلەپ قىلىپلا قالماستىن، بەلكى غەرب ئەنئەنىسىدىكى ئۇلۇغ مېڭىلەر ئارقىلىق گۇمانلىرىنى ئايدىڭلاشتۇرماقچى بولۇشماقتا. چۈنكى، بۇ مېڭىلەر ھەزارىتىمىزنىڭ[①] ئىلگىرىلىشى ئۈچۈن زور تۆھپىلەرنى قوشقان.

سوئال مەكتۇپلىرىگە جاۋاب بېرىش ئۈچۈن ئۇلمەس ئەسەرلەردىن ئەقىل ئىزدىدىم. ئەمما، مۇنداق بىر ئەھۋال يۈز بەردى: بۇرۇن ئۆتكەن ئۇلۇغ قەلب ئىگىلىرىنىڭ بىز كۆڭۈل بۆلىدىغان مۇھىم مەسىلىلەرگە قارىتا ئورتاق پىكىردە بولۇشى قىيىن ئىدى. شۇڭا، مەن ئۆز بايانلىرىمدىن پىكىردىكى زىددىيەتتىن ساقىنت بولالمىدىم. بەلكىم، ئۇلۇغ پىكىر ئىگىلىرىنىڭ پىكىر ئىختىلاپلىرى تەپەككۇرىمىزنىڭ چوڭقۇرراق بولۇشىغا تەسىر كۆرسەتكەندۇ. ئۇلار تەسىلىگەن ئۇلۇغ ئۇقتىسىنەزەرلەرگە نىسبەتەن پىتەرلىك مۇھاكىمە يۈرگۈزۈپ،

---

① ھەزارەت — ئابدۇقادىر جالالىدىننىڭ «تۇغۇلۇشمۇ ياكى تۇغۇلۇشتۇرۇشمۇ» ناملىق ماقالىسىدە بۇ سەنئەت مۇھاكىمە يۈرگۈزۈلگەن. «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» نىڭ 2003 ـ يىللىق 5 ـ سانىغا قارالسۇن — ت.

دۇچ كېلىۋاتقان مەسىلىلەر ھەققىدىكى تەھلىللىرىمىزگە جانلىق تەتبىقلانغاندىلا ئاقىلانە قارار چىقارغىلى بولىدۇ.

ئايرىم مىساللاردا بۈيۈك ئەقىل ـ پاراسەتلەر ئارقىلىق بىۋاسىتە جاۋاب بەرمەي، بەلكى سوئال بىلەن ئەقىل ـ پاراسەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت ئارقىلىق جاۋاب بەردىم. بەزىدە نوقۇل شەخسىي پىكرىمىنىمۇ بىمالال ئوتتۇرىغا قويۇۋەردىم. پىكرىمىز بىلەن مۇناسىۋىتى بولغان بەزى ھازىرقى زامان يازغۇچىلىرىمىزنىمۇ تىلغا ئالدىم. ئومۇمەن، بۇ كىتاب ئىسمى جىسمىغا لايىق كىتاب، ئۇ كۆڭۈل بۆلگەن مەسىلىلەر ئۇلۇغ ئەسەرلەردىكى قاراشلاردىن يۆتكەن.

1920 ـ يىلى ئېيسكىن كولۇمبىيە ئۇنىۋېرسىتېتىدا مەشھۇر ئەسەرلەر ھەققىدىكى دەرسنى تەسىس قىلغاندىن بۇيان، كىشىنىڭ كۆزىنى چاقنىتىدىغان كىتابلار تىزىملىكى پەيدا بولدى. مەيلى مەكتەپلەردە ياكى سىرتلاردا بولسۇن، بۇ كىتابلار ئاساسىي مائارىپىمىزدا كەم بولسا بولمايتتى. كولۇمبىيە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ كىتابلار تىزىملىكى بىلەن خوجىنس ئىككىمىز چىكاگو ئۇنىۋېرسىتېتىدا تۈزگەن كىتابلار تىزىملىكى، ئاناپولىستىكى سايىنت جون ئىنستىتۇتى قوللانغان تىزىملىك، مەشھۇر ئەسەرلەر فوندى تاللىغان تىزىملىكلەر ماھىيەت جەھەتتە ئوخشاپ قالاتتى. ئۇلار بىز «بۈيۈك ئىنگلىز ئېنسىكلوپېدىيىسى» ئۈچۈن تۈزگەن 54 توملۇق مەشھۇر ئەسەرلەرنىڭ ئاساسى بولۇپ قالدى. بۇ بىر يۈرۈش كىتابلارنىڭ «غەربتىكى مەشھۇر ئەسەرلەر» قىسمى 74 نەپەر يازغۇچىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. مېنىڭ قارىشىمچە، بۇ ئىلگىرى بولۇپ باقمىغان ئېسىل تىزىملىك.

كىتابخانلارنىڭ ئۇلۇغ ئەسەرلەرگە يۈرۈش قىلىشىغا پەشتاق ھازىرلاش ئۈچۈن، ئىلگىرى ـ كېيىن سەككىز يىل ۋاقىت سەرپ قىلدۇق. غەربنىڭ ئۇلۇغ ئوقۇمىلىرىدىن 102

تۈرنى ئاللىدۇق. ئاندىن ئۇلارنى 3000 تېمىغا بۆلدۇق. بۇ تېمىلار بويىچە كىتابخانىلار قەدىمكىلەرنىڭ چۈشەندۈرۈشلىرىگە ئاسانلا ئېرىشەلەيدۇ. ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

پەرىشتە، ھايۋان، ئاقسۆڭەكلەر، سىياسىي، سەنئەت، ئاسترونومىيە، گۈزەللىك، مەۋجۇتلۇق، سەۋەب، پۇرسەت، ئۆزگىرىش، پۇقرا، ئاساسىي قانۇن، باتۇرلۇق، ئۆرپ - ئادەت ۋە قانۇن تۈزۈش، تەبىر، دېموكراتىك سىياسەت، قىزغىنلىق، دىئالېكتىكا، مەجبۇرىيەت، مائارىپ، ئامىل، ھاياجان، مەڭگۈلۈك، ئېۋولىيۇتسىيە، تەجرىبە، ئائىلە، ئىشەنچ، شەكىل، خۇدا، ياخشىلىق - يامانلىق، ھۆكۈمەت، ئادەت، بەخت، تارىخ، پەرەز، نۇقتىئىنەزەر، ئۆلمەسلىك، يىغىنچاقلىماق (ئىندۇكسىيە)، چەكسىزلىك، ھۆكۈم، ئادالەت، بىلىم، ئەمگەك، تىل، قانۇن، ئەركىنلىك، ھايات - مامات، مەنتىقە، مەھبۇبە، ماتېماتىكا، ماددا، ماشىنا، تېبابەت، خاتىرە ۋە تەسەۋۋۇر، مېتافىزىكا، قەلب، پادىشاھ سىياسىتى، تەبىئەت، مۇقەررەرلىك ۋە داۋامەت، ئولىگارخىيە، بىرلىك ۋە كۆپلۈك، پىكىر، قارشىلىق، پەلسەپە، فىزىكا، ئازاب ۋە خۇشاللىق، شېئىر، پرىنسىپ، ئىلگىرىلەش، بېشارەت، ئېھتىيات، جازا، سۈپەت، ئەقلىي خۇلاسە، مۇناسىۋەت، دىن، ئىنقىلاب، ئىستىلىستىكا، ئوخشاشلىق ۋە پەرق، پەن، تۇيغۇ، خاتىرە ۋە بەلگە، جىنايەت، قۇل، روھ، ماكان، دۆلەت، چەكلەش، ئىلاھىيەت، زامان، ھەقىقەت، زوراۋانلىق، ئۇنىۋېرساللىق ۋە خاسلىق (ئومۇمىي ۋە جۈزئىي)، پەزىلەت ۋە رەزىللىك، ئۇرۇش ۋە تىنچلىق، بايلىق، ئىرادە، پاراسەت، دۇنيا.

بۇ كىتابتىكى سوئال - جاۋابلار ئاساسەن يۇقىرىقى نۇقتىئىنەزەرلەرگە سەپسىلىپ ئۆتكەن. ھەر بىر ھەپتىدە كەلگەن بىر ئاقار خەتلەردىن كۆپچىلىك كۆڭۈل بۆلىدىغان

تېمىلارنى تاللىدىم ھەمدە سوئاللارنىڭ تەكرارلىنىش قېتىمىنى تاللاشنى ئاساس قىلدىم. مەسىلەن، ھەقىقەت، بەخت، ھۆكۈمەت، ئۇرۇش ۋە تىنچلىق، ياخشىلىق - يامانلىق، مەجبۇرىيەت، جازا، دېموكراتىك سىياسەت، مائارىپ، خۇدا، مۇھەببەت، ئۆلمەسلىك، ئەركىنلىك قاتارلىق ئۇقۇملار كۆپچىلىك ئەڭ كۆڭۈل بۆلىدىغان تېمىلار ئىدى. يەنە مەۋجۇدىيەت، سەۋەب، ئامىل، شەكىل، ماددا، پرىنسىپ، سۈپەت، مىقدار، مۇناسىۋەت، ئوخشاشلىق ۋە پەرق، ئومۇمىي ۋە جۈزئىي قاتارلىق ئۇقۇملار ھەققىدە ھېچكىم سوئال سورىمىغانىدى. ئومۇمەن، سوئال سورىغۇچىلار ئەخلاق، سىياسىي، جەمئىيەت ۋە ئىقتىسادىي مەسىلىلەرگە كۆڭۈل بۆلەتتى ھەمدە شەخس ۋە ئىنسانلار تۇرمۇشىغا ئائىت ئەمەلىي مەسىلىلەرگىمۇ كۆڭۈل بۆلەتتى. ئەمما، شەيئىلەرنىڭ ماھىيىتى ۋە مەۋجۇتلۇقىنىڭ تۈزۈلۈشى قىيىن نەزەرىيىۋى مەسىلىلەرگە باش قاتۇرۇشنى خالىمايتتى.

بۇ كىتاب جەمئىي 104 پاراگرافتىن تۈزۈلگەن بولۇپ، ھەر بىر پاراگراف كىشىلەر ئەۋەتكەن خەتلەردىكى سوئاللاردىن باشلانغان. بۇلار ماڭا كەلگەن خەتلەردىن مەزمۇنلار بويىچە تاللاپ ئېلىندى. ھەر بىر پارچە سوئال ئۇسلۇب، ئىنتوناتسىيە ياكى مەزمۇن جەھەتتە بىر گۇرۇپپا خەتلەردىن يىغىنچاقلاپ ئېلىنغان (تەرجىمىمىزدە تەكەللۇپ سۆزلىرى ۋە خەت يازغۇچىنىڭ نامى قىسقارتىلدى — خەنزۇچىگە تەرجىمە قىلغۇچىدىن).

بۇ خەتلەر مەسىلىنىڭ ماھىيىتى بويىچە رەتكە تۇرغۇزۇلدى. شۇڭا، بۇ كىتاب ئون بابقا بۆلۈندى. ھەر بىر باب بىر يۈرۈش ئۇلۇغ ئۇقۇملار ھالقىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالدى. ھەر بىر بابتىكى ئۇقۇملار تۆۋەندىكى تەرتىپتە تىزىلدى. (ئوقۇرمەنلىرىمىزنى مەزكۇر كىتابنىڭ مۇندەرىجىسىگە قاراشقا تەۋسىيە قىلىش بىلەن بۇ مەزمۇنلارنى قىسقارتتۇق —

ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن).

كىتابخانىلار شۇنى بايقايدۇكى، كىتابىمىزدىكى ئوقۇغۇچىلار ھېلىمۇ كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى تارتىۋاتقان مەسىلىلەردۇر.

ھەر بىر باپنىڭ ئاخىرىدا، ئوقۇشقا تېگىشلىك مۇھىم كىتابلارنىڭ تىزىملىكىنى بەردۇق، بۇنىڭدا، ئالدى بىلەن «غەربتىكى مەشھۇر ئەسەرلەر» نى ئويلاشتۇق. («ئاساسلىق ئەسەرلەر» گە تىزدۇق). مۇئەللىپ ۋە كىتابلار يىل تەرتىپى بويىچە تىزىلدى. ئۇنىڭدىن باشقا، «باشقا ئەسەرلەر» نىمۇ كۆرسەتتىم. گەرچە بۇ ئەسەرلەر «ئاساسلىق ئەسەرلەر» دەك مەشھۇر ئەسەرلەر قاتارىدا بولمىسىمۇ، تېمىمىز بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك ئىدى.

ھەر قايسى سوئال - جاۋابلارغا قىزىققۇچى كىتابخانىلارنىڭ يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ تەتقىق قىلىشى ئۈچۈن مۇنداق ئۇسۇللارنى كۆرسىتىشكە بولىدۇ. (1) مۇندەرىجىدىكى بابلار تەمىنلىگەن يىپ ئۇچلىرىغا ئاساسەن تەتقىقات ماقالىلىرىنى ئىزدەپ ئوقۇش؛ (2) ھەر بىر باپنىڭ كەينىگە تىزىلغان ئەسەرلەرنى تەپسىلىي ئوقۇش؛ (3) دوست ۋە ئائىلىدىكىلەرنى قايىل قىلىپ، بىرلىكتە ئوقۇش ھەم مۇلاھىزە قىلىش.

كىتابىمىز نەشردىن چىقىپ، ئاساسىي ماتېرىيالنى ئوقۇشلۇقلىرىغا ئايلىنىش ئالدىدا، ئۇلۇغ ئۇقۇم ۋە ئەسەرلەرگە كۆڭۈل بۆلگەن بارلىق كىشىلەرگە رەھمەت ئېيتىمەن، ئۇلارنىڭ ماڭا تەكرار خەت يېزىپ، ماڭا ئىلھام بېرىپ، مەتبۇئات يۈزىدە ئۇلارنىڭ تەلەپلىرىنى قاندۇرۇشۇمغا تۈرتكە بولغان كىشىلەرگە تەشەككۈر بىلدۈرىمەن. ئېم ئەپەندى ۋە رېئان خانىمغا رەھمەت ئېيتىمەن، ئۇلار مېنىڭ خەتلەرنى بىر تەرەپ قىلىشىمغا، جاۋاب تېپىشىمغا ۋە كىتابىمىنىڭ نەشردىن چىقىشىغا ياردەم بەردى.

1963 - يىلى 15 - يانۋار، سان فرانسىسكو

ياخشى مائارىپ مەدەنىيەتنىڭ كاپالىتى بو-
لۇپلا قالماستىن، يەنە مەدەنىيەتنى ئالغا سىل-
جىتىدىغان تۈرتكىلىك كۈچ بولالايدۇ، خۇد-
دى ياخشى كىتاب ئەقىلنى ئاچىدىغان ئوقۇش-
لۇق بولۇپلا قالماستىن، يۈكسەكلىككە ئۆر-
لەيدىغان بالداق بولغاندەك.

# «ئويناپ سۆزلىسەڭمۇ، ئويلاپ سۆزلە»

## (ئۇيغۇرچىگە تەرجىمە قىلغۇچىنىڭ كىرىش سۆزى)

ئابدۇقادىر جالالىدىن

سۆز نەپەس بىلەن بىللىدۇر، سۆزنىڭ ھېكمىتىنى نەپەستىن ئىزدە.

(خەلق ئارىسىدىكى بىر دانىشمەننىڭ ئاغزىدىن)

كۆپ قېتىم ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرىدا بولدۇم. شۇنى سەزدىمكى، تىلىمىزدىكى ئىلمىي ئاتالغۇلار دېگەندەك قېلىپلىشىپ بولالمىغانلىقتىن، بايانچىنىڭ ئۆز نۇقتىئىنەزەرىنى تولۇق بىلدۈرۈش ئارزۇسى ئىشقا ئېشىپ بولالمىغان، بۇ مەيداندا بايانچى ھەممىنى روشەن قىلىپ ئېيتتىم دەپ ئويلايدۇ، ئەمما تىڭشىغۇچىلار يات بىر چۈشەنچىدە غۇلغۇلىغا گىرىپتار بولغان ياكى بايانچىنىڭ مۇددىئاسىدىن قېيىپ كەتكەن بىر ۋارىيانتتا تەسىرات ئالغان. مەزكۇر سورۇندا ئوتتۇرىغا تاشلانغان مەسىلە ھېسسىي نۇقتىسىدىن ھەممىگە مەلۇم. بىراق، ئۇنى ئەقلىي ئۇقۇم پەللىسىگە كۆتۈرۈشكە كەلگەندە ئىختىلاپ مەۋجۇت ياكى بىر - بىرىنى چۈشەنمەسلىك مەۋجۇت. نەتىجىدە، مۇئەييەن بىر ئۇقۇمدىكى كوللېكتىپ ئەقلىي تەستىق روياپقا چىقماي، مۇھاكىمىنىڭ تۈگۈنلىرى غۇۋالىق ئىچىدە قالىدۇ. مەسىلەن، «ۋىجدان»، «مەسئۇلىيەت» ... دېگەنگە ئوخشاش ئىبارىلەر كۈندىلىك سۆز - نۇتۇقلىرىمىزدا كۆپ ئۇچرايدۇ، بۇ سۆزلەرنىڭ مەنىسى

ھەققىدە ئۆز سەۋىيىسىگە لايىق چۈشەنچە ياكى تونۇشقا ئىگە بەزىلەر بۇ سۆزلەرگە لۇغەتشۇناسلىق نۇقتىسىدىن ئىزاھلىق شەرھى بېرىشى مۇمكىن، بەزىلەر بولسا ئىلاھىيەت نۇقتىسىدىن شەرھى بېرىشى مۇمكىن، شۇنداقلا پسىخولوگىيە، سوتسىئولوگىيە (جەمئىيەتشۇناسلىق) نۇقتىسىدىنمۇ ئىزاھلىشى مۇمكىن. لېكىن، بىزدە ئۇقۇملارنى ئىلمىي ۋە ئەقلىي يۈكسەكلىك دەرىجىسىگە كۆتۈرۈپ چۈشىنىدىغان ئادەم قانچىلىك باردۇ؟! شۇنداقلا بۇ ئۇقۇملارنىڭ قېلىپلاشتۇرۇلغان ھالدا، ئۇيغۇرچە دەرسلىك، مەتبۇئات، رادىئو - تېلېۋىزىيىلە- رىمىزدىن ئورۇن ئېلىشى قانچىلىك؟ بۇنداق مەيۈس سوئاللارغا جاۋاب بېرىشتە مەنمۇ قىينىلىمەن. بۇ بىزدە تەبىئىي پەن تەتقىقاتلىرىنىڭ بولمىغانلىقى، ھەم دېمىلا باشقا مىللەتلەرنىڭ تىل - يېزىقىدىكى پەن - تەتقىقات ئۇقۇملىرىنى ياكى دەرسلىكلىرىنى تەرجىمە قىلىشقا يېقىنىپ قالغانلىقىمىز، «پەن - تەتقىقات» باشقىلارنىڭ تەجرىبىخانىلىرىدا بولىدۇ دەپ قاراپ، ئۆزىنىڭ ئۆتمۈشى ۋە بۈگۈنكى ھاياتىنىڭ تۈرلۈك قاتلاملىرىدا مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى ئېسىمىزدىن چىقارغانلىقىمىز، ئىلمىي تەتقىقات يىغىنلىرىنىڭ يوق ھېسابتا ئىكەنلىكى، تەبىئىي پەن ۋە ئىجتىمائىي پەن تارماقلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزئارا «چالا» لىشىش ۋە سىڭىشىشنىڭ بولمىغانلىقى قاتارلىق ئوبيېكتىپ سەۋەبلەرگە چېتىلىدۇ. ئەھۋال مۇشۇنداق كېتىۋەرسە لۇغەتلىرىمىزنىڭ ئىنگلىز، ھەنزۇ تىللىرىدىكى يېڭى ئاتالغۇلار ئالدىدىكى گاڭگىراشلىرىنىڭ ئاۋۇپ كېتىشى تۇرغانلا گەپ. ئۆز ئانا تىلىغا چالا بولغان تەرجىمە خادىملىرى، يۇمشاق دېتال ھەۋەسكارلىرىمىز مەسىلىنىڭ سەۋەبىنى ئېنىق سۈرۈشتۈرمەيلا «تىلىمىز سۆزگە باي ئەمەس ئىكەن» دەپ ۋايساپ قويۇشلارنى ئاندا - مۇندا ئۇچرىتىپ قالىمىز. تىلنى ئادەم تەرەققىي قىلدۇرىدۇ.

ئىجتىمائىي ئىش تەقسىماتىنىڭ ئۇنىۋېرساللىشىشى، مەخسۇسلىشىشى، ئىنچىكىلىشىش دەرىجىسى، شۇنداقلا مەنە ئىشلەپچىقىرىش ئىمكانىيىتى قاتارلىقلار تىلنىڭ تەرەققىياتى ۋە بېيىشى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك.

يۇقىرىدا ئېيتقاندەك، ئالاي ئىلمىي سۆھبەتلەردىن غەرەزلىرىمىز دېگەندەك ئايدىڭ بولماي تارقاشتۇق، مۇددىئالىرىمىز بىر يەرگە كەلمەي چېچىلىشتۇق ھەم قىزىرىشتۇق. تېلېۋىزىيە نومۇرلىرىغا قارايدىغان بولساق رىياسەتچىلەر پىكىرگە ۋە تېرمىنلارغا شۇنچە گاداي، ئۇلار پاساھەتلىك جۈملىلەرنى تۈزۈشكە ئۇرۇنغانسېرى، ئىچكى دۇنيادىكى كاۋاكلىق شۇنچە بىلىنىپ قالىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىگە يادا بولۇپ كەتكەن، ئۆتكەن زامانلاردىن قالمىش ئىنتايىن چەكلىك ئاتالغۇلار بىلەن ھازىرقى دەۋرنىڭ روھىي ھالىتىنى ئېنىق ئىپادىلەپ بېرىشكە چارىسىز.

بىز ئىزدەۋاتىمىز، ئىزدىگەن نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ئۆزىمىزدە. لېكىن، ئۇنىڭ نېمىلىكىنى بىلمەيۋاتىمىز؛ بىز سۆزلەۋاتىمىز، سۆزلىرىمىزدە نېمىلەرنىڭ بارلىقىنى ئەقلىي يۈكسەكلىكتە چۈشەنمەيۋاتىمىز. موللا، زىيالىي، سودىگەر، دېھقان، كادىر قاتارلىق تەبىقىلەر ئارا بىر - بىرىمىزنىڭ گېپىنى چۈشەنمەسلىك، بىر تەبىقىنىڭ ئىچىدىمۇ بىر- بىرىنى چۈشەنمەسلىك بىزدىكى بىر ئەمەلىيەت. بۇ ھادىسە مەشھۇر تەسەۋۋۇپ جالالىدىن رۇمىنىڭ بىر ھېكايىتىنى ئېسىمىزگە سالىدۇ.

*تۈرك، ئەرەب، پارس ۋە يۇناندىن بولغان تۆت كىشى سەپەرگە چىقىدۇ. يولدا ساخاۋەتلىك بىر كىشى ئۇلارغا بىر تەڭگە سوۋغا قىلىدۇ.*

*— بۇ پۇلغا ئەنگۈر ئالايلى، — دەيدۇ پارس ئۆز تىلىدا.*

— ياق، بۇ يۇلغا ئەيناب ئالايلى، — دەيدۇ ئەرەب ئۆز تىلىدا.

— ياق، بۇ يۇلغا ئۈزۈم ئالايلى، — دەيدۇ تۈرك ئۆز تىلىدا.

— ياق، بۇ يۇلغا ستافىل ئالايلى، — دەيدۇ يۇنان ئۆز تىلىدا.

ۋەھالەنكى، يۇقىرىقى سۆزلەرنىڭ ھەممىسى «ئۈزۈم» دېگەن مەنىدە ئىكەن، لېكىن ئۇلار بىر - بىرىنى چۈشەنمەي ماجىرالىشىپ قالىدۇ. جالالىددىن رۇمى بۇ ۋەقەدىن مۇنداق يەكۈن چىقىرىدۇ:

بەس، ئۇلار بىردەك قارارغا كەلمىلەر،
لېك، چۈشەنمەي، بەھسۇ غەۋغا قىلدىلەر.
بارچىدا خاھىش ئۈزۈم ئەردى يەقەت،
بارچىسى بىردەك ئۈزۈم دەردى يەقەت.
لېك، ئاراغا شۇم جاھالەت تۈشتى، بەس،
تىش، قوۋۇرغا لەت يېدى، ئايلى شىكەس.
غافىلۇ غەپلەت سۆزىدىن ماجىرا،
بىزنىكى - بىرلىك بىلەن سۈلھۇ ساللا...①

«21 - ئەسىر ئۈممەد ۋە خىرىس بىلەن تولغان بىر ئەسىر» — مەن بۇ جۈملىنى تېلېۋىزور رىياسەتچىلىرىنىڭ ئاغزىدىن كۆپ ئىشتتىم. لېكىن، بۇ جۈملىنىڭ كونكرېت مەنىسى نېمە دېگەنلەرنى ئۇچراتمىدىم. «ئۈممەد» قانداق ئۈممەد؟ ئۇ نەدىن كەلگەن؟ «خىرىس» چۇ؟ بۇ سۆزنىڭ ھەربىر مەيدان،

---

① جالالىددىن رۇمى: «ئۇچماققا قانات يوق، لېكىن ئۇچقايمەن». غاپۇر غۇلام نامىدىكى ئەدەبىيات ۋە سەنئەت نەشرىياتى، تاشكەنت، ئۆزبېكىستان، 1994 - يىلى.

ھەر بىر مۇھىتتىكى مەنىسى ئوخشىمايدۇ. بىراق، بۇنداق ئوخشىماسلىق بىزنىڭ ئاممىۋى مېدىيەلەر (تارقىتىش ۋاسىتىلىرى) دە كۆزدىلەنمىدى. نوتۇقلار ئىستراتېگىيىلىك ھەم تاكتىكىلىق ئەمەس. ئەگەر 21 ـ ئەسىردە «خىرىس» ۋە «رىقابەت» كە دۇچ كېلىدىغانلىقىمىز راست بولسا، ئىشنى مەنتىقىي پۇختىلىق، پەلسەپىۋى تويۇنلۇق، ئىلمىي ئېنىقلىققا ئىگە بىر تىل بەرپا قىلىشتىن باشلاش كېرەك. ئوخشىمىغان ھەزارەت ۋە مەدەنىيەتتىكى كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقە كۈنسايىن كۈچىيىۋاتقان ھازىرقى دەۋردە كىشىلەر ئۆزىنىڭ ئەقىدىسى، قىممەت قارىشى، سالاھىيىتى ھەققىدە مۇكەممەل چۈشەنچىگە ئىگە بولالىشى كېرەك، شۇ چاغدىلا ئۇ يەرشارى كەنتىدىكى ھەزارەت (文化) تىن ئاتلاپ، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشتا مۇئەييەن قۇتۇپقا ۋەكىللىك قىلالايدىغان تىرىك مەۋجۇتلۇق بولالايدۇ. ئوخشىمىغان ھەزارەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئالماشتۇرۇش بۇرۇن سىياسىي، ھەربىي ساھەلەردىكى دىپلوماتلارنىڭلا ئىشى ئىدى، كېيىن ئۇ ئىقتىسادىي ساھەلەرگە، بارا ـ بارا مائارىپ، ئەدەبىيات ـ سەنئەت ساھەلىرىگە قەدەر كېڭەيدى. بۇنداق مۇھىتتا، ئالماشتۇرۇشقا نىسبەتەن پائال قىزغىنلىق بولسىلا كۇپايە بولمايدۇ. سەن باشقىلارغا بېرەلەيدىغان ئۆزگىچە قىممىتىڭ بولۇشى ئالدىنقى شەرت.

بىلىم مۇلازىمەتچىلىكى ئىلمىنىڭ ئاساسچىسى، ئەنگلىيە پەيلاسوپى مايكول پولاينى[1] بىلىم ئىندىۋىدۇئاللىققا ئىگە بولىدۇ، ماھارەتمۇ بىر خىل بىلىم بولۇپ، ئۇنىڭدا باشقىلارغا يەتكۈزۈپ بەرگىلى بولمايدىغان تەركىبلەر بولىدۇ، دېگەنىدى. ئۇنىڭ قارىشىچە، بىلىمنىڭ خۇسۇسىي تەركىبلىرى (خاس

① مايكول پولاينى: «خۇسۇسىي بىلىملەر» ناملىق كىتابنىڭ كىرىش سۆزىگە قارالسۇن، گۈيجۇ خەلق نەشرىياتى، خەنزۇچە، 2000 ـ يىلى 11 ـ ئاي.

تەركىبلىرى) بىلەن ئومۇمىي تەركىبلىرى بىر ـ بىرىنى ئۆزئارا شەرت قىلىدۇ، بىلىش مۇشۇ ئارقىلىق كۆپىيىدۇ. بۇنىڭدىن مەلۇمكى، خاس مەۋقەگە ئىگە بولالمىغانلار دۇنياۋى يېڭىلىق يارىتىش سەھنىسىدىكى مەۋجۇت بولۇش پۇرسىتىنى ئۆتكۈزۈۋەتكەنلەر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بىراۋنى چۈشىنىش ئۆزىنى چۈشىنىشنى ئالدىنقى شەرت قىلىدۇ. ئۆزىنى چۈشىنىشمۇ باشقىلارنى چۈشىنىش ئارقىلىق موللىشىدۇ، بىراۋنى چۈشىنىش دېگەنلىك ئۇنىڭ ئويلاش ۋە مەسىلە ھەل قىلىش ئۇسۇلىنى چۈشىنىش دېگەنلىكتۇر. بىز باشقىلارنى تەرجىمە ئارقىلىق چۈشىنىمىز، ئالاقە ئارقىلىق چۈشىنىمىز، ھەمكارلىق ئارقىلىق چۈشىنىمىز، باشقىلارنى چۈشەنگەنسېرى ئۆزىمىزنى چۈشەندۈرەلەيدىغان بولىمىز. بۇنىڭ ئىچىدە دۇنياۋى كلاسسىك ئەسەرلەر تەرجىمىچىلىكى سەل قاراشقا بولمايدىغان بىر تەركىب. بۇ جەھەتتە ئەجدادلىرىمىز كۆپ مېھنەتلەرنى سىڭدۈرگەن، ئەمما ھازىرقى زامان ئىجتىمائىي پەنلىرى ۋە ئەدەبىيات ـ سەنئەتلەرگە دائىر دۇنياۋى ئەسەرلەرنى تەرجىمە قىلىپ تونۇشتۇرۇشىمىز دەۋرنىڭ تەرەققىيات رىتىمىگە ئەگىشەلمەي قالدى. بىر تىل باشقا تىلدىكى دۇنياۋى ئەسەرلەرنى ھەزىم قىلىش جەريانىدا ئۆزىنىڭ دۇنياۋى ئىممۇنىتېت كۈچىنى يارىتىدۇ. بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى مارۇڭ ئەپەندى مۇنداق دەيدۇ: «ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 20 ـ يىللىرىدىن 40 ـ يىللىرىغىچە جۇڭگو ئەدىبلىرى زور تۈركۈمدىكى چەت ئەل ئەدەبىي ئەسەرلىرىنى خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلدى. بۇ ئەسەرلەرنى ئەگەر قەدىمكى زامان ئەدەبىي تىلى بىلەن تەرجىمە قىلغان بولساق، بەك مۈشكۈل ئىش بولاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە چەت ئەل ئەدەبىي ئەسەرلىرىدىكى نۇرغۇن سۆزلەرنى خەنزۇ تىلىغا ئاغدۇرغاندا، قەدىمكى خەنزۇ تىلىدىن ئۆزىگە ماس كېلىدىغان سۆز تاپقىلى بولمايتتى. شۇڭا، بىر قىسىم

تەرجىمانلار ئۆزلىرى يېڭى سۆزلەرنى ئىجاد قىلىپ، بۇ ئەسەرلەردىكى ھېسسىيات ۋە ئوبرازنى ئىنچىكە ئىپادىلىدى. بۇ ئەسەرلەر نەشر قىلىنغاندىن كېيىن، يېڭى سۆزلەر ئاستا ـ ئاستا تارقالدى ۋە خەنزۇ تىلى لېكسىكولوگىيىسىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمىغا ئايلاندى.»① يېقىنقى يىللارنى ئالساق جامېس جويسىنىڭ «يۇلىسىس»، مارسېل پۇرۇستنىڭ «يىتكەن زاماننى ئىزدەش»، مارتىن ھېيدېگگېرنىڭ «مەۋجۇدىيەت ۋە زامان» قاتارلىق ئەسەرلەرنى تەرجىمە قىلىش خەنزۇ ئەدەبىي تەرجىمىچىلىكىدىكى زور بىر سىناق بولدى. ئۇنىڭدىن باشقا مىشېل فوكو، ژاك دېرىدا قاتارلىقلارنىڭ ئەسەرلىرىمۇ تەرجىمە قىلىندى. «چەت ئەل پەلسەپە لۇغىتى»دىن مەلۇم بولۇشىچە، 1949 ـ يىلىدىن بۇرۇن 70 پارچىدىن ئارتۇق مەشھۇر پەلسەپە ئەسەرلىرى خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان، 1949 ـ يىلىدىن كېيىن تەرجىمە قىلىنغانلىرى 450 پارچە ئەتراپىدا ئىكەن. دېمەك، ھازىر خەنزۇ تىلىدا پەلسەپىگە دائىر دۇنياۋى ئەسەر 500 پارچىدىن ئاشىدۇ دېگەن گەپ. ئەسەرلەرنىڭ كاتولوگىنى كۆرۈپ شۇنى بايقىدىمكى، ئەسەرلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى غەرب ئىدېئولوگىيىسىگە ئائىت ئىكەن، ئاز بىر قىسمى شەرقىي ئاسىيا ياكى شەرقىي جەنۇبىي ئاسىياغا تەۋە ئىكەن. تۈرك، ئەرەب، پارس تىلىدىكى ئەسەرلەر تەرجىمە قىلىنماپتۇ دېيىشكە بولىدىكەن. بۇ 20 ـ ئەسىردە باش كۆتۈرگەن مەدەنىيەتتىكى غەرب مەركەزچىلىك ئىدىيىسىنىڭ جۇڭگودىكى ئىنكاسى ئىدى. تەرجىمە ئوبيېكتلىرىنى تاللاشقا تەسىر كۆرسەتكەن ئامىل ئىككى بولىدۇ: بىرى، نىسبەتەن تەرەققىي قىلغان سىرتقى

---

① ماۋلىڭ: «تەرجىمانلىق تىلشۇناسلىقىنىڭ بېشىدىن ئۆتكەنلىرى ۋە سىلەتلەر مۇناسىۋىتى ھەققىدە ئىزدىنىش» ھەققىدە مۇلاھىزە، «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 2003 ـ يىللىق 3 ـ سان، ئۇيغۇرچە نەشرى.

مەدەنىيەتنىڭ نوپۇزى؛ يەنە بىرى، ئىچكى ئېھتىياج پاكى قايىللىق. قانداقلا بولمىسۇن، بىز مارۋىڭ ئەپەندىنىڭ سۆزىدىن ئەدەبىي تەرجىمىچىلىكنىڭ، بولۇپمۇ كلاسسىك ئەسەرلەر تەرجىمىچىلىكىنىڭ خەنزۇ تىلىنىڭ ئىپادىلەش سەۋىيىسىگە قانچىلىك ئىجابىي تەسىر كۆرسەتكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز.

تىلنىڭ ئىپادىلىشىدىكى تەرەققىيات كونكرېت ھالدا دەۋرنىڭ يېڭى ھالىتىنى تەسۋىرلەيدىغان يېڭى ئىبارىلەرنىڭ كۆپلەپ بارلىققا كېلىشىنى كۆزدە تۇتىدۇ. بۇ ئىبارىلەر ئالاھىدە بىر خىل ئىبارىلەر بولۇپ، بۇ ئۇقۇمنى فرانسىيىلىك پەيلاسوپ فوكوۋ ئوتتۇرىغا قويغان، ئۇنىڭ خەنزۇچە يېزىلىشى «话语» (ئىنگلىزچە discourse) بولۇپ، بىز ئۇنى «ئېيتىم» دەپ ئېلىشنى مۇۋاپىق تاپتۇق. ئېيتىلىشىچە، ھەر خىل يىللاردا ئوخشىمىغان ئېيتىملار بولىدۇ، ئۇلار كونكرېت باياندىن تۈزۈلىدۇ. ئۇ يىللاردىكى بىلىم ئالىملىرىنىڭ جۇغلانمىسىدىن ھاسىل بولىدۇ. مەسىلەن، سىياسىي ئېيتىملار، ئىقتىسادىي ئېيتىملار، تىلشۇناسلىق ئېيتىملىرى قاتارلىقلار. ئېيتىملار تامامەن ماس ھالەتتە بولۇپ كەتمەيدۇ، ئۇ يەنە ئۆز ئىچىدىن زىددىيەتلىك ھالەتكە ئىگە، بۇ زىددىيەتلىك ھالەت ئېيتىمنىڭ مەزمۇنىنى تېخىمۇ تولۇقلايدۇ. ئۇ ئاپتورنىڭ تەپەككۇرىنىلا مەنبە قىلمايدۇ، ئۇ بىر نامسىز ساھە بولۇپ، ئاڭسىز قۇرۇلمىغا ئىگە. ئېيتىم ئۆزى ۋەكىللىك قىلىدىغان مەدەنىيەت ياكى پەنگە يارىشا تىپقا ئىگە بولىدۇ. ئېيتىم تىپى تىل تارىخىنىلا مەھسۇلى بولۇپ قالماستىن، يەنە جەمئىيەت تارىخىنىڭمۇ مەھسۇلى. ئۇنىڭدا مول تارىخىي قاتلاملارنىڭ ئۇدۇمى ھەمدە باشقا مەدەنىيەت تىپى بىلەن بولغان پاراللېللىقنىڭ تەسىرى بىردەك مەۋجۇت بولىدۇ. ئۇنداق ئىكەن، نوقۇل ئۆتمۈش دەۋرلەرگە مەنسۇپ تەرمىلەرنى تەتقىق قىلىشلا كۇپايە ئەمەس. لېكىن، ئۇنى بىر چەككە قايرىپ قويۇپ، زاماندىش يات

مەدەنىيەتلەردىكى ئەسەرلەرنى «ئەكسىرىش» مۇ بىر تەرەپلىمىلىك بولىدۇ. بۇ ئىككى تەرەپنى ئۆزئۆزلۈك ماسلاشتۇرۇش ئىلمىي باشقۇرۇش مېخانىزمىنى تەلەپ قىلىدۇ.

تەرجىمە قىلىش، تەرجىمە قىلىنغان ئەسەرلەر روھىنى ئۆز پائالىيىتىمىزنىڭ يېڭىچە زېمىنىغا تەتبىقلاش، ئىجاد قىلىش، يېڭىلىق يارىتىش قاتارلىقلار بىر خىل ئېيتىم ئىشلەپچىقىرىش جەريانى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئېيتىم ئىشلەپچىقىرىش بىر جەمئىيەتتە يېتەكلەش خاراكتېرىگە ئىگە سۆزلەر خەزىنىسى تۇرغۇزۇش دېگەنلىكتۇر ھەم بۇ سۆزلەرنى جەمئىيەت ھەرىكىتىنىڭ مەنىۋى تۈرتكىسىگە ئايلاندۇرۇش دېگەنلىكتۇر. دېمەك، ئېيتىم بەرپا قىلىش ماھىيەتتە بىر خىل تەشەببۇسكارلىق ھوقۇقىدۇر. ئاممىۋى مېدىيىلەر (كۆپ ۋاستە) كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى ئىگىلەۋاتقان ھازىرقى دەۋردە تېخىمۇ شۇنداق. مەن ئويلايمەنكى، دۇنياۋى تەسىرگە ئىگە يۈزلەپ يىرىك ئەسەرنىڭ پىششىق تەرجىمە نۇسخىلىرىغا ئىگە بولغان بىر تىلنىڭ رىقابەتتىكى يوشۇرۇن كۈچىدىن گۇمانلانمىسىمۇ بولىدۇ. بىزدە «دۇنياغا تەسىر كۆرسەتكەن 100 مەشھۇر شەخس» دېگەن كىتاب نەشر قىلىنىپ، خېلى ئالقىش تاپتى. ۋەھالەنكى، بىز 100 مەشھۇر شەخسنىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالىنى بىلىش بىلەنلا توختاپ قالدۇق، ئۇلارنىڭ تەسىرى ئۇلارنىڭ ئىسمىدە ئەمەس، بەلكى ئەسەرلىرىدە، يەنى ئىدىيىسىدە. ئەمما، بىز ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىگە قىزىقىپ كەتمىگەندەك تۇرىمىز. ئۇلار بىلەن چوڭقۇرلاپ تونۇشۇش ئۈچۈن كېتىدىغان ئىقتىسادىي راسخوتلارنى ۋە كىتابخانلىرىمىز سەۋىيىسىنى نەزەرگە ئېلىش كېرەك بولسىمۇ، نوقۇل شۇنداق دەپ تۇرۇۋېلىشنىڭ ئۆزى پاسسىپ پوزىتسىيىدۇر.

يېقىندىن بېرى، بەزى دۇنياۋى ئەسەرلەر تەرجىمە قىلىندى. لېكىن، بۇ يەنىلا ئاز. مۇمكىن بولسا، مەشھۇر

ئەسەرلەر فوندى جەمئىيىتىنى قۇرۇپ، خەلقنى دۇنياۋى نادىر مىراسلار بىلەن تونۇشتۇرۇش كېرەك. بىر ھېسابتا بۇ تەشۋىقات مۇئەسسەسەلىرىنىڭ ئىشى ئىدى. «يۈز مىڭلىغان نېمە ئۈچۈن» دېگەن يۈرۈشلۈك كىتابنىڭ نەشر قىلىنىشى ياخشى باشلىنىش بولغانىدى، گەپ بۇ ئىشنىڭ داۋاملىشىشىدا بولۇپ قالدى.

مەن جامائىتىمىزنىڭ دىققىتىگە ھاۋالە سۈپىتىدە بىر ئىشنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتۈشنى ئورۇنلۇق دەپ بىلدىم، بەلكىم ماقالىدە ئىلگىرى سۈرمەكچى بولغان پىكرىمىزنىڭ كونكرېت بىر مىسالى بولۇپ قالار.

مورتىمېر ئادلېر (1902 ـ ) دەيدىغان بىر كىشى بار، ئۇ چىكاگو ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پەلسەپە تەتقىقات ئورنىنىڭ باشلىقى بولغان، دەۋرىمىزدىكى پەيلاسوپ ۋە پېداگوگ. ئۇ ئۆمۈر بويى مەشھۇر ئەسەرلەر تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئالىي مەكتەپلەردە مەشھۇر ئەسەرلەر ئوقۇتۇشنى يولغا قويۇشنى تەشەببۇس قىلغان ۋە بۇ جەھەتتە ئۆزى بىۋاسىتە قول تىقىپ جىق ئىشلارنى قىلغان. ئۇنىڭ «ئەركىنلىك ئۇقۇمى»، «ئەخلاق دىئالېكتىكىسى»، «كاپىتالىزم خىتابنامىسى»، «ماائارىپ ئىنقىلابى»، «كىتابنى قانداق ئوقۇش كېرەك» قاتارلىق ئەسەرلىرى بار. 1952 ـ يىلى ئۇ باشقىلار بىلەن بىرگە «غەرب دۇنياسىدىكى ئۇلۇغ كىتابلار» نامىدا 54 توملۇق يۈرۈشلۈك كىتابلارنى تۈزۈپ نەشر قىلدۇرىدۇ. بۇ كىتابلارنى دەستىلىسە، ئېگىزلىكى يەتتە ئىنگلىز چىسى كېلىدىكەن. كىتاب 74 نەپەر بۈيۈك يازغۇچىنىڭ 443 پارچە ئەسىرىدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، بۇنى تۈزۈش ئۈچۈن سەككىز يىل ۋاقىت سەرپ قىلغان. 1977 ـ يىلى ئۇ يەنە باشقىلار بىلەن بىرلىكتە «غەرب ئىدىيە خەزىنىسى» (3000 يىللىق غەرب ئىدىيىسىنىڭ كۆرسەتكۈچى) نى تۈزۈپ نەشر قىلدۇرغان ۋە بۇنىڭ تەسىرى ناھايىتى زور بولغان.

بىزدىكى ئىمكانىيەت ناھايىتى چەكلىك، ئەلۋەتتە. لېكىن، ئىمكانىيىتىمىزگە يارىشا ئىشلارنى قىلغىلى بولىدۇ. مەسىلە بۇنى لايىھىلەيدىغان ئورگاننىڭ بولۇشىدا. بۇ يەردە يەنىلا تەشكىللەيدىغان ئادەمنىڭ بولۇشى ھەممىدىن مۇھىم. تارىختا شەرق كلاسسىكلىرى غەربكە ئۇستاز بولغان، شەرقنىڭ بۇنداق يوشۇرۇن كۈچى ھېلىھەم مەۋجۇت. بۇلارنى سىستېمىلىق تونۇشتۇرۇشنى مەقسەت قىلغان كلاسسىك ئەسەرلەر ئوقۇتۇشىنى ئالىي مەكتەپ مۇنبەرلىرىدە ئېلىپ بارغىلى بولامدۇ، يوق؟ مېنىڭچە، بۇنىڭ بولمايدىغان يېرى يوق، گەپ تەشكىللەيدىغان ئادەمدە.

مەن يېقىندا شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىنىڭ ئۇيۇشتۇرۇشى بىلەن مۇرتىمېر ئادلېرنىڭ «غەربنىڭ تەپەككۇرى» (خەنزۇچە نامى «西方名著中的伟大智慧») ناملىق كىتابىنى تەرجىمە قىلىپ چىقتىم. كىتابتا ياخشىلىق ۋە رەزىللىك، مۇھەببەت ۋە نەپرەت، بەخت ۋە مەسئۇلىيەت، ئەركىنلىك ۋە بىخەتەرلىك، مەقسەت ۋە ۋاسىتە، قاتارلىق 104 خىل ئۇقۇم غەرب تەپەككۇر ئەنئەنىسى ئاساسىدا ئىخچام ھەم چوڭقۇر ئىزاھلانغان. بۇ ئۇقۇملارغا بىز كۈندىلىك ئىجتىمائىي ھاياتىمىزدا ھەمىشە دۇچ كېلىپ تۇرىمىز. بۇ كىتاب ھەرگىزمۇ دالى كارنېگ ۋە ناپالېئون خىل قاتارلىقلارنىڭ ئىجتىمائىي مۇرەسسە خاراكتېرىدىكى كىتابلىرىغا ئوخشىمايدۇ. ئاپتور مەسىلىنىڭ ماھىيىتىنى تەرەپسىز ھالدا رېئال ھەم جانلىق ئوتتۇرىغا قويغان. ئوتتۇرىغا قويۇلغان مەسىلىلەر كىتابخانلىرىمىزنى شۇ مەسىلىلەر بويىچە چوڭقۇرلاپ كىرىشىشكە رىغبەتلەندۈرىدۇ. مېنىڭچە، بۇ كىتابنىڭ ئۇيغۇر جەمئىيىتىگە بولغان قىممىتىنى مۇنداق مۆلچەرلەشكە بولار: بىزدە بۈيۈك ئەسەرلەر بىلەن سىستېمىلىق تونۇشۇپ چىققۇدەك ئىمكانىيەت ھازىرچە يوق. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەر ساھە ئادەملىرىنىڭ پەلسەپە تەتقىق

قىلغۇدەك ۋاقتىنىڭ بولۇشىمۇ ناتايىن. لېكىن، ئاز - تولا پەلسەپە ئۆگىنىش ھەر قانداق بىر كەسىپنىڭ مۇقەررەر ئېھتىياجىدۇر. مەزكۇر كىتاب ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى، كەڭ ئوقۇتقۇچىلار، رادىئو - تېلېۋىزىيە خادىملىرى، ئادۋوكاتلار، كادىرلار ئۈچۈن، ھەتتا يازغۇچىلار ئۈچۈنمۇ پايدىلىنىش ئوقۇشلۇقى. بۇ كىتاب كىشىلىرىمىزنىڭ نوتۇق ۋە سۆھبەتلىرىدىكى شاكاللارنىڭ ئازىيىشىغا مەلۇم جەھەتتە تۈرتكە بولغۇسى.

تۇرمۇشتىكى تۈپ مەسىلىلەر ھەر قانداق دەۋر ۋە جەمئىيەتتە ئوخشاش بولىدۇ. كىتابخانلىرىمىز مەزكۇر كىتابتىن ئۆزلىرى كۆڭۈل بۆلىدىغان مەسىلىلەرنىڭ يىپ ئۇچىنى تاپالايدۇ. كىتابخانلىرىمىز شۇنىڭغا دىققەت قىلىشى كېرەككى، كىتاب سىزنىڭ مەسلىھەتچىڭىز، لېكىن مەسلىھەتنى تۇرمۇشىڭىزغا قايسى خىل مەيدان ۋە ئۇسۇل بويىچە تەتبىقلاش سىزدىن مەلۇم ساپانى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ كىتابتىكى ئىجتىمائىي مەسىلىلەر خىرىستىئان، يۇنان ئىلاھىيەتچىلىكى ئاساسىدا شەكىللەنگەن نۇقتىئىنەزەرلەر بويىچە تەھلىل قىلىنغان. ۋەھالەنكى، دۇنيادا مۇسۇلمانلار، بۇددىستلار ۋە كوڭزىچىلارمۇ بار. ئۇلارنىڭمۇ دۇنيا ۋە جەمئىيەت ھەققىدە ئىدىيە سىستېمىلىرى بار. كىتابنى ئوقۇغاندا، بۇلارنى نەزەردىن ساقىت قىلىش كېرەك ئەمەس. شارائىت يار بەرسە مۇشۇ كىتابتىكى ئۇقۇملارغا جاۋابەن «بىزنىڭ تەپەككۇرىمىز» نامىدا بىر كىتابنى ئىشلەپچىقىشنىڭ زۆرۈرلۈكى كەمىنىگە ئايان بولۇپ تۇرۇپتۇ. بۇ ھەقتە كىتابخانلىرىمىزنىڭ زوقىنى ئىلگىرىلەپ بىلىپ بېقىشقا توغرا كېلىدۇ.

(شىنجاڭ مائارىپ ئىنستىتۇتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ دوتسېنتى)

# مۇندەرىجە


بىرىنچى باب پەلسەپە، ئىلىم ـ پەن ۋە دىن ...... 1

1. ھەقىقەت دېگەن نېمە؟ ...... 3

2. بىلىم ۋە پىكىر ...... 6

3. پەلسەپە دېگەن نېمە؟ ...... 9

4. پەن دەۋرىدىكى پەلسەپە ...... 12

5. ماتېماتىكا بىلەن پەلسەپىنىڭ مۇناسىۋىتى ...... 15

6. پەن بىلەن دىنىنىڭ توقۇنۇشى ...... 18

7. يۇنان پەلسەپىسى ۋە خرىستىئان ئىلاھىيىتى ... 22

8. نېمە ئۈچۈن قەدىمكى ئىلمىي ئەسەرلەرنى ئوقۇش كېرەك ...... 25

9. تارىخنىڭ مەنىسى ...... 28

ئىككىنچى باب سىياسىي: ئادەم ۋە دۆلەت ...... 35

10. شەخس ۋە جەمئىيەت ...... 37

11. پۇقرالارنىڭ رولى ...... 39

12. جۇمھۇرىيەت ۋە دېموكراتىيە ...... 43

13. سىياسىي رەھبەر ...... 46

14. كۆپ سانلىقلار ھۆكۈمرانلىقى ...... 50

15. لىبېرالىزم ۋە كونسېرۋاتىزم ...... 54

16. ئادالەت دېگەن نېمە؟ ...... 57

17. قانۇننىڭ ماھىيىتى ۋە تۈرلىرى ...... 60

18. مىللەتچىلىك ۋە ئىنتېرناتسىئونالىزم ...... 63

19. ئۇرۇش ۋە تىنچلىقنىڭ ماھىيىتى …… 66
20. ئۇرۇش ئەمەلدىن قالامدۇ؟ …… 70
21. ئۇتوپىيە ۋە ئۇتوپىيەچىلىك …… 74
**ئۈچىنچى باب ئەخلاق ھەققىدە …… 81**
22. بەخت ئىزدەش …… 83
23. مۇۋەپپەقىيەت زۆرۈرمۇ؟ …… 85
24. ۋەزىپەبەردارلىق …… 88
25. ۋىجدان دېگەن نېمە؟ …… 91
26. پەزىلەت …… 93
27. باتۇرلۇق …… 95
28. كەمتەرلىك گۈزەل ئەخلاقمۇ؟ …… 98
29. مەقسەت ۋە ۋاسىتە …… 101
30. قىممەتنىڭ نىسبىيلىكى …… 104
31. تەبىئەت قانۇنىنىڭ ئەھمىيىتى …… 108
32. قانۇنغا بويسۇنۇش …… 113
33. ساداقەتنىڭ تەلەپلىرى …… 116
34. مەسئۇلىيەت ۋە مەجبۇرىيەت …… 120
35. غۇرۇر …… 123
36. پانى دۇنيانىڭ ئىشرەتلىرى …… 126
37. ئەقىل ۋە ھېسسىياتنىڭ توقۇنۇشى …… 129
38. ئىنساننىڭ ئۇلۇغلىقى …… 132
39. دەم ئېلىشتىن پايدىلىنىش …… 135
**تۆتىنچى باب ئۇنىۋېرسال مائارىپ ۋە ئۇلۇغ ئەسەرلەر …… 143**
40. ئۇنىۋېرسال مائارىپ دېگەن نېمە؟ …… 145
41. ئادەتتىكى مائارىپ ۋە كەسپىي مائارىپ …… 147

42. ئەخلاق تەربىيىسىنىڭ ئۇنىۋېرسال ماھارىتىكى ئورنى ........................................ 151
43. ئەقىل - پاراسەت ئۇنىۋېرسال ماھارىتىنىڭ نىشانى ........................................ 154
44. ھۈنەرۋەنچىلىكنىڭ ئۆگىنىش ۋە تۇرمۇشتىكى رولى ........................................ 157
45. ئوقۇتۇش سەنئىتى ........................................ 159
46. ئادەتنىڭ يېتىلىشى ........................................ 162
47. كىتابنى قانداق ئامىل ئۇلۇغ قىلىدۇ ........................................ 166
48. باللار ئۇلۇغ كىتابلارنى ئوقۇشى كېرەكمۇ؟ ........................................ 169
49. قىيىن كىتابلارنى قانداق ئوقۇش كېرەك؟ ........................................ 173
50. نېمە ئۈچۈن قەدىمكى ئۇلۇغ ئەسەرلەرنى ئوقۇش كېرەك؟ ........................................ 176
51. ئۇلۇغ ئۇقۇم ھەققىدە ........................................ 179
**بەشىنچى باب ئىلاھىيەت ۋە مېتافىزىكا** ........................................ 185
52. ئېتىقاد بىلەن ئەقىلنىڭ پەرقى ........................................ 187
53. خۇدانىڭ مەۋجۇتلۇقىنىڭ ئىسپاتى ........................................ 190
54. پەرىشتىنىڭ مەۋجۇتلۇقى ۋە ماھىيىتى ........................................ 193
55. روھنىڭ ماھىيىتى ........................................ 196
56. مەڭگۈلۈك ھايات ........................................ 199
57. ئەركىن ئىرادە ۋە دېتېرمىنىزم (بەلگىلەش تەلىماتى) ........................................ 202
58. تەقدىر ۋە ئەركىنلىك ........................................ 206
59. نېمە ئۈچۈن ھەممە ئىش گۇناھ بولىدۇ؟ ........................................ 209
60. بوينىڭ تەڭقىسلىقى ........................................ 212
61. ھاكىمىيەت بىلەن دىنىي ھوقۇقنى ئايرىش ........................................ 215
62. يۇنان ئىلاھلىرى ........................................ 218

63. تراگېدىيىنىڭ مەنىسى ………………… 221
64. مەۋجۇدىيەتچىلىك ………………… 224
ئالتىنچى باب جەمئىيەت ………………… 231
65. باراۋەرلىك ………………… 233
66. ئىلگىرىلەشنىڭ ماھىيىتى ………………… 236
67. نوپۇسنىڭ پارتلىشى ………………… 239
68. مودا دېگەن نېمە؟ ………………… 242
69. سېنزور تۈزۈمىنىڭ مەيدانى ………………… 245
70. جازانىڭ مەقسىتى ………………… 248
71. ئۆلۈم جازاسىنى قوللاش ۋە ئۇنىڭغا قارشى
تۇرۇشتىكى سەۋەبلەر ………………… 251
72. ئائىلىنىڭ جەمئىيەتتىكى رولى ………………… 254
73. نىكاھتىن ئاجرىشىش ………………… 257
74 پەرزەنتلەرنى پەرۋىش قىلىش ………………… 260
75. پاشانغانلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىش ………………… 263
يەتتىنچى باب ئىقتىسادىي تۈزۈم مەسىلىسى ………………… 269
76. بايلىق ۋە بەخت ………………… 271
77. يامراپ كەتكەن سوتسىيالىزم ………………… 274
78. ئىجتىمائىي پاراۋانلىق دۆلىتى ………………… 277
79. ئاپتوماتلىشىش ـ ھىممەتمۇ ياكى ئاپەتمۇ؟ ………………… 279
80. پۇلنىڭ توغرا ئىشلىتىلىشى ………………… 282
81. سىرتقا ياردەم قىلىش مەبلىغىنى ئاقلاش ………………… 285
سەككىزىنچى باب گۈزەللىك ۋە سەنئەت ………………… 293
82. سەنئەتنىڭ ماھىيىتى ۋە شەكلى ………………… 295
83. شېئىرنىڭ جەۋھىرى ………………… 298
84. شائىر ھۈنەرۋەنمۇ ياكى بېشارەتچىمۇ؟ ………………… 301
85. مۇزىكىنىڭ رولى ………………… 304
86. «دراما» دىكى مۇنتىزىملىق ………………… 307

87. گۈزەللىكنىڭ ئەسىرى ........................ 310

88. گۈزەللىك قارىشىدىكى پەرق ........................ 313

89. ئىجادىيەت ئىقتىدارى ئادەمنىڭ ئۆزىدىن كېلەمدۇ ياكى ئىلاھتىن كېلەمدۇ؟ ........................ 316

**توققۇزىنچى باب مۇھەببەت ۋە دوستلۇق** ........ 325

90. مۇھەببەتنىڭ تۈرلىرى ........................ 327

91. مۇھەببەت ۋە ئىستەك ........................ 330

92. مەخلۇقنى سۆيۈش ۋە ئىنساننى سۆيۈش ........ 333

93. نىكاھ ........................ 336

94. دوستلۇقنىڭ ئۆلچىمى ........................ 339

95. پاراڭ قىلىش سەنئىتى ........................ 342

**ئونىنچى باب ئادەم ۋە دۇنيا** ........................ 349

96. كىشىلىكنىڭ ئۆزگەرمەسلىكى ........................ 351

97. ئادەم بىلەن ھايۋاننىڭ پەرقى ........................ 354

98. ھاياتلىقنىڭ مەقسىتى ........................ 357

99. كىشىلىك ھاياتتىكى پۇرسەت ........................ 360

100. كەسىپنىڭ خۇسۇسىيىتى ........................ 363

101. ئەر - ئاياللار باراۋەرلىكى ........................ 366

102. ئاياللارنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنى ........................ 369

103. ئەركىنلىكنىڭ مەنىسى ........................ 372

104. ھەزارەت ۋە مەدەنىيەت ........................ 375



## بىرىنچى باب

# پەلسەپە، ئىلىم - پەن ۋە دىن

ئىلىم - پەن دېمەك ئەقىلدۇر،
پەلسەپە دېمەك پاراسەتتۇر،
دىن دېمەك روھىيەتتۇر.

ئۇلار مەنىۋى تەرەققىياتنىڭ ئۈچ شېخى
مەدەنىيەت تەنتەنىلىرىنىڭ ئۈچ بەلگىسى

# 1. ھەقىقەت دېگەن نېمە؟

*ھەقىقەتنى تەبىرلەش تەس. بەزىلەر كۆپ ساندىكىلەرنىڭ ئويلىغىنىنى ھەقىقەت دەپ قارىشىدۇ. ئەمما، مېنىڭ قارىشىم باشقىچە، چۈنكى كۆپ ھاللاردا ھەقىقەت كۆپ ساندىكىلەرنىڭ ئىلكىدە بولماي قالىدۇ. ھەتتا، كۆپچىلىك مۇقەررەر دەپ بىلگەن نەرسە ھەقىقەت ئەمەس بولۇپ چىقىدۇ. ھامان ئۇنىڭغا تەبىر بېرىش كېرەك. ئۇنداقتا ئۇ نېمە؟*

---

قايىل قىلالمايدىغىنى شۇكى، بۇ ھەقىقەتكە بېرىلگەن تەبىر ئەمەس، بەلكى ھەقىقەتنىڭ ئالامەتلىرىدۇر. مۇئەييەن ئەھۋالدا، كۆپ سانلىقلار ھەقىقەت دەپ بىلگەن ئىشلار پەقەت ئۇنىڭ راستلىقىنىڭ «مۇمكىن»لىكىدىن دېرەك بېرەر. ئەمەلىيەتتە ئۇ مەلۇم جەھەتتىن راست بولۇپ، ئەڭ ياخشى ئالاھىدىلىك بولۇپ كېتىشى مۇمكىن ئەمەس. بۇنداق چۈشەندۇرۇش پىلادو ئوتتۇرىغا قويغان «ھەقىقەت دېگەن نېمە؟» دېگەن سوئالغا جاۋاب بولالمايدۇ.

يالغاننىڭ مەنىسىنى تەكشۈرۈپ چىقىش ھەقىقەتنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىۋېلىشىمىزغا ياردەم بېرىدۇ. بىر يىگىت بىر قىزغا «مەن سىزنى سۆيىمەن» دېگەن بولسۇن، ئەگەر ئۇنىڭ تىلى بىلەن دىلى ئوخشىمىسا، بۇ گەپ يالغان بولىدۇ. ئەگەر بىر بالا قەنت - گېزەكلەرنى ئوغرىلىقچە يېۋېلىپ، ئاپىسىغا «مەن يېمىدىم» دېسە، بۇمۇ يالغانچىلىق بولىدۇ. يالغانچىلىق سېنىڭ بىلگەن - ئويلىغانلىرىڭنىڭ ئەكسىچە بولۇپ، ئۇ

سەممىي سەۋەبلىك بىلەن ماھىيەت جەھەتتىن پەرقلىق بولىدۇ.

ئامېرىكىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدىكى پەيلاسوپى روبىس فېرمىزلىك يالغان بايان قىلغۇچىلارنى يالغانچى دەپ ئاتىغانىدى. بۇ شۇنداق دېگەنلىككى، يالغانچىنىڭ «ھەئە» دېيىشى «ياق» دېيىشتىن دېرەك بېرىدۇ. ئەكسىچە ئەھۋالدىمۇ شۇنداق. روبىسنىڭ يالغانچىلار ھەققىدىكى تەبىرى بىزنى ھەقىقەت ھەققىدىكى مەشھۇر پەلسەپىۋى تەبىرگە ئۇدۇل باشلاپ بارىدۇ، بۇ تەبىر دەل بۇنىڭدىن 25 ئەسىر بۇرۇن ئۆتكەن ئەپلاتون بىلەن ئارىستوتېل تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلغانىدى. كېيىن، بۇ ھەقتە ھەر خىل قىياپەتتە نۇرلۇك ئىلمىلەردە كۆرۈلۈپ تۇرغان بولسىمۇ، ئەسلىدىكى ھالىتىدىن ھالقىپ كېتەلمىدى.

ئەپلاتون ۋە ئارىستوتېللارنىڭ قارىشىچە، ئەگەر بىزدىكى پىكىر چىن بولسا، يەنى ئۇ «ھەئە» (is) بولسا ياكى «ياق» (is not) ئەمەس بولسا، مۇنداقچە ئېيتقاندا، پىكىر بىلەن رېئاللىق بىردەك بولسا، مانا بۇ ھەقىقەت بولىدۇ.

مەلۇمكى، ھەقىقەتنىڭ چەك - چېگراسىنى ئاجرىتىش ئاسان، تەبىر بېرىشمۇ قىيىن ئەمەس. بەلكىم ئاقەنسىز پېلادو جاۋاب كۈتۈۋاتىدىغاندۇ. ئەگەر ئۇ جاۋابقا ئېرىشىشنىڭ بۇنداق ئوڭاي ئىكەنلىكىنى بىلسە، باشقا بىر مەسىلە ئۈستىدە ئويلانغان بولاتتى: «گەپنىڭ راست - يالغانلىقىنى قانداق ئايرىش كېرەك؟» بۇ ھەر قايسىڭىزلەر تەبىئىي ھالدا ئويلىنىدىغان مەسىلەدۇر.

بۇ مەسىلىگە مۇنداق ئۈچ خىل جاۋاب بېرىش مۇمكىن:

بىرىنچى، بەزى گەپلەر ئۆز - ئۆزىدىنلا ھەقىقەت بولىدۇ، خۇددى «پۈتۈنلۈك قىسمەنلىكتىن چوڭ» بولغاندىكىدەك. بىز ئاشۇ گەپلەرنىڭ زىت تەرىپىنى ئاپالمىغىنىمىزدا، ئۇ ئۆزىنىڭ ھەقىقەت ئىكەنلىكىنى جاكارلىغان بولىدۇ. بىز پۈتۈنلۈك بىلەن

قىسمەنلىكنىڭ مەنىسىنى چۈشەنگىنىمىزدە، قىسمەنلىكنىڭ ئۆزى ئەزە بولغان پۈتۈنلۈكتىن چوڭ ئىكەنلىكىنى ئويلاشنىڭ ھاجىتى يوق بولىدۇ. مانا بۇ پۈتۈنلۈك قىسمەنلىكتىن چوڭ دېگەن ھۆكۈمنىڭ ھەقىقەت ئىكەنلىكىنى بىلىشىمىزنىڭ سەۋەبى.

ئىككىنچى، ھۆكۈمنىڭ توغرا ـ خاتالىقىنى تەجرىبە ۋە كۆزىتىش ئارقىلىق ئىسپاتلاش. ئەگەر بىراۋ ئۆتكەن ئاينىڭ ئاق كۆڭلىرىدە چېكاگودا يامغۇر ياغمىدى دېسە، بىز ھۆكۈمەتنىڭ ھاۋارايى توغرىسىدىكى خاتىرىلىرىنى تەكشۈرۈپ چىقىپ، ئۇنىڭ راست ـ يالغانلىقىنى ئايرىساق بولىدۇ. كۆلچەكتىكى سۇنىڭ ياشلار ئېيتقاندەك ئىسسىق ئىكەنلىكىنى بىلىش ئۈچۈن پۇتىمىزنى چىلاپ باقىمىز. يەنى خۇلاسىلەر پەقەت تەكرار كۆزىتىلىپ، ئۆزگىچە ئەھۋال بايقالمىغاندىلا ھەقىقەت دەپ قوبۇل قىلىنىدۇ.

ئۈچىنچى، ھەقىقەت ئۆز ـ ئۆزىدىن مەلۇم بولمىغاندا ھەم ئۇنى بىۋاسىتە كۆزىتىپ ئىسپاتلىغىلى بولمىغاندا قانداق قىلىش كېرەك؟ خاراكتېرگە ياتىدىغان بىر ئىشنى ئالساق، مەسىلەن، مەلۇم بىر مۇددىئاغا يېتىش ئۈچۈن مەلۇم ھەرىكەتنى قوللىنىسىز ياكى سۆيۈملۈكىڭىز ئۆۋەتتىكى مۇسابىقىدە غەلىبە قازاناقچى، بۇنداق ئەھۋالدا، ئىشنى ئوبدان دەڭسەپ، كۆپچىلىك ياكى مۇتەخەسسىسلەر بىلەن بولغان بىردەكلىكنى ئىزدەيمىز. ئۇنىڭ راست ـ يالغانلىقىنى كۆپچىلىكنىڭ پىكرى بويىچە ئايرىيمىز.

بەلكىم، 3 ـ خىل جاۋاب سىلەرنىڭ ئويلىغىنىڭلاردەكتۇ. ئەمما، ئاۋامنىڭ پىكرى ھەقىقەتنىڭ توغرا جاۋابى بولۇپ كېتىشى ناتايىن. شۇنداقلا، ھۆكۈمنىڭ توغرا ـ خاتالىقىنى

بىلىشكە دائىر تولۇق جاۋاب بولۇپ كېتىشىمۇ ناتايىن.
ھەقىقەتنىڭ چېگراسىنى ئايرىش ئوڭاي، مەلۇم بىر ھۆكۈمنىڭ توغرا - خاتالىقىنى ئايرىش بولسا ئوڭاي ئەمەس، ھەقىقەتنى ئىزدەش بولسا بەسى مۇشكۈل ئىش.

---

## 2. بىلىم ۋە پىكىر

*دۇنيادا بىلىم دېگەن نەرسە بارمۇ، يوق؟ بىلىم دېگەن بۇ نەرسە پەقەت پىكىردىنلا ئىبارەتمۇ؟ ئۆتكەن 50 يىل مابەينىدە دۇنيا ۋە تۇرمۇشىمىز ھەققىدىكى چۈشەنچىمىزدە مۇھىم ئۆزگىرىشلەر بولدى. ھەتتا، بىز گۇمانلانماي تۇرالمىدۇقكى، ھەر قانداق شەيئى ھەققىدە بىلىم ھاسىل قىلالامدۇق؟ بىلىم دەپ ھېسابلىغانلىرىمىزنىڭ كۆپ قىسمى پەقەت پىكىردىنلا ئىبارەت ئەمەسمۇ؟*

---

پىكىرنىڭ نېمىلىكىنى ھەممە ئادەم بىلىدۇ. ئېتىراپ قىلىمىزكى، پىكىرنىڭ كۆپچىلىكىنىڭ ئورتاق ئېتىقادىغا ئايلىنىپ كېتىشى ناتايىن. بىز «ھەي، ئۇ دېگەن سىنىڭ پىكرىڭ» دېگەنگە ئوخشاش رەت قىلىش تەلەپپۇزىدىكى گەپلەرنى ئاڭلاپ تۇرىمىز. ھەتتا، بىز ھەقىقەتكە ئېرىشكەندىمۇ، ئازراق گۇمان قىلغان ھالدا «ئىشەنسەكمۇ بولىدىكەن، لېكىن بىر نەرسە دېمەك تەس» دېگەندەك سۆزلەرنى قىلىمىز.
پىكىرنىڭ مۇنداق ئۈچ ئالاھىدىلىكى بار: بىرىنچىسى، مۇمكىنلىك مۇتلەقلىقتىن ئۈستۈن تۇرىدۇ. ئىككىنچىسى، گۇمانلىنىشقا ئاسان ئۇچرايدۇ. ئۈچىنچى، ئاقىللار زىددىيەتلىك

ئىككى پىكىردىن ئۇنىڭ ساغلامراقىنى تېپىپ چىقالايدۇ.

جاھىل، گۇمانخورلار (سكېپتىسىزمچىلار) نىڭ قارىشىچە، ھەر قانداق شەيئى بىر خىل پىكىردۇر. رادىكال گۇمانخورلارنىڭ قارىشىچە، ماتېماتىكا، ئىلىم - پەن كەبى نەرسىلەرمۇ پىكىردىن ئىبارەت. مەسىلەن، ئۇلارچە گېئومېتىرىيىلىك سىستېمىلار ئاساسسىز قىياس ئۈستىگە قۇرۇلغان بولۇپ، باشقا قىياسلار دەل ئاشۇ قىياسلاردىن كەلتۈرۈلگەن. باشقا سىستېمىلار ئۇنىڭ ئاساسىدا تەرەققىي قىلدۇرۇلغان. تەجرىبە پەنلىرى يۈكسەك ئېھتىماللىقتىكى بەكۈن بولۇپ، ھەرگىزمۇ گۇمانلانغۇسىز ئېنىقلىقتىن تۈزۈلگەن ئەمەس.

قەدىمكى يۇنان پەيلاسوپلىرىنىڭ نۇقتىئىنەزىرى گۇمانخورلارنىڭ نۇقتىئىنەزىرى بىلەن قارىمۇقارشى. ئەپلاتون ۋە ئارىستوتېللارنىڭ قارىشىچە، ئىنسانلار شەيئىلەردىن ھەقىقىي بىلىمگە ئېرىشەلەيدۇ، يەنى شەيئىلەردە ماھىيەتلىك ۋە ئورنىنى ئالماشتۇرغىلى بولمايدىغان بىلىملەر بار. ئالايلۇق، پۈتۈنلۈك بىلەن قىسمەنلىكنىڭ ماھىيىتىدە، پۈتۈنلۈك ئۆز تەركىبىدىكى ھەر قانداق بىر قىسمەنلىكتىن چوڭ. بىز بۇنى تامامەن مۇئەييەنلەشتۈرىمىز. مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئېسىلزادىلەر بىلەن سېرىق چاچلىقلار (كۆك كۆز، ئاق يۈزلەر) ئوتتۇرىسىدا ئېسىلزادە سېرىق چاچلىقلاردىن ئەلا تۇرىدۇ، دېيىشىمىزنىڭ مۇقەررەر ئاساسى يوق. شۇڭا، ئۇنداق دېيىش پەقەت پىكىردىنلا ئىبارەت، خالاس.

بىلىم بىلەن پىكىرنىڭ پەرقلىق تەرەپلىرىنى پسىخولوگىيە ئىبارىسى ئارقىلىق ئىپادىلىگىلى بولىدۇ. بىراۋ «ئېسىلزادىلەر سېرىق چاچلىقلاردىن ئەلا» ياكى «جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيىسى 1976 - يىلىدىكى سايلامدا غەلىبە قىلىدۇ» دېسە، بۇ ھەقتە مەجبۇرلۇق بولمىغاندىمۇ، ئۇ ھۆكۈملەر ئۈستىدە قارار

چىقىرىشىمىز لازىم. «يۈتۈنلۈك قىسمەنلىكتىن چوڭمۇ» دەپ سورالسا، «ھەئە» دېمەكتىن ئۆزگە تاللىشىمىز يوق. ئەگەر بىز ئۇلارنىڭ مۇناسىۋىتى توغرۇلۇق مۇلاھىزە قىلىدىكەنمىز، ئاللىبۇرۇن چىقىرىلغان شۇ ھەقتىكى يەكۈننى خىيالىمىزغا كەلتۈرىمىز.

بۇ يەردە شۇنداق پرىنسىپ باركى، بىز بىلىم ياكى پىكىرنى مۇئەييەنلەشتۈرۈۋاتىمىز، بىرلا شەكىلدە پىكىر قىلىشقا مەجبۇر قىلغان نەرسە بىلىمدۇر؛ ئۇ خىل ياكى بۇ خىل شەكىلدە پىكىر قىلىشقا مەجبۇر قىلغان نەرسە پىكىردۇر. بىز پىكىرنى ئۆز ئالدىمىزغا ئەبىشى شەكىللەندۈرگەن بولىمىز.

بىلىم بىلەن پىكىرنىڭ پەرقىنى چۈشەنگەندە، شۇنى ئېتىراپ قىلىشىمىز كېرەككى، كۈندىلىك تۇرمۇشتىكى تەشەببۇسلىرىمىز پىكىردۇر. بىلىپ يېتىشىمىز كېرەككى، پىكىرلەرنىڭ ئىشەنچلىك دەرىجىسى بىر - بىرىگە ئوخشىمايدۇ. بەزى پىكىرلەر ئەقلىي ئاساسلارغا قۇرۇلغان بولىدۇ، قىسمەن تەرەپلەرنى ئومۇمىي تەرەپلەرگە ۋەكىل قىلدۇرۇۋالساقلا، ئۇلار ئەمەلىيەتكە ئىنتايىن يېقىن بولغان بولىدۇ. يەنە بەزى پىكىرلەر بولسا جۆيلۈشتىن ئىبارەت بولۇپ، بىر تەرەپلىمە ئاسىللارغا تولۇپ كەتكەن بولىدۇ.

سوئال: تارىخ، ماتېماتىكا، تەجرىبە پەنلىرى ۋە پەلسەپىلەرنىمۇ بىلىم ياكى پىكىرلەر بويىچە تۈرگە ئايرىغىلى بولارمۇ؟ رادىكال گۇمانخورلار ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى پىكىر دەپ قارايدۇ، گەرچە ئۇلارنى شەخسىي پىكىر ياكى بىر تەرەپلىمە قاراشلارغا نىسبەتەن ۋەزنى بار دەپ ئېتىراپ قىلىسمۇ. مېنىڭ قارىشىم بولسا ئۇلارنىڭ ئەكسىچە: خۇسۇسەن شۇنداق قارايمەنكى، ماتېماتىكا ۋە ئىلىم - پەن ساھەلىرىدە بىلىمگە ئېرىشكىلى بولىدۇ، تەجرىبە پەنلىرى ۋە تارىخ ئىلمىدە بولسا، ئەمەلىيەتكە يېقىن پىكىرلەرگە ئېرىشكىلى بولىدۇ.

## 3. پەلسەپە دېگەن نېمە؟

*«پەلسەپە» نىڭ مەنىسىنى چۈشەنمەيمىز، بەجايىكى ئۇ ئىلمىي ئىزدىنىشلەرگە ئوخشاپ كەتمەيدۇ، يەن ئېنىق تېمىغا ئىگە. پەلسەپە بارلىق شەيئىي ۋە بىلىملەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان ساھەمۇ قانداق؟ بىز ئۇنىڭدا ئالاھىدە تېما يوق، پەقەت ئىدىيەلا بار، دەپ ئېيتالامدۇق؟*

*پەلسەپە بىزنى مول، ئېنىق بىلىملەرگە ئىگە قىلىدىغان پەنمۇ؟ ياكى بىر خىل پىكىر سەنئىتىمۇ؟ ئىنسانىيەتنىڭ نەچچە مىڭ يىللىق مەنزىلى توغرۇلۇق نېمىشقا ھەر خىل پىكىرلەردە بولىمىز؟*

---

پەلسەپەگە تەبىر بېرىش شۇنىڭ ئۈچۈن قىيىنكى، بىز ئۇنىڭ مۇددىئاسى ۋە ۋەزىپىسى ھەققىدە تۈرلۈك قاراشلارغا ئىگىمىز. بىر جەھەتتىن، بىز پەلسەپىنى بارلىق شەيئىلەرگە يېشىم بېرىدىغان ئاساسلىق بىلىم دەپ قارايمىز. يەنە بىر جەھەتتىن بىز پەلسەپىنى تۇرمۇشىمىزنىڭ يېتەكچىسى دەپ قارايمىز. ئوتتۇرا ئەسىردە كىشىلەر پەلسەپىنى ئىلاھىيەتنىڭ دېدىكى دەيتتى، ئەمدىكى كىشىلەر ئۇنى تەبىئىي پەن ۋە ئىجتىمائىي پەنلەرنىڭ ياردەمچىسى دەپ قارايدۇ.

«پەلسەپە» نىڭ سۆز مەنىسى «ئەقىلنى سۆيۈش» دېگەنلىكتۇر. بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، پەلسەپە بىلىم تاشلىرىنى يەتكۈزۈپ بېرىدىغان ياكى يۆتكەپ بېرىدىغان تاشچى ئۇستاملا ئەمەس، بەلكى بىر خىل رىغبەت ۋە تەلەپتۇر. سوقرات

ئېيتىدۇكى: پەيلاسوپقا كېرەك بولىدىغىنى ئەقىل - پاراسەتكە ئېرىشىش ئەمەس، بەلكى سۆيۈش.

سوقرات پەلسەپىنىڭ يولىنى ئېنىق كۆرسەتتى. ئۇ «تەجرىبىدىن ئۆتمىگەن تۇرمۇشنى ياشىغىلى بولمايدۇ. شۇڭا بىز ئەقىلنىڭ يېتەكلىشىنى قوبۇل قىلىشىمىز كېرەك» دېگەن. مەلۇمكى، سوئال سوراش ۋە ئىزدىنىش كەيپىياتى دەل پەلسەپىنىڭ ئاساسلىق ئالامىتىدۇر. ئۇ يەنە گۈزەل تۇرمۇشنىڭ ئېتىكىلىق ئامىللىرىنى كۆرسەتكەن بولۇپ، ئۇ پەلسەپىلەردە كۆپ تەكىتلەنگەن.

ئارىستوتېل ئۇزىنىڭ ئۆلمەس ئەسەرلىرىدە پەلسەپىنىڭ مەزمۇنىنى لايىھىلەپ چىققان. ئۇ پەلسەپىنى بىر قانچە تۈرگە بۆلگەن بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە تەڭداشسىز بولغىنى «بىرىنچى پەلسەپە» ياكى «مېتافىزىكا»، ئۇ ئەڭ ئالىي قائىدە ۋە پرىنسىپلار ھەققىدىكى بىلىملەردىن ئىبارەت. بۇنداق مېتافىزىكىلىق تەكىتلەر پەلسەپە تارىخىدا مۇھىم رول ئويناپ كەلدى.

ھازىرقى ئادەملەر بىلىمنىڭ ماھىيىتىنى تەكىتلەيدۇ. كانت بىلىمنى ئىككىگە بۆلگەن. ئۇنىڭ بىرى، تەبىئىي يەنى ماس تەجرىبىۋى بىلىملەر؛ يەنە بىرى، پەلسەپە ئارقىلىق يەتكىلى بولىدىغان ئەقلىي بىلىملەر. دەۋرىمىزدە پەلسەپە بىلەن پەن ئوتتۇرىسىدا ئىنچىكە مۇھاكىمىلەر بولماقتا. ئادەتتىكى ئەھۋالدا، كىشىلەرنىڭ قوغلىشىدىغىنى پەلسەپە ئەمەس، پەن. ھازىرقى زامان پەلسەپىلىرىنىڭ داغدۇغىسى ئەمەلىيەت نەزەرىيىسى. ئۇنىڭدا پەقەت تەجرىبىۋى بىلىملا ھەقىقىي بىلىم بولۇپ، پەلسەپە پەقەت ئۇنىڭ شەرھىچىسى ۋە تەنقىدچىسىدىن ئىبارەت، خالاس.

مەن شۇنداق قارايمەن: پەلسەپە پاراسەتكە تولغان روشەن بىلىملەرنى بېرىدۇ. ئۇ ئىنسانىيەت، دۇنيا، خۇدا، گۈزەل تۇرمۇش، جەمئىيەتكە ئائىت ئەقىل - پاراسەتلەرنى تەقدىم

قىلىپ، شەيئىلەرنىڭ ماھىيىتى ۋە ھايات نىشانى توغرىسىدىكى مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىدۇ. شۇڭا، ئۇ يۈزەكى پاكى پارچە ـ پۇرات شەيئىلەر ھەققىدىكى باشقا پەنلەردىن ئۈستۈن تۇرىدۇ.

يۇقىرىقىلار بويىچە بولغاندا، ھەر قانداق كىشى پەلسەپىگە كۆڭۈل بۆلۈشى لازىم. پەلسەپە مۇرەككەپ مېتودولوگىيە، ئالىي ماتېماتىكا پاكى نازۇك دىففېرېنسىئال ۋە ئىنتېگراللارنى پۇختا بىلىشنى تەلەپ قىلىپ كەتمەيدۇ. ھەقىقىي پەيلاسوپ كەم تېپىلىدىغان گۆھەر، چۈنكى مۇشۇنداق تەرتىپسىز دۇنيادا جان ـ دىلى بىلەن ئەقىل ـ پاراسەت ئىزدەش تولىمۇ قىممەتلىك روھ. دۇنيا پەيلاسوپىنى چاقىرىدۇ، بۇ چاقىرىق ھەر بىرىمىزدە ئىنكاس پەيدا قىلىدۇ. چۈنكى، سەندە خۇدا ئاتا قىلغان قەلب، تەڭداشسىز ھەقىقەتكە بولغان تەشنالىقلا بولىدىكەن، پەيلاسوپ بولالايسەن.

ھەممە سوئاللىرىڭغا قارىتا جاۋابنىڭ يىپ ئۈچىنى ساڭا تاپشۇردۇم. پەلسەپە بولسا فىزىكا، خىمىيە، بىئولوگىيە قاتارلىق تەجرىبىۋى پەنلەرگە ئوخشىمايدۇ. ئۇ ماتېماتىكىغا ئوخشاش سىستېمىلىق پىكىر ۋە ئانالىزلار ئارقىلىق روياپقا چىقىدىغان ئەقلىي ئىلىم. ماتېماتىكا بىلەن پەيلاسوپ ئورتاق تەجرىبىدىن تاشقىرى ھالدا ئەمەلىيەتكە قارىتا كۆزىتىشكە تايانمىسىمۇ بولىدۇ. ئۇلار شىرە ئالدىدا ئولتۇرۇپلا ئۆز بايقاشلىرىنى ئىشقا ئاشۇرىدۇ؛ ئۇلار راھەت ئورۇندۇقتىكى مۇتەپەككۇرلار.

پەلسەپە سەنئەت ئەمەس، لېكىن ئۇنىڭ سەنئەتكە قارىتا يېتەكلەش رولى بولىدۇ. بولۇپمۇ دىئالېكتىكا تېخىمۇ شۇنداق. پەلسەپە ئىلاھىيەت ئەمەس، چۈنكى ئىلاھىيەت دىنىي ئېتىقادتىن كەلگەن. پەلسەپە سوئاللارنى چىقىش قىلىپ، كىشىلەرنىڭ سوئاللىرىغا يوشۇرۇنغان ھەر خىل چۈشەنچىلەرنى گۈزەللەشتۈرىدۇ ۋە ئۆزگەرتىدۇ.

پەلسەپە ئالدى پەنلەردىن ئەمەس، ئۇ ئارقا پەنگە مەنسۇپ. تارىختىن مەلۇمكى، كىشىلەرنىڭ پەلسەپىگە بولغان ئىنتىلىشى پەننىي تەجرىبىگە بولغان ئىنتىلىشتىن ئاۋۋال بولغان بولسىمۇ، لېكىن بىز تەجرىبە بىلىملىرىنىڭ ئەركىن دۇنياسىغا يەتكەندىن كېيىن، پەلسەپە يەنىلا ئۇزۇن بىر مۇساپە ئۈستىدە كېتىۋاتقان بولىدۇ. تەجرىبە پەنلىرى پىشىپ يېتىلىپ، بەزى ساھەلەردە ئاخىرقى پەللىسىگە يېتىپ قالدى. پەلسەپە بولسا تېخى بىر بالا، ئۇ يەنە نەچچە مىڭ يىلدىن كېيىن چوڭ بولىدۇ.

---

## 4. پەن دەۋرىدىكى پەلسەپە

*پەن سانائەت دەۋرىدىكى بىلىم ۋە قوراللارنى ئاتا قىلدى. بۈگۈن بىز تۇرغۇن ياشلارنى پەن ۋە ماتور تېپىدىكى ئىشلار بىلەن كۆپىرەك شۇغۇللىنىپ، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشىدا ئۆتۈپ چىقىشقا چاقىرماقتىمىز. بۇنداق ئەھۋالدا پەلسەپە قانداق ئورۇن تۇتىدۇ؟ ئۇ بىزنىڭ نۆۋەتتىكى خەۋپلىك دەۋردىن ئۆتۈۋېلىشىمىزغا ياردەم بېرەلەمدۇ؟ ئۇ پەن دەۋرىنىڭ داشقىلىمۇ؟*

---

ئاۋۋال بىز پەن نېمىگە قادىر، نېمىگە قادىر ئەمەس دېگەن مەسىلە ھەققىدە، يەنى پەننىڭ قوللىنىش دائىرىسى ۋە ئىقتىدارى ھەققىدە باش قاتۇرايلى.

پەن تەبىئەت ۋە ئىجتىمائىي ھادىسىلەرنى تەتقىق قىلىش ئارقىلىق ماھىيەتنى تاپىدۇ. پەن شەيئىلەر قانداق ھەرىكەت قىلىدۇ دېگەننى تەسۋىرلەيدۇ، يۇ ئاسمان جىسىملىرىنىڭ

ھەرىكىتى، ئاتومنىڭ ئىچكى ئىقتىدارى، پسىخىك جەريان، ئىجتىمائىي يۈزلىنىش ۋە ئىنسانىي پائالىيەت قاتارلىق ساھەلەرگە تاقىلىدۇ.

ئۇنداقتا، پەننىي بىلىملەرنىڭ نېمە ئەھمىيىتى بار؟ بېكون بۇنىڭغا جاۋابەن ئېيتقانكى، پەن بىزگە كۈچ ئاتا قىلىدۇ، بىز ياشاۋاتقان دۇنيا — تەبىئەت ۋە جەمئىيەت — نى چۈشەندۈرىدۇ ۋە بويسۇندۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشتۈرىدۇ. مۇنداقچە ئېيتقاندا، بىز پەن ئارقىلىق مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقىرالايمىز. ئۇ ئىنژېنېرنىڭ كۆۋرۈك ياسىشىغا، دوختۇرلارنىڭ داۋالىشىغا ياردەم بېرىدۇ. لېكىن، شۇنى بىلىشىمىز كېرەككى، ئەنە شۇ پەننىي بىلىملەر شەيئىلەرنى بۇزۇپ، ئىنسانىيەتكە زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزەلەيدۇ.

دېمەك، پەن بىزنى قۇرۇشچان ياكى بۇزغۇنچان كۈچ بىلەن تەمىنلەيدۇ. ئۇ يامانلىق ياكى ياخشىلىقتا ئىشلىپ بارىدىغان قۇدرەتلىك قوراللارنى بېرەلەيدۇ. پەن ئەخلاق جەھەتتىن بىتەرەپ نەرسە بولۇپ، قانداق مەقسەتتە ئىشلىتىلىشكە كۆڭۈل بۆلمەيدۇ؛ ئۇ ئەخلاقىي نىشان ئاتا قىلالمايدۇ. چۈنكى، ئۇ بىزگە ياخشىلىقنىڭ تەرتىپى ۋە مەقسىتى ھەققىدە ھېچنېمىنى دەپ بېرەلمەيدۇ.

شۇڭلاشقا، سىپنىڭ پەن ئەرزىگۈدەك مەقسەتكە خىزمەت قىلىشى ئۈچۈن پەلسەپىنىڭ ياردىمىنى قوبۇل قىلىش لازىم دېگەن تەۋسىيىنى ئوتتۇرىغا قويۇشۇڭ ئاقىلانىلىقتۇر. دەۋرىمىزدىكى نۇرغۇن كىشىلەر پەلسەپە پەنگە قارىغاندا پايدىسىز نەرسە، چۈنكى ئۇ مەھسۇلات ۋە ۋاسىتىلەرنى ئىشلەپ چىقالمايدۇ، دەپ قارايدۇ. لېكىن، مېنىڭ قارىشىمچە، پەلسەپىنىڭ پايدىسى تېخنىكا ياكى ئىشلەپچىقىرىشتا بولماستىن، بەلكى ئەخلاق ۋە يېتەكچى ئىدىيىدە. پەن بىزنى مېتود بىلەن

تەمسىلەيدۇ، پەلسەپە بولسا نىشان بىلەن تەمسىلەيدۇ.

يەنە بىر نۇقتىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشىمىز كېرەك، ھايات ۋە جەمئىيەتكە يېتەكچىلىك قىلىشتىن گەپ ئاچقاندا، بىز ئالدى بىلەن مۇنۇ مەسىلىلەرگە جاۋاب تېپىشىمىز لازىم. بەختنىڭ ئاملى نېمە؟ مەسئۇلىيىتىمىز نەدە؟ قايسى خىل ھۆكۈمەت تۈزۈلمىسى ئەڭ ئادىل؟ ئىجتىمائىي پاراۋانلىق نېمىدىن كېلىدۇ؟ ھۆر ئادەم نېمىلەرگە ئىگە بولۇشى كېرەك؟ بۇ ھەقتىكى توغرا ـ خاتا ۋە ياخشى ـ يامانلارغا پەن مەڭگۈ جاۋاب بېرەلمەيدۇ.

يۇقىرىقى مەسىلىلەرگە جاۋاب بېرىلمىگەندە، بىزدە قائىدە ـ پرىنسىپ بولمايدۇ ـ دە، قارىغۇلارچە مېڭىشقا مەجبۇر بولىمىز. شەخس ۋە دۆلەت ئۇنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىمىغاندىلا چوڭ خەتەر يۈز بەرمەيدۇ. سەن ئېيتقاندەك، بۈگۈنكى ئاتوم دەۋرىدە جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ سۈرئىتى تېز، كۈچى زور بولۇپ، ھالقىلىق نۇقتىلارنىڭ قايسىدۇ بىرىدە بىرەر كونۇپكىنى خاتا باسساقلا زور ئاپەت كېلىپ چىقىدۇ.

ھەق ـ ناھەقنى ئايرىشقا، تەبىئىتىمىزنى تەربىيىلەشكە يېتەكچى بولىدىغىنى پەن بولماستىن، بەلكى پەلسەپىدۇر. خۇددى پەن مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئۈنۈمى شەيئىلەرگە بولغان ئېنىق تەسۋىرلەشتىن كەلگەندەك، پەلسەپىنىڭ ئەخلاقىي ئۈنۈمى چەكسىز سۇبىستانسىيە (پەن تەتقىقاتىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان ھادىسىلەرنىڭ ئاساسى) گە قارىتا ئېلىپ بېرىلغان چوڭقۇر ئىگىلەشتىن كېلىدۇ. ھەر بىر بىلىم باشقا بىلىملەر جاۋاب بېرەلمەيدىغان مەسىلىلەرگە جاۋاب بېرىدۇ، شۇڭلاشقا ئۇلارنىڭ ئىشلىتىلىشى ئوخشىمايدۇ.

شۇڭلاشقا دېيەمەنكى، ھەزارەت ۋە مەدەنىيەتنىڭ چوققىسىدا تۇرىدىغىنى پەن ئەمەس، پەلسەپىدۇر. پەلسەپە تۇرمۇشتىكى مۇھىم مەسىلىلەرگە جاۋاب بېرىدۇ. روشەنكى، پەن

كۆچەيگەنسېرى پەلسەپىگە شۇنچە موھتاج بولىمىز. چۈنكى، ئۇتۇققا ئېرىشكەنسېرى يېتەكلىنىشكە ئېھتىياجلىق بولىمىز.

---

## 5. ماتېماتىكا بىلەن پەلسەپىنىڭ مۇناسىۋىتى

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئىلىم - پەن تەرەققىياتىنى كۈچەيتىش ھەققىدىكى چاقىرىق - سۈرەنلەرنىڭ ئىچىدە كىشىلەر ماتېماتىكىنىڭ پەندىكى رولىغا دىققەت ئاغدۇرۇشقا باشلىدى. بىزمۇ نۇرغۇن پەيلاسوپلارنىڭ ماتېماتىكا ئىدىيىلىرىگە ئالاھىدە ئېتىبار بېرىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدۇق. ئۇنداقتا، ماتېماتىكىنىڭ خۇسۇسىيىتى نېمە؟ ئۇ پەلسەپە ۋە پەن ساھەلىرىدە نېمىشقا شۇنچە مۇھىم رول ئوينايدۇ؟ نېمىشقا ئۇنىڭ ئالاھىدە قوللىنىلىشىنى قايرىپ قويۇپ، ئۇنىڭغا ئاساس مائارىپ دەرسلىكىدىن مۇھىم ئورۇن بېرىمىز؟ كۈندىلىك تۇرمۇشتا، ماتېماتىكا ئىشلىتىلىش قىممىتىگە ئىگىمۇ؟

---

غەرب ئىدىيىلىرىنىڭ مەنبەلىرىدىن مەلۇم بولۇشىچە، ھېرودوت ماتېماتىكىنىڭ ئىشلىتىلىش قىممىتىنى ئېتىراپ قىلغان. ئۇ گېئومېترىيىنى مىسىردىكى يەر ئۆلچىگۈچىلەرنىڭ تۆھپىسى دەپ قارىغان. روشەنكى، گېئومېترىيىنىڭ ئەسلى مەنىسى «يەر ئۆلچەش» دېگەنلىكتۇر. ماتېماتىكا يەر پىلانلاش ۋە ئاسمان جىسىملىرىنىڭ ھەرىكىتىنى ئۆلچەشتە ئاساسلىق رول ئوينايدۇ، دېگەن قاراش يۇناننىڭ مەشھۇر پەيلاسوپى ئەپلاتوننىڭ مەسخىرىسىگە ئۇچرىغان. ئۇنىڭچە بولغاندا، ماتېماتىكا تەتقىقاتى پەلسەپىۋى پىكىرلەرنى قانات يايدۇرۇشنىڭ مۇقەددىمىسى.

چۈنكى، ئۇ كىشىلەرنىڭ تەپەككۇرىنى كۆرگىلى ھەم تۇتقىلى بولىدىغان شەيئىلەردىن ئايرىپ چىقىپ، سان، ئوبراز، نىسبەتتىن ئىبارەت ساپ ئوبيېكتىپ ھەققىدىكى ئابستراكت تەپەككۇرغا بۇرايدۇ.

ئەپلاتوننىڭ ماتېماتىكىنىڭ خۇسۇسىيىتى ھەققىدىكى بايانلىرى يەنە بىر قاراشنى ئاپىرىدە قىلدى.

ئارىستوتېلنىڭ قارىشىچە، ماتېماتىكا ئىستېمالدىن يىراق بولسىمۇ، لېكىن ئۇ بىلىم قىممىتىگە ئىگە، ئۇنى بارلىق پەلسەپە بىلىملىرىنىڭ تىپى قىلىۋالماسلىق كېرەك.

ئەپلاتوننىڭ مۇخلىسلىرى پەلسەپە بىلەن ماتېماتىكىنى ئارىلاشتۇرۇۋالغانىدى. ھەتتا، پەلسەپە ئوقۇغۇچىلىرى ماتېماتىك شەكىللەر ئارقىلىق يورۇتۇلمىغان لېكسىيىلەرنى ئاڭلىمايدىغان بولۇپ كەتكەنىدى، ئارىستوتېل بۇنىڭدىن نارازى ئىدى. ئارىستوتېلچە بولغاندا، ھەر بىر پەننىڭ ئۆزىگە خاس مېتودى بولىدۇ، شۇڭا ماتېماتىك مېتود باشقا پەنلەردە قوللىنىلماسلىقى لازىم.

قەدىمكى زاماندا بىردەكلىشەلمىگەن بۇ خىل قاراش دېكارت ۋە كانتلارنىڭ ۋۇجۇدىدا يەنە نامايان بولدى. دېكارت پەيلاسوپ بولۇش بىلەن بىرگە ئۇلۇغ ماتېماتىك بولۇپ، ئۇنىڭ قارىشىچە، ماتېماتىك مېتود تەبىئەت ئىلىملىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق بىلىملەرگە ئېلىپ بارىدىغان بىردىنبىر يول ئىدى. دېكارت نيۇتون قاتارلىق ھازىرقى زامان ئالىملىرىغا ئوخشاش، تەبىئەتنىڭ قانۇنلىرى ماتېماتىكا ئانالىزى ئارقىلىق ئەڭ ياخشى شەرھىگە ئېرىشىدۇ، دەپ قارايتتى. ئۇنىڭ نۇقتىئىنەزىرى شۈبھىسىز ھالدا ماددىي دۇنيا ئېنىق ماتېماتىك ئۇقۇم ئارقىلىق ئىپادىلىگىلى بولىدىغان قۇرۇلمىغا ئىگە دەپ جاكارلىغانىدى.

كانت دېكارتنىڭ تەشەببۇسىنى قوللىغانىدى، ئۇنىڭچە، ماتېماتىك قائىدىلەرنى ھەقىقەتەن تەبىئەت دۇنياسى تەتقىقاتىدا

قوللانغىلى بولاتتى، ئۇ بۇ ۋاقىتتا نيۇتوننى ئۇلۇغ تالانت دەپ مەدھىيىلىگەنىدى. ئۇ پەيلاسوپلارنى ئاگاھلاندۇرۇپ، ماتېماتىكىنىڭ مىقدار مۇناسىۋىتى ھەققىدىكى روشەن نەتىجىلەرگە تولغان پارلاقلىقى تۈپەيلى تۇيۇق يولغا كىرىپ قالماڭلار، دېگەنىدى. كانت بەزى بىلىملەرنى ئېنىق تەبىر ۋە تېئورېمىلار ئارقىلىق كەلتۈرۈپ چىقارغىلى بولمايدۇ، دەپ قارايتتى. پەلسەپە بىلىملىرىگە نىسبەتەن تېخىمۇ شۇنداق. چۈنكى، ئېنىق پەرققە يېتىش ئىزدىنىشنىڭ ئاخىرقى نۇقتىسىكى، ھەرگىزمۇ باشلىنىش نۇقتىسى ئەمەس. ماتېماتىك ئۇسۇللارنىڭ ئېتىكا ساھەسىدە يۈز تىققۇدەك يېرى يوق، كانتچە بولغاندا، ئېتىكا يۈكسەك پەلسەپە ئىدى.

ئەسىرلەردىن بېرى، ماتېماتىكىدا چوڭ ئۆزگىرىشلەر بولدى. بىراق، بۇ ئۆزگىرىشلەر ماتېماتىكىنىڭ پەلسەپىدىكى رولى توغرىسىدىكى ئىختىلاپلارنى ئۆزگەرتىشكە ھېچ بىر پايدىسى بولمىدى. مەسىلەن، رۇسسېل ماتېماتىكا بارلىق مەسىلىلەرنىڭ ئەڭ ياخشى ھەل قىلىش ئۇسۇلى دەيدۇ. بىراق، دېۋېي بۇنىڭ ئەكسىچە بولۇپ، ئۇ بىئولوگىيە ۋە تەجرىبىدىكى مېتودلارنى قوللىنىشنى خالايتتى. ماتېماتىكىنىڭ بىلىمنىڭ تىپى بولۇشى ھەققىدىكى تونۇشتا تالاش - تارتىش مەۋجۇت بولسىمۇ، كۆپچىلىك مۇنۇ پىكىرگە كەلگەندە بىردەك بولۇشتى: ماتېماتىكا تەجرىبە ياكى تەجرىبىۋى كۆزىتىشتىن مۇستەسنا بولغان، مۇنتىزىم دەلىللەر ئارقىلىق ئېنىقلىققا يېتىشنى ئاخىرقى مەقسەت قىلغان ئىلىم.

مەلۇمكى، مۇنتىزىم ۋە ساپ ئەقلىچىلىك بولسا ماتېماتىكىنىڭ ئالاھىدىلىكى. بۇ ئالاھىدىلىك تۈپەيلى ھەر قايسى دەۋرلەرنىڭ پېداگوگىلىرى ماتېماتىكا ئوقۇتۇشىغا مۇھىم ئورۇن بېرىشىپ كەلدى. ئەپلاتون تەشەببۇس قىلغاندەك، ماتېماتىكا ئابستراكت ۋە ئوبيېكت مۇناسىۋەتلەر ھەققىدىكى تەپەككۇر گىمناستىكىسى بولۇپ، كىشىگە دۇنيانىڭ ئۆلچىمىنى

چۈشەندۈرىدۇ. ئۇ مۇئەييەن ئېنىق شەرت ئاستىدا، مۇقەررەر بولغان خۇلاسىنى جانلىق دەلىل ـ ئىسپاتلار ئارقىلىق كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

ماتېماتىكىنىڭ ئەڭ يۇكسەك ئىستېمال قىممىتى ئۇنىڭ ئىنسانىيەت ئەقىل تەرەققىياتىدىكى رولىدا. تۇرمۇشتا ماتېماتىكىنىڭ قوللىنىلىشىغا ئائىت نۇرغۇن مىساللار بار. مەسىلەن، يەر پىلانلاش، قاتناش، مىمارچىلىق، تەكشۈرۈش، كىيىم لايىھىلەش، ھەربىي ئىشلارنى ئېلىپ بېرىش قاتارلىقلار. گەرچە ئېلېكترونلۇق ھېسابلاش ماشىنىسى ۋە باشقا ئۈسكۈنىلەر ماتېماتىكىنىڭ ئورنىدا «ھېسابلاش» ۋەزىپىسىنى بېجىرىپ بەرسىمۇ، لېكىن بىزنىڭ روھىمىز ماتېماتىكا مەشىققە موھتاج. ئەگەر ئاساسلىق ماتېماتىكا مەشىق بولمىسا، رەڭگارەڭ رېئال دۇنيانى ئىگىلەپ، مۇناسىپ ئەقلىي تەھلىل يۈرگۈزۈشكە قادىر بولالمايمىز.

---

## 6. پەن بىلەن دىننىڭ توقۇنۇشى

*پەن بىلەن دىن توقۇنۇشامدۇ؟ بۇنىڭغا بىر نېمە دېيەلمەيمىز. لېكىن، «ئىنجىل» دىكى ئايەتلەر بىلەن ھازىرقى زامان پەننىڭ بىردەك بولمىغانلىقىنى ھېس قىلماقتىمىز. ھازىرقى زامان فىزىكىسى، گېئومېترىيە، ئاسترونومىيە، بىئولوگىيە ساھەلىرىدىكى بايقاشلار «ئالەمنىڭ يارىتىلىشى»دا قەيت قىلىنغان ئالەمنىڭ بەرپا بولۇشى، ئادەمنىڭ يارىتىلىشى بىلەن زىت ئەمەسمۇ؟*

---

باشقا بىر مەنىدىن ئېيتقاندا، پەن بىلەن دىنىنىڭ مۇناسىۋىتى ئوت بىلەن سۇنىڭ مۇناسىۋىتى ئەمەس. گالىلېينىڭ دوستى پابلىنا پەن بىلەن دىنىنىڭ ئۆز ئالدىغا يولى بار، ئۇلار ئوتتۇرىسىدا توقۇنۇش يوق، «سەن ئاسمان جىسىملىرىنىڭ قانداق ھەرىكەتلىنىدىغانلىقىنى ئوقۇتىسەن، بىز كىشىلەرنىڭ جەننەتكە كىرىش يوللىرىنى ئوقۇتىمىز»، ۋەزىپىسى ئوخشىمىغانىكەن، ئۇلارنىڭ چاقچاللىشىپ يۈرۈشىنىڭ ھاجىتى يوق، دەپ چۈشىنىدۇ.

پابلىنانىڭ گالىلېينى شەرھلىگەندىكى نۇقتىئىنەزەرىنى كېڭەيتكىلى بولىدۇ. پەن بىلەن دىنىنىڭ نىشانى، جاۋاب بېرىدىغان مەسىلىلىرى، ئىنسان ئۈچۈن ئۆتەيدىغان خىزمەتلىرى ئوخشىمىغانىكەن، ئۇلار ئوتتۇرىسىدا ھېچقانداق توقۇنۇش بولماسلىقى، ئۇلار بىر - بىرى بىلەن ئىناق ئۆتۈشى لازىم ئىدى.

دىن جاۋاب بېرىدىغان مەسىلىنىڭ ماھىيىتى پەنىنىڭ بۇرچى بىلەن ئوخشىمايدۇ. دىن ھەل قىلىدىغان مەسىلىلەر مۇنداق: خۇدانىڭ مەۋجۇتلۇقى ۋە ماھىيىتى، ئىنساننىڭ خۇدا بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى، خۇدانىڭ ئالەمنى باشقۇرۇشى، بولۇپمۇ خۇدانىڭ ئىنسانغا كۆڭۈل بۆلۈشى ... ۋەھاكازالار. بۇلارنى پەن مەڭگۈ بىر تەرەپ قىلالمايدۇ. پەن قادىر بولالمايدىغان مەسىلىلەرنى دىن بىمالال بىر تەرەپ قىلىۋېتەلەيدۇ، ھەتتا بۇ مەسىلىلەرگە دىنىنىڭ ھەر بىر خىلى ئوخشىمىغان جاۋابلارنى بېرىدۇ.

دىن مېتافىزىك تەتقىقاتقا بېرىلىدۇ - دە، ئىنسان بىلەن خۇدانىڭ مۇناسىۋىتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، كىشىلىك ھاياتنىڭ تۈپ مەنىسى ۋە قىممىتىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ، ئاددىي كىشىلەر بىلەن تەڭداشسىز خۇدا ئوتتۇرىسىغا كۆۋرۈك سالىدۇ، بېشىغا كۈن چۈشكەنلەرنى خۇدانىڭ ھېممىتىگە ئېرىشتۈرىدۇ،

ئىنسانلارنى مۇقەددەس پەرھىزلەرگە بويسۇنۇشنى شەرت قىلىدۇ. بەن بۇ مەسىلىلەرگە كەلگەندە ئامالسىزدۇر. ھەتتا، پايدىسىزدۇر. شۇڭا ئېيتىمىزكى، دىن بۇ ساھەلەردە بىرەر رىقابەتچىگە ئۇچرىمايدۇ.

پەننىڭ جاۋاب بېرەلمىگەنلىكىنى ئېتراپ قىلىمىزكى كونكرېت شەيئىلەر بولۇپ، ئۇ بىز ياشاۋاتقان ئوبيېكتىپ دۇنيانى تەسۋىرلەيدۇ. ئۇ بىزگە شەيئىلەرنىڭ قۇرۇلمىسى ۋە ھەرىكىتىنى چۈشەندۈرىدۇ، ئۇلارنىڭ كېلىپ چىقىشى، ماھىيىتى ۋە قىممىتىنى بايان قىلىدۇ. پەننى بايقاشلار بىز بۇرۇن كۆرۈپ باقمىغان نەرسىلەرنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ، بالىلارنىڭ يېمەكلىكىدىن تارتىپ ۋودرود بومبىسىغا قەدەر نەرسىلەرنى ياسىيالايدۇ. لېكىن ئۇ بىزگە شەيئىلەرنىڭ ئۆزگىرىشىدىكى سەۋەبلەرنى ئېيتىپ بېرەلمەيدۇ. ئۇ يەنە بىزنىڭ ئۆزى خاتا ئىشلىتىشىمىزدىن كېلىپ چىققان يامان ئاقىۋەتنىڭ ئالدىنى ئالالمايدۇ. پەن ئىككى ياقلىمىلىق دورا، ئۇ داۋالايدۇ ھەم زەھەرلەيدۇ، قۇرىدۇ ھەم بۇزىدۇ.

بىز شۇنداق خۇلاسىگە كېلىمىز: پەن بىلەن دىن ئارىسىدا مۇرەسسە قىلغىلى بولمايدىغان زىددىيەت يوق. تېنىمىز بىلەن دىلىمىز ئوتتۇرىسىدا ھايات — ماماتلىق ئالاش بىساجەت، تېخنىكا بىلەن ئىبادەت ئوتتۇرىسىدا «سەن تۇر، مەن تۇر» دېگەن تالاشلارنىڭ بولۇشى ھاجەتسىز.

ئۇنداق قارىغىنىمىزدا بەزى ھەقىقىي مۇشكۈللۈككە سەل قارىغان بولىمىز. ئەگەر بىرسى دارۋىننىڭ تەدرىجىي تەرەققىيات نەزەرىيىسى بىلەن «ئىنجىل» دىكى ئالەمنىڭ يارىتىلىشىنىڭ قايسىسى توغرا دەپ سوراپ قالسا تەڭقىسلىقتا قالىمىز.

«ئالەمنىڭ يارىتىلىشى»نىڭ باشتىكى بابلىرىنى ئوقۇغىنىمىزدا، ئادەم بىلەن دۇنيانىڭ ئايرىم بولۇشى توغرىسىدىكى خاتىرىلەرنىڭ ھازىرقى زامان پەنلىرىدىكى

ئاسترونومىيەدىن تارتىپ زوئولوگىيىگە قەدەر بولغان ماتېرىياللار بىلەن زادىلا ئوخشىمايدىغانلىقىنى كۆرىمىز. ئاۋگۇستىن ۋە باشقا ئىلاھىيەتچىلەرنىڭ دېگىنى بويىچە «ئالەمنىڭ يارىتىلىشى» نى تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ تەتقىق قىلساق، بەلكىم بۇنداق زىددىيەتتىن خالىي بولالايمىز.

ئاۋگۇستىننىڭ قارىشىچە، خۇدا كائىناتنى ياراتقاندىكى «ئالتە كۈن» كونكرېت ۋاقىتنى كۆرسەتمەستىن، بەلكى دۇنيا تەرەققىياتىنىڭ تەرتىپىنى بىلدۈرىدۇ. ئۇنىڭچە، خۇدا دۇنيانى بىراقلا يارىتىپ، دۇنيانىڭ تەرەققىيات تەرتىپىنى ۋاقىتنىڭ ئېقىمىغا قويغان. بۇ شەرھى يەن چىقارغان خۇلاسىلەر بىلەن ئانچىمۇ زىددىيەتلىك ئەمەس.

يەنە بىر زىددىيەت شۇ يەردىكى، «ئالەمنىڭ يارىتىلىشى» دىن مەلۇم بولۇشىچە، خۇدا ئادەمنى ئۆزىنىڭ سۈرىتى بىلەن يارىتىپ، ھەممىدىن گۈزەل ئورۇنغا قويغان. چۈنكى، مەخلۇقاتلار ئىچىدە پەقەت ئادەملا خۇدانىڭ سۈرىتى بىلەن يارىتىلغاندى. بۇ بايان باشتىلا ئادەم بىلەن باشقا مەخلۇقاتلارنى ماھىيەتلىك ئايرىۋەتتى. چۈنكى، پەقەت ئادەملا ئەقىل ۋە ئىرادىگە ئىگە ئىدى. دىننىڭ بۇ چۈشەندۈرۈشى بويىچە بولغاندا، ئادەم بىلەن ھايۋاننىڭ مەۋجۇتلۇقى مەرتىۋە جەھەتتىكى پەرق بولماستىن، بەلكى تۈر جەھەتتىكى پەرق ئىدى.

يەننىڭ چۈشەندۈرۈشى يۇقىرىقى بىلەن ئوخشىمايتتى. دارۋىننىڭ تەدرىجىي تەرەققىيات نەزەرىيىسى بويىچە بولغاندا، ئادەم بىلەن مايمۇن تۇغقانلاردىن ئىدى: ئادەم بىلەن مايمۇن ئايرىم - ئايرىم ئىككى تۈر بولماستىن، بەلكى بىر تۈرنىڭ ئوخشىمىغان دەرىجىدىكى ئىككى تەرەققىياتىدۇر. يەن تەدرىجىي تەرەققىيات زەنجىرىدىن «چۈشۈپ قالغان ھالقا» نى تېپىپ چىقىپ، ئادەم بىلەن مايمۇن ئوتتۇرىسىدىكى بىردەكلىكنى

نامايان قىلىشقا ئەھمىيەت بەردى. ئەمما، «ئالەمنىڭ يارىتىلىشى»دا بولسا، ئادەم ھەممىدىن ئۈستۈن، ئادەم بىلەن باشقا مەخلۇقاتلار ئوتتۇرىسىدا باغلىنىش يوق دېگەندە چىڭ تۇردى.

مېنىڭ قارىشىمچە، مانا بۇ پەن بىلەن دىنىنىڭ ئەقىدە جەھەتتىكى تۈپ زىددىيىتى. باشقا زىددىيەتلەر بۇ زىددىيەتتەك مەسىلىگە بېرىپ تاقىلاتتى. بۇ مەسىلىنىڭ ئۈزۈل - كېسىل ھەل قىلىنىشى مەن بۇ يەردە توختىلىپ بولالايدىغان تېما ئەمەس.

---

## 7. يۇنان پەلسەپىسى ۋە خرىستىئان ئىلاھىيىتى

*ئالىملارنىڭ قارىشىچە، يۇنان پەيلاسوپى ئەپلاتون بىلەن ئارىستوتېلدىن ئىبارەت بۇ ئىككى يات مۇخلىسلار خرىستىئان ئىلاھىيىتى (تېئولوگىيىسى) تەرەققىياتىدا مۇھىم رول ئوينىغان. ئاۋگۇستىن ئەپلاتوندىن نۇرغۇن نۇقتىئىنەزەرلەرنى قوبۇل قىلغانىدى. ئاكۋىناس ئاساسلىق پەلسەپىنى ئارىستوتېل ئەسەرلىرىدىن ئاپقانىدى. ھەيرانىمەنكى، بۇ خرىستىئان ئەۋلىيالىرى ۋە ئىلاھىيەتشۇناسلىرى يات ئەقىدىدىكى پەيلاسوپلاردىن تۈپ چۈشەنچىلەرنى قانداقمۇ بايقىغان بولغىيدى؟ ئۇلار خرىستىئان دىنىنىڭ ئەقىدىلىرى ۋە ئۇنىڭدىكى تەڭرىگە ئىشەنمەيتتى.*

---

بۇ مەسىلىدە خرىستىئان دىنىنىڭ مەنبەسىنى ئىزدەش لازىم بولىدۇ. خرىستىئان دىنى رىم ئىمپېرىيىسى دەۋرىدىكى

بۈيۈك يۇنان مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرى ئاستىدا، يەھۇدىي دىنىدىن ئۆرەلگەن. ئۇ نىجاتلىق ۋە ئادەم ـ تەڭرى مۇناسىۋەتلىرى ھەققىدە تەلىم بەردى.

ئەمەل قىلىش ۋە بويسۇنۇش خۇدانىڭ ۋەھىيلىرىگە ئىشىنىشتە كەم بولسا بولمايدۇ. خرىستىئان ئەقىدىسىنىڭ بىر پۈتۈن مەنىسىنى چۈشىنىشتە، دەسلەپكى دىنىي جەمئىيەت مۆتەپەككۇرلىرىنىڭ بېشارەت، پەلسەپە ۋە پەنني ئىزدىنىش خۇسۇسىدىكى تۈپ نۇقتىئىنەزەرلىرى ھەم ھەقىقەتلىرىنى بىرلەشتۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. دەسلەپكى خرىستىئان پەيلاسوپلىرى ئۆچۈن ئۆزلىرىگە تونۇش بولغان يۇنان تەلىماتلىرىدىن پايدىلىنىش تەبىئىي ھال ئەمەسمۇ؟ مارتىر بىلەن ئاۋگۇستىن خرىستىئان ئىخلاسمەنى بولۇشتىن بۇرۇن، غەيرىي ئەقىدە پەيلاسوپلىرى ئىدى.

بەزىلەر سورىشى مۇمكىن: دەسلەپكى خرىستىئان دىنى يات ئەقىدە ۋە ئۇنىڭ كىتابلىرىغا ئۆچ ئەمەسمىدى؟ پەقەت خرىستىئان دىنى ھەقىقەت ۋە توغرا يولغا باشلايدۇ دېگەن ئەمەسمىدى؟ يات ئەقىدىلەر رەزىل ۋە ئەسەبىي ئىدىغۇ؟ خرىستىئان ئەقىدىسى بىلەن يۇنان پەلسەپىسىنىڭ بىرلىشىشى خرىستىئان دىنىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللەردە يات ئەقىدىلەرنى چەتكە قاقىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلەمدۇ؟

شۈبھىسىزكى، بۇنداق ئويلايدىغانلار جىق. خرىستىئان دىنىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدىكى مەشھۇر قوغدىغۇچىسى تېرتۇللىئان «ئافىنا بىلەن ئېرۇسالېمنىڭ نېمە ئالاقىسى بار؟ ئەپلاتون ئاكادېمىيىسى بىلەن دىنىي جەمئىيەتنىڭ قەيىرى بىردەك؟ . . . خرىستىئان دىنىغا ستوئىكچىلىق، ئەپلاتون ۋە دىئالېكتىكا بويىقلىرىنى بەرمەكچى بولغان ئادەملەردىن ھەزەر ئەيلەيلى» دەپ خىتاب قىلغانىدى. ئۇ بۈگۈنمۇ مەۋجۇت بولغان بىر ئېقىم خرىستىئان ئىدىيىسىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ.

دەسلەپكى مەزگىللەردىكى بەزى تەرەققىيپەرۋەر خرىستىئان مۇتەپەككۇرلىرى يات مەدەنىيەتلەر ئەسلىدىنلا خرىستىئان دىنىنىڭ ھەق مىراسلىرىدۇر، دەپ جاكارلاشتى. ئاۋگۇستىن ئۆزىنى ئىسرائىللار مىسىردىن قېچىپ چىققاندا ئېلىپ چىققان گۆھەرلەرگە تەققاسلايتتى. ئۇ يۇنان پەلسەپىلىرى ئۆز ئىچىگە ئالغان «مول كۆرسەتمىلەر ھەقىقەت ۋە يارقىن ئەخلاقىي ھېكمەتلەردىنمۇ ئۇنۇملۇك؛ بىز ھەتتا ئۇلاردىن ئىلاھقا بولغان چوقۇنۇشنى تاپالايمىز» دېگەنىدى. ئاۋگۇستىن خرىستىئان تەلىماتىنى ئەپلاتون پەلسەپىسى ئارقىلىق شەرھلەپ، يات دىن ئەقىدىلىرى ۋە مەدەنىيەتلىرىنى خرىستىئانلاشتۇرغان ھالقىلىق شەخس بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئاكۋىنانىڭ ئاساسلىق تۆھپىسى ئارىستوتېلنى يېڭىۋاشتىن بايقاش بولدى. ئارىستوتېلنىڭ ئەسەرلىرى تەبىئىي پەن ۋە پەلسەپىگە دائىر ئىزدىنىشلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. دەسلەپتە ئارىستوتېل ئوتتۇرىغا قويغان نۇرغۇن نۇقتىئىنەزەرلەر خرىستىئان تەلىماتلىرى بىلەن قاتتىق توقۇنۇشقان ھالەتتە بولدى، شۇڭا ئۇ ئىلاھىيەتچىلەرنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىدى، ھەتتا بەزى جايلاردا ئارىستوتېلىزمچىلار ھۆكۈمەت دائىرىلىرىنىڭ جازالىشىغا ئۇچرىدى. شۇنداق بولسىمۇ، ئاكۋىنا ئەقلىي چىنلىق بىلەن ئېتىقاد چىنلىقى ئوتتۇرىسىدا ئىختىلاپ يوق دېگەندە چىڭ تۇردى. ئۇ ئارىستوتېل ئەسەرلىرىدىن خرىستىئان دىنىغا ماس كېلىدىغان ھەقىقەتلەرنى ئىزدەپ تېپىپ ئۆزلەشتۈردى.

يۇنان ئىدىيىسى بىلەن خرىستىئان ئەقىدىسىنىڭ مەزمۇنلىرى ئوخشاپ كەتمەيدۇ. يۇنان پەلسەپىلىرىدىكى خۇدا ھەرگىزمۇ ئىبراھىم، ئىسا، ياقۇپلا ئەمەس ئىدى، «ۋەھىينامە» دىكى خۇدا تېخىمۇ ئەمەس ئىدى. ئەپلاتون ۋە ئارىستوتېللارنىڭ ناتۇرال تېئولوگىيىسىدە خرىستىئان دىنىدىكى

ئالەمنىڭ يارىتىلىشى، تەقدىر، گۇناھنى يۇيۇش دېگەنلەر يوق ئىدى. ئەمما، ئۇ مەۋجۇتلۇق ۋە ئۆزگىرىشنىڭ ماھىيىتى، ماددا ۋە روھ، پانىيەت ۋە باقىيەت ھەققىدىكى تۈپ ھەقىقەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، بۇلار خىرىستىئان ئىدېئولوگىيىسىنىڭ تەرەققىياتىدا چوڭقۇر ئەھمىيەتكە ئىگە ئىدى.

بۈيۈك خىرىستىئان مۇتەپەككۇرلىرى بۇ ماتېرىياللاردىن پايدىلانغاندا، ئەپلاتون ۋە ئارىستوتېللارغا تەقلىد قىلىشتىن خالىي بولغانىدى. ئۇلار ئۆز ئىدىيىلىرىنى ئىزاھلىغاندا، يۇنان پەلسەپىسىنى چىقىش نۇقتىسى قىلماي، خىرىستىئان تەلىماتىنى چىقىش نۇقتىسى قىلدى. ئۇلار قەدىمكى يۇنان ئىدىيىلىرىگە جايىدا شەرھى بەردى. ئاۋگۇستىن خىرىستىئان ئەقىدىسىنى نامايان قىلىپ، بىزگە ئادەتتىكى ئەپلاتوننى ئەمەس، بەلكى خىرىستىئانلاشقان ئەپلاتوننى كۆرسەتتى. ئاكۇئىنامۇ ئارىستوتېلغا ئەنە شۇخىل ئۇسۇلدا مۇئامىلە قىلدى. خىرىستىئان ئەقىدىلىرىنىڭ مۇھىم تەرەپلىرىنى قوغداشقا كەلگەندە، ئاۋگۇستىن بىلەن ئاكۇئىنا قەدىمكى يۇنان تەلىماتىنى يۈز - خاتىر قىلماستىن رەت قىلاتتى.

---

## 8. نېمە ئۈچۈن قەدىمكى ئىلمىي ئەسەرلەرنى ئوقۇش كېرەك؟

بىز قەدىمكى شائىرلار، پەيلاسوپلار ۋە تارىخشۇناسلارنىڭ ئوقۇشقا ۋە مۇئالىجە قىلىشقا تېگىشلىك ئەسەرلىرىنىڭ رېتىنى تۇرغۇزۇپ چىقىشلارنى چۈشىنىمىز. بىراق، خاتالىقلار بىلەن تولغان ئىككى مىڭ يىل ئىلگىرىكى بىئولوگىيە، فىزىكا ۋە ئاسترونومىيىگە ئائىت ئاشۇ كىتابلارنى چىقىلىپ ئوقۇپ

*يۈرۈش ۋاقىت ئىسراپچىلىقى ئەمەسمۇ؟ يەن تارىخى ۋە ھازىرقى زامان پەننىي بىلىملىرىگە ئائىت ئامىمۋى ئوقۇشلۇقلارنى ئوقۇش تېخىمۇ ئەھمىيەتلىكمۇ قانداق؟*

---

ھازىرقى زامان كىشىلىرى قەدىمكى ئۇلۇغ ئەسەرلەرنى تاللىغاندا شۇنى چۈشىنىپ يەتتۇقكى، ئىلىم ـ پەنگە ئائىت قەدىمكى كلاسسىك ئەسەرلەر دەۋرىمىزدىكى بىلىمنىڭ جۇلاسى ئاستىدا نۇقسانلىرى كۆپ ھەم تولىمۇ كۈلكىلىك ئىدى. چۈنكى، بىزگە تېخىمۇ روشەن، تېخىمۇ مۇكەممەل كۆزىتىشلەر ۋە نەزەرىيىلەر ئاڭلىنىپ تۇردى، نۇرغۇن شەيئىلەر ھەققىدىكە يېقىن شەرھلەرگە ئېرىشتى.

يەنە ئۇنتۇماسلىقىمىز لازىمكى، ھەتتا يۈز يىل بۇرۇنقى ئىلمىي بايقاشلار ۋە نەزەرىيىلەرنىڭمۇ ۋاقتى ئۆتتى. ئەجەبا بىئولوگىيە، خىمىيە ۋە فىزىكا ساھەسىدە زور ئىلگىرىلەش بولدى دەپ قاراپ، دارۋىن، لاۋوسىيې، رافائىللاردىن بۇرۇنقى ئەسەرلەرنى كۆيدۈرۈۋېتىش كېرەكمۇ ياكى ئۇلارنى بىر چەتكە تاشلاپ قويۇش كېرەكمۇ؟

مېنىڭچە، سىلەرمۇ شۇنداق قارايسىلەركى، قەدىمكى ئالىملارنىڭ بايقاشلىرىنىڭ ھەممىسى جۇغلۇش ياكى ئويلىنىش قىممىتى يوق نەرسىلەر ئەمەس. ھىپپوكراتنىڭ كېسەل تارىخى خاتىرىسى جەھەتتىكى تۆھپىسى ھازىرقى زامان تېببىي كۆزىتىشلىرىدىنمۇ چوڭ. ئارخىمېدنىڭ پىشاڭ نەزەرىيىسى ھېلىمۇ ستاتىستىكىنىڭ ئۇلى. پتولېمېينىڭ يەر مەركەز تەلىماتىنىڭ ئاللىقاچان ۋاقتى ئۆتكەن بولسىمۇ، كۈندىلىك تۇرمۇشتا كەڭ قوللىنىلماقتا، بولۇپمۇ دېڭىز ۋە ھاۋا قاتناشلىرىدا شۇنداق. نيۇتوننىڭ مېخانىكا نەزەرىيىسى بۈگۈنكى كۆۋرۈك قۇرۇلۇشلىرىدا يەنىلا ئەھمىيەتكە ئىگە.

قەدىمكى ۋە ھازىرقى زامان ئىلمىي ئەسەرلىرىنى رەتلەشتىكى ئاساسلىق مەقسەت ھەرگىزمۇ ئىشەنچلىك بىلىملەرنى تەمىنلەش ئەمەس. قالتىس يېزىلغان يەن تارىخى ئۆتۈملۈك بىلىملەرنى ئەپچىل ئۇسۇل بىلەن كۆرسىتىپ بېرەلىسىمۇ، لېكىن ئۇ ئۇلۇغ پەننىي ۋەسىقىلەر بەرگەن نەرسىلەرگە ھەرگىزمۇ ئوخشىمايدۇ.

پەننىي ۋەسىقىلەر بىزنى كونكرېت ھەم بىۋاسىتە يېتەكلەيدۇ، ئۇلاردىن مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىشتىكى ئۇسۇللارنى ئۆگىنىمىز، ئۇلارنىڭ ھەربىر بايقاش جەريانىدىكى تەسىراتلىرىنى چۈشىنىمىز. بىز يەنە ئۇلارنىڭ ئەمەلىيەتتە قانداق قول سېلىپ، قانداق ئىزاھلىغانلىقىنى، ئاخىرىدا قانداق يەكۈن چىقارغانلىقىنى كۆرۈپ يېتەلەيمىز. ئالىملار ئۈچۈن كۆزىتىش ۋە تەجرىبە قىلىشنىڭ ئەھمىيىتى نېمە، نەزەرىيە ۋە قىياسلار ئالىملارنىڭ ئىدىيىسىدە قانداق رول ئوينايدۇ دېگەنلەرنىمۇ بىلەلەيمىز.

ھازىرقى زامان پەنلىرىدىكى بايقاش ۋە نەزەرىيىلەرگە سېلىشتۇرغاندا، ئىلگىرىكى ئىلمىي ئەسەرلەر قاتمال ۋە تومتاق بولسىمۇ، بۇنىڭلىق بىلەن ئۇنىڭدىكى ئىلمىي نەزەرىيە ۋە مېتودلارنى ئىگىلىشىمىزگە تەسىر يېتىپ قالمايدۇ. غەيرىي مۇتەخەسسىسلەرگە نىسبەتەن، بۇ ئەسەرلەر كېيىنكىلەرگە نىسبەتەن ئېنىق، تەپسىلىي ئوقۇلىدۇ.

ئۇلۇغ كلاسسىك ئەسەرلەر بىزگە ئىلىم ـ پەن ئىدىيىسى ھەققىدىكى تۈنجى بىلىملەرنى ئاتا قىلىدۇ. بىز ئېھتىياجلىق بولۇۋاتقىنى باشقىلار ئورۇنلاشتۇرۇپ بولغان، ھەزىم قىلىپ بولغان ئۈزۈندىلەر بولماستىن، بەلكى ئەمەلىيەتكە تەشەببۇسكارلىق بىلەن يۈزلىنەلەيدىغان ئىلىم ـ پەن روھى. بىزنىڭ ئەدەبىي، ئىلمىي ۋە پەلسەپىۋى ئەسەرلەرنى ئوقۇشتىكى مۇددىئايىمىز مودا بولۇۋاتقان ماتېرىياللارغا ئېرىشىش ئەمەس،

بەلكى ئەقىل ۋە تەسەۋۋۇرىمىزنى كېڭەيتىش.

دەۋرىمىز ئادەملىرى ئۈچۈن ئوقۇشلۇق تۈزىدىغان كىشىلەرگە ئايانكى، پەنمۇ پەلسەپە ۋە ئەدەبىياتقا ئوخشاشلا ئىنسانىيەت روھىنى پەرۋىش قىلىدۇ. ئىلىم - پەن ساھەسىدىكى كلاسسىك ئەسەرلەرنى نەزەردىن ساقىت قىلىپ ئوقۇشلۇق تۈزۈش غەرب مەدەنىيىتى ئۈچۈن ئېيتقاندا، بىر تەرەپلىمىلىكتۇر. بۇ سوۋېت ئىتتىپاقى سۈنئىي ھەمراھ چىقىرىشتىن بۇرۇنلا كەلتۈرۈلگەن خۇلاسە بولۇپ، سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى ياكى مەلىكىلىك تېخنىكىنى ئاۋۇندۇرىدىغان ماتارىپ ئۇسۇللىرى بىلەن مۇناسىۋەتسىزدۇر.

## 9. تارىخنىڭ مەنىسى

*بەزى ئاقىللارنىڭ قارىشىچە، بىز تارىختىن ئېرىشىدىغان ئەڭ چوڭ نەپ شۇ: بىز تارىختىن ھېچ نەرسە ئۆگىنەلمەيمىز. تارىخ تەتقىق قىلىش ئارقىلىق راستىنلا بىلىمگە ئېرىشكىلى ياكى كەلگۈسىنى بىلگىلى بولامدۇ؟ ئۇلۇغ مۇتەپەككۇرلار تارىخ ئېقىمىدىن تۇرمۇشىمىزغا يېتەكچىلىك قىلىدىغان مەنىنى تاپتىمۇ؟ تارىخ ھەققىدىكى نۇقتىئىنەزەر قانداق؟*

تارىخ تەتقىقاتىدىن ئىزدەيدىغىنىمىز ئاۋۋال مەنىدىن ئىبارەت. بىز تارىخ بىلىملىرىنىڭ ئۆزىدىن مەنە ۋە قىممەت ئىزدەيمىز. ئۆتمۈشنىڭ تەرتىپلىك، ئېنىق مەنزىرىلىرى بىزنىڭ ئوبيېكتىپ بىلىملەرگە بولغان ئېھتىياجىمىزنى قاندۇرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بىزنىڭ بۇرۇنقىلار

بىلەن ئالماشتۇرۇش قىلىپ بىردەك بولۇش ئېھتىياجىمىزنىمۇ قاندۇرىدۇ. بىز ھازىر بىلەنلا چەكلەنمەيمىز، بىزنىڭ تۇرمۇشىمىز دەل تارىخ ئارقىلىق سالماقتا ئېرىشكەن، بىزنىڭ تۇرمۇشىمىز ئۆتمۈش ئارقىلىق تولۇق بولدى. روشەنكى، بۇ دائىم ئېرىشكىلى بولمايدىغان بەخت.

ئۆتمۈشنى خاتىرىلەش ۋە ئۆتكەنگە ئەھمىيەت بېرىش تەشنالىقى قەدىمدىن تارتىپ ھازىرغىچە بولغان سان— ساناقسىز تارىخشۇناسلارنىڭ ئۆتمۈش خارابىسىدە ئىجتىھات قىلىشىغا سەۋەبچى بولدى. شوسىيىدىدېس ئۆزى قاتناشقان ئۇرۇشنى خاتىرىلەپ يازغان، گىببون بىر ئىمپېرىيىنىڭ ۋەيران بولۇشىنى تەسۋىرلىگەن. ئۇلار باشقا مۇنەۋۋەر تارىخچىلارغا ئوخشاشلا ئۆزلىرى بايان قىلغان ماتېرىياللارنى رەتسىز دۆۋىگە ئايلاندۇرۇپ قويماستىن، ئىمكانقەدەر چوڭقۇر مەنە بېغىشلىدى. بىز تارىخچىلارنىڭ ئىجتىھاتلىرى نەتىجىسىدە بىپايان تارىخ ئەمەلىيەت قايناملىرىدىن بۇنىڭدىن كېيىنكى ھاياتىمىزغا يېتەكچىلىك قىلىدىغان مەنىلەرگە ئىگە بولدۇق.

ئەمەلىيەتتە، تارىخچىلار ۋە ئوقۇرمەنلەر تارىخنى ئەسىرلەردىن تېخىمۇ ئەمەلىي مەنە فورمىلىرىنى تاپتى: ھېرودوتنىڭ قوغلىشىدىغىنى خاتىرىلەشكە ئەرزىيدىغان بۈيۈك تۆھپىلەر بولدى، تاسىتۇ ياخشىلىقنىڭ ئېرىشىدىغىنى ياخشىلىق، يامانلىقنىڭ ئېرىشىدىغىنى يامانلىق دەپ قاراپ، ياخشىلىق مەڭگۈ ئۆچمەيدۇ دەپ تەشەببۇس قىلدى. پولىبىيئۇ مەغلۇبىيەت ۋە غالىبىيەتنىڭ ئۆزگىرىپ تۇرىدىغانلىقىنى قەيت قىلىپ، مەغرۇرلانماسلىققا چاقىردى. نۇرغۇن ئادەملەر تارىختىن ئەخلاقىي تەربىيە ئالدى، ئۆتمۈشتىن ئەخلاقىي ساۋاقلارنى قوبۇل قىلدى. پلۇتارىكىنىڭ يۇنان، رىم نامدارلىرى ھەققىدىكى تەزكىرىلىرى مانا مۇشۇ خىل تارىخىي تەربىيە شەكلىگە مەنسۇپ.

يەنە مۇنداق بىر مەنە شەكلىمۇ بار، ئۇ بولسىمۇ، پۈتكۈل تارىخىي جەرياننىڭ ئاساسىي قورمىسى. بۇنداق مەنە ئىزدەشكە قارىتا بىزنىڭ ئىككى خىل جاۋابىمىز بار:

بىرىنچى خىل جاۋاب: تارىخ دەۋر قىلىپ ئىلگىرىلەيدۇ. دۆلەت ۋە جەمئىيەت تۇغۇلۇش، ئۆسۈش، قېرىش ۋە ئۆلۈشتىن ئىبارەت تۆت باسقۇچ بويىچە دەۋر قىلىپ ماڭىدۇ. قەدىمكى يۇنان، رىم تارىخ نۇقتىئىنەزەرلىرى مۇشۇ خىل نۇقتىئىنەزەر بىلەن سۇغىرىلغان. قەدىمكى تارىخچىلار ئىنسانلار تارىخىنى ياردەمگە ئېرىشىدۇ. چۈنكى، تارىخ تەكرارلىنىدۇ، دەپ ئىشىنەتتى. ۋىكو، توينبى، سپىنگلېر قاتارلىق ھازىرقى زامان تارىخ پەيلاسوپلىرى يۇقىرىقى قەدىمكى پىكىرلەرنى ئۆزىنىڭ نەزەرىيىلىرىدە تىرىلدۈرۈپ، مۇھىم ئامىلغا ئايلاندۇردى.

ئىككىنچى خىل جاۋاب: تارىخ مەقسەتكە ياكى مۇكەممەللىككە قاراپ ئىلگىرىلەيدۇ. تارىخ دەۋر قىلىپ يۈرمەستىن، تۈز سىزىق بويىچە ئۆرلەيدۇ. بۇ «ئىنجىل» (ياكى خرىستىئان دىنى) دىكى تارىخ ئۇقۇمى بولۇپ، ئۇنى ئاۋگۇستىن ئۆزىنىڭ «تەڭرى شەھىرى» دە سىستېمىلىق ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇنىڭ قارىشىچە، ئىنسانىيەت ئىلاھىي ئىستەكنىڭ يېتەكچىلىكىدە زامان ۋە تارىخنىڭ ئاداققى نۇقتىسىدا خۇدالىق ئالەمگە يېتىشىدۇ.

بەزى دىنىي داھىيلار ۋە گۇرۇھلار «ئىنجىل» نى يەشكەندە مۇنداق دېگەن: خۇدانىڭ جەننىتى پانىي دۇنيادا ئىشقا ئاشىدۇ. بۇنداق مەدىنىي نۇقتىئىنەزەر نۆۋەتتە كەڭ ئومۇملىشىپ، كۆپ سانلىكى كىشىلەر تەرىپىدىن قوبۇل قىلىندى. گېرمانىيە پەيلاسوپى گېگېلنىڭ قارىشىچە، تارىخ چەكسىز نىشانغا قاراپ ئەۋلادمۇئەۋلاد ئىلگىرىلەپ، ئاخىر گېرمانلارنىڭ خرىستىئان دۇنياسىغا يېتىدۇ. ئۇنىڭ ئوقۇغۇچىسى ماركس تامامەن ئەركىن، باراۋەر بولغان پرولېتارىيات جەمئىيىتىنى تارىخنىڭ

نىشانى ۋە ئاخىرقى پەللىسى قىلىپ بېكىتتى. ئۇنىڭچە، مەزكۇر نىشانغا يېتىش ئۈچۈن سىنىپىي كۈرەش، جاھانگىرلىك ئۇرۇشى ۋە قانلىق ئىنقىلابلارنى ئېلىپ بېرىش زۆرۈر.

كۆپ ساندىكى تارىخشۇناسلار ۋە پەيلاسوپلار ئېتىراپ قىلىدۇكى، تارىخنىڭ مەنىسى تارىخنىڭ ئۆزى (ئۆتكەن ئىشلارنىڭ ئوبيېكتىپ خاتىرىسى) دە تولۇق بايقالمايدۇ. بىزنىڭ تارىخ ھەققىدىكى ئوي— پىكرىمىز دەل ئىنسانىيەتنىڭ ماھىيىتى ۋە تەقدىرى ھەققىدىكى قاراشلىرىمىزنىڭ ئۈستىگە، ئىنسانىيەت بىلەن خۇدانىڭ مۇناسىۋىتى ھەققىدىكى چۈشەنچىمىزگە ئاساسلىنىدۇ. كېڭەيتىپ ئېيتقاندا، سەۋەب ـ نەتىجىلىك ئۇقۇمنىڭ ئىنسانىيەت جەمئىيىتىدىكى رولىغا ئاساسلىنىدۇ.

## ئاساسلىق ئەسەرلەر


修昔底德:《伯罗奔尼撒战争史》

ثۇسىدىدېس: «پېلوپونېس ئۇرۇش تارىخى»

柏拉图:《国家篇》

ئەپلاتون: «غايىۋى دۆلەت»

亚里士多德:《形而上学》

ئارىستوتېل: «مېتافىزىكا»

阿奎那:《基督教箴言隽语集》

ئاكۋىنا: «خرىستىئان ئەقلىيىلىرى»

霍布斯:《利维坦》

ھوببېس: «لېۋىئاتان»

蒙田:《随笔集》

مونتەينى: «خاتىرىلەر»

培根:《学问的进步》

بېكون: «ئىلىمنىڭ ئىلگىرىلىشى»

笛卡儿:《方法论》

دېكارت: «مېتودولوگىيە»

帕斯卡尔:《论几何的证明》

پاسكال: «گېئومېتىرىك ئىسپاتلار»

洛克:《论人类理解》

لوك: «ئىنساني چۈشىنىش ھەققىدە»

休谟:《人类理智研究》

يۇم: «ئىنسانىيەت ئەقلى توغرىسىدا تەتقىقات»

康德:《纯粹理性批判》

كانت: «ساپ ئەقلىي تەنقىد»

黑格尔:《历史哲学》

گېگېل: «تارىخ پەلسەپىسى»

托尔斯泰:《战争与和平》

تولستوي: «ئۇرۇش ۋە تىنچلىق»

詹姆斯:《心理学原理》

جامېس: «پسىخولوگىيە پرىنسىپلىرى»

弗洛伊德:《心理分析新论》

فروئىد: «پسىخوئانالىزنى يېڭىچە تونۇشتۇرۇش»

## باشقا ئەسەرلەر

阿尔弗雷德·J.艾那尔:《逻辑实证主义》

ئالفىرېد ج. ئايېر: «مەنتىقىي دەلىلچىلىك»

尼古拉·别尔嘉耶夫:《历史的意义》,《孤独与社会》

نىكولاس بېردىيايېۋ: «تارىخنىڭ مەنىسى»، «تەنھالىق ۋە جەمئىيەت»

马丁·布伯:《我与你》

مارتىن بۇبېر: «مەن ھەم سەن»

恩斯特·卡西尔：《知识的难题》；《象征形式的哲学》

ئېرنست كاسسىرى: «بىلىمنىڭ مۈشكۈل مەسىلىلىرى»، «سىمۋول فورمىلىرى پەلسەپىسى»

莫里斯·R. 科恩：《历史的意义》

مورىس. R. كوخېن: «تارىخنىڭ مەنىسى»

奥古斯特·孔德：《绝对哲学》

ئاۋگۇست كومتې: «دەلىلى پەلسەپە»

约翰·杜威：《重建就是哲学》；《确定性的追求》

جون دېۋېي: «قايتا قۇرۇش پەلسەپە دېمەكتۇر»، «ئېنىقلىققا ئىنتىلىش»

尤因：《理想主义：批评概论》

ئېۋىنگ: «ئىدىيالىزم: تەنقىدىي نەزەرىيە»

艾里奇·弗兰克：《哲学的知性与宗教真理》

فرانك ئېرىچ: «پەلسەپىۋى بىلىش ۋە دىنىي ھەقىقەت»

艾提因·吉尔逊：《哲学经验的统一》；《中世纪哲学的精神》

ئېتىېنې گىلسون: «پەلسەپىۋى تەجرىبىلەرنىڭ بىردەكلىكى»، «ئوتتۇرا ئەسىر پەلسەپە روھى»

威廉·詹姆斯：《实用主义》；《真理的意义》

ۋىلىيام جامېس: «پراگماتىزم» («سۈيىئىستېمالچىلىق»)، «ھەقىقەتنىڭ مەنىسى»

卡尔·雅斯贝尔斯：《哲学的远见》；《历史的起源与目的》《通向智慧之路》

كارل ياسپېرس: «پەلسەپىنىڭ يىراقنى كۆرۈشى»، «تارىخنىڭ مەنبەسى ۋە مەقسىتى»، «ئەقىل — پاراسەت يولى»

茹尔丹：《数学的本质》

جۇردان: «ماتېماتىكىنىڭ ماھىيىتى»

S. 克尔凯戈尔:《非科学的最后附言》

S. كېركېگارد: «ئاخىرقى غەيرىي ئىلمىي سۆز»

卡尔・勒维特:《历史的意义》

كارل لوۋىت: «تارىخنىڭ مەنىسى»

雅克・马利丹:《知识的程度》;《科学与智慧》;《历史哲学》

جاككۇېس مارىتائىن: «بىلىمنىڭ دەرىجىسى»، «پەن ۋە پاراسەت»، «تارىخ پەلسەپىسى»

汉斯・迈尔霍夫:《我们时代的历史哲学》

خانس مېيېرخوف: «دەۋرىمىزدىكى تارىخ پەلسەپىسى»

亨利・普安卡雷:《科学的基础》

ھېنرى پوئىنكارى: «پەننىڭ ئاساسلىرى»

汉斯・赖兴巴赫:《科学哲学的兴起》

خانس رېشېنباخ: «پەن پەلسەپىسىنىڭ باش كۆتۈرۈشى»

J. 罗伊斯:《现代哲学的精神》

J. رويس: «ھازىرقى زامان پەلسەپە روھى»

B. 罗素:《人类的知识:它的范围和界线》;《意义与真理的探究》

رۇسسېل: «ئىنسانىيەتنىڭ بىلىمى: ئۇنىڭ دائىرىسى ۋە چېگراسى»، «مەنە ۋە ھەقىقەت ئۈستىدە ئىزدىنىش»

阿诺德・J. 汤因比:《审判的文明》

ئارنولد. J. توينبى: «سىناقتىكى مەدەنىيەت»

A. 怀特:《基督教神学与科学的冲突史》

A. ۋايت: «خرىستىئان ئىلاھىيىتى بىلەن پەننىڭ توقۇنۇش تارىخى»

阿尔弗雷德・N. 怀特海:《科学与近代世界》;《数学入门》

ئالفېرېد ۋايتخېد: «پەن ۋە يېقىنقى زامان دۇنياسى»، «ماتېماتىكىنى تونۇشتۇرۇش»



# ئىككىنچى باب

## سىياسىي: ئادەم ۋە دۆلەت

سىياسىي بىر خىل قائىدە، تەڭشەش
ئەلۋەتتە، بەزىدە بىر خىل كۈرەش
ئۇنىڭ مەقسىتى ئادەم بىلەن دۆلەتنى ئەپلەشتۈرۈش
ۋە بۇ ئارقىلىق گارمونىك ھالەت بەرپا قىلىش

## 10. شەخس ۋە جەمئىيەت

*يازلاردىن بولۇش ئۈچۈن، يۇقىرا بولۇش ئۈچۈن، جەمئىيەت مەنپەئىتىگە كۆيۈنىدىغان ئادەم بولۇش ئۈچۈن كىچىككىمىزدىن تارتىپ تەربىيىلىنىمىز. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، بىز ئىندىۋىدۇئاللىقىمىزنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، مۇستەقىل ئالاھىدىلىك يېتىلدۈرۈشىمىز كېرەك. بۇنداق زىددىيەتلىك مائارىپ ئەندىزىسى بىزگە شۇنى ئۇقتۇرىدۇكى، جەمئىيەتنىڭ ئومۇمىي مەنپەئىتى بىلەن خۇسۇسىي پايدىمىز ئوتتۇرىسىدا مۇقەررەر بىر زىددىيەت مەۋجۇتتۇر. بۇ زىددىيەتتە، بىز ئالدى بىلەن قايسىغا ئېتىبار بېرىشىمىز كېرەك — شەخسكىمۇ ياكى دۆلەتكىمۇ؟*

---

شەخس بىلەن دۆلەتنىڭ مۇناسىۋىتى ئۈستىدە توختالغاندا، ئىندىۋىدۇئالىزم ۋە كوللېكتىۋىزمدىن ئىبارەت ئىككى رادىكال قاراش مۇنازىرىنى كونترول قىلىپ كەلدى.

كوللېكتىۋىزمچىلار ۋە ھوقۇق مەركەزلەشتۈرمىچىلەرنىڭ قارىشى بويىچە، پۇت - قول ۋە باشقا ئورگانلار بەدەننىڭ بىر قىسمى بولغاندەك ياكى چىشلىق چاق بىلەن بۇرمىلىق مىق ماشىنىنىڭ بىر قىسمى بولغاندەك شەخسمۇ دۆلەتنىڭ بىر ئونسۇرىدۇر. بۇ قىسمەنلىكلەر بەدەننىڭ ئەزاسى ياكى ماشىنىنىڭ زاپچاسلىرى بولغاندىن تاشقىرى ئۆز ئالدىغا ئىرادىگە ئىگە بولمايدۇ. زاپچاسلار پەقەت ئومۇمىي گەۋدىنىڭ پايدىسى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ؛ شەخس بىلەن دۆلەت ئوتتۇرىسىدا توقۇنۇش بولغاندا، دۆلەتنىڭ مەنپەئىتى شەخسنىڭ مەنپەئىتىنى

ئەبەدىي بىسەپ چۈشۈشى زۆرۈر بولىدۇ.

شەخسىيەتچىلەرنىڭ نۇقتىئىنەزىرى بويىچە بولغاندا، ئەڭ مۇھىم بولغىنى خۇسۇسىي گەۋدىنىڭ ئىشقا ئېشىشىدىن ئىبارەت. دۆلەت شەخسنىڭ بەختىگە پايدىلىق قورالدۇر، خالاس. كوللېكتىۋىزمچىلارنىڭ نەزىرىدە، دۆلەت دېگەن يەر يۈزىدىكى خۇدا، ھۆكۈمەت بارلىق ئىنسانىي پائالىيەتلەرنى باشقۇرىدۇ. شەخسىيەتچىلەرنىڭ نەزىرىدە دۆلەت پەقەت قاتناش ساقچىسى ياكى باغ خادىمى ۋە ياكى قوجىدارىدىن ئىبارەت.

ئۈچىنچى خىل بىر نەزەرىيە بولۇپ، ئۇ نىسبەتەن مۆتىدىل. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، كوللېكتىۋىزمچىلار ۋە شەخسىيەتچىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ناتوغرا ئىختىلاپتىن خالىي بولۇش تەس. مۆتىدىللەر مۇئەييەنلەشتۈرۈپ ئېيتىدۇكى، دۆلەت تىنچلىق، تەرتىپ، قانۇن قاتارلىق سىياسىي نىشانلار ئۈچۈن پايدىلىق بولۇپلا قالماستىن، يەنە ئىنسانلارنىڭ يۈكسەك نىشانى بولمىش بەخت ئۈچۈن پايدىلىقتۇر. تەشكىللىنىشى ياخشى، باشقۇرۇلۇشى ئادىل بىر دۆلەت ئۆز ئىچىدىكى بارلىق خۇسۇسىي گەۋدىنىڭ بەختىگە كاپالەتلىك قىلىدۇ. گۈزەل ئەخلاقىي سۈپەتكە ئىگە شەخس يۇقىرىلىق مەسئۇلىيىتىنى ياخشى ئادا قىلالايدۇ ھەم ئۆز بەختىنىمۇ ئىزدىيەلەيدۇ.

ئۈچىنچى خىل نۇقتىئىنەزەر كىشىلىككە ئالاقىدار مۇنداق تۆپ مەسىلىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ: ئىنسان يېگانىلىقتا تاكامۇل بولامدۇ ياكى جەمئىيەتتە تاكامۇل بولامدۇ؟ بەزى مۇتەپەككۇرلار ئىنسان ئومۇمىي گەۋدىنىڭ بىر قىسمى بولغاندىلا ئاندىن مۇكەممەل بولىدۇ، دەپ تەشەببۇس قىلىدۇ. غايىۋىيرەك قىلىپ ئېيتقاندا، ئىنسان شۇنىڭ ئۈچۈن ئىنسانكى، ئۇ پۈتۈن ئىنسان قوۋمىنىڭ بىر قىسمى. يەنە بەزىلەرنىڭ قارىشىچە، ئىنسان بىر سەمىمىي جەمئىيەتتە ئۆز قېرىنداشلىرىغا ھەمراھ بولغىنىدا ھەقىقىي خۇسۇسىي گەۋدە بولىدۇ. بەزىلەر تەشەببۇس قىلىدۇكى، شەخس ئاۋام، گۇرۇھ ۋە ئىرق دېگەن نەرسىلەردىن

ھالقىشى كېرەك.

يۇقىرىقى ئۈچ خىل نۇقتىئىنەزەر، زادى قانداق شەكىلدىكى جەمئىيەت شەخسنىڭ ئويدان ياشىشىغا پايدىلىق؟ دېگەن مەسىلىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئانارخىزمچىلار (ھۆكۈمەتسىزلىك تەرەپدارلىرى) كىشىلەر ئاممىۋى مەنپەئەت ۋە خۇسۇسىي مەنپەئەت ئۈچۈن ئورتاق ئىشلىشى كېرەك دەپ تەۋسىيە قىلىدۇ. ئەمما، ئۇلار دۆلەتكە قارشى، يەنى دۆلەتنىڭ قانۇن، ئەمەلدار، ئوردا ياكى ساقچىلاردىن پايدىلىنىپ يۇقىرىقى مەقسەتكە يېتىشىگە قارشى. يەلپەيسۋى خاراكتېرگە باي ئانارخىزمچىلار دۆلەت سىياسىتىگە ئارىلىشىۋالىدىغان زورلۇق تەشكىلاتنى ئارزۇ قىلمايدۇ، بەلكى ئىختىيارىي رەۋىشتە پەيدا بولۇپ، تەرەققىي قىلغان، شەخسلەر بىۋاسىتە قاتناشقان جەمئىيەت تەشكىلىنى ئارزۇ قىلىدۇ.

غەربنىڭ بۈيۈك سىياسىي پەيلاسوپلىرىنىڭ نۇرغۇنلىرى دۆلەت ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ مۇۋاپىق شەكلى دېگەننى تەشەببۇس قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، ئانارخىستلار تىپ دەپ تەسۋىرلىگەن ئىختىيارىي جەمئىيەت بولسا، ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىغا تەۋە. كۆپ ساندىكى ھازىرقى زامان سىياسەت مۇتەپەككۇرلىرىنىڭ قارىشىچە، ئانارخىزمچىلار ئىزدىگەن ئامامەن ئۆز - ئۆزىنى باشقۇرۇش مۇمكىن ئەمەس، ئادەم بىلەن جەمئىيەت ھازىرقىدەك بولۇشى لازىم.

---

## 11. يوقرانىڭ رولى

*بۈگۈنكى دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا كىشىلەر ئاۋاز بېرىش، ئۆز ھۆكۈمدارىنى سايلاش قاتارلىق يوقرالىق*

*ھوقۇقلىرىنى قولغا ئېلىشماقتا. پۇقرالىق ھوقۇقى دېگەن ئۇقۇم زامانىۋى ئۇقۇممۇ ياكى قەدىمكى ئۇقۇممۇ؟ پۇقرالىق سالاھىيىتى، پۇقرالىق ھوقۇقى ۋە پۇقرالىق مەسئۇلىيىتى توغرىسىدا بۇرۇن ئۆتكەن ئۇلۇغ مۇتەپەككۇرلار بىزگە نېمىلەرنى دېگەن بولغىيدى؟*

---

پۇقرالىق ھوقۇقى بىر ئىنقىلابىي ئۇقۇم. ئۇ قەدىمكى يۇناندا بارلىققا كەلگەن بولۇپ، ئەينى ۋاقىتتا يېڭى ھەم ئومۇملاشقان ئۇقۇم ئىدى. بۈگۈنمۇ دۇنيانىڭ كۆپ جايلىرىدا يەنىلا يېڭى تۇيۇلىدۇ. بىزنىڭ سىياسىي ئەركىنلىكىمىز ۋە باراۋەرلىكىمىز يەنىلا مۇشۇ تۈپ ئۇقۇمنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۇچرىماقتا. نۆۋەتتە، غەرب ئەللىرىدە كىشىلەر پۇقرالىق ھوقۇقىنى ئۆزلىرىنىڭ تېگىشلىك ھەققى دەپ قارىشىدۇ، ئەمەلىيەتتە ئەزەلدىن ئۇنداق ئەمەس ئىدى.

قەدىمكى يۇنانلىقلار ئەركىن، باراۋەر بولغانلىقىدىن پەخىرلىنەتتى. چۈنكى، ئۇلار ئۆزلىرىنى مۇستەبىت پادىشاھلىق ئاستىدىكى پېرسىيە ۋە مىسىر پۇقرالىرى بىلەن سېلىشتۇراتتى. ئەركىن پۇقرا بىلەن بېقىندى پۇقرانىڭ سېلىشتۇرمىسى قانۇنلۇق ھاكىمىيەت بىلەن مۇستەبىت ھاكىمىيەت ئوتتۇرىسىدىكى پەرق بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. مۇستەبىت تۈزۈمدە پەقەت ھۆكۈمرانىنىڭلا ھوقۇقى بولىدۇ. خەلق ئۇنىڭغا بېقىندى بولۇپ، ئۇنىڭ ئەمر - پەرمانلىرىغا شەرتسىز بويسۇنۇشى كېرەك. ئۇ خەلقنىڭ بەختىنى كۆزلەيدىغان رەھىمدىل پادىشاھ بولسۇن ياكى ئۆزىنىلا ئويلايدىغان زوراۋان پادىشاھ بولسۇن، خەلقنىڭ ئۇنىڭ ئالدىدا لەببەي دېمەكتىن باشقا ئىمكانىيىتى يوق.

ئاساسىي قانۇنلۇق ھاكىمىيەت تۈزۈلمىسىدە، ھۆكۈمدار

كۆپچىلىك (پارلامېنت) ئارقىلىق بېكىتىلگەن قانۇن ۋە ئادەت بويىچە دۆلەت باشقۇرىدۇ. خەلق ھۆكۈمدار بىلەن باراۋەر بولىدۇ، قانۇن تۈزگەندە ۋە ئەمەلدار سايلىغاندا ھەر قانداق پۇقرانىڭ سۆز قىلىش ھوقۇقى بار بولىدۇ، ھەم ۋەزىپىگە ئولتۇرۇش ھوقۇقى بولىدۇ. قانۇنلۇق دۆلەت باراۋەر پۇقرالارنىڭ جەمئىيىتىدىن ئىبارەت بولۇپ، دۆلەت باشلىقى پۇقرالار ئىچىدە بىرىنچى ئورۇن تۇتىدۇ، خالاس.

ئارىستوتېل زوراۋان پادىشاھلىق تۈزۈمنى خوجايىننىڭ قۇلغا بولغان ھۆكۈمرانلىقىغا، رەھىمدىل مۇستەبىت ئاتىنىڭ بالىغا بولغان ھۆكۈمرانلىقىغا، قانۇنلۇق ھاكىمىيەت تۈزۈمنى ئەرنىڭ ئايالغا بولغان ھۆكۈمرانلىقىغا تەققاسلىغان. ئەلۋەتتە، ئاخىرقى بىر ئوخشىتىش ئانچە مۇكەممەل بولمىغان، چۈنكى ئارىستوتېل ئايالنىڭ ئەرگە بولغان ھۆكۈمرانلىقىنى تەشەببۇس قىلمايتتى. لېكىن، ئۇ ئەركىن پۇقرانىڭ بېقىندى پۇقراغا قارىغاندا ئىززەتلىك ۋە ھۆر بولىدىغانلىقىنى ئوبرازلىق سۈرەتلەپ بەرگەن.

دەرۋەقە، ھەرقانداق بىر ئاساسىي قانۇنلۇق ھاكىمىيەت تۈزۈلمىسى ئاستىدىكى خەلقنىڭ ھەممىسىنى، ئۇلارنى ئاۋاز بېرىش ۋە سايلىنىش ھوقۇقىغا ئىگە راۋۇرۇس پۇقرا دەپ كەتكىلى بولمايدۇ. بىزنىڭ ئومۇمىي سايلام تۈزۈمىمىزدىمۇ چەت ئەللىكلەر، ئەقلىي كەمتۈكلەر، بالاغەتكە يەتمىگەنلەر ۋە جىنايەتچىلەردە بۇنداق ھوقۇق يوق. يەنە نۇرغۇن دۆلەتلەر قۇللار، ئاياللار ۋە ئەمگەكچىلەر تەبىقىسىگە تولۇق پۇقرالىق ھوقۇقى بېرىشنى خالىمايدۇ، ئۇلار پەقەت بۇ دۆلەتنىڭ ئاھالىسىدۇركى، پۇقراسى ئەمەس.

يېقىنقى 100 يىلدىن بېرى، ئەقىل - ھوشى جايىدا، قانۇنغا بويسۇنىدىغان يەرلىك ئاھالىلەر ياكى دۆلەت تەۋەلىكىگە ئىگە چوڭلارنىڭ تولۇق پۇقرالىق ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرۈش

ھەرىكەتنى ئىلگىرىلەشكە باشلىدى. كىشىلەر بارغانسېرى بىراۋنى «سىياسىي جەھەتتىن تۆۋەن دەرىجىلىكلەر» دەپ قاراشنىڭ ئەخلاقسىزلىق بولىدىغانلىقىنى تونۇپ يەتتى. ئۇلار ئاساسىي قانۇنلۇق ھاكىمىيەت تۈزۈلمىسىدە سىياسىي ئەركىنلىك ۋە باراۋەرلىك پرىنسىپى بولۇشى لازىم، ھەرقانداق بىر كىشىنى جىنسى، تەبىقىسى ۋە ئىرقى سەۋەبلىك تولۇق ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىشقا بولمايدۇ، دەپ تەشەببۇس قىلىدىغان بولدى. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، پۇقرالىق ھوقۇقى بىر تۈرلۈك تۈپ ئىنسان ھوقۇقى.

پۇقرالار ھوقۇق ۋە مەسئۇلىيەتكە ئىگە بولغانىكەن، ئۇلار ئۆز ئەركىنلىكىدىن مۇناسىپ پايدىلىنالىشى كېرەك. ئەلمىساقتىن بېرى نۇرغۇن پەيلاسوپلار ياخشى پۇقرا بولۇشقا تېگىشلىك ئەخلاق ۋە ئۇنى ئۆگىتىش ئۇسۇللىرى ھەققىدە توختىلىشقانىدى. ئارىستوتېلنىڭ قارىشىچە، ياخشى پۇقرادا ھۆرلۈك سالاھىيىتى بولغان بولىدۇ، ئۇ ھەم باشقۇرالىشى، ھەم بويسۇنۇشى كېرەك. شۇڭا، ئۇنىڭدا ھۆكۈمدارلىق ۋە پۇقرالىقتىن ئىبارەت ئىككى ياقلىمىلىق بولۇشى، ئۆزىنى تۇتۇۋالغان بولۇشى ھەم ئادالەتلىك بولۇشى كېرەك. مىل «ئاممىۋى ئەخلاق مەكتىپى» دېگەننى تەشەببۇس قىلىدى. ئۇنىڭچە بولغاندا، مەكتەپ ئاۋامغا دېموكراتىك كەيپىياتنى بېرىشى، شەخسنى ئۆز كۆمىچىگە چوغ تارتىدىغان ئەمەس، جەمئىيەتنىڭ بىر پۈتۈن بەختىگە كۆيۈنىدىغان قىلىشى لازىم. مەكتەپكە بىلىملىك، ئاممىۋى ئىشلارنى چۈشىنىدىغان زاتلار نازارەتچىلىك قىلىشى لازىم.

ئۆز - ئۆزىنى ئىدارە قىلىش ئاساسىدىكى ئەركىنلىك ئەخلاقىي پەزىلەت ۋە تەنقىدىي پاراسەتكە موھتاج. ئائىلە، دىنىي جەمئىيەت ۋە باشقا جەمئىيەت ئورگانلىرى بۇنداق پەزىلەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا كۈچ قوشۇشى كېرەك. ئەقلىنى

يۈكسەلدۈرۈش بولسا مەكتەپ ۋە مەكتەپ سىرتىدىكى ئالىي مائارىپنىڭ ۋەزىپىسى.

---

## 12. جۇمھۇرىيەت ۋە دېموكراتىيە

*بىزدە دېموكراتىك ياكى جۇمھۇرىيەتچە ھاكىمىيەت بولغانمۇ؟ ئىككىسىنىڭ ئېنىق پەرقى نېمە؟ سوۋېت ئىتتىپاقى خۇددى ئۇنىڭ قۇرغۇچىسى ئېيتقاندەك ھەقىقىي دېموكراتىك ھاكىمىيەت تۈزۈلمىسىمۇ؟*

---

ئالدى بىلەن بىز جۇمھۇرىيەت ۋە دېموكراتىك ھاكىمىيەت تۈزۈلمىسىنىڭ مەنىسىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋالايلى. جۇمھۇرىيەت بولسا يۇقىرىلار ئۆز ھۆكۈمىتىنىڭ باشلىقىنى سايلام ئارقىلىق ئورنۇتىدىغان ئاساسىي قانۇنلۇق ھاكىمىيەت تۈزۈلمىسى بولۇپ، ئۇ قانۇن تەرىپىدىن ماقۇللانغان ئاساسىي تەشكىل ۋە ئورگانلاردىن تۈزۈلىدۇ. ئۇ بىر قانۇنلۇق ھۆكۈمەت بولۇپ، ھەرگىزمۇ مەلۇم ئادەملەرنىڭ ھۆكۈمىتى ئەمەس. لۇئى XIV نىڭ «مەن دۆلەت» دېيىشلىرى ۋە گىتلېرنىڭ «مەن قانۇن» دېيىشلىرى غەيرىي ئاساسىي قانۇنلۇق ھاكىمىيەت تۈزۈلمىسىنىڭ تىپىك ئىپادىلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

جۇمھۇرىيەتنىڭ نۇرغۇن تىپلىرى بولىدۇ. تارىختا ئېسىل نەسەبلىك بولغانلار ياكى بايلار تەرىپىدىن باشقۇرۇلغان جۇمھۇرىيەتلەرمۇ بولغان. بۇ تۈردىكى جۇمھۇرىيەتلەر ئاقسۆڭەكلەر سىياسىيسى ياكى ئولىگارخىيە (ئاز سانلىقلار سىياسىيسى) دەپ ئاتالغان بولۇپ، قەدىمكى يۇناندا، ئەدەبىيات —

مەنگەتنىڭ گۈللىنىش دەۋرىدىكى ئىتالىيىدە ۋە 18 ـ ئەسىردىكى ئەنگلىيىدە مەۋجۇت ئىدى. ئۇلار ئاساسىي قانۇنلۇق ھاكىمىيەت تۈزۈلمىسى بولۇپ، ھۆكۈمدارلىرى يۇقىرا تەرىپىدىن سايلىنىپ چىقاتتى، ئەمما ئۇ چاغلاردىكى يۇقىرالار ئېسىل نەسەبلىك كىشىلەر ياكى يانچۇقى توم ئاز ساندىكى كىشىلەردىن ئىبارەت ئىدى.

جۇمھۇرىيەت بولسا، باشلىقى ئاز ساندىكى كىشىلەر ئارقىلىق ئەمەس، كۆپ ساندىكى كىشىلەر ئارقىلىق سايلاپ چىقىلىدىغان ئاساسىي قانۇنلۇق ھاكىمىيەت تۈزۈلمىسىدۇر. ئەمما، «كۆپ سانلىقلار» دېگەن سۆز ھەر خىل دەۋرلەردىكى ھەر خىل تەبىرگە ئىگە بولۇپ كەلدى. يېقىنقى مەزگىللەرگىچە ئامېرىكىدا ئاياللارنىڭ ئاۋاز بېرىشىگە يول قويۇلمايدىغان دەۋرلەرمۇ بولغان. جەنۇبنىڭ بەزى شتاتلىرىدا، نېگىرلارنىڭ سىياسىيغا ئارىلىشىش كۈرەشلىرى ھازىرغا قەدەر داۋام قىلماقتا. قەدىمكى يۇناندا ، يەنى «دېموكراتىيە» دېگەن ئىبارە ئاپىرىدە بولغان تۇپراقتىمۇ قۇللار ۋە چەت ئەللىكلەرنىڭ بىلەت تاشلاش ھوقۇقى يوق ئىدى. پېرىكلې دەۋرىدىكى ئافىنادا، يۇناننىڭ دېموكراتىيىسى ۋايىغا يەتكەن بولۇپ، شۇ دەۋرلەردىمۇ 120 مىڭ نوپۇسنىڭ ئىچىدە ھەقىقىي يۇقىرالىققا ئېرىشكەنلىرى 30 مىڭغا يەتمەيتتى.

ئامېرىكىدەك تىپىك جۇمھۇرىيەتتىمۇ، دەسلەپكى مەزگىللەردە ئاق تەنلىكلەردەك ھۆر ئادەملەردىلا سىياسىيغا ئارىلىشىش ھوقۇقى مۈلۈكدارلىق سالاھىيىتىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرايتتى. ئەمما، «ئاۋام» نىڭ باشقۇرۇش پرىنسىپى باشتىلا مەۋجۇت ئىدى. بۇ ئىبارىنى مەن «فېدېراتسىيە توغرىسىدا» دېگەن كىتابتىن ئالدىم. خامىلتون ۋە باشقا ئاساسىي قانۇن ھىمايىچىلىرىنىڭ ياخشى كۆرىدىغىنى پادىشاھلىق ھاكىمىيەت تۈزۈلمىسى، ئاقسۆڭەكلەر ھاكىمىيەت تۈزۈلمىسى ياكى

ئولىگارخىيە بولماستىن، دەل «ئاۋام ھۆكۈمىتى» ئىدى.

خامىلتون ۋە باشقا دۆلەت قۇرغۇچى ئاقساقاللارنىڭ نەزەرىدە، جۇمھۇرىيەت ھاكىمىيەت تۈزۈلمىسى دېموكراتىك ھاكىمىيەت تۈزۈلمىسىدىن كۆپ ئەلا ئىدى. بۇ قاراشتا قالايمىقانچىلىق يۈز بەردى. ئۇلار ئېيتقان جۇمھۇرىيەت ۋەكىللەر تۈزۈمىدىكى دېموكراتىيە بولۇپ، خەلق ئۆزلىرىنىڭ قانۇن تۈزۈش ۋە قانۇن ئىجرا قىلىش ھوقۇقىنى ئۆزلىرى سايلاپ چىققان ئەمەلدارلارغا تاپشۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ بۇ خىل تۈزۈمنى قوللىشى قەدىمكى يۇنان دېموكراتىك دۆلىتىدىكى پۇقرالارنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك سىياسىي ئارىلىشىشىغا قارىتا قوللاشتىن ئۈستۈن بولدى. ئۇنداق ئايرىش ئەمدىلىكتە تەرك ئېتىلدى. چۈنكى، ئاساسىي قانۇنلۇق دېموكراتىيە ئاساسەن دېگۈدەك ۋەكىللەر ئارقىلىق ئىجرا قىلىنىدىغان بولدى. ئامېرىكىنىڭ ھازىرقى ۋەكىللىك شەكلىدىكى دېموكراتىيىسى دەل جۇمھۇرىيەت ھاكىمىيەت تۈزۈلمىسىدۇر.

بۈگۈن سىياسىي ئارىلىشىش ھوقۇقى ئەقىل - ھوشى نورمال بولغان بارلىق پۇقرالار ئىچىدە ئومۇملاشتى، پۇقرالىق ھوقۇقىمۇ كېلىپ چىقىشى ئامېرىكىدىن بولغان ياكى ئامېرىكا تەۋەلىكىگە رەسمىي ئېلىنغان بارلىق ئاھالىگە بېرىلىدىغان بولدى. ئومۇمىي سايلام ھوقۇقى بىزنىڭ دېموكراتىيىمىزنىڭ قەدىمكى يۇنان سايلام ھوقۇقى بىزنىڭ دېموكراتىيىمىزنىڭ قەدىمكى يۇنان، دەسلەپكى مەزگىللەردىكى ئامېرىكا دېموكراتىيىسىدىن پەرقلىنىدىغان بىر تەرىپىدۇر. بىزنىڭ دېموكراتىيىمىزنىڭ قەدىمكى يۇنان دېموكراتىيىسىدىن پەرقلىنىدىغان ئاساسلىق تەرىپى شۇكى، بىزدىكى ئىدارە قىلىش ئاممىۋى يىغىلىش ئارقىلىق بىۋاسىتە يۈرگۈزۈلمەستىن، بەلكى ھۆكۈمەتنىڭ ھوقۇقى ھۆكۈمەت خادىملىرىغا تاپشۇرۇلىدۇ.

مېنىڭ قارىشىمچە، ئومۇمىي سايلام دېموكراتىيىسىنىڭ

جەۋھىرى بولۇپ، ئۇ ھەرگىزمۇ سالاھىيەت، مۇلۇك ۋە ئېتىقاد دېگەنلەرنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىماسلىقى كېرەك. مانا بۇ مەن دەۋاتقان «سىياسىي ئەركىنلىك»نىڭ مەنىسى. مېنىڭ نەزىرىمدە، ئۇ ئىنتايىن مۇھىم بولغاچقا، «ئەركىنلىك ئۇقۇمى» دېگەن كىتابىمنىڭ بىرىنچى بابىدا كۆپ توختالغانىدىم.

مەن ئۇ ئەسەردە، سىياسىي ئەركىنلىكنى ئاساسىي قانۇنلۇق ھاكىمىيەت تۈزۈلمىسىنىڭ خەلققە بەرگەن ئەركىنلىكى بولۇپ، پەقەت ئاپتونومىيىلىك جەمئىيەتتە ئۆسكەن تەشەببۇسكار پۇقرالاردىلا بولىدۇ. بۇنداق ئەركىنلىك سىياسىيغا ئارىلىشىش ھوقۇقىنى ئاساس قىلىدۇ. سىياسىي ئەركىنلىكتىكى ئەڭ مۇھىم تەرەپ شۇكى، پۇقرانىڭ ئىرادىسى ھۆكۈمەتنىڭ ئىرادىسىنى بەلگىلىيەلەيدۇ.

تاھايىتى ئېنىقكى، سوۋېت «پۇقرا»لىرى بۇنداق ئەركىنلىككە ئىگە ئەمەس. خرۇشچېفتىن باشلاپ تېخىمۇ شۇنداق بولدى. سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئاساسىي قانۇننىڭ بارلىقىنى بىلىمەن، ئەمما مەن سوۋېت ئىتتىپاقى ھەقىقىي دېموكراتىك دۆلەت دېگەن جاكارىدىن ھېچبىر تەسىرلەنگەن ئەمەسمەن.

---

## 13. سىياسىي رەھبەر

*كىچىكىمدىن تارتىپ رەھبەرلەر ۋە ئۇلارنىڭ پەزىلىتى ھەققىدە تالاي ئۈگۈتلەرنى ئاڭلىغانىدىم. ئەمما، بىر داھىينىڭ قانداق بولۇشى ۋە قانداق ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇشى كېرەكلىكى ھەققىدە ئېنىق گەپ ئاڭلىمىدىم. ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت كۇلۇبلىرىدا بولغىنىمدا، ھەربىي مەجبۇرىيەت ئۆتىگەن چاغلىرىمدىن ۋە رايون پۇقراسى بولۇش*

*سالاھىيىتىمدىن ئالغان تەجرىبە ـ ساۋاقلىرىم مەندە رەھبەرلىك ئىقتىدارى ھەققىدە مۇجمەل ۋە سەلبىي قاراشلارنى پەيدا قىلدى. قانداق ئالاھىدىلىك بىر ئادەمنى داھىيغا ئايلاندۇرىدۇ؟ ئۇنىڭدا قانداق خىسلەتلەر بولۇشى كېرەك؟ دېموكراتىك ھاكىمىيەت تۈزۈلمىسى ياخشى سىياسىي رەھبەرلەرنى ئاپىرىدە قىلالامدۇ؟*

---

ئەگەر رەھبەرلىك ئىقتىدارىنىڭ ماھىيىتى ۋە رەھبەرلەردە بولۇشقا تېگىشلىك ئالاھىدىلىكلەرنى چۈشەنمەكچى بولىدىكەنمىز، «رەھبەر» دېگەن سۆزنىڭ ئېغىزىمىزدا پەيدا قىلغان ھەر خىل مەنىلىرىگە دىققەت قىلىشىمىز لازىم. «رەھبەر» دېگىنىمىزدە ئالدى بىلەن مېنىڭ ئالدىمدىكى بىر گەۋدە، نامايىشچىلارنىڭ ئەڭ ئالدىدا تۇرغان بىر ئادەم كۆز ئالدىمىزغا كېلىدۇ. ئىككىنچىدىن، «رەھبەر» دېگەن سۆز پىشىپ يېتىلگەن ئىنسانىي ھەرىكەتنى كۆرسىتىدۇ. بىزنىڭ پىشقان يولباشچى ھەققىدىكى گەپلىرىمىز دەل بىر تۈركۈم كىشىلەرنى نىشانىبىرى يېتەكلىگەن بىرسىنى بىلدۈرىدۇ. ئۈچىنچىدىن، «رەھبەر» دېگىنىمىز، باشقىلارغا بۇيرۇق بېرىش ۋە قوماندانلىق قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە ئادەمنى كۆرسىتىدۇ.

بىرىنچى خىل رەھبەر بىزنىڭ شەھەر رايونلىرىمىزدا دائىم ئۇچرايدۇ. بۇ رەھبەرلەر ئالاھىدە ئارتۇقچىلىقى بولغانلىقى ئۈچۈن سايلانغان ئەمەس، ئۇلار قونچاقلىق سالاھىيىتى بىلەن بىر گۇرۇھنىڭ قىياپىتىنى زىننەتلەپ تۇرىدۇ. بۇنداق ئاجىز رەھبەرلىك ھوقۇقى گۇرۇھ ئەزالىرى تەرىپىدىن نۆۋەت بىلەن بېجىرىلىدۇ.

ئىككىنچى خىل رەھبەرلەر مائارىپ ۋە دىنىي ئورگانلاردا كۆپ ئۇچرايدۇ. ئوقۇتقۇچىنى ئۆگىنىشتىكى يېتەكچى دەپ قاراش دەل بۇنىڭ مىسالىغا كىرىدۇ. بەزى دىنىي گۇرۇھلار

ئۆزلىرىنىڭ داھىيلىرىنى «مەنىۋى رەھنەما» دەپ ئاتىشىدۇ.

ئۈچىنچى خىل رەھبەر بولسا، سىياسىي رايونلىرىمىزدىن تېپىلىدۇ. مىڭلىغان يىللاردىن بېرى بۇنداق رەھبەرلەر ئۇلۇغ ئەسەرلەردىكى مۇھاكىمىنىڭ تېمىسى بولۇپ كەلدى. ئېسىڭىزدە بولسا كېرەك، ئەپلاتون ئۆزىنىڭ «غايىۋى دۆلەت» ناملىق ئەسىردىكى داھىينى بارلىق ئەخلاقىي ۋە ئەقلىي ئەۋزەللىكلەرنى ئۆزىدە مۇجەسسەم قىلغان، پەلسەپىۋى ۋە ئەمەلىي پاراسەتكە ئىگە پەيلاسوپ پادىشاھ سۈرىتىدە تەسۋىرلىگەن.

بۇنداق ئاقسۆڭەكلەرچە غايىۋى رەھبەر — ئەڭ ياخشى ئادەم باشقۇرۇشى كېرەك — سىياسىغا ئائىت نۇرغۇنلىغان قەدىمكى ئەسەرلەرنىڭ مۇھىم نۇقتىسى. رەھبەر بولغۇچى كىشى ئەقىل ۋە خاراكتېر جەھەتتە بەزى ئارتۇقچىلىقلارغا ئىگە بولۇشى زۆرۈر. بۇرۇنلاردا كىشىلەر پەقەت ياشانغانلارلا رەھبەرلەردە بولۇشقا تېگىشلىك پاراسەتكە ۋە تەجرىبىگە ئىگە دەپ قارايتتى.

20 ـ ئەسىردىكى ئىستىبدات ھاكىمىيەت تۈزۈلمىسىنىڭ ساۋاقلىرى بىزگە شۇنى ئۇقتۇرىدۇكى، ئۆزىنى ئۆزى داھىي دەۋالغانلاردىن پەخەس بولۇش كېرەك. مۇسسولىنى ۋە گىتلېرنىڭ ئەسەرلىرى «ئىدارە قىلىش پرىنسىپى» غا بولغان مەدھىيە بىلەن تولۇپ كەتكەندى. ئۇلار ھەتتا ئۆزلىرىگە «داھىي» تاجىنى كىيدۈرۈشكەندى. ئۆزىنى قانۇندىن ئۈستۈن قويغان ياكى ئۆزىنى قانۇننىڭ ئورنىغا قويغان رەھبەرلەر بۇ خىل پرىنسىپنى قالايمىقان ئىشلەتتى. ئارىستوتېلدىن بۇيانقى سىياسىي پەيلاسوپلارغا ئايانكى، ئەڭ ياخشى ئادەم رەھبەرلىككە ئولتۇرغاندىمۇ، ئۇنىڭ زوراۋانلىق سىياسىتى يۈرگۈزۈپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، ئۇنىڭ ھوقۇقى ئاساسىي قانۇننىڭ كونترول قىلىشىغا ئۇچرىشى لازىم. پەقەت ئاساسىي قانۇن كۈچكە ئىگە بولغان ھاكىمىيەت تۈزۈلمىسىدىلا داھىينى باراۋەر كىشىلەر ئارىسىدىكى بولباشچى دېيىشكە بولىدۇ،

ئەركىنلىك شۇ چاغدila كاپالەتكە ئىگە بولىدۇ.

ھازىرقى زاماندىكى دېموكراتىك ۋەكىللەر ئەندىزىسىدىكى ھاكىمىيەت تۈزۈلمىسى بىر ئالاھىدە مەسىلىنى پەيدا قىلىدۇ. خەلق ۋەكىللىرى پەقەت مالاي سۆيۈشتە ئۆزلىرىنى سايلاپ بەرگەن كىشىلەرنىڭ ئىرادىسىگە بېقىنىشى كېرەكمۇ ياكى ئاشكارا قانۇنغا ئاساسلانغان ئۆز ھۆكۈمىگە ئەگىشىشى كېرەكمۇ؟ ۋەكىللەر ئۆز ئوبرازىنى ئۆزى تىكلىشى كېرەكمۇ ياكى ئاممىنىڭ پىكرىگە ئەگىشىشى كېرەكمۇ؟

«فېدېراتسىيە پارتىيە ئەزالىرى» نىڭ ئاپتورى ۋە مىل قاتارلىق كىشىلەر تەشەببۇس قىلىدۇكى، ۋەكىللەر ئۆزىنىڭ ئالاھىدە ئەقىل - پاراسىتى ۋە تەجرىبىلىرىگە ئاساسەن سايلانغان بولۇشى، ئۆز ئالدىغا ھۆكۈم چىقىرالىشى كېرەك. بۇنىڭ ئەكسىچە بولغان قاراش شۇكى، سايلانغانلار سايلىغۇچىلارنىڭ بۇيرۇقىنى ئىجرا قىلىشى كېرەك، بەزى ئالاھىدە لايىھەلەرنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشى كېرەك.

بۈگۈنكى كۈندە بىز بىر سىياسىي داھىينىڭ ۋۇجۇدىدىن ئىزدەۋاتقان ئالاھىدىلىكلەر بۇرۇنقىلارنىڭكىگە ئوخشاپ كېتىدۇ. داھىي ئۆزىگە ئەمەس، بەلكى جەمئىيەت مەنپەئىتىگە بەكرەك كۆڭۈل بۆلۈشى زۆرۈر. ئۇ يېتەرلىك ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولۇشى ۋە ئالاھىدە خىزمەتلەرگە كېتەرلىك ئالاھىدە ماھارەت ھەم بىلىمگە ئىگە بولۇشى كېرەك. ئۇ ئىرادىلىك ھەم باتۇر بولۇشى، خاتالىقتا ۋە قارشىلىقتا قارىتا تەۋەككۈل قىلالايدىغان بولۇشى كېرەك. بولۇپمۇ ئۇ باشقىلارنىڭ ئىشەنچىنى قوزغىتالايدىغان بولۇشى كېرەك.

بىر ياخشى سىياسىي رەھبەر يولۇقىدىغان ئاساسلىق كاشىلا شۇكى، ياخشى زاتلار ئاممىنىڭ مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئېلىشتىن ئۆزىنى تارتىدۇ. ئەپلاتون ۋە ئارىستوتېل قاتارلىق نۇرغۇن كىشىلەر بۇ ھەقتە توختالغان. ھەممىگە مەلۇمكى،

ئامېرىكا تارىخىدىكى ھەر بىر كرىزىس مۇۋاپىق رەھبەرلەرنىڭ سايلاپ چىقىلىشى بىلەن ھەل بولغان. مەسىلەن، ۋاشىنگتون، لىنكولن قاتارلىقلار. نۆۋەتتىكى كرىزىسمۇ شۇنداق ھەل بولامدۇ، يوق، بۇنى كۈتمەكتىن ئۆزگە ئىلاجىمىز يوق.

---

## 14. كۆپ سانلىقلار ھۆكۈمرانلىقى

*سىياسىي تۇرمۇشتا، بىز ھەمىشە كۆپ سانلىقلارنىڭ قارارىغا بويسۇنۇش لازىم دەپ قارايمىز. لېكىن، مەن كۆپ سانلىقلار ھاكىمىيىتىنىڭ قانداق ئەۋزەللىكىنىڭ بارلىقىنى كۆرمىدىم. كۆپ سانلىقلار بەزىدە ئىنتايىن ئەخمىقانە ۋە خەتەرلىك خاتالىقنى ئۆتكۈزۈپ قويىدۇ. ياۋروپادا، كۆپ سانلىق كىشىلەر گىتلېر ۋە باشقا ھاكىممۇتلەق مۇستەبىتلەرگە ئەگەشتى. ئامېرىكىدا رەزىل سىياسىئونلار سايلاپ چىقىلدى. ئاز سانلىقلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇقىنى رەت قىلغانلار ھىمايە قىلىندى. كۆپ سانلىقلار خاتا قىلغان ھالەتتىمۇ نېمە ئۈچۈن ھۆكۈمرانلىق قىلىشى كېرەك؟ خەلقنىڭ ساداسى خۇدانىڭ ساداسىمۇ؟*

---

ئاۋۋال بىز «ئىككىدىن بىرىنى تاللاش» نىڭ نېمىلىكىنى كۆرۈپ باقايلى. كۆپ سانلىقلار ھۆكۈمرانلىقىنى قوبۇل قىلمىغان تەقدىردە، قايسى خىل ھۆكۈمرانلىقنى تاللايمىز؟

دۆلەتنىڭ ئەڭ ئالىي ھوقۇقى بىر ياكى بىر قانچە ئادەمنىڭ قولىدا بولۇشى مۇمكىن. ئەگەر ھوقۇق بىرلا ئادەمنىڭ قولىدا بولسا، قانداق سىياسەت قوللىنىش كېرەكلىكى ھەققىدە باش

قىتىمچىلىقى بولمايدۇ. ئەگەر بىر قانچە ئادەمنىڭ پىكىر بايان قىلىش ھوقۇقى بولۇپ، پىكىرلەر بىردەك بولمىسا، تالاش - تارتىش كېلىپ چىقىدۇ. ئۇنداقتا، ئىككى خىل تاللاش ئىمكانىيىتى بولىدۇ: پىكىرنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ياكى كۆپچىلىككە بويسۇنۇش.

بىزگە ئايانكى، ئەركىن، ئاشكارا بولغان ھەر قانداق بىر گەۋدىدە بىردەك پىكىرگە كېلىش ئىنتايىن قىيىن. پىكىر بىرلىكىگە كېلىش سىياسىي جەمئىيەتلەردە ئەمەلىيەتكە سىغمايدىغان ئىش. بىردەك پىكىرگە كېلىش، ھەتتا ئاز سانلىقلارنىمۇ رەت قىلىش ھوقۇقىغا ئىرىشتۈرۈپ، بىر بىلەتمۇ ئىنكار كۈچىگە ئىگە بولالايدۇ. باشقىسىنى دېمىگەندىمۇ، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ خەۋپسىزلىك كېڭىشىنىڭ بەلگىلىمىسىدىنلا يۇقىرىقىلارنى بىلگىلى بولىدۇ. خەۋپسىزلىك كېڭىشىنىڭ بەلگىلىمىسىدە، مۇھىم قارارلاردا بەش دائىمىي ئەزا دۆلەتنىڭ بىردەك قوشۇلۇشى بولۇشى كېرەك. بۇنىڭدىن قارىغاندا، قارار چىقىرىشتا تېگىشلىك مەسىلىلەر توسالغۇغا ئۇچرايدىغاندۇ - ھە؟

كۆرۈشكە بولىدۇكى، كۆپ سانلىقلارنىڭ قارار چىقىرىشى ئەمەلىي چارە ئەمەس. مۇۋاپىق سۆيەت بىلەن ئېيتقاندا، بۇنى «كوكولىسىدىن تۇتۇپ ساناش» دەپ قويساقمۇ بولىدۇ. بىراق، بۇ خىل چارە ھەر خىل ھاكىمىيەت تۈزۈلمىسىدە كەڭ قوللىنىلماقتا. ئاقسۆڭەكلەر ھاكىمىيەت تۈزۈلمىسى، ئولىگارخىيە ۋە دېموكراتىك ھاكىمىيەت تۈزۈلمىسىدىمۇ شۇنداق. ھوقۇق ئايانچ كۈچلەردە ياكى پۈتۈن ئاۋامدا بولسۇن، بىز چوقۇم پىكىر قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە كىشىلەر ئارىسىدا قارار چىقىرىپ، رەھبەرلەر ياكى سىياسەتنىڭ جەمئىيەتنىڭ باشقۇرۇشىغا نىسبەتەن «سان» ئارقىلىق بەكۈن چىقىرىشىمىز كېرەك.

كۆپ سانلىقلارنىڭ زوراۋانلىقىدىن ئىبارەت بۇ مەسىلە ھەققىدە سىياسىي پەيلاسوپلار بۇرۇندىن تارتىپ ئەندىشە قىلىپ كەلدى. ئامېرىكا جەنۇب ـ شىمال ئۇرۇشىدىن بۇرۇنقى مۇتەپەككۇر كاھەننىڭ قارىشىچە، ئاز سانلىقلارنىڭ كۆپ سانلىقلارغا بويسۇنۇشىغا مەجبۇرلاشنى خالىمىغانىكەنمىز، مەسئۇلىيەتلىك ئاساسىي قانۇن ـ تۈزۈمنى يۈرگۈزۈشىمىز كېرەك. ئۇلار ھالقىلىق مەنپەئەتكە كەلگەندە، ئاز سانلىقلار كۆپ سانلىقلارنىڭ ئۇلارغا زىت چىقارغان قارارلىرىنى رەت قىلىش كېرەك، دېگەننى تەشەببۇس قىلدى. بۇنداق تولۇقلاش چارىسىنىڭ ئۆزىگە خاس قىيىنچىلىقى بار. ئۇ بولسىمۇ، ھۆكۈمەتنىڭ چوڭ ئىشلاردىكى فۇنكسىيىسىنى تۆۋەنلىتىۋېتىدۇ، ئاز سانلىقلارنىڭ ئالىي ھوقۇقى كۆپ سانلىقلارنىڭ ئىرادىسىنى يوققا چىقىرىدۇ.

ئەنگلىيە سىياسىي پەيلاسوپى مىل مۇنداق بىر چارىنى، يەنى نىسبەتلىك ۋەكىل تۈزۈمىنى ئوتتۇرىغا قويغانىدى. بۇ چارە ھازىر نۇرغۇن دۆلەتلەرنىڭ سايلام پروگراممىسىنىڭ بىر قىسمى بولۇپ قالدى. مىلنىڭ كۆرسىتىشىچە، ئاز سانلىقلار مۇئەييەن بېلەتكە ئىگە بولۇپ، دۆلەتنىڭ ئاساسىي قانۇن ئورگىنىدا ۋەكىلى بولسىمۇ بولىدۇ. بىر پارتىيە ھەر بىر سىياسىي ئورۇندا ئاز سانلىق بولۇشى مۇمكىن، لېكىن، ئەمەلىيەتتىكى بېلەتنىڭ 30% ياكى 40% كە ئىگە بولۇشى مۇمكىن. مىلنىڭ قارىشىچە، «ئاز سانلىق ۋەكىللەر تۈزۈمى» كۆپ سانلىقلار قارار چىقىرىش تۈزۈمى بىلەن بىرگە بولغاندا، ئاز سانلىقلار گەرچە ئالىي ھوقۇققا ئىگە بولمىسىمۇ، لېكىن پىكىر بايان قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە بولىدۇ. ئۇ «قوش بېلەتلىك» تۈزۈمنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، بېلەتنىڭ كۆپرەكىنى تەربىيە كۆرگەن، ئەقىللىق كىشىلەرگە تاشلاشنى تەكىتلىگەن.

شۇبھىسىزكى، نىسبەتلىك ۋەكىل تۈزۈمى ھەر خىل

سىياسىي قارارلاردا ئادىلراق ۋەكىللەرنى پەيدا قىلدى. لېكىن، ھېچقانداق بىر پارتىيە كۆپ بېلەتكە ئېرىشىشكە ئامالسىز بولغاچقا، ھۆكۈمەت مۇقىمسىز بولىدۇ. بىر ھېساپتا نىسبەتلىك ۋەكىل تۈزۈمى يېقىندىن بۇيان فرانسىيىنىڭ ئاساسىي قانۇن كىرىزىسىنى كۈچەيتىۋەتتى.

مېنىڭچە، كۆپ سانلىقلارنىڭ ئاز سانلىقلاردىكى بەزى تۈپ كىشىلىك ھوقۇقلارنى تارتىۋېلىشىنى توسۇشىمىز لازىم. كۆپ سانلىقلارمۇ ئاز سانلىقلارغا كۆپ سانلىقلارنىڭ دىنىي ئېتىقادى، سىياسىي قارىشى ۋە تۇرمۇش شەكلىنى تاڭماسلىقى لازىم. مىل مۇئەييەنلەشتۈرىدۇكى، زوراۋانلىق ھۆكۈمەت تەرەپدارلىرىدىن كېلىپ چىقىش بىلەن بىرگە يەنە ئاممىۋى پىكىر، ئىجتىمائىي ئادەت ياكى «قوشنىلار» تەرىپىدىنمۇ كېلىپ چىقىدۇ. ئۇ تۆۋەندىكى تەسىرلىك قۇرلىرىدا ئېنىق ۋاقىتتا ئەۋج ئېلىپ كەتكەن مەھكۇملۇق شائاللىرىنى ئەيىبلىگەن:

*بىز ھازىر خەلقنىڭ ئېقىپ يۈرگەن پىكىر ۋە ھېسسىياتىنىڭ زوراۋانلىقىغا قارشى تۇرۇشنى ھىمايە قىلىپ، جەمئىيەتتىكى قائىدە ــ يوسۇن خاراكتېرلىك جازالاشلاردىن پايدىلىنىپ ئۆزىنىڭ چۈشەنچىلىرىنى يات پىكىردىكىلەرگە زورلاپ تېڭىپ، ئۇلارنىڭمۇ ھەرىكەت مىزانىغا ئايلاندۇرۇشىغا ئۇرۇنۇش قىلمىشلىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىشىمىز كېرەك... كوللېكتىپ پىكىرنىڭ شەخسلەرنىڭ مۇستەقىللىقىغا قانۇنلۇق ئارىلىشىشى ئۈچۈن بىر چەك بېكىتىش لازىم؛ بۇنداق چەكنى تېپىش ۋە قوغداش كىشىلەرنىڭ سىياسىي دىكتاتۇرىغا بولغان قارشىلىقىنى قوغدىغانغا ئوخشاشلا، خەلقنى ياخشى قىيايەت يەريا قىلىشتا كەم بولسا بولمايدۇ.*

100 يىلدىن كېيىن مىلنىڭ سۆزى تېخىمۇ زور كۈچ پەيدا قىلدى. چۈنكى، ئۇ ئويلاپ يەتكەن ئەركىنلىككە خەۋپ يېتىش پىكرى كېيىنچە ئۇنىڭ دەۋرىدىكىدىنمۇ كۆپ ئېغىر بولدى.

# 15. لىبېرالىزم ۋە كونسېرۋاتىزم

*گۈللىبېرت ۋە سوللىۋېننىڭ ئەسەرلىرىدە بىر قىستۇرما كۈي بولۇپ، ئۇنىڭدا ھەر قانداق ئادەم تۇغۇلۇشىدىنلا لىبېرالىزمچى ياكى كونسېرۋاتىزمچى بولىدۇ دېيىلگەن. ئۇنداقتا ئۇلار ھەققىدىكى ئىشەنچلىك تەبىرلەر قايسى؟ كىشىلەر ساڭا بىرسىنى لىبېرالىزمچى ياكى كونسېرۋاتىزمچى دەپ تونۇشتۇرسا، سەن ئۇنى ئاڭلىشىلابسەن ياكى مەسخىرە قىلامسەن؟ ئۇنداق قىلىشىڭدىكى ئاساسىڭ نېمە؟*

بۈگۈنكى ئامېرىكىدا ئۆزىنى كونسېرۋاتىپ دەيدىغانلار ناھايىتى ئاز. نۇرغۇن كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ لىبېرالىزمچى دەپ تونۇلۇشىنى ياخشى كۆرىدۇ. بەزى سىياسىي داھىيلار ئۆزلىرىنى «لىبېرال كونسېرۋاتىپچى» ياكى «كونسېرۋاتىپ لىبېرالىزمچى» دەۋاتىدۇ، سەۋەب ئۇلار «كونسېرۋاتىپ» دېگەن سۆيەتتىن ئۆزلىرىنى تارتىدۇ. بۇ ئەھۋال كىشىلەرنى بۇ ئىككى سۆزنىڭ مەنىسى ھەققىدە قارىمۇ قارشى ھېسسىياتقا كەلتۈرۈپ قويىدۇ.

ئەگەر ئەستايىدىل قارىساق، شۇنى بايقايمىزكى، «لىبېرالىزم» دېگەن ئىبارە ھايات ۋە چۈشەنچىلەرگە نىسبەتەن ئۇچۇق پوزىتسىيە تۇتۇش، ئۆزگىرىشنى قوبۇل قىلىش، يېڭى ئىجتىمائىي تەرتىپكە مايىل بولۇش دېگەن مەزمۇنلارنى كۆرسىتىدۇ. «كونسېرۋاتىزم» بولسا نۇرغۇن نۇقتىئىنەزەر، كونا ئىجتىمائىي تەرتىپ ۋە تۇرمۇشقا ئۆلگۈدەك يېپىشىۋېلىش،

ئۆزگەرتىشكە قارشى تۇرۇش، ئومۇمىيۈزلۈك بۇرۇقتۇرمىلىق پەيدا قىلىش دېگەنلەردىن دېرەك بېرىدۇ.

«لىبېرالىزم» دېيىلگەندە، ھەمىشە بىز ھاياتىي كۈچكە ئىگە ھۆكۈمەتنى ھىمايە قىلىش ئارقىلىق ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي مەنپەئەتنى قوغدايدىغان ھەرىكەتنى تەسەۋۋۇر قىلىمىز. ئەمما، بۇرۇن لىبېرالىزمچىلار ھۆكۈمەت ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ «تەبىئىي» تەرتىپىگە ئارىلاشماسلىق لازىم دەپ قارايدىغان كىشىلەردىن ئىبارەت ئىدى. لىبېرالىزمچىلار ھۆكۈمەتنىڭ ئاممىۋى تەرتىپ ئابرۇيى ۋە مۇداپىئە قاتارلىقلارغا ئارىلىشىش ۋە ئۇنىڭغا چەك قويۇشنى ئېلىپ تاشلاشنى تەشەببۇس قىلاتتى. ياۋروپانىڭ سىياسىي تارىخىدا، لىبېرالىزمچىلار ئاساسىي قانۇنلۇق ھۆكۈمەتنى ھىمايە قىلىپ، مۇستەبىت سۇلالىلەرگە قارشى تۇرغان. شۇنداقلا، «كۆپ مەنبەلىك» جەمئىيەتنى تەشەببۇس قىلىپ، بىرلىككە كەلگەن ئادەم ۋە ئېتىقاد شەكلىگە بويسۇنۇشقا مەجبۇرلاشنى ياقلىمىغان.

«لىبېرال ھاكىمىيەت تۈزۈلمىسى» دېگەن كىتابتا، خايېك ئەنئەنىۋى لىبېرالىزملىق مەيدانىنى ياخشى تەسۋىرلەپ بەرگەن. ئۇنىڭچە، شەخسنىڭ ئەركىن پائالىيىتى ۋە تەرەققىياتى ئومۇمىي بەخت ـ سائادەتكە يېتىشنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسۇلى، شۇنداقلا ئىنسانىيەتنىڭ ئاداققى غايىسىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى. ئۇ مۇقىم ئىجتىمائىي تەرتىپ ۋە ئەنئەنىۋى نوپۇزغا بويسۇنۇشقا مەجبۇرلايدىغان، كەلگۈسىنىڭ يېڭى ئىمكانىيەتلىرىنى توسايدىغان ھەر قانداق قىلمىشقا قارشى.

خايېك سوتسىيالىزم، ئامېرىكىنىڭ يېڭىچە تەدبىرى، پاراۋانلىق جەمئىيەت كەبى ھەر قانداق يېڭى ئىجتىمائىي فورمىلاردىن ۋاز كەچتى ھەمدە كونا تەرتىپ، كونا ئورگان ۋە كونا ئىمتىيازلارنى قوغداشقا ئۇرۇنۇش تىرىشچانلىقلىرىدىن ۋاز

كەچتى. ئۇ ئەركىن ھەم ئوچۇق جەمئىيەت ئەلا ياخشى دەپ ئىشىنەتتى. چۈنكى، ھەر قانداق بىر گۇرۇھ جەمئىيەت ئۈچۈن فورما تىكلەپ بېرىدىغان بىلىمگە ياكى ئىنسانىنىڭ قانداق قىلىشى كېرەكلىكى ھەققىدىكى بىرەر نۇقتىئىنەزەرنى زورلاپ تېڭىش سالاھىيىتىگە ئىگە ئەمەس. يۇقىرى بېسىملىق سىياسەت تەلتۆكۈس چىرىكتۇر، ئەركىنلىك تەلتۆكۈس پاكتۇر.

يۇقىرىقىدەك لىبېرالىزم بىلەن كوك ۋە ۋېرىك قاتارلىق يازغۇچىلار ھىمايە قىلىدىغان «يېڭى كونسېرۋاتىزم»نى بىر ـ بىرىدىن ئايرىش قىيىن. يېڭى كونسېرۋاتىزمچىلارمۇ تەبئىي «ئورگانىك» ۋە ئىش قوشۇلمىغان ئىجتىمائىي تەرتىپكە چاقىرىدۇ. ئۇلارمۇ جەمئىيەتنىڭ قۇرۇلمىسى ۋە كەلگۈسى ئۈچۈن ھەر قانداق نەزەرىيىۋى پىلانغا قارشى تۇرىدۇ.

ئۇلارنىڭ خايېكتىن پەرقى شۇ يەردىكى، ئۇلار شەخسنىڭ زىتىدىكى جەمئىيەتنى، شەخسنىڭ ئۆزگىرىش قارشىدىكى ئىجتىمائىي ئەنئەنە ۋە ئەندىزىنى، «ئوچۇق» جەمئىيەت زىتىدىكى ئىجتىمائىي تەشكىلات ۋە تەبىقىنى تەكىتلەيدۇ. ئۇلار ئەنئەنىۋى ئورگان، ئۆرپ ـ ئادەت ۋە ئېتىقادلار ئىپادىلىگەن جۇغلانما ئەقىل ـ پاراسەت ۋە بىۋاسىتە تۇيغۇنى تەكىتلەپ، ئەقلىي پىكىرنىڭ نەتىجىسىگە ئېتىبار بەرمەيتتى. ئەكسىچە، خايېك قاتارلىق لىبېرالىزمچىلار ئىنسانىيەتنىڭ ئەقلىگە ھۆرمەت قىلاتتى ۋە ئىشىنەتتى. ئۇلار يېڭى لىبېرالىزمچىلارنى «مىستىتسىكلار» ۋە «غەيرىي ئۆزگەرتىمچىلەر» دەيتتى.

ئامېرىكا يېڭى تەدبىرى تەرەپدارلىرىغا نىسبەتەن لىبېرالىزمچى دېگەننىڭ مەنىسى باشقىچە. ئۇلارنىڭچە بولغاندا، لىبېرالىزم شەخس ھەل قىلالمايدىغان چوڭ ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى ھۆكۈمەتنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىنى قوللىشى كېرەك ئىدى. ئۇلار بارلىق كىشىلەرنىڭ ئاساسلىق ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ۋە سىياسىي ھوقۇقىنى قوغداش ئۈچۈن

ھۆكۈمەتنىڭ كونترول قىلىشى ۋە پىلان تۈزۈشى بىر خىل مەسئۇلىيەت دەپ جاكارلىدى. ئۇلار كۆپ سانلىقلار ئىرادىسىگە قالتىس ئىشىنىدۇ. ئۇلار كۆپ سانلىقلارنىڭ ئىرادىسى بىلەن ئاز سانلىقلارنىڭ ھۆكۈمى ئوتتۇرىسىدا چوڭ پەرق بار دەپ قارايتتى.

---

## 16. ئادالەت دېگەن نېمە؟

*بىز ئادالەتنىڭ ماھىيىتى ھەققىدە بىر پىكىرگە كېلەلەمدۇق؟ سوتسىيالىستىك ئەقىدە ۋە كاپىتالىستىك ئەقىدىدىكى كىشىلەر ئادالەت ۋە ئادالەتسىزلىك توغرىسىدا ماھىيەتلىك زىددىيەتكە ئىگە. بەزىلەرنىڭ قارىشىچە، خاسىداللىقلار كۆڭۈلدىكىدەك، ئادىل، ئىجتىمائىي فورما ھېسابلىنىدۇ؛ يەنە بەزىلەرنىڭ قارىشىچە، ھاكىممۇتلەق تۈزۈم ئىنتايىن ئادالەتسىزدۇر.*

*شۇنداق بولغاندا، ئادالەت پەقەت تەخمىنىگىلا ئىشتىياقمۇ؟ ئادالەتنىڭ ھەممىمىز ئېتىراپ قىلىدىغان مەنىسى بارمۇ؟*

---

ئادالەتنى تونۇش كىتابىمىزنىڭ تۈنجى سەھىپىسىدە تىلغا ئېلىنغان ھەقىقەتنى تونۇش مەسىلىسىگە ئوخشاشلا قىيىن ئىش. ئەلۋەتتە، ھەقىقەت ۋە ئادالەتنىڭ ئابستراكت مەزمۇنىنى ئېيتىپ بېرىش قىيىن ئەمەس، ئەمما ئۇلارنىڭ مەنىسىنى كۆز ئالدىمىزدىكى ئالاھىدە ئەھۋاللار ئاستىدا بېكىتىش قىيىن. بىز «ئادالەت»نىڭ نېمىلىكى مەسىلىسى بىلەن «بۇ ئالاھىدە

ھەرىكەت ئادالەتلىكمۇ» دېگەن مەسىلىنى ئارىلاشتۇرۇۋەتمەسلىكىمىز لازىم.

ئادالەتنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان ئىككى ئەقلىيە سۆز بار. بىرى، «ھەر كىمگە ئۆز ھەققى بېرىلگەي». بۇ ئەپلاتوننىڭ «غايىۋى دۆلەت» ناملىق ئەسىرى ۋە يۇستىنىيەننىڭ «رىم قانۇنى» ناملىق ئەسىرىنىڭ باش قىسمىدا چاكارلانغان مەشھۇر پرىنسىپ. مەسىلەن، بىراۋدىن 100 يۈەن قەرز ئالغانىكەنسەن، ئۇنى قايتۇرۇشۇڭ كېرەك. سەن قەرز بەرگۈچىگە قەرزدار، بۇ پۇل ئۇنىڭغا تەۋە بولۇپ، ساڭا تەۋە ئەمەس، ھازىرچە سەن بۇ پۇلنى ئىشلىتىپ تۇرغان بولساڭمۇ شۇنداق. قەرزنى قايتۇرۇش ئادىللىق، سېنىڭ قەرزنى قايتۇرۇشۇڭ ئۇنىڭ ھەققىنى بەرگىنىڭدۇر. قەرزنى قايتۇرماسلىق ئادىل بولمىغانلىق، ئۇ باشقىلارنىڭ ھەققىنى ئىگىلىۋالغانلىق.

يەنە بىرى «ئوخشاش ھالدىكىلەرگە ئوخشاش مۇئامىلىدە بولۇش، ئوخشىمىغان ھالدىكىلەرگە ئوخشىمىغان مۇئامىلىدە بولۇش لازىمدۇر، بۇ ئەھۋالغا قاراپ بولمىقى كېرەك» — قانۇن ئالدىدا باراۋەر بولۇش پرىنسىپى مۇشۇ ئەقلىيەنى ئاساس قىلغان. بىز بۇ ئۇقۇم بويىچە بىر ئائىلىنى مىسال قىلىپ كۆرەيلى.

ئەگەر سەن ئائىلە باشلىقى بولساڭ، ئىككى بالاڭغا قارىتا گەپ ئاڭلىمىساڭ جازالايمەن دېيىشىڭ مۇمكىن. ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسى گەپ ئاڭلىماي، ئوخشاش ئەھۋال ئاستىدا ئوخشاش خاتالىقنى ئۆتكۈزدى. بىراق، سەن بىرىنى جازالاپ، يەنە بىرىنى جازالىمىدىڭ. بالىلارمۇ بۇ جەھەتتىكى ئادىللىق توغرىسىدا ئىنتايىن ئېنىق قاراشقا ئىگە. شەكسىزكى، جازالانغىنى «بۇ ئادىللىق بولمىدى» دەپ ۋايسايدۇ. ھەتتا، يېشى خېلىلا كىچىك بالىلارمۇ بىلىدۇكى، ئوخشاش دەرىجىدىكى گۇناھقا ئوخشاش دەرىجىدە جازا بېرىش، ئوخشاش دەرىجىدىكى نەتىجىگە ئوخشاش

دەرىجىدىكى مۇكاپات بېرىش ئادالەتتۇر. ئۇلار جازا ۋە مۇكاپاتتا ئادىل بولمىغانلاردىن نەپرەتلىنىدۇ.

ئادالەت ئۇقۇمىنى ئۇزۇل – كېسىل تەھلىل قىلىمەن دېيىش مەنە جەھەتتىكى مۇجىمەللىك ۋە ئاۋارىچىلىكلەرنى پەيدا قىلىدۇ. يۇقىرىقى ئىككى جۈملە ئەقلىيە سۆز ھەممىنىڭ ئاساسى. ئەگەر سەن ئادىل كىشى قانۇنغا بويسۇنىدىغان، كىشىلەرگە ئادىل مۇئامىلە قىلىدىغان، باشقىلارغا زىيان – زەخمەت يەتكۈزمەيدىغان كىشىدۇر دەپ قارىساڭ، تەبىئىي ھالدا ئالدىنقى ئەقلىيە سۆزنى ئېتىراپ قىلغان بولىسەن. ئەگەر سەن مەلۇم بىر قانۇننى ياكى سىياسىي تۈزۈمنى ئادىل دېسەڭ، ئۇنداقتا سەن ئۇلارنى ھەركىمنىڭ ئۆز ئەتىمشىگە يارىشا مۇناسىپ مۇئامىلە قىلدى دېگەن بولىسەن.

بەلكىم، سەن مۇنداق سورىشىڭ مۇمكىن: «بىر ئادەمنىڭ ئېرىشىشكە تېگىشلىكى زادى نېمە؟ ھۆكۈمەت ئۇنى قانداق بېكىتكەن؟» بۇ نۇقتىغا كەلگەندە، بىز تەبىئەت قانۇنى ۋە تەبىئىي ھوقۇق ئۇقۇملىرىغا بېرىپ تاقىلىمىز.

«مۇستەقىللىق خىتابنامىسى» بىزگە شۇنى ئۇقتۇرىدىكى، ئادىل ھۆكۈمەت ھاياتلىق، ھۆرلۈك، بەخت قاتارلىق تەبىئىي ھوقۇق – مەنپەئەتنى ھۆرمەت قىلىدۇ. ئالايلۇق، سىياسىي ئەركىنلىك ھوقۇقى بولسا سىياسىيغا ئارىلىشىش ھوقۇقىغا ئىگە كىشىلەرنىڭ ھوقۇقىنى كۆرسىتىدۇ. بالاغەتكە يەتكەن، ئەقىل – ھوشى ساق، جىنايەتتىن خالىي ھەر قانداق ئادەم بۇ ھوقۇقتىن بەھرىمەن بولۇشى كېرەك. دېمەك، ھەر قانداق سىياسەت، مىللەت، دىن ۋە ئىرق تۈپەيلى ئاز سانلىقلارنىڭ سىياسىي ھوقۇقىنى چەكلىسە، ئۇلارغا يۇقىرالىق سالاھىيىتىنى بەرمىسە، بۇنداق سىياسەت ئادالەتسىزدۇر.

ئۇنداق بولغاندا، ھوقۇقنى مەركەزلەشتۈرۈۋالغان بىر دۆلەت كىشىلەرنىڭ تەبىئىي ھوقۇق – مەنپەئىتىگە خىلاپلىق

قىلسا، ئۇنى ئادالەتلىك دۆلەت دېگىلى بولمايدۇ. چۈنكى، بۇ دۆلەت كىشىلەرنىڭ تېگىشلىك تەبىئىي ھەققىنى تارتىۋالغان بولىدۇ. سوتسىيالىستىك دۆلەتلەردە مۈلۈك تەقسىماتى قارىماققا ئادالەتكە يېقىنلاشقاندەك كۆرۈنىدۇ. ئەمەلىيەتتە، ماركسنىڭ «ھەركىم ئۆز قابىلىيىتىگە يارىشا ئىشلەش، ئېھتىياجىغا قاراپ ھەق ئېلىش» شوئارى ھەر ھالدا بىر چەتتە قايرىلىپ قالغان. چۈنكى، ئۇلار نەتىجىسىگە ئاساسەن ھەق بېرىش تۈزۈمىنى بەكرەك ياقىلايدۇ.

«ئەمگىكىگە قاراپ تەقسىملەش» دېگەنلىك تۆھپىسى چىقلار جىق ئېلىش، تۆھپىسى ئازلار ئاز ئېلىش دېگەنلىكتۇر. مۈلۈك تەقسىملەش قانۇنى يۇقىرىقى پرىنسىپ بويىچە قايسى دەرىجىدە ئىجرا قىلىنىشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇنىڭدا ئادالەتنىڭ مەلۇم ئالامەتلىرى بار. ئەمما، بۇ ھەر خىل كىشىلەرنىڭ تۆھپىسىنى قانداق بېكىتىش كېرەكلىكىنى ئېيتىپ بېرىشكە يېتەرلىك ئەمەس. خۇددى بىز باشتا دېگەندەك، ئادالەتكە تەبىر بېرىش ئاددىي گەپ. لېكىن، ئالاھىدە ئەھۋالدىكى ئادالەتنىڭ مەنىسىنى دەپ بېرىش ئاسان ئەمەس.

## 17. قانۇننىڭ ماھىيىتى ۋە تۈرلىرى

*قانۇننىڭ ماھىيىتى ۋە ئۇنىڭ كېلىپ چىقىشىغا ئائىت تۇرغۇزۇلغان مۇنازىرىلەر ئىجتىمائىي ئادەت، ئەخلاق ـ ۋىجدان، سىياسىي تەشكىلات ۋە قانۇن تۈزۈش ئورگانلىرىغا باغلىنىدۇ. ئۆرپ ـ ئادەت، ئەخلاقىي ئۆلچەم، مۇنتىزىم قانۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىرەر قانۇن تەبىرى بارمۇ؟ قانۇن دېگەن نېمە؟*

ئالدى بىلەن ئىلىنوس شتاتى ھۆكۈمىتى ياكى ئامېرىكا ھۆكۈمىتى تۈزۈپ يولغا قويغان قانۇنغا ئوخشاش رەسمىي ھۆكۈمەت قانۇنلىرى ئۈستىدە توختىلايلى. قانۇنشۇناسلار ياكى ئادۋوكاتلار قانۇن ھەققىدە توختالغاندا، خۇددى سىلەر ئېيتقاندەك، مۇشۇنىڭغا مۇنتىزىم قانۇنلارنى ئالدى بىلەن ئېسىگە ئالىدۇ. مۇنتىزىم قانۇنلارنىڭ نۇرغۇن ئالاھىدىلىكلىرى بار، بىز بۇ ھەقتە توختىلىپ ئۆتەيلى. ئاندىن باشقا قانۇنلاردا بۇنداق ئالاھىدىلىكلەرنىڭ بار - يوقلۇقىنى تەكشۈرۈپ باقايلى.

دۆلەتنىڭ مۇنتىزىم قانۇنى ئومۇمىي ھەرىكەت ئۆلچىمىدۇر. ئۇ بەزى پائالىيەتلەرگە قارار بېرىدۇ، بەزى پائالىيەتلەرنى چەكلەيدۇ. مۇنتىزىم قانۇنلار دۆلەتنىڭ ئومۇمىي مەنپەئىتى ئۈچۈن تۈزۈلىدۇ. ئۇ دۆلەتنىڭ قانۇن تۈزۈش ئىمتىيازىغا ئىگە خادىملىرى تەرىپىدىن تۈزۈلىدۇ ۋە يۇقىرىلارغا ئېلان قىلىنىدۇ. ئاندىن دۆلەتنىڭ ساقچىلىرى تەرىپىدىن مۇھاپىزەت قىلىنىدۇ.

جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ بەزى باسقۇچلىرىدا، بىر مىللەتنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرىنىڭ رولى قانۇن بىلەن ئوخشاش بولىدۇ. ئۇ قانۇن چىقارغۇچىلار تەرىپىدىن تۈزۈلگەن ئەمەس ھەم يېزىقتا ئېلىنىپ، ئېلان قىلىنغانمۇ ئەمەس. ئۇ مىللەتنىڭ ئورتاق گەۋدىسى ئومۇمىيۈزلۈك قوبۇل قىلغان ھەرىكەت پرىنسىپىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ. بۇرۇنقى خان - پادىشاھلار تەختكە ئولتۇرغاندا، خانلىقنىڭ قائىدە - يوسۇنلىرىنى قوغداش ھەققىدە قەسەم بېرەتتى. بۇ قائىدە - يوسۇنلار (ئۆرپ - ئادەت) نى قانۇن ئورنىدا كۆرگەنلىكتۇر. ھەتتا، ئۇنىڭ ئىجرا بولۇشىنى دۆلەت قوۋۋىتى ئارقىلىق نازارەت قىلىدىغانلىقى توغرۇلۇق قەسەم بېرىشتى. مانا بۇ قەدىمكى مۇئەللىپلەرنىڭ ئۆرپ - ئادەتلەرنىڭ قانۇن كۈچىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى تەكرار قەيت قىلىشىنىڭ سەۋەبى.

جەمئىيەتشۇناسلار ۋە ئىنسانشۇناسلار كۆڭۈل بۆلىدىغان ئىپتىدائىي جەمئىيەتتە ئۆرپ - ئادەت يۇقىرىقىدەك رولغا ئىگە. ھازىرغىچە بولغان قانۇن تەدبىرلىرىدىن «رەسمىيسىز» بولغان ئۆرپ - ئادەت ئۆلچەملىرىنىڭ ئومۇمىيلىقىنى، شۇنداقلا قانۇن تۈزۈش ئورگانلىرى بېكىتكەن «رەسمىي» قانۇنىي پرىنسىپلارنى ئىگىلىگىلى بولىدۇ.

ئەخلاق پرىنسىپىچۇ؟ نۇرغۇن جەمئىيەتشۇناسلار ۋە جەمئىيەتشۇناسلارنىڭ قارىشىچە، ئەخلاقىي قائىدە دېمەك دەل جەمئىيەتنىڭ «ئۆرپ - ئادىتى» ياكى قائىدە - يوسۇنلىرىدىن ئىبارەت. ئۇلارچە بۇ قائىدىلەر ئالاھىدە مەسىلىلەرنى كەلتۈرۈپ چىقارمايدۇ. لېكىن، «تەبىئىي ئەخلاقىي قانۇن» نى تەشەببۇس قىلىدىغان پەيلاسوپ لوكنىڭ باشقىچە بىر قارىشى بار، ئۇ دەۋاقان تەبىئىي ئەخلاقىي قانۇن ئەقىللىق ۋە ئەخلاقلىق ھايۋان سۈپىتىدىكى ئىنساندا تۇغما ھالدا بار بولغان ھەرىكەت مىزانلىرى ۋە ئۆلچەملىرىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇلار ئىجتىمائىي ئۆرپ - ئادەت ۋە دۆلەتنىڭ قانۇن - پەرمانلىرىدا ئەكس ئېتىش - ئەتمەسلىكىدىن قەتئىينەزەر، بەرىبىر ئىنسانىيەتنىڭ ۋىجدانى ئېتىراپ قىلغان ئەقلىي مىزانلاردۇر.

لوك دەۋاقان «ئەقلىي مىزان» ئىنسان تەرىپىدىن تۈزۈلگەن ئەمەس، پەقەت ئىنسانلار تەرىپىدىن بايقالغان. ئۇلار ئەسلىدىنلا ئىنساننىڭ ئېڭىدا مەۋجۇت بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەق - ناھەق ئېڭىدا تەرەققىي قىلىدۇ. تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ ئېيتقاندا، تەبىئىي ئەخلاقىي قانۇن نۇقتىئىنەزىرى ئۆرپ - ئادەت پرىنسىپى ياكى يازما ئەمىر - پەرمانلارغا ئوخشاش كىشىنىڭ ئىرادىسى بويىچە ئۆزگىرىپ كەتمەيدۇ. ئۇ دۆلەتنىڭ يۇقىرى بېسىملىق قورال كۈچىگە تايىنىپ ئىش باشقۇرمايدۇ. ئۇ كەڭ مەنىدىكى قانۇنغا تەۋە بولۇپ، ئىنسانلارنىڭ ئورتاق مەنپەئەتىگە ئېرىشىشكە ئومۇمىي ھەرىكەت مىزانى سۈپىتىدە

يېتەكچىلىك قىلىدۇ.

ئىلاھىيەتچىلەرنىڭ قارىشىچە، تەبىئىي ئەخلاقىي قانۇن ياراتقۇچى ئىنساننىڭ ماھىيىتىنى ئۇنىڭ ئەقلىگە يوغۇرۇۋېتىش ئارقىسىدا شەكىللەنگەن. ئىلاھىيەتچىلەر خۇدانى ئەخلاقنىڭ بىردىنبىر تۈزگۈچىسى دەپ قارايدۇ. خۇددى ئادەملەر مەلۇم جەمئىيەت قانۇنىنى تۈزگەنگە ئوخشاش، خۇدا پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ قانۇنىنى تۈزىدۇ.

گەرچە تەبىر سەن ئېيتقاندەك ئۈچ خىل «قانۇن» نىڭ مەزمۇنلىرىغا مۇۋاپىق كەلسىمۇ، ئەلتۇكۇس مۇۋاپىق كېلىپ كەتمەيدۇ. تەبىئىي پەن ئالىملىرى كەشىپ قىلغان «قانۇن» (مەسىلەن، ئالەملىك تارتىشىش كۈچى قانۇنى) نى خالىغانچە دەپسەندە قىلىشقا بولمايدۇ. ئۇنىڭغا بويسۇنماي ھەددىمىز ئەمەس. لېكىن، مۇشۇنداق تەبىرلەنگەن بەزى قانۇنلار — ئىنسانلار تۈزگەن قانۇن، قائىدە - يوسۇن ياكى ئەقلىي ئۇقۇملارغا ئىنسانلار بويسۇنسىمۇ بولىدۇ، بويسۇنمىسىمۇ بولىدۇ، بۇ ھال ئوخشىمىغان ئاقىۋەتنىكى ئىلاستىكىلىققا ئىگە.

---

## 18. مىللەتچىلىك ۋە ئىنتېرناتسىئونالىزم

*«مىللەتچىلىك» ئۇقۇمىنىڭ كۆپ خىل ئىشلىتىلىشى مۇئەللىپنى ئىنتايىن گاڭگىرىتىدۇ. بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ۋە باشقا خەلقئارا تەشكىلاتلارغا قاتنىشىشنى رەت قىلغۇچىلار ئۇلارنى «مىللەتچىلەر» دەپ ئاتىۋالىدۇ. مۇستەقىللىق ۋە ئاپتونومىيە ئۈچۈن كۆرەش قىلىۋاتقان يەرلىك خەلقلەرمۇ ئۇلارنى «مىللەتچىلەر» دەپ ئاتايدۇ. جەنۇبىي ئافرىقىدىكى ئاق تەنلىكلەر ھاكىمىيەت گۇرۇھىمۇ ئۇلارنى*

*شۇنداق ئاتىشىدۇ، گېرمانىيە ناتسىستلىرى ۋە كونسېرۋاتىپلار گۇرۇھىمۇ ئۆزلىرىنى شۇنداق ئاتىشىدۇ. «مىللەتچىلىك» نىڭ ئېنىق مەنىسى زادى نېمە؟ ئۇ ھەر قانداق شەكىلدىكى خەلقئارا ھەمكارلىققا قارشى تۇرامدۇ؟*

---

ھازىرقى زامان كىشىلىرىگە ئەڭ تونۇش بولغان سۆز بەلكىم «مىللەتچىلىكتۇر». كىشىلەر مىللەتچىلىك ئىنقىلاب ۋە ئەكسىلئىنقىلابنىڭ پەيدا بولۇش سەۋەبى ئىكەنلىكى ھەققىدە، فرانسۇز مىللەتچىلىكى، ئەنگلىيە مىللەتچىلىكى، ئەرەب مىللەتچىلىكى، سېرب مىللەتچىلىكى قاتارلىقلار ھەققىدە ئاڭلاپ تۇرىدۇ. مېنىڭچە، بۇ ئەقىدىنى ئاتالغۇنىڭ مەنىسى ئانچە ئېنىق ئەمەس، ئۇنىڭغا ئېنىق تەبىر بېرىش مۇھىم. بۇ ئۇقۇم ئىجابىي ياكى سەلبىي بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بىزنىڭ خۇسۇسىي ۋە كوللېكتىپ تۇرمۇش تەرتىپىمىزنى بەلگىلەيدىغان ئاساسلىق ئامىل بولۇپ قالدى، ئۇ بۇرۇنمۇ شۇنداق ئىدى، كەلگۈسىدىمۇ شۇنداق بولىدۇ.

گاڭگىرىشىمنىڭ بەزى سەۋەبى شۇكى، بەزىلەر مىللەتچىلىكنى يېپيېڭى ھادىسە دېگەندە چىڭ تۇرماقتا. «مىللەتچىلىك» سىياسىي ئىتتىپاق دېگەن ياش تېمىنىڭ ئۆزگەرگەن شەكلى ئەمەسمۇ؟ ئۇ جەمئىيەتنىڭ ئۆزىگە ئوخشاشلا كونا تېما ئەمەسمۇ؟ ھازىرقى مىللەتچىلىك بىلەن كونىچە سىياسىي ئىتتىپاقنىڭ ئوخشاش تەرەپلىرى، مېنىڭچە، ئۇنىڭ خاس تەرەپلىرىدىن مۇھىمراق.

تارىختا، ئىنسانلارنىڭ سىياسىي ماھىيىتى ھەر خىل شەكىلدە ئوتتۇرىغا چىقتى: ئائىلە، قەبىلە ياكى جەمەت، فېئودال قەلئە، شەھەر، دىنىي مەزھەپلەر، شەھەر دۆلەتلىرى، خانىدانلىق ياكى ئىمپېرىيە، مىللىي دۆلەت. تارىخىي مۇھىت كىشىلەرنىڭ ئۆزلىرىنىڭ سىياسىي ئېھتىياجىنى ئوخشىمىغان

يول بىلەن ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى بەلگىلىدى. لېكىن، تۈپ ئېھتىياج ھېچقاچان ئۆزگەرگەن ئەمەس. مىللەتچىلىك مۇشۇنداق ئېھتىياجلارنى قامداشتىكى ئەڭ يېقىشلىق ئۇسۇلدۇر، خالاس.

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، مىللەتچىلىك بىر خىل ئويۇشۇش ھېسسىياتى بولۇپ، ئۇ تەشكىلات ۋە ئۆزىنى تەشكىلات دەپ ئاتىۋالغان ھەر خىل سىياسىي گەۋدىدىكى كىشىلەرنى زىچ باغلاپ تۇرىدۇ. مىللەتچىلىك ئەقىدىسىدىكى كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ مىللىي دۆلەتكە بولغان ساداقىتىنى باشقا ھەر قانداق ئىجتىمائىي ساداقەتتىن ئۈستۈن تۇرىدۇ، دەپ قارايدۇ.

يەنە بەزى ئالامەتلەر باش كۆتۈرۈۋاتقان مىللەتچىلىكتە قىل - پال كۆرۈلسىمۇ، لېكىن ئۇزاق داۋام قىلالمايدۇ. مىللىي دۆلەت خېلىلا چوڭ ئۇقۇم. ئۇ مەركىزىي سىياسەت ۋە ئىقتىسادىي مەمۇرىيەتتىن ئىبارەت قوش ياقلىمىلىققا ئىگە. مىللىي دۆلەتنىڭ خەلقى ئورتاق تارىخىي ئەنئەنىسىنى سۆيىدۇ، ئۆزلىرىنى ئورتاق بىر ئىرق دەپ ئىشىنىدۇ. دىققەت قىلىشىمىزغا ئەرزىيدىغان ئاخىرقى بىر نۇقتا شۇكى، مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئورتاقلىق تويغۇسى ئىرقى بىرلىك تويغۇسىنىڭ ئورنىنى ئاسانلا يارىتالايدۇ.

ھازىرقى مىللەتچىلىكلەر ئادەتتە مەلۇم سىياسىي غايە بىلەن تۇتۇشۇپ كەتكەن. ئۇ بەزىدە فرانسىيە بۈيۈك ئىنقىلابى، ئەركىنلىك، مېھرىبانلىق دېگەندەك غايىلەرنى مەنبە قىلىدۇ. ئۇ خەلقنى چوڭ كۆرىدۇ. دۆلەتنىڭ ھوقۇق مەركىزىدە تۇرىدىغىنى پادىشاھ ياكى ئاقسۆڭەك بولماستىن، خەلقتۇر.

ئادەتتە، مىللەتچىلىك ھەرىكەتلىرى دېموكراتىيىگە مايىل بولۇشى كېرەك ئىدى. ئەمما، ھەمىشە ئۇنداق بولمۇۋەرمەيدۇ. مىللەتچىلىك گۇرۇھلىرى باشقا ھەر خىل تىپتىكى ھۆكۈمەتلەرنى قوللاش بىلەن بىرگە ئۆزىنىڭ مىللەتچىلىك ئالاھىدىلىكىنى ساقلاپ قالىدۇ. مىللەتچىلىكتىكى ئەڭ مۇھىم

نەرسە شۇكى، خەلقنىڭ ئىگى دۆلەتنىڭ بەلگىلىگۈچى ئامىلغا ئايلىنىش كېرەك. بۇنداق خەلق ئىگى ئۆزىنىڭ ھوقۇقىنى دېموكراتىك تەرتىپ ئارقىلىق يۈرگۈزۈپ كېتەلمەيدۇ.

مىللەتچىلىككە نىسبەتەن ئېھتىيات بىلەن قارايدىغان ۋە ئۇنى ھەددىدىن ئېشىپ كېتىشى مۇمكىن دەپ قارايدىغان كىشىلەر ھەمىشە مىللەتچىلىك كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان دۇنياۋى ھۆكۈمەت قۇرۇش مەسىلىسىنى ئەسكەرتىدۇ. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، مىللەتچىلىك يەرلىك ساداقەتمەنلىكنى تەرغىب قىلىدۇ، مەدەنىيەت جەھەتتىكى پەرقنى دۇنياۋى سىياسىي بىرلىك قۇرۇپ چىقىشتىكى توسالغۇ دەپ بىلىدۇ.

ئۇلار ھەقىقىي بىر مەسىلىنى شۈبھىسىز ھالدا ئوتتۇرىغا قويىدى. مېنىڭچە، بۇ مەسىلىنى يېشىش تەس ئەمەس. بىر مىللەت بىر ئادەمگە ئوخشاپ كېتىدۇ، ئۇ ھەممە ئادەمگە دۈشمەنلىك قىلىپ كەتمەيدۇ. بىر مىللەتنىڭ مەنپەئەتى دۈشمەنلىشىش ئارقىلىق ئەمەس، بەلكى ھەمكارلىشىش ئارقىلىق ئىلگىرى سۈرۈلىدۇ. ھەمكارلىق بىرلىكنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، بىرلىككە مىللەتچىلەرمۇ قارشى تۇرمايدۇ، ئەكسىچە، ئۇ ئارقىلىق مەقسەتكە يېتىدۇ.

## 19. ئۇرۇش ۋە تىنچلىقنىڭ ماھىيىتى

*مەنمۇ خۇددى باشقىلارغا ئوخشاشلار ھازىرقى خەلقئارا جىددىيچىلىك ۋە كرىزىسنى ئانچە چۈشەنمەيمەن. گويا بىز ئۇرۇش ھالىتىدە ئەمەس، تىنچلىقتىمۇ ئەمەس*[1]. *«ئۇرۇش»*

① (ئاپتور بۇ ئەسەرنى يازغاندا، دۇنيا سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى ھالىتىدە تۇراتتى — تەرجىماندىن.)

قانداق بولىدۇ؟ «تىنچلىق» قانداق بولىدۇ؟ ھازىر ئۇرۇش دەۋرىمۇ ياكى تىنچلىق دەۋرىمۇ؟ ئىنسانلار «يەر شارىدىكى مەڭگۈلۈك تىنچلىق» نى پەيدا قىلالامدۇ؟

---

ئۇرۇشقا قارىتا ئەڭ ئاددىي ۋە ئەڭ ئومۇمىي شەرھى شۇكى، ئۇرۇش دۆلەت بىلەن دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى قوراللىق توقۇنۇش ۋەزىيىتى ياكى مەزگىلىدۇر. ئۇنداقتا، تىنچلىق قوراللىق توقۇنۇش مەۋجۇت بولمىغان ۋەزىيەت ياكى مەزگىلدىن ئىبارەت. بۇ قاراش بويىچە بولغاندا، ئامېرىكا 1917 - يىلى 4 - ئايدا ئۇرۇشقا قاتنىشىپ، 1918 - يىلى 4 - ئايغا كەلگەندە ئۇرۇشتىن توختىدى. كېيىن، ئامېرىكا تىنچلىقتا تۇردى، بۇ ئەھۋال 1941 - يىلى 12 - ئايدا ئامېرىكا 2 - دۇنيا ئۇرۇشىغا قاتناشقانغا قەدەر داۋاملاشتى.

ئەگەر بىزنىڭ ئۇرۇش ۋە تىنچلىق ھەققىدىكى نۇقتىئىنەزىرىمىز توغرا بولسا، 1945 - يىلى ياپونىيە ئۈستىدىن قازانغان غەلىبىدىن بۇيان تىنچلىق ھالىتىدە تۇرغان بولىمىز. كورىيىگە قارىتا يۈرگۈزگەن «مۇھاپىزەت ھەرىكىتى ئۇنىڭ»دىن مۇستەسنا. ئەمما، ئۆتكەن بۇ 16 يىللىق تىنچلىق مەزگىلى دەپ قارايدىغان كىشىلەر ناھايىتى ئاز. ئادەتتىكى تىنچلىق ۋە ئۇرۇش ئۇقۇملىرى ھازىرقى ۋەزىيەتكە ماس كەلمەيدۇ. دەرۋەقە بىز بۇ دەۋرنى ئىس - تۈتەكلىك ھەقىقىي ئۇرۇش دەۋرى بىلەن سېلىشتۇرما قىلغان ھالدا «سوغۇق» مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى دېسەك بولىدۇ.

بىزنىڭ ئۇرۇش ئۇقۇمىمىز قوراللىق توقۇنۇشتىن باشقا يەنە دىپلوماتىيە، ئىقتىسادىي ياردەم، تەشۋىقات قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئېلىشى كېرەك. «سوغۇق» ياكى «ئىسسىق» بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇرۇش دېگەن بەرىبىر ئۇرۇش.

دۆلەت بىلەن دۆلەت، ھوقۇق بىلەن نوپۇز ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇشلار ھەر قاچان يۈز بەرمەكتە، پەقەت ئۇسۇل مىڭ خىل تەرىزدە ئۆزگىرىكلىك. قورال كۈچى، دىپلوماتىيە بېسىمى ياكى باشقا زوراۋانسىزلىق ئۇسۇللىرىنىڭ قايسىسىنى قوللىنىش ئەھۋالغا قاراپ تاللانماقتا.

ئۇنداقتا، تىنچلىق ئىنكار خاراكتېرلىك نەرسىلا ئەمەس، قوراللىق توقۇنۇش بولمىغان ھالەتلا ئەمەس. دۆلەت بىلەن دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى مۇقەررەر تىنچلىق زادى قانداق بولىدۇ؟ بىز بۇ ھەقتە جايلارنى، دۆلەت ۋە مىللىي جەمئىيەتلەرنى تەكشۈرگەندىلا بىر خۇلاسىگە كېلەلەيمىز. مەدەنىيەتلىك جەمئىيەتتە ئۇرۇش ئەمەس، بەلكى تىنچلىق بىلەن تەرتىپ نورمال ھالەت بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇرۇش نورمال تەرتىپ ۋە تىنچلىقنى بۇزۇپ تاشلايدۇ. مەدەنىيەتلىك جەمئىيەتنىڭ ئېگى ۋە مەقسىتى تىنچلىق بىلەن تەرتىپتۇر. مەدەنىيەتلىك ھۆكۈمەت مەدەنىيەتلىك تىنچلىقنى بەرپا قىلىدۇ. بۇنداق جەمئىيەتتە، قانۇنغا خىلاپلىق قىلغان ئادەم تىنچلىقنىڭ بۇزغۇنچىسى سۈپىتىدە جازاغا تارتىلىدۇ.

ئۆتمۈشتىكى بۈيۈك مۇتەپەككۇرلار بىزنىڭ ئۇرۇش ۋە تىنچلىق ھەققىدىكى مۇھاكىمىمىزگە ئۈچ خىل شەكىلدە ياردەم بېرىدۇ. ئۇلارنىڭ كەڭ مەنىدىكى ئۇرۇش ھەققىدىكى تەبىرىلا توغرا، ئۇلار بىزگە مەدەنىيەتلىك تىنچلىق بىلەن مەدەنىيەتلىك ھۆكۈمەتنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بەردى. ئۇلار يەنە بۇنداق قاراشنىڭ ھەر قايسى دۆلەتلەرگە قانداق قوللىنىشىنىمۇ كۆرسىتىپ بەردى.

شۇسىيدىدىسنىڭ قارىشىچە، كېتىپ بېرىۋاتقان بىر ئۇرۇشتىكى تىنچلىق كېلىشىملىرى ئادەتتە ئۇرۇش توختىتىش ھەققىدىكى بەلگىدىن ئىبارەت. ھوببىسنىڭ كۆرسىتىشىچە، «ئۇرۇش پەقەتلا جەڭنىڭ ئۆزىنى كۆرسەتمەيدۇ»، يەنە ئۇرۇش

ئىرادىسى ۋە دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى رەقىبلىك پوزىتسىيەمۇ ئۇرۇشتۇر. مۇشۇ ئەسىردىكى ۋىبېرانىنىڭ قارىشىچە، «ئۇرۇش بىر كۈچ بىلەن يەنە بىر كۈچ ئوتتۇرىسىدىكى تەبىئىي مۇناسىۋەتتۇر»، «سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى» دېگەن گەپ قارىماققا يېڭى بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە كونا ئۇقۇم.

ھازىرقى كىرىزىس مەشھۇر كىشىلەرنىڭ تىنچلىق بىلەن قانۇننىڭ مۇناسىۋىتى ھەققىدىكى چۈشەندۈرۈشىدە. لوكنىڭ قارىشىچە، كىشىلەر ئارىسىدىكى ماجىرانى قانۇن ۋە قوراللىق كۈچتىن ئىبارەت ئىككى خىل شەكىل بىلەن ھەل قىلغىلى بولىدۇ. قانۇن يوق يەردە قورال كۈچى ئاداققى ھەل قىلغۇچى بولىدۇ. قانۇن تىنچلىق بولىدۇر.

كانت ھوقۇقنىڭ تەقسىمىنى خەلقئارا مەيدانغا تەتبىقلىدى. ئۇنىڭ قارىشىچە، خەلقئارا مەيدان قانۇن مەۋجۇت بولمىغان ھۆكۈمەتسىز ھالەت. شۇڭا، كۈچلۈكلەرنىڭ ھوقۇقى ئەبەدىي ئۈستۈن تۇرىدۇ. ئۇ ھەر قايسى دۆلەتلەرنىڭ بۇنداق ياۋايى ھالەتتىن ئۆزلىرىنى تارتىشقا، خەلقئارا ھەمكارلىقنى ئورنىتىپ، قانۇن بىلەن تىنچلىقنى ئەۋزەل ئورۇنغا ئۆتكۈزۈشكە چاقىردى. بىرقانچە ئەسىر بۇرۇن داتىي ئىنسانىيەتكە ئەبەدىي تىنچلىق ئاتا قىلىش ئۈچۈن دۇنياۋى بىر ھۆكۈمەت قۇرۇش تەكلىپىنى ئوتتۇرىغا قويغانىدى.

يۇقىرىقى مۇتەپەككۇرلارنىڭ ئورتاق نۇقتىئىنەزىرى شۇكى، تىنچلىق ئىنسانلارنىڭ سۆزلىشىشنى قورال ئورنىغا قويۇش ئارقىلىق ئۇرۇشتىن ساقلىنىش ئارزۇسىدۇر. مەدەنىيەتلىك تىنچلىق قانۇنى يوسۇندا تەشكىللەنگەن جەمئىيەتلەردە باش كۆتۈرمەكتە. ئۇرۇش ھالىتى گاھ «قىزىق» گاھ «سوغۇق» ئەلپازدا دۆلەتلەر ئارا ئارىلاپ يۈرمەكتە.

دۇنيادا ھەقىقىي تىنچلىق بارلىققا كېلەمدۇ، يوق؟ بۇ مۇنازىرە ئۈستىدىكى مەسىلە. بەزىلەر دۇنيانىڭ

تىنچلىقى دۇنياۋى ھۆكۈمەتكە موھتاج دېيىشىدۇ. يەنە بەزىلەر تىنچلىقنى باشقا بىر خىل ئۇسۇلدا ئىشقا ئاشۇرۇشنى ئۈمىد قىلىدۇ. لېكىن، بىردەك قوشۇلىدۇكى، ئۇرۇش بولمىسىلا تىنچلىق بار بولغان بولىدۇ دېيىش تەس، تىنچلىق بىر خىل مۇئەييەنلەشمە تەرتىپ، كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسى ئۇرۇشنى ياقتۇرمايدۇ.

نۇرغۇن دەبدەبىلىك پاراڭلارنىڭ ئەكسىچە، ئىنساننىڭ تەبىئىتىگە ماس كېلىدىغىنى ئۇرۇش ئەمەس، تىنچلىق. سىبىرو ۋە باشقا مۇتەپەككۇرلارنىڭ كۆرسىتىشىچە، ئۇرۇش ۋە ھەيۋە قىلىش ياۋايىلارنىڭ قىلىقى. كېڭىشىش ۋە يوللۇق گەپلەرگە قۇلاق سېلىشلار ئىنسانچە ھەرىكەت. تىنچلىق ماددىي تۇرمۇشىمىز ئۈچۈنلا ئەمەس، مەۋجۇتلۇقىمىز ئۈچۈنمۇ مۇھىم.

## 20 . ئۇرۇش ئەمەلدىن قالامدۇ؟

*ئىسا پەيغەمبەر «ئۇرۇشمىز» زامانلاردىن بېشارەت بەرگەنىكەن. ئۇ بىراق غايە سۈپىتىدە پەقەت جەننەتتىلا ئەمەلگە ئاشامدۇ؟ ياكى بىز ھازىرلا مەڭگۈلۈك تىنچلىققا ئېرىشەلەمدۇق؟ بۇ پەللىگە كېلىش ئۈچۈن دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىدىن ۋاز كېچىشىمىزگە توغرا كېلەمدۇ؟ ئىنساننىڭ تەبىئىتىنى پۈتۈنلەي ئۆزگەرتكەندىلا، ئاندىن ئۇرۇشنى يوق قىلغىلى بولامدۇ؟*

بۈگۈنكى مۇتەپەككۇرلار ئۇرۇشتىن ساقلىنىش ھەققىدە

تەلىملەرنى قالدۇرغان. ئۇلار دۇنياۋى بىر ھۆكۈمەتنىڭ ئۇرۇشقا نۇقتا قويالايدىغانلىقىغا ئىشەنگەن. لېكىن، بۇنىڭ ئۈچۈن قىسمەن ئىگىلىك ھوقۇقتىن ۋاز كېچىش شەرت ئىدى. بۇ قاراش بويىچە بولغاندا، ئىنسانلار كەڭ دائىرىدىكى ئەخلاقىي ئۆزگىرىشكە ئەمەس، بەلكى بىر يېڭى ئورگانغا موھتاج بولغان بولىدۇ.

ئەلۋەتتە، نۇرغۇن قەلەم ساھىبلىرىنىڭ قارىشىچە، ئۇرۇشنى ساقلىنىش مۇمكىن بولمايلا قالماستىن، بەلكى يەنە، كىشىلەرنىڭ ئارزۇسىغا ئۇيغۇن ئەمەس. ماكياۋېللى ۋە گېگېلنىڭ قارىشىچە، ئۇرۇش ئىگىلىك ھوقۇقلۇق دۆلەتنىڭ ئەڭ مۇنتىزىم ئىشى بولۇپ، خۇددى دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىنى ئىسقارتقىلى بولمىغاندەك، ئۇرۇشنىمۇ ئىسقارتقىلى بولمايدۇ. گېگېلنىڭ قارىشىچە، ئۇرۇش ئەخلاق جەھەتتىن مىللەتكە پايدىلىق.

يەنە بىر جەھەتتىن، 13 - ئەسىردىكى دانتې ۋە 18 - ئەسىردىكى كانت تەكىتلەپ، دۇنيا تىنچلىقى ئىنسانلارنىڭ ئەخلاق جەھەتتىكى مەجبۇرىيىتى دېگەنىدى. ئۇلارچە ھەر قايسى دۆلەتلەر بىرلىشىپ، قانۇن ۋە ئادالەتكە ئاساسلانغان دۇنياۋى ھۆكۈمەتنى قۇرۇش ئارقىلىقلا بۇ مەقسەتكە يەتكىلى بولىدۇ. «ئەخلاقىي رېئاللىق ئىدراكىمىز ئۆزگەرتكىلى بولمايدىغان بىر قارارنى روھىمىزدا نامايان قىلدى: ئەمدى ئۇرۇش بولماسلىقى كېرەك» دەپ جاكارلىغانىدى كانت. ئۇ بارلىق دۆلەتلەرنى «قانۇنسىز ياۋايى ھالەتتىن قول ئۈزۈپ، خەلقئارا ئۇيۇشمىغا كىرىش» كە چاقىردى.

بۈگۈن بۇ ئۇقۇم يۈرۈتۈش خەلقئارا ھەمكارلىق ياكى ھازىرقى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ئارقىسىدا تەتبىقلاندى. ئەمەلىيەتتە، بۇنىڭ ئۆزىلا كۇپايە ئەمەس ئىدى. خۇددى بىزنىڭ ئۇيۇشۇش تەرەپدارى بازغۇچىلىرىمىز

مۇئەييەنلەشتۈرگەندەك، ئەگەر قوشنا مىللەتلەر بىلەن بولغان تىنچلىقنى بەرپا قىلماقچى بولىدىكەنمىز، تارقاق ئىتتىپاقداشلىقتىن ھالقىپ ئۆتۈپ، «مۇكەممەل بىرلەشمە تەشكىل» قۇرۇپ چىقىشىمىز كېرەك.

بەلكىم، سىز دۇنياۋى ھۆكۈمەت نېمە ئۈچۈن دۇنيا تىنچلىقىغا ئېرىشىشنىڭ بىردىنبىر كاپالىتى بولۇشى كېرەك، دەپ سورىشىڭىز مۇمكىن. بىرلا سەۋەب شۇكى، ئۇرۇش دېگەن مۇستەقىل دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى تەبىئىي ھالەت. قەدىمكى يۇنان تارىخچىسى شۇسىيدىدىس ۋە 17 - ئەسىردىكى ئەنگلىيىلىك پەيلاسوپ ھوببېس قاتارلىقلار ئىگىلىك ھوقۇقلۇق دۆلەتلەر بىر - بىرى بىلەن ئۇرۇشمىغان تەقدىردىمۇ، ھەقىقىي تىنچلىق ھالىتىدە بولۇپ كېتىشىمۇ ناتايىن، دەپ كۆرسەتكەنىدى.

شۇسىيدىدىسكە ئايانكى، ئاتالمىش «تىنچلىق كېلىشىمى» تىنچلىق بەرپا قىلالمايدۇ، ئۇ پەقەت بىر- بىرىگە قورال تەڭلەشنىڭ ۋاقىتنچە تىنچىپ قېلىشىدۇر. ھوببېسنىڭ كۆرسىتىشىچە، ئىگىلىك ھوقۇقلۇق دۆلەتلەر ئۆز ئارا جاھالەتلىشىپ تۇرىدۇ، سۈيىقەست ۋە دىپلوماتىيىلىك سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى، تىغ ۋە ئىس - تۈتەكلىك ئۇرۇش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى بار. ھوببېس مۇنداق دېگەنىدى: «ئۇرۇش دېمە جېدەل - ماجىرالا دەپ قارىماسلىق كېرەك». ئەگەر ئىنسانلار ئىختىلاپلارنى زوراۋانلىق ئارقىلىق ھەل قىلىشقا مەجبۇر بولىدىكەن، ئۇرۇش داۋاملىق مەۋجۇت بولىدۇ.

تىنچلىق كىشىلەر ئوتتۇرىسىدا ئېغىر توقۇنۇشنىڭ يوقلۇقىدىن دېرەك بەرمەيدۇ. ئۇ كىشىلەرنىڭ ئەۋلىيا پاكى پەرىشتىگە ئايلىنىپ، گۈزەل قېرىنداشلىق مېھىر ئىچىدە بىللە تۇرمۇش كەچۈرۈشى ئەمەس. ئۇنداق ئىش يەر يۈزىدە ھەرگىز بولمايدۇ. تىنچلىق پەقەت سۆزلىشىش ئارقىلىق ئىختىلاپنى يوق

قىلىش ھالىتى.

دۇنياۋى ھۆكۈمەت قۇرۇش دۇنياۋى تىنچلىقنىڭ بىردىنبىر يولى دېيىش بىر تۈرلۈك قاراش. سۆزلىشىش (سۆھبەت) ئۈچۈن ھۆكۈمەتنىڭ بولۇشى زۆرۈر. قەدىمكى رىم دەۋرىدىكى سىسېرو ۋە يېقىنقى زامان ئەنگلىيە پەيلاسوپى لوككىنىڭ قارىشىچە، دۆلەتمۇ زۆرۈر. لوك مۇنداق دېگەنىدى: «كىشىلەر ئوتتۇرىسىدا ئىككى خىل كۈرەش مەۋجۇت: بىرى، قانۇنغا تايىنىپ ئېلىپ بېرىلىدىغان كۈرەش؛ يەنە بىرى، سىلتىققا تايىنىپ ئېلىپ بېرىلىدىغان كۈرەش. ئۇلارنىڭ ئورتاق ماھىيىتى شۇكى، بىرسى ئاخىرلاشقان جايدا يەنە بىرسى باشلىنىدۇ».

ئەگەر توقۇنۇشنى قورال كۈچى بىلەن ئەمەس، قانۇن بىلەن ھەل قىلماقچى بولىدىكەنمىز، قانۇن تۈزۈش، قانۇنتنى ئىشقا سېلىش ۋە قانۇننى ئىجرا قىلىشقا ھوقۇقلۇق بولغان بىر ھۆكۈمىتىمىز بولۇشى كېرەك.

بىلىمىزكى، مەدەنىيەتلىك تىنچلىق مەدەنىيەتلىك ھۆكۈمەتكە تايىنىدۇ. چىكاگو، ئىللىنويس ۋە ئامېرىكىدا بولغان ئىش نېمىشقا دۇنيانىڭ باشقا يەرلىرىدە بولمايدۇ؟ جايلاردىكى تىنچلىق يەرلىك ھۆكۈمەت ئارقىلىق ھەل بولغان يەردە، دۇنيا تىنچلىقىمۇ دۇنياۋى ھۆكۈمەت ئارقىلىق ھەل بولمامدۇ؟

بەلكىم، سىز بۇنى زۆرۈر دېيىشىڭىز مۇمكىن. نەزەرىيە جەھەتتىنمۇ قوشۇلۇشىڭىز مۇمكىن. ئەمما، ئۇ يېقىن كەلگۈسىدە ئەمەلگە ئاشارمۇ، دەپ گۇمان قىلىشىڭىز مۇمكىن.

بۇرۇنقى مۇتەپەككۇرلار بۇ مەسىلىگە جاۋاب بەرمەيدۇ. ئۇلار پەقەت بىزگە ئاقىلانە پرىنسىپلارنى قالدۇرغان، بۇ بىزنىڭ ئويلىنىشىمىزغا، تېخىمۇ ئاقىلانە تەدبىر قوللىنىشىمىزغا باغلىق.

## 21. ئۇتوپىيە ۋە ئۇتوپىيىچىلىك

*مەن ھەمىشە سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي ئىسلاھات تەكلىپلىرىنىڭ «ئۇتوپىيە» (غايە) ياكى «ئۇتوپىيىچىلىك» (غايىچىلىك) ئىبارىلىرى ئارقىلىق كەمسىتىلىدىغانلىقىنى كۆرۈپ تۇرىمەن. ئۆزۈمگە ئايانكى، نۇرغۇن قەلەمدارلار كەلگۈسىدىكى مۇكەممەل جەمئىيەت ھەققىدە مۇناسىپ تەسۋىرلەرنى بېرىشكەنىدى. زادى ئۇتوپىيە دېگەن نېمە؟ ئەپلاتون پاتېرنوكراتىستىمۇ؟ ماركسچۇ؟ ھازىرقى جەمئىيەت ئۇتوپىيىچىمۇ؟*

---

«ئۇتوپىيە» (Utopia) نىڭ سۆز مەنىسى «خىيالىي يۇرت» دېگەنلىك بولىدۇ. ئۇتوپىيە رېئاللىقتا مەۋجۇت بولمىغان غايىۋى ھالەت. «غايىۋى دۆلەت» دېگەن ئەسەردە ئەپلاتون ئۆزىنىڭ نەچچە مىڭ يىللاردىن كېيىن ئەمەلگە ئېشىشى مۇمكىن بولغان غايىۋى جەمئىيىتىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئۇ باشقا بىر ئەسىرىدە، رىۋايەتتىكى ئاتلانتىس قۇرۇقلۇقىدا بۇرۇنلا مەۋجۇت بولغان غايىۋى جەمئىيەتنى تەسۋىرلىگەن. قەيەردىلا بولمىسۇن، ئەپلاتوننىڭ غايىۋى جەمئىيىتى يىراق بىر پەردە قىلىپ تەسۋىرلەنگەن، ئەمما ئۇ يېقىنلاشقىلى بولمايدىغان نەرسىمۇ ئەمەس ئىدى.

نۇرغۇن داڭلىق يازغۇچىلار ئەدەبىيات ساھەسىدىكى ئۇتوپىيىنى ياراتقان ۋە بۇ غايىگە يېقىنلاشقىلى بولىدىغان قىلغان. ئۇلارنىڭ ئەڭ مەشھۇرى ئەنگلىيىلىك يازغۇچى مور

بولۇپ، ئۇ «ئۇتوپىيە» دېگەن ئاتالغۇنى بارلىققا كەلتۈرگەن. ئۇنىڭدىن باشقا بېكون، باتلېر، بېلمېر، مورىس ۋە ۋېلس قاتارلىقلارمۇ بار. ئۇلار بىردەك ھالدا ئىنسان ئېھتىمۇ مۇكەممەل جەمئىيەتتە ياشىيالايدۇ دېگەنىدى. ئۇلار بۇنداق مۇكەممەل جەمئىيەتنى ئەسەرلىرىدە تەسۋىرلەشتى.

ئۇتوپىيە يازغۇچىلىرى بىزگە ئۇقتۇرىدۇكى، ئىنسانلار ئادىل، ئەركىن، باراۋەر، باياشاد، تىنچ، پاراسەتلىك، گۈزەل جەمئىيەتتە ياشىيالايدۇ. ئەلۋەتتە، بۇلارنىڭ ئىچىدە ئەكسىيەتچى ياكى ئىنقىلابىي ئۇتوپىيىمۇ بار. بىراق كۆپ ساندىكى ئۇتوپىيىچىلەردە «قىزىققانلىق» خاھىشى بار بولۇپ، شەيئىنىڭ ماھىيىتىنى دەرھال بايقاش ئارقىلىق جەمئىيەتنى بىردىنلا ئۆزگەرتىشنى خالايتتى. ئۇلار ئىنسانىيەتنىڭ ئەتىدە ۋە ئۆرپ ـ ئادەت تورلىرىدىن سۇزۇپ چىقىپ، ئىنسانىيەتنىڭ ماھىيىتى ۋە تەقدىرى ھەققىدىكى يېڭى چۈشەنچىگە كەلتۈرمەكچى بولۇشاتتى.

ئەدەبىياتتىكى نۇرغۇن ئۇتوپىيىلەر ھە دېسىلا غۇۋا ئىلھام ۋە شېرىن قىياسلارنى تەمىن ئېتىپ، ئەمەلىي ئۆزگەرتىشلەرگە كۆڭۈل بۆلۈپ كېتەلمىدى. ئەمما، ئەپلاتونغا ئوخشاش يازغۇچىلار رېئال تۇرمۇشتىكى غايىلەرنى قىزغىن ئىپادىلىدى. 19 ـ ئەسىردىكى خىيالىي سوتسىيالىزمچىلار سېن ـ سىمون، فۇرىي، ئوۋېن قاتارلىقلار مۇتىنىزىم، چوڭقۇر ئەسەرلىرىنى يېزىپ، يېپيېڭى جەمئىيەت ئۈچۈن يول ئاچماقچى بولدى. ئۇلار ئەركىن، باراۋەر، ئىجتىمائىي تەرتىپلىك تەسەۋۋۇر قىلغان بولۇپ، ئۇنىڭدا ئىختىيارىي ئاپتونومىيىلىك جەمئىيەتنى سىياسىي دۆلەتنىڭ ئورنىغا دەسسىتىپ، ئىنسانىيەتنىڭ ئاكامۇل تەرەققىياتىغا كاپالەتلىك قىلغىلى بولاتتى.

ماركس ۋە ئېنگېلسنىڭ قارىشىچە، بۇ نەزەرىيە ھەسرەت ۋە خام ـ خىيال بىلەن تولغانىدى. ئۇلار تامامەن يېڭى بىر

نەزەرىيىنى كەشپ قىلىپ، ئۇنى «خىيالىي» بولمىغان، بەلكى «ئىلمىي» بولغان سوتسىيالىزم دەپ ئاتىۋېلىشتى. خىيالىي سوتسىيالىزمچىلار بولسا خىيالپەرەستلەر بىز ئەمەس، بەلكى ماركسىزمچىلاردۇر دېيىشتى؛ چۈنكى ماركسىزمچىلارنىڭ قارىشىچە، تامامەن ئەركىن ۋە باراۋەر جەمئىيەتنى پەقەت ئىنقىلاب، مۇستەبىتلىك ۋە دۆلەت سوتسىيالىزمى ئارقىلىقلا ئىشقا ئاشۇرغىلى بولاتتى.

ئەمەلىيەتتىكى ئۇتوپىيىلىك جەمئىيەت ئامېرىكىدا بىر مەزگىل بولۇپ باققانىدى. مەسىلەن، نيۇيوركتىكى ئېرىندا، ئىندىئانا شتاتىدىكى نيۇخارمىن دېگەن ئىككى يەردە. ئۇلار ھازىرقى زامان سانائىتىنىڭ تەرەققىياتىغا غەرق بولۇپ كەتتى.

ئۇتوپىيىچىلىك تەنقىدلىرى ساتىرىك ھەم پەلسەپىۋى مەنىگە ئىگە. ئارىستوتېل، ماكياۋېللى، سۋىفت قاتارلىقلار ئادەم ۋە جەمئىيەت ھەققىدىكى مۇكەممەللىكچىلىك نۇقتىئىنەزىرىنى ئۆتكۈر ھەجۋى قىلغانىدى. ھازىرقى خۇشلى ۋە ئورۋېللارمۇ مېخانىك ۋە سوتسىيالىستىك ئۇتوپىيىنىڭ كۈلكىلىك قىياپىتىنى سىزىپ چىققانىدى.

تىپىك پەلسەپىۋى تەنقىدنىڭ بىرى ئارىستوتېلنىڭ «غايىۋى دۆلەت»كە يازغان ئوبزورىدۇر. ئارىستوتېلنىڭ قارىشىچە، ئۇتوپىيىلىك خىيال پەقەت ئادەم ۋە دۆلەتنىڭ ئىشقا ئاشمايدىغان گۈزەل ھالىتى ھەققىدىكى قىياسىدىن ئىبارەت. ئۇنىڭ ئەمەلىيەتچىل غايىسىنىڭ ئىجراسى ئۈچۈن ھېچبىر ياردىمى يوق. ئۇ بىز ئىنسان ۋە دۇنيانىڭ ماھىيەت چېكى ئىچىدىكى ئەڭ ياخشى تەرتىپنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن تىرىشىشىمىز كېرەك دېگەنىدى. يەنە بىر جەھەتتىن ئەپلاتون تەشەببۇس قىلىدۇكى، ئۇتوپىيە غايە (يەر يۈزىدە ئورنىتىشقا تېگىشلىك توغرا تەرتىپ) نى كۆرسىتىدۇ. ئۇنىڭغا تەجرىبە ۋە ئەنئەنىلەر قانداق قارشى تۇرۇشىدىن قەتئىينەزەر، نەتىجە ھامان ئوخشاش بولىدۇ.

# ئاساسلىق ئەسەرلەر

柏拉图:《辩解篇》;《克里底亚篇》;《高尔吉亚篇》;《法律篇》;《国家篇》;《政治家篇》

ئەپلاتون: «مۇنازىرە ھەققىدە»، «كىرىتون»، «گورجىيە»، «قانۇن ھەققىدە»، «غايىۋى دۆلەت»، «سىياسىئون ھەققىدە»

亚里士多德:《政治学》;《尼可马亥伦理学》

ئارىستوتېل: «سىياسەتشۇناسلىق»، «نىكوماشىن ئېتىكىسى»

奥古斯丁:《上帝之城》

ئاۋگۇستىن: «تەڭرى شەھىرى»

阿奎那:《基督教箴言隽语集》

ئاكۋىنا: «خرىستىئان ئەقلىيەلىرى»

马基雅维利:《君主论》

ماكياۋېللى: «ھۆكۈمدارلار دەستۇرى»

霍布斯:《利维坦》

ھوبېس: «لېۋىئاتان»

培根:《新大西岛》

بېكون: «يېڭى ئاتلانتىس»

洛克:《论公民政府》

لوك: «پۇقرالار ھۆكۈمىتى توغرىسىدا»

孟德斯鸠:《法的精神》

مونتېسكيۇ: «ھوقۇق روھى توغرىسىدا»

卢梭:《社会契约论》;《论人类社会不平等的起源和基础》《论政治经济》

رۇسسو: «ئىجتىمائىي شەرتنامە»، «ئىنسانلار جەمئىيىتىدىكى باراۋەرسىزلىكتىن كېلىپ چىقىش ۋە ئۇنىڭ ئاساسلىرى»، «سىياسىي ئىقتىساد ھەققىدە»

康德:《权利的科学》

كانت: «ھوقۇق ئىلمى»

穆勒:《论自由》;《代议制政府》;《功利主义》

مىل: «ئەركىنلىك ھەققىدە»، «ۋەكىللەر تۈزۈمىدىكى ھۆكۈمەت»، «مەنپەئەتپەرەسلىك»

黑格尔:《权利的哲学》

گېگېل: «ھوقۇق پەلسەپىسى»

马克思与恩格斯:《共产党宣言》

ماركس، ئېنگېلس: «كومپارتىيە خىتابنامىسى»

托尔斯泰:《战争与和平》

تولستوي: «ئۇرۇش ۋە تىنچلىق»

弗洛伊德:《群体心理学与自我分析》;《战争与死亡时代的思想》

فروئىد: «تۈركۈم پىسخولوگىيىسى ۋە ئۆزلۈك ئانالىزى»، «ئۇرۇش ۋە ئۆلۈم مەزگىللىرى ھەققىدە پىكىر»

## باشقا ئەسەرلەر:

约翰·E. E. D. 阿克顿:《自由与权力论文集》

جون ئاكتون: «ھوقۇق ۋە ئەركىنلىك ھەققىدە ماقالىلەر»

M. A. 巴枯宁:《巴枯宁的政治哲学》

م. ئا. باكۇنىن: «باكۇنىننىڭ سىياسىي پەلسەپىسى»

杰雷米·边沁:《关于政府的残简》

بېنتېم جېرىمى: «ھۆكۈمەتنىڭ يىمىرىلىشى»

马丁·布伯:《乌托邦的道路》

مارتىن بۇبېر: «ئۇتوپىيە يولى»

J. 布尔克哈特:《暴力与自由》

بوركخارد: «زوراۋانلىق ۋە ئەركىنلىك»

约翰·C. 卡尔霍恩:《论政府》

جون. س. كالخوۇن: «ھۆكۈمەت توغرىسىدا»

本杰明·N. 卡多佐:《司法程序的实质:法律的成长》

بېنجامىن. N . كوردوزو: «ئەدلىيە جەريانىنىڭ خۇسۇسىيىتى: «قانۇننىڭ يېتىلىشى»

恩斯特·卡西尔:《国家的神话》

ئېرنست كاسسىرى: «دۆلەت ئەپسانىسى»

K. 克劳塞维茨:《战争论》

كارل ۋون كلاۋسېۋىتىز: «ئۇرۇش نەزەرىيىسى»

A. 但丁:《论世界政府或独裁》

ئالىگىرى دانتې: «دۇنياۋى ھۆكۈمەت ياكى مۇستەبىتلىك»

F. 恩格斯:《社会主义,科学与乌托邦》

ف. ئېنگېلس: «سوتسىيالىزم، پەن ۋە ئۇتوپىيە»

F. A. V. 哈耶克:《自由的构成》

ف. ئا. ۋ. خايېك: «ئەركىنلىكنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىشى»

奥利维·W. 霍尔姆斯:《习惯法》

ئولىۋېر. ۋ. ھولمس: «ئادەت قانۇنى»

威廉·詹姆斯《论信仰与道德》

ۋىليام جامىس: «ئېتىقاد ۋە ئەخلاق»

康德:《永久和平,一篇哲学论文》

كانت: «ئەبەدى تىنچلىق، بىر پەلسەپىۋى مۇھاكىمە»

彼得·A. 克鲁鲍特金:《无政府主义,它的哲学与理想》;《互相帮助》

پېتېر. ئا. كروپاتكىن: «ئانارخىزم: پەلسەپە ۋە غايە» ، «ئۆزئارا ياردەم»

拉斯基:《政治的语法》;《现代国家的自由》

خارولد ج. لاسكى: «سىياسىينىڭ گىراماتىكىسى»، «ھازىرقى زامان دۆلەتلىرىدە ئەركىنلىك»

列宁:《国家与革命》

لېنىن: «دۆلەت ۋە ئىنقىلاب»

李普曼:《美好社会》;《公共哲学》

ۋالتېر لىپمان: «گۈزەل جەمئىيەت»، «ئاممىۋى پەلسەپە»

雅克·马利丹:《经院哲学与政治》;《人与国家》

جاككۇېس مارىتائىن: «مەدرىسە پەلسەپىسى ۋە سىياسىي»، «ئادەم ۋە دۆلەت»

托巴斯·莫尔:《乌托邦》

توماس مور: «ئۈتوپىيە»

罗斯科·庞德:《习惯法的精神》

روسكوئې پوند: «ئادەت قانۇنى روھى»

罗素:《通向自由之路:社会主义、无政府主义》;《权力,一种新的社会分析》

رۇسسېل: «ھۆرلۈك يولى: سوتسىيالىزم، ئانارخىزم»، «ھوقۇق، يېڭى سوتسىئال ئانالىزى»

梭罗:《论公民的不服从》

رۇسسو: «پۇقرانىڭ بويۇنتاقلىقى ھەققىدە»



# ئۈچىنچى باب

## ئەخلاق ھەققىدە

ھاياتىمىزدىكى مىسلىسىز ۋە تەڭداشسىز كۈچلۈك تەرىپە قەلبىمىزدىكى ئىخلاسىمىز، روھىمىزدىكى ئەخلاقىي چىنلىقتا بولغان ئالىيجاناب «جاھىللىق» ۋە مۇقەددەس «ئەسەبىيلىك» تىن كەلگەن.

## 22. بەخت ئىزدەش

*«مۇستەقىللىق خىتابنامىسى» دە بەخت ئىزدەش ئارتۇۋېلىشقا بولمايدىغان كىشىلىك هوقۇق، دەپ جاكارلانغان. بەختسىزلىك گۇناھ. بىز بەختىمىزنى ئىزدىشىمىز كېرەك. لېكىن، بەخت دېگەن نېمە؟ ئۇ ماددىي ئىستەكنىڭ قېنىشىمۇ ياكى روھنىڭ تىنچلىقىمۇ، گۈزەل ئىدىيە ياكى باشقا نەرسىمۇ؟*

---

«بەخت» كۈندىلىك تىلىمىزدا كەڭ مەنىگە ئىگە. بۈيۈك مۇتەپەككۇرلار بۇ سۆزنى ئىشلەتكەندە زىل ۋە ئېهتىياتچان بولىدۇ. ئەخلاق پەيلاسوپلىرىنىڭ ئەسەرلىرىدە بەخت ئەڭ ئاداققى ۋە ئەڭ يۈكسەك ياخشىلىق بولۇپ، ئۇ ئىنسانلار پۈتۈن كۈچى بىلەن ئىنتىلىدىغان نىشان. شۇنداق بولغاچقا «مۇستەقىللىق خىتابنامىسى» دە بەخت ئىزدەش ئىنساننىڭ تۇپ تەبىئىي هوقۇقلىرىنىڭ بىرى دېيىلگەن.

پەلسەپەدىكى بەخت ئۇقۇمى ئادەتتىكى بەخت ئۇقۇمىنىڭ مەنىسىدىن زور پەرقلىنىدۇ. ئاددىي كىشىلەرنىڭ قارىشىچە، قانائەتلەنگەن ۋە زوقلانغان چاغلار كىشىگە بەخت هېس قىلدۇرىدۇ. مۇنداقچە ئېيتقاندا، بىر مەزگىللىك شادىمانلىق ئۇلار ئۈچۈن بەخت. ئارىستوتېلنىڭ قارىشىچە، بەخت هەرگىزمۇ مەلۇم ۋاقىتتا هېس قىلىنغان ياكى باشتىن كەچۈرۈلگەن نەرسە ئەمەس. ئۇ پۈتكۈل كىشىلىك هاياتنىڭ ماهىيىتى. بەختلىك تۇرمۇش — هالال تۇرمۇش دېمەكتۇر.

پەلسەپەدىن ئانچە خەۋىرى يوق ئادەملەر بالىلارنى بەختلىك

دەپ ھېسابلايدۇ. ئارىستوتېل بولسا ئۇنداق ئەمەس دەيدۇ. ئۇلار بەلكىم، خۇشالدۇر، ئەمما بەختلىك دېگىلى بولمايدۇ. چۈنكى، ئۇلار تاكامۇل تۇرمۇشنىڭ نېمىلىكىنى بىلمەيدۇ. ئەمەلىيەتتە، ئارىستوتېلنىڭ نەزىرىدە، بىر ئادەم ئۆز ھاياتىنى تاماملىغاندىلا، ئاندىن ئۇنىڭ بەختلىك ياكى بەختلىك ئەمەسلىكىنى بىلگىلى بولىدۇ.

بەختنى چۈشىنىش ئۈچۈن بوشيۇسىنىڭ بەخت ياخشى ئىشلارنىڭ جۇغلىنىشىدىن ۋايىغا يېتىدۇ، دېگەن گېپىنى تەن ئېلىشىمىز لازىم.

بەختنىڭ ئالامىتى ھەممە ئەللىكتە، يەنى تۆپ ئارزۇلارنىڭ قېنىشى، كىشىلىكتىكى نەشئالىقنىڭ بېسىقىشىدا، مەلۇمكى ئۇ بىر كۈندىلا پەيدا بولىدىغان نىشان ئەمەس، ئۇ ئۆمۈرلۈك نىشاندۇر. بىراۋ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا ئۆزىدىكى ياخشىلىقلارنى ئەسلەپ «ئۆمرۈم زايە ئۆتمىدى» دەپ ئۆز ـ ئۆزىگە پىچىرلىسا، بەخت ئۇنىڭغا تولۇق مەنسۇپ بولغان بولىدۇ.

قانداق ياخشىلىقلار بەختنى ئىلگىرى سۈرەلەيدۇ؟ ياخشىلىقنىڭ تۈرى جىق بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە بايلىق، ساغلاملىق، شادلىق كەبى تېنىمىزگە ۋە ئۇنىڭغا ئالاقىدار ياخشىلىقلىرىمىز بار؛ سادىقلىق، كۆيۈم، دوستلۇق، تىنچلىق ۋە ئادالەت كەبى ئىجتىمائىي ياخشىلىقلىرىمىز بار؛ يەنە زېرەكلىك، بىلىم ۋە پاراسەت كەبى ئەقلىي ياخشىلىقلىرىمىز بار. بۇلارنىڭ ھەممىسى كىشىلىكتىكى ئېھتىياجلارغا ماس كېلىدۇ. شۇڭلاشقا، ياخشىلىق بايىدىكى ھەر بىر ئىنتىلىشنىڭ قىممىتى ئۇنىڭ ئۆزىدىلا بولۇپ قالماستىن، بەلكى ئۇنىڭ بەختكە قاراپ ئېلىنغان قەدەم ئىكەنلىكىدىمۇ ئايان بولىدۇ.

بەخت ياخشىلىقنىڭ مۇجەسسەمى. بەخت يەنىلا بەخت ئۈچۈن بولۇپ، ئۇ بىزنىڭ ئۆمۈرلۈك تەلپۈنۈش ئوبيېكتىمىز. «مەن بەختىمنى ئىزدەيمەن» دېگەن بىر ناخشا كەڭ تارقالغان،

چۈنكى ئۇ كىشىلەرنىڭ ئورتاق ساداسى ئىدى. «مەن بەختىمنى ئىزدەيمەن، چۈنكى. . . » دېگەن ئادەم ئۆزىنىڭ جۈملىسىنى «بەخت ئۈچۈن ئىزدەيمەن بەخت» دەپ ئۆزگەرتىشكۈچە، بۇ گەپنىڭ ئاخىرى چىقماي قالىدۇ.

يۇقىرىدا ئارىستوتېلنىڭ بەخت تەلىماتىنى قەيت قىلدىم. بەخت ۋە ھالال تۇرمۇش ھەققىدە باشقا تەلىماتلارمۇ بار. ئەپلاتون بەخت روھ گارمونىيىسى — ھەقىقىي پارىللارنىڭ روھىي ھالىتى دەپ ئېنىقلىما بەرگەنىدى. ئۇ ئارىستوتېلغا ئوخشاش ماددىي ياخشىلىق ۋە تەلىيگە كۆڭۈل بۆلۈپ كەتمەيتتى! ئۇنىڭ ئۈچۈن ئېيتقاندا، ھېچقانداق سىرتقى ئامىل پەزىلەتلىك ئادەمنى بەختسىز قىلالمايدۇ.

بىزنىڭ ئەنئەنىمىزدە، بەختنى ئاخىرقى نىشان دەپ قارىمايدىغان ئۇلۇغ مۇتەپەككۇرلارمۇ بار ئىدى. كانتنىڭ قارىشىچە، بەخت ئىزدەش شەخسىيەتچىلىك بولۇپ، ئۇ شەخسنىڭ قانائەتلىنىشىنى مەجبۇرىيەت ۋە ھوقۇقتىن ئىبارەت ئوبيېكتىپ ئەخلاقنىڭ ئۈستىگە قويغانلىقتۇر. ئەخلاق كىشىنى بەختكە ئەمەس، مەجبۇرىيەتكە ئۈندەيدۇ. بەخت ئەخلاقىي پائالىيەتنىڭ نەتىجىسى بولۇشى كېرەككى، مەقسىتى بولماسلىقى كېرەك. بىز بەخت ئىزدەش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى بەختكە ئەرزىيدىغان ئادەم بولۇش ئۈچۈن تىرىشىشىمىز كېرەك.

## 23. مۇۋەپپەقىيەت زۆرۈرمۇ؟

مۇۋەپپەقىيەت بەخت ئۈچۈن زۆرۈرمۇ؟ جەمئىيىتىمىزدە كىشىلەر بىرەر نەرسىنى ئۇنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى بىلەن باھالايدۇ، شۇنىڭدەك مۇۋەپپەقىيەتنى ماددىي بايلىق بىلەن ئۆلچەيدۇ. مەن

*بۇنىڭدىن گۇمانلىنىمەن. چۈنكى، ئۇ بىر ساختا ئوبراز. كىشىلىك ھاياتتىكى بەختنى راستتىنلا ماددىي مۇۋەپپەقىيەت بىلەن ئۆلچىگىلى بولامدۇ؟*

---

ئالدىنقى پاراگرافتا بەخت ھەققىدە توختالغىنىمىزدا، بەخت تۈرلۈك ياخشىلىقنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مۇكەممەل كىشىلىك ھايات ئۈستىگە قۇرۇلىدۇ، يەنى بەخت ئېھتىياجنىڭ قېنىشى دېگەنىدىم. ماددىي بايلىقنىڭ ياخشىلىقى خۇددى ئەخلاق ۋە پاراسەت جەھەتتىكى ياخشىلىققا ئوخشاشلا ياخشىلىقنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى. كۆپچىلىككە ئايانكى، بىر ئادەم ھەممە نەرسىگە ئېرىشىپ بولالمايدۇ ھەم زىيادە كۆپ نەرسىگە ئېرىشىپ بولالمايدۇ، مانا بۇ بايلىقنىڭ ئەخلاقىي مەسىلىسىگە بېرىپ تاقىلىدىغانلىقىنىڭ سەۋەبى.

«مۇۋەپپەقىيەت» نىڭ ئەڭ ئەقەللىي مەنىسى نىشان، مەقسەت ياكى ئارزۇغا يېتىش دېگەن بولىدۇ. ئەگەر بىز مېھنەت قىلىپ ئىزدىگەن بەختنىڭ مەلۇم پەللىسىگە بارساق، ئۆزىمىزنى مۇۋەپپەقىيەت قازاندۇق دەپ ھېسابلايمىز. لېكىن، زامانىمىزدىكى نۇرغۇن كىشىلەر ئۆزىنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىنى قانچىلىك مۈلۈككە ئېرىشكەنلىكى بىلەن ئۆلچەيدىغان بولدى. ئەگەر مۇۋەپپەقىيەت ھەققىدىكى تونۇشىمىز شۇلا بولسا، ئۇ بەختكە سەۋەبچى بولالمايدۇ. ئەكسىچە، ئۇ بەختكە ئىنتىلىشىمىزگە خەۋپ ئەكېلىدۇ.

ئەزەلدىن شۇنداقكى، ماددىي بايلىق شەخسنىڭ ئىگىدارچىلىقىدىكى ئاداققى نەرسە، چۈنكى ئادەم ماددىي نەرسىلەر ئارقىلىق ئۆرە تۇرىدۇ. ئادەم جېنىنى باقالىغاندىلا ئاندىن گۈزەللىككە ئىنتىلىدۇ، شۇنداق ئىكەن، مەلۇم مىقداردىكى ماددىي جۇغلانما تۇرمۇشتا كەم بولسا بولمايدۇ.

ئەگەر تۇرمۇش جان بېقىش ھالىتىدىن ھالقىپ، گۈزەللىك ئىزدىگۈدەك بولغاندا، بايلىق توپلاش ھاياتنى مەنىلىك قىلالمايدۇ.

ئىرىكچىلىك بايلىق يىغىش دېمەكتۇر. ئارىستوتېل ئىككى خىل بېيىش يولىنى كۆرسىتىپ بەرگەن. بىرىنچى خىلى، ئائىلە ئاياللىرىغا تونۇش بولغان يول بولۇپ، يېتەرلىك بايلىق ئابرويلۇق تۇرمۇشنىڭ كاپالىتى يەنى، ئۇ باياشاد، راھەت، قۇلايلىق تۇرمۇشتىن بەھرىمەن بولۇشتۇر. ئىككىنچى خىلى بولسا، پۇل ئۈچۈن پۇل توپلاش. ئارىستوتېل بەزىلەرنى كۆزەتكەن بولۇپ، ئۇنىڭ ئېيتىشىچە: «ئۇلارنىڭ مەقسىتى توختىماي پۇل يىغىش، سەۋەب شۇكى ئۇلار پەقەت تۇرمۇشنىلا ئويلىغان بولۇپ، ئۇنىڭ گۈزەل ياكى گۈزەل ئەمەسلىكى بىلەن ھېسابلاشمايدۇ».

ئارىستوتېلنىڭ قارىشىچە، بۇنداق ئادەملەر كېراسودەك باي بولالىشى مۇمكىن، لېكىن دەل ئۇنىڭغا ئوخشاش ئۆزىنى بەختسىز ھېسابلاپ، ھەسرەت بىلەن ئۆلۈپ كېتىشى مۇمكىن.

ئەپلاتونمۇ ئارىستوتېلدەك، بايلىققا بېخىللارچە بېرىلىپ كەتكەن ئادەم بەختسىز ئاقىۋەتكە قالىدۇ، دەپ قارايتتى. ئۇنىڭچە «ياخشىلىق بىلەن بايلىققا تەڭ ئېرىشىش» مۇمكىن ئەمەس. خۇددى «ئىنجىل» نىڭ «بېشارەتنامە» قىسمىدا دېيىلگەندەك، بايلارنىڭ جەننەتكە كىرىشى يىڭنىنىڭ تۆشۈكىدىن تۆگە ئۆتكۈزۈشتەك بىر ئىش.

بۇ گەپ ئادەم بايلىققا ئىگە بولسا بولمايدۇ دېگەندىن دېرەك بەرمەيدۇ. بايلارنىڭ خاتالىقى شۇ يەردىكى، ئۇلار بايلىقنى كىشىلىك ھاياتتىكى بىردىنبىر مۇھىم نەرسە دەپ قارىۋالغان. «ئىنجىل» نىڭ بايلىقنى سۆكۈشى ئاچ كۆزلۈكنى سۆككەندەك قاتتىق ئەمەس.

پەيغەمبەرلەر ۋە «قەسىدىلەر» ئەخلاقىي قارىغۇلۇقىنىڭ

بايلىققا ئەگىشىپ بارلىققا كېلىدىغانلىقىنى جانلىق تەسۋىرلىگەندى. بۇ نۇقتىئىنەزەرنى بەكرەك يورۇتۇپ بەرگىنى سان پائول ئىدى. گەرچە ئۇ بايلىق توپلاش رەزىللىكىنىڭ مەنبەسى دېمىگەن بولسىمۇ، ئەمما ئەخلاقنى ۋەيران قىلىدىغان نەرسە ئاچ كۆزلۈكتۇر. بىر ئادەم ماددىي جەھەتتىكى مۇۋەپپەقىيەتلەر ئۈچۈن مۇشەققەت چېكىدۇ ـ دە، ئۆمۈرلۈك روھىي زەربىگە يولۇقىدۇ.

## 24. ۋەزىپەبەردارلىق

*ھەربىي ئۈچۈن ئېيتقاندا، مەسئۇلىيەت ئەڭ يۈكسەك بۇرچ. بىزدەك ئادەتتىكى كىشىلەرمۇ سىياسىي، ئەخلاقىي، دىنىي مەسئۇلىيەتكە ئوخشاش تۈرلۈك مەسئۇلىيەتكە دۇچ كېلىمىز. پەيلاسوپلارنىڭ مەسئۇلىيەتنىڭ ماھىيىتى ۋە ئىنسان پائالىيىتىدىكى رولى ھەققىدە قانداق تەلىماتلىرى بار؟*

ئەخلاق پەلسەپىسىدە «مەسئۇلىيەت ئېتىكىسى ۋە شادلىق ئېتىكىسى» كەبى توپ مەسىلە يوق. مەسئۇلىيەت ئەخلاقى بويىچە، بىر ئادەمنىڭ ھەرىكىتى قانۇنغا توغرىلانغان ئەھۋالدا، ئەخلاق جەھەتتىن توغرا ياكى خاتا دېگەن تۈپ پەرققە ئىگە بولىدۇ. بەخت ئۆلچەم بولغاندا ياخشى ياكى يامان دېگەن تۈپ پەرققە ئىگە بولىدۇ. ھەر قانداق مەسئۇلىيەت ئەخلاقى بەختكە ئالاقىدار بولىدۇ، خۇددى ھەر قانداق بەخت ۋە شادلىق ئەخلاقىمۇ مەسئۇلىيەتكە ئالاقىدار بولغاندەك. ئوتتۇرىدىكى پەرق شۇكى، ئۇلارنىڭ مەسئۇلىيەتكە قارىتا نۇقتىسى باشقا ـ باشقا.

بەزى رادىكاللار بەخت ئېتىكىسى مەسئۇلىيەتنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇشى كېرەك دەپ تەشەببۇس قىلىدۇ. بۇنداق پوزىتسىيە كېيىن ئېپىكۇرچىلىكنى بارلىققا كەلتۈرگەن.

ئارىستوتېل مەسئۇلىيەتنى پۈتۈنلەي چەتكە قېقىۋەتمىگەن. ئەمما، ئېنىق تەبىرمۇ بەرمىگەن. ئۇنىڭ قارىشىچە، مەسئۇلىيەت پەقەت ئادىللىق ۋە پەزىلەتنىڭ بىر تەرىپى، ئادالەتنىڭ كىشى قەرز قايتۇرۇشتا، باشقىلارغا زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزمەسلىكتە، ئاۋامنىڭ بەختى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشتا مەسئۇلىيىتىم بار دەپ قارايدۇ.

ئەپلاتوننىڭ قارىشىچە، ئادىل پەزىلەت مەسئۇلىيەت ياكى مەجبۇرىيەتنى تەكىتلەيدۇ. ئۇنىڭچە، ئادالەت پەزىلەتنىڭ بىر تۈرى بولسىمۇ، لېكىن ئۇنى ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش، باتۇرلۇق ۋە پاراسەتلەردىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ. شۇڭا، ئۇ ئەخلاقىي مەجبۇرىيەتنى ئادالەت تۇيغۇسى ياكى ئومۇمىي پەزىلەت دائىرىسىگە كىرگۈزگەن.

يەنە بەزى رادىكاللار مەسئۇلىيەتنى ئەخلاق قاتارىدا كۆرىدۇ. ئەرلىئۇس ۋە ئېپىكۇرنىڭ ستوئىتسىزم تەلىماتىدا، توغرا ھەرىكەت قىلىش بىر ئادەمنىڭ مەسئۇلىيىتىدۇر، ئۇنىڭ ئەكسىچە بولغان ئارزۇ ـ ھەۋەسلەر مەسئۇلىيەتكە زىت تۇرىدۇ.

كانت ئۆزىنىڭ پۈختا ئەخلاق تەلىماتىدا ئوخشاش پىكىرنى تەكىتلەيدۇ، ئۇنىڭچە، «ياخشىلىق» تىن باشقا خالىس ياخشىلىقنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ. چۈنكى، بەخت مۇئەييەن چەككە ئىگە ياخشىلىقتۇر، يەنى ئۇ «ئاقىل ئادەمنىڭ ھاياتى بويىچە دەخلى ـ تەرۇزدىن خالىي شادلىق ئېڭى» دۇر. بىر ئادەم ئۆزىنىلا ياخشى كۆرسە، يەنە بىرسى خۇشاللىقنىلا كۆزلىسە، بۇنىڭ ھەر ئىككىسى «ئەخلاقنى بۇزىدۇ، ئەخلاقنىڭ دەبدەبىسىنى سۇندۇرىدۇ. چۈنكى، ئۇلار ياخشى ـ يامانىنى ئارىلاشتۇرۇۋېتىپ، بىزگە سەرلەپ، مىسقاللاپ ھېسابلىشىشنى

ئۆگىتىدۇ». ھەر ئىككىسى ھەۋەسنى ياخشى - ياماننى ئايرىيدىغان ئەخلاقىي ئۆلچەم قىلىۋالىدۇ. ئەخلاقنى نەتىجە بىلەن ئۆلچەيدۇ.

كانتنىڭ قارىشىچە، «مەسئۇلىيەتلىك بىر ئىشنىڭ ئەخلاقىي قىممىتى ئۇنىڭ مەقسىتى بىلەن ئەمەس، بەلكى ئۇنى كەلتۈرۈپ چىقارغان پرىنسىپ بىلەن ئۆلچىنىدۇ.» ئۇ يەنە: «مەسئۇلىيەت قانۇنغا بولغان ھۆرمەتتىن كېلىپ چىققان ئەخلاقىي پائالىيەت بولۇپ، ئۇنى چوقۇم ئەمەلگە ئاشۇرۇش كېرەك؛ بىر ئادەم شۇنىڭ ئۈچۈن بىر ئىشنى قىلىدۇكى، چۈنكى ئۇنىڭ مەسئۇلىيىتى قانۇننىڭ تەلىپىدىن كەلگەن دەيدۇ ئۆز پىكرىنى تولۇقلاپ.

كانت يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ مۇنداق دەيدۇ: «مەسئۇلىيەتلىك ئىش شەخسىيەتنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىماسلىقى كېرەك. ھەر بىر ئىرادىنىڭ نىشانى ئوبيېكتىپ قانۇننىڭ ۋە ئاشۇ قانۇنغا بولغان ئىخلاسنىڭ تەسىرىدىن باشقا ھېچنېمىنىڭ تەسىرىگە بولۇقماسلىقى كېرەك.» بۇ پرىنسىپ — مەسئۇلىيەت ۋە ئەخلاقىي ھەرىكەتنىڭ مەنبەسى — دەل كانتنىڭ مەشھۇر بولغان «مۇتلەق قانۇن پرىنسىپى» دۇر. كانت مۇنداق خىتاب قىلىدۇ: «مەن شۇنىڭ ئۈچۈن بۇنداق قىلىمەنكى، مېنىڭ پرىنسىپىمنىڭ ئومۇمىي پرىنسىپ بولۇشىدىن باشقا ھېچبىر ئاساسى يوق». مۇتلەق بۇيرۇققا بويسۇنغاندىلا ئاندىن مەسئۇلىيىتىمىزنى ئادا قىلالايمىز، ئىرادىمىزنى ياخشىلىققا ئۇيغۇن بولۇشقا كاپالەتلىك قىلالايمىز.

كانت ئۈچۈن، مەسئۇلىيەت ئوبيېكتىپ نەرسە. ئۇ يۈكسەك ئەقىلنىڭ تەلىپىگە بويسۇنۇش بولۇپ، ئۇ سۇبيېكتىپ خاھىش، ھەۋەس ۋە تەلەپنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىمايدۇ. بىز ئۆز مەسئۇلىيىتىمىزنى ئەقىلنىڭ چاقىرىقىغا ئاساسەن ئادا قىلالىساقلا بولىدۇ.

## 25 . ۋىجدان دېگەن نېمە؟

*«ۋىجدان» دېگەن بۇ ئىچكى ئاۋازنىڭ نېمىنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى بىزگە ئېيتىپ بېرەلەيدۇ؟ ئۇ ئەقىل ياكى بىۋاسىتە سېزىمگە ئاساسلانغانمۇ ياكى ئاتا ـ ئانا ۋە نوپۇز تەربىيىسىنىڭ ئەكس ئېتىشىمۇ؟ ۋىجدان دېگەن نېمە؟ ئۇ قانداق ھەرىكەت قىلىدۇ؟*

«ۋىجدان» دېگەن سۆز ئەخلاق ـ پەزىلەت دېگەن گەپتۇر. ئۇ بىر خىل ئەخلاقىي سەگەكلىك. بىز ئۇنى ھېس قىلىپ تۇرىمىز، چۈنكى ئۇ بىزنى ھەر دائىم باشقۇرۇپ تۇرىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭغا قۇلاق سالمىساق، پۇشايمان ھەم جىددىيلىك ئىچىدە قالىمىز.

بىز ۋەدىمىزنى ئاقلىغاندا، مەسئۇلىيىتىمىزنى ئۆتىگەندە ۋىجدان ئىلكىدە تۇرۇۋاتقان بولىمىز. نېمىشقا ۋىجدانغا قۇلاق سالىمىز؟ ئۇنىڭغا ھۆرمەت قىلمىساق نېمە ئۈچۈن پۇشايماندا قالىمىز؟ مۇتەپەككۇرلار ھەر نېمىلەرنى دېدى. بەزىلەر دېدىكى، ۋىجداننىڭ مەنتىقىسى ۋە كۈچى ئىچكى تەلەپ ۋە جازادا بولىدۇ (خۇدا ۋە دۆلەتتىن كەلگەن جازا). يەنە بەزىلەر دېدىكى، ۋىجدان شەخسنىڭ ئەخلاقىي ئېڭى، ئەقلى ۋە پەزىلىتىدۇر.

17 ـ ئەسىردىكى ھوببېسنىڭ قارىشىچە، ئەخلاقىي مەجبۇرىيەت پەۋقۇلئاددە كۈچ ۋە دۆلەت نوپۇزىغا بولغان ئىنكاس. بەزى مۇتەپەككۇرلارمۇ ۋىجداننى سىرتقى كۈچ ۋە خۇدانىڭ نوپۇزىغا بولغان تەبىئىي ئىنكاس دەپ قارايدۇ. يەنە بەزىلىرى مەيلى دەھرىيچىلەر ياكى دىندارلار بولسۇن،

ۋىجداننىڭ رول ئوينىشىدا ئىچكى ھۆكۈم ياكى ئەقىلنىڭ ساداسى ھەل قىلغۇچ ئامىل بولىدۇ، دېگەننى تەكىتلىشىدۇ.

ئەخلاق سەگەكلىكىنىڭ ئاساسى، ئىنساننىڭ ئەقلى ۋە پەزىلىتىنىڭ تۈرتكىسى توغرۇلۇق ئەپلاتون ۋە ستوئىكچىلارغا قەدەر گەپ ئاچالايمىز. ئەمما، ۋىجدان ئۇقۇمىنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئىپادىلەپ بەرگىنى 18 ـ ئەسىردىكى پەيلاسوپ كانت.

كانتنىڭ قارىشى بويىچە بولغاندا، ئەخلاقىي ھاياتنىڭ ھەيدەكچىسى ئەخلاقىي قانۇندىن ئىبارەت بولۇپ، ھەرگىزمۇ باشقا قانۇن ۋە تۈرتكە ئەمەس. ئىمكانقەدەر كىشىلەر ۋەدىسىدە تۇرىدۇ، چۈنكى «ئەخلاقنىڭ ئۆزلۈك ئىگىسى» كىشىلەردىن شۇنى تەلەپ قىلىدۇ. ئۇلار شۇنداق قىلغاندىلا كائىناتنىڭ ئەخلاق قانۇنىنى ئىجرا ئەتكەن بولىدۇ. بىر ئەخلاقلىق ئادەمنىڭ ئىككىلەنمەي ۋەدىسىدە تۇرۇشى ھەرگىزمۇ تاشقى كۈچلەردىن قورقۇش ياكى ئىجتىمائىي ئادەتلەرگە مايىللىشىش، خۇدانىڭ جازاسىدىن ۋەھىمىلىنىشتىن بولغان ئەمەس. ئۇنىڭ ئۇنداق قىلىشىدىكى سەۋەب شۇكى، ئۇ بىر پازىل كىشى سۈپىتىدە ئۆز مەجبۇرىيىتىنى سەممىيلىك بىلەن ئادا قىلىشى لازىمدۇر.

كانتنىڭ نۇقتىئىنەزىرىچە، ۋىجدان بىزنى ۋە مۇناسىۋەتلىك شەخسىي تۇرمۇشىمىزنى كونترول قىلىپ تۇرىدۇ. ۋىجدان ئۆز ـ ئۆزىمىزنى ۋە باشقىلارنى ئالدىشىمىزنى چەكلەپ تۇرىدۇ. يەلكىمىزدە ئىچكى ـ تاشقى مەجبۇرىيەت بار. بۇ قاراش خوببېسنىڭ قارىشى بىلەن ئاسمان ـ زېمىن پەرقلىنىدۇ. ئەمما، كانتنىڭ ئاچ كۆزلۈك، ھاۋايى ـ ھەۋەس، ساختىپەزلىك ۋە ۋىجدان ئازابىنى ئەيىبلەيدىغان دىنىي تەلىملەرگە يېقىن تۇرىدۇ.

دىن ۋىجداننى ئىچكى ساداغا ھەم مۇقەددەس تەلەپكە بولغان ئىنكاس دەپ قارايدۇ. «ئىنجىل» دا ئېيتىلىشىچە، داۋۇت ئەلەيھىسسالام خۇداغا ئاسىيلىق قىلىپ تاشلىغاندا، قەلبى ئۇنى ئەيىبلىگەنىدى. ئايۇققا سەممىيلىك ھېس قىلدۇرغان نەرسە يەنىلا ئۇنىڭ قەلبى. بۇنداق قەلب دەل ۋىجداندۇر. «ئىنجىل»

ۋىجدانىنى خۇدا ئۆز ئۈممەتلىرىگە ئارتقان قانۇن دەيدۇ. پەيغەمبەرلەر دەيدۇكى، ئەخلاقىي بۇرچ پۈتۈن ئىنسانلار بويسۇنۇشقا تېگىشلىك نەرسە. ئىنساننىڭ ئەخلاقىي ئېڭى ۋە پائالىيىتى خۇدانىڭ نۇرىنى جاھانغا تاراتتى، ھەتتا خۇدانىڭ بىۋاسىتە بۇيرۇقى يېتىپ بارمىغان جايدىمۇ ئۇ خىل ئۇقۇم مەۋجۇت بولدى. پاۋۇل ئېيتقانكى، قانۇن يات مۇخلىسلىرىنىڭ قەلبىگىمۇ پۈتۈلگەن، ۋىجدان بۇنىڭ دەلىلىدۇر.

ئاكۇئىناغا ئوخشاش خىرىستىئان مۇتەپەككۇرلىرى كىشىلەر قەلبىگە يىلتىز تارتقان ۋىجدانىنى خۇدا ۋە ئۇنىڭ قانۇنىغا بولغان تەسىرلىنىشى دەپ چۈشەندۈردى. ئۇلارچە قەلبىگە نەقىشلەنگەن تەبىئىي قانۇن خۇدانىڭ قىلغان ئىشى، ئەخلاق ئېڭى بولسا خۇداغا بولغان سېغىنىشتۇر. ئۇنداق بولغاندا، قەلبىنىڭ چوڭقۇرلۇقىدىكى سادا بىلەن خۇدانىڭ ئۈمىدى بىر - بىرىگە يۇغۇرۇلۇپ كەتكەن بولىدۇ ھەم بىر - بىرىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ. پانىيەتچى كانتنىڭ قارىشىچىمۇ، ئەخلاقنىڭ ئۆزلۈك ئېڭىدىن چىققان مەسئۇلىيەت دەل خۇدا ئالدىدىكى مەجبۇرىيەتتۇر.

---

## 26 . پەزىلەت

*مۇنداق بىر گەپنى ئاڭلاپ تۇرىمىز: ئەۋلادلارنى تەربىيىلىگەندە ئۇلارنىڭ پەزىلىتىگە ئالاھىدە ئېتىبار بېرىش كېرەك. ئۇنداقتا، ئاتا - ئانا بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن ئەۋلادلار قانداق پەزىلەت يېتىلدۈرۈشى كېرەك؟ ئىنسانلار يەنە قانداق پەزىلەتلەرگە ئىگە بولۇشى كېرەك؟*

---

ئاساسي پەزىلەت «تۈپ پەزىلەت» مۇ دېيىلىدۇ. ئۇ باتۇرلۇق ياكى قەتئىيلىك، ئۆزىنى تىزگىنلەش، ئادىللىق ۋە ئېھتىياتچانلىق قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ پەزىلەتلەر پازىل كىشىلەرنىڭ ئەخلاقى ــ خۇلقىنى ئاپىرىدە قىلىدۇ. ئەلۋەتتە، يەنە كىشىنىڭ مەستلىكىنى قوزغايدىغان دوستلۇق، سىپايىلىك، مۆتىدىللىك، مەممىيلىك قاتارلىق پەزىلەتلىرىمۇ بار. يۇقىرىقىلارغا ئىگە بولغاندا، قالغانلىرىمۇ ئەگىشىپ كېلىدۇ.

تۆۋەندە مەن تۆت خىل پەزىلەتنى قىسقىچە شەرھلەپ ئۆتىمەن:

باتۇرلۇق ياكى قەتئىيلىك ــ خەۋپ ــ خەتەر، ئوڭۇشسىزلىق ۋە ئازابنى قوبۇل قىلالايدىغان كۈچتۇر. بىز ئەسكەرنىڭ قەيسەر بولىدىغانلىقىنى بىلىمىز. باتۇرلۇق جەڭ مەيدانىدا كېرەك بولۇپ قالماستىن، ھەر قانداق تۇرمۇش سەھنىسىدە كېرەكتۇر. قورقۇنچاق ئادەم توسالغۇغا ئۇچرىسا بەل قويۇۋېتىدۇ. قىممەتكە سازاۋەر مەسئۇلىيەت قەيسەرلىك ئارقىلىق ئەمەلىيلىشىدۇ. ئۇنداق مەسئۇلىيەت قىيىن بولغاچقىلا قىممەتلىكتۇر، دېگەنىدى سپىنوزا.

باتۇرلۇق جاپاغا چىداش بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغاندەك، ئۆزىنى تىزگىنلەشمۇ ئەيش ــ ئىشرەتتىن ئۆزىنى قاچۇرۇش بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ئادەتتە بىز بىر دەملىك خۇشاللىقنى دەپ ئۆمۈرلۈك ئىستىقبالنى ۋەيران قىلىمىز، ئۆزىمىزنى تۇتۇۋالالماسلىق ياكى ۋەزىپىمىزگە سۇسلۇق قىلىش، چوڭ يەپ ــ ئىچىشنى سادىر قىلىپ تۇرىمىز. دېمەك، ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش دېگەنلىك ۋاقىتلىق خۇشاللىقنىڭ ئازدۇرۇشىنى رەت قىلىپ، ئۆزىنىڭ خەيرلىك سەپىرىگە دەخلى يەتكۈزمەسلىكتۇر.

ئادىللىق قوشنىلارغا ئادىل مۇئامىلە قىلىش، ئۇلارغا زىيان ــ زەخمەت يەتكۈزمەسلىك، ئۇلارغا ياخشى جاۋاب قايتۇرۇشتىن ئىبارەت. ئادىللىق قانۇنغا ئىتائەت ۋە ئاما ئۈچۈن

ئىشلەش ئادىتىدىن شەكىللىنىدۇ. ئۇنىڭ مىساللىرىنى ھەممە يەردە ئۇچرىتىش مۇمكىن. يالغانچى، يانچۇقچى، تۆھمەتچى، ساختا گۇۋاھلىق بەرگۈچى، ئاغزىغا كەلگەن باھانى جۆيلۈيدىغان تىجارەتچى، ھۇرۇن ئىشچى دېگەندەكلەرنىڭ ھەممىسى ئادىل كىشىلەردىن ئەمەس.

تەبىر بېرىش ئەڭ قىيىن بولغىنى ئېھتىياتچانلىق، ئېھتىياتچان ئادەملەر بىر ئىشنى قىلغاندا ئەتراپلىق ئويلىنىدۇ. ئۇ كەڭ دائىرىدە ئەھۋال ئىگىلەيدۇ، كىشىلەردىن مەسلىھەت ئالىدۇ، ئىشنىڭ سالمىقىنى دەڭسەيدۇ. ئۇلار تولۇق خۇلاسە چىقارغاندىن كېيىن، ھەرىكەتكە ئۆتىدۇ، يەڭگىللىك ۋە تەنتەكلىكتىن ساقلىنالايدۇ. ھېسسىياتنىڭ كەينىگە كىرمەيدۇ، ھەتتا، بېسىم ئاستىدىمۇ يولىدا ئىش ئېلىپ بېرىشقا تىرىشىدۇ.

ئەگەر سەن پەرزەنتىڭنى ئاشۇ تۆت خىل پەزىلەتتە تەربىيىلىسەڭ، ئۇنىڭ ياخشى مېۋىسىنى تېتىيسەن. ئاگاھ بولغىنكى، بۇ خىزمەت ئاسان ئەمەس. ئەقىل ئۆگىنىش خاراكتېر يېتىلدۈرۈشتىن ئاسان. كونىلار دەرەخ ئون يىلدا، ئادەم يۈز يىلدا تەييار بولىدۇ دەيدۇ. بۇ گەپ ئەخلاقىي تەربىيىگە قارىتا ئېيتىلغان.

دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى ئەقىل پەزىلەتتەك مۇھىم بولمىسىمۇ، ئۇنىڭغا ئەھمىيەت بەرمەي بولمايدۇ. ئەقىل دېمەك چۈشىنىش (دىت)، بىلىش ۋە پاراسەت دېمەكتۇر. ئاساسىي مائارىپ مۇشۇلارنى تەربىيىلەيدۇ.

## 27. باتۇرلۇق

باتۇرلۇق كىشىلەر ماختايدىغان پەزىلەت، ئەمما كۆپ سانىدىكى ئادەم ئۇنىڭ مەنىسىنى ئېنىق بىلىپ كەتمەيدۇ. بىر

*ئادەتتە ئۇنى قورقماسلىق دەپ بىلىۋالىمىز، قورقماسلىق غەيرىي ئىنسانىيلىق ۋە غەيرىي نورماللىق چەمبىرىكىگە ئاسانلا كىرىپ قالىدۇ. باتۇرلۇق دېگەندە ئەسكەر، ئوۋچى، ئاتقا چىققۇچى، بەيگە ماھىرى قاتارلىق كىشىلەرنى ئويلايمىز. بۇلار ئاددىي كىشىلەردىكى جاسارەت بولۇپ، قۇۋۋەتلەشكە تېگىشلىك خىسلەت بولسىمۇ، ئاممىنى يېتەكلەيدىغان خۇسۇسىيەت ئەمەس. ئۇنداقتا، قىزىققان باتۇرلۇقتىن ھالقىپ ئۆتكەن ئەخلاقىي باتۇرلۇق مەۋجۇتمۇ؟ باتۇرلۇق دېگەن زادى نېمە؟*

---

باتۇرلۇق قەتئىيلىك دەپمۇ ئاتىلىدۇ. «قەتئىيلىك» نىڭ مەنىسىدىن بىز باتۇرلۇقنىڭ خەۋپ ـ خەتەر، ئازاب ۋە بېسىمغا ئۇزاققىچە بەرداشلىق بېرەلەيدىغان كۈچ ئىكەنلىكىنى بىلەلەيمىز.

بىراۋنىڭ ئازاب ۋە بېسىمغا دۇچ كەلگەندىكى تېز يۈكسەلمىلىكىگە ئاساسەن باتۇرلۇقنى قىزىققان باتۇرلۇق ۋە ئەخلاقىي باتۇرلۇق دەپ تۈرلەيمىز. يېقىلىق ياكى ئەسنىيە دەۋرىدە بىر ئادەم ئۆز ھاياتىنى بىرەر ئىشقا تەۋەككۈل قىلسا، بىز بۇنى قىزىققان باتۇرلۇق دەيمىز. ئەخلاقىي باتۇرلۇق بولسا ئىرادىدە نامايان بولىدۇ. بىر ئادەم چەتكە قېقىلغاندا ياكى قاتتىق ئازابلانغاندا، قىيىنچىلىق ياكى پېشكەللىككە ئۇچرىغاندا، ئۆزىنىڭ دىنىي ئېتىقادى، سىياسىي ئەقىدىسى ياكى بۈيۈك غايىسىدە تەۋرەنمەي چىڭ تۇرالىسا، بىز بۇ ئادەمنى ئەخلاقىي باتۇرلۇق ئىگىسى دەيمىز.

باتۇرلۇق مانا مەن دەپ چىقىپ تۇرمايدۇ. ئالىملار، سەنئەتكارلار ۋە دانىشلار ئۇزاق سەۋر ـ تاقەت ۋە قەتئىيلىك ئارقىلىق ئۆز خىزمىتىنى ئادا قىلىدۇ. بۇ خىل سەۋر ـ تاقەت ۋە قەتئىيلىك ئۇلارنىڭ باتۇرلۇقىدۇر، بىز باتۇرلۇقنى ئاددىي

كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشىدىنمۇ تاپالايمىز. ئۇلار ھەر قانداق قىيىنچىلىق ئالدىدا باش ئەگمەي، ئۈمىدسىزلىك ۋە مەجبۇرلاشلارغا پەرۋا قىلماي ۋەدىسىنى ئاقلايدۇ.

ئاددىيراق قىلىپ ئېيتقاندا، تۇرمۇشتىكى قەھرىمانلار كىتابتىكى قەھرىمانلاردەك چېلىقارلىق بولۇپ كەتمەيدۇ. ئۇلار ئاددىي يۇقىرا كىيىمدە بولۇپ، بىر باجگىر ياكى ئاپتوبۇس شوپۇرى بولۇشى مۇمكىن. ئۇلار يۇمشاق شىلەپە كىيىپ يۈرىشىدىغاندۇ؟ قورساقلىرى تومپايغان، ئولتۇراقلىرى شەھەر سىرتىدىكى ئۆي بولۇشى مۇمكىن. شۇڭا، بەزىلەر 20 - ئەسىردىكى ھەقىقىي ئېكسپېدىتسىيىچىلەر ئائىلە تىرىكچىلىكىنى ئۈستىگە ئالغان ئاتىلاردۇر، دېيىشىدۇ.

باتۇرلۇق قارامىلىق ۋە ۋەھشىيلىك ئەمەس، قورقماسلىقمۇ ئەمەس. قورقۇنچنى يېڭەلەيدىغان كۈچ بولغاندىلا باتۇر بولغىلى بولىدۇ. ھېچنېمىدىن قورقمايدىغان ئادەم قالتىس باتۇر بولالىشى مۇمكىن. لېكىن، ئۇ ھەقىقىي باتۇرلۇق خىسلىتىگە ئىگە ئەمەس. تىرىشىش بەدىلىگە كەلمىگەن نەرسىنىڭ نېمە قىممىتى بولسۇن. باتۇرلۇق قورقۇنچنى يېڭىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ھەقىقىي باتۇر ئادەم باش تارتقىلى بولمايدىغان ئىشقا دۇچ كەلگەندە، تېز يۈكسەك ئىرادە بىلەن شۇ ئىشقا مۇناسىۋەتلىك جاپا ۋە خەۋپ - خەتەرنى ئۈستىگە ئالالايدۇ. ئەكسىچە، ھېچقانداق ئويلىنىپ كۆرمەيلا خەتەرگە تەۋەككۈل قىلغان تەنتەكلەرنى باتۇر دېگىلى بولمايدۇ.

ئۇلۇغ مۇتەپەككۇرلارنىڭ قارىشىچە، قارامىلىق ۋە قورقۇنچاقلىقتىن ئىبارەت بۇ ئىككى سەۋەنلىكتىن خالىي بولغاندىلا باتۇر بولغىلى بولىدۇ. باتۇرلۇقتا مۇۋاپىق قورقۇشمۇ مەۋجۇت بولىدۇ، دېگەنىدى ئارىستوتېل. باتۇرلۇق خەۋپ - خەتەر ئۈستىدىن ئېنىق ھۆكۈم چىقىرىشنى تەلەپ قىلىدۇ. باتۇرلۇق خۇددى ئېپىكۇر ئېيتقاندەك ئىشەنچ بىلەن

ئېھتىياجىنىڭ مۇجەسسەمىدۇر. «مۇۋاپىق چېكىنىش قورقماي كۆرەش قىلىشقا ئوخشاشلا روھىي قۇدرەتنىڭ نامايەندىسى» دەيدۇ سېپىنوزا. دېمەك، بەزىدە چېكىنىشمۇ باتۇرلۇقتۇر. بۇ پەزىلەت كىشىنى ئەھۋالغا قاراپ تۇرۇپ چېكىنىش ياكى ئىلگىرىلەشكە ئۈندەيدۇ.

ئۇلۇغ ئەخلاقشۇناسلار باتۇرلۇقنى باشقا پەزىلەتلەردىن ئايرىپ قارىمايدۇ. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، باتۇرلۇق پەقەت ئۆزىنى تۇتۇۋالالايدىغان، ئادىل، ئېھتىياتچان ۋە پاراسەتلىك ئادەملەردىلا تېپىلىدۇ. ئۇلارچە تەۋەككۈلچىلىك ۋە بەرداشلىق پەقەت توغرا مەقسەت ئۈچۈنلا بولۇشى كېرەك. قاراقچىلىق ئۈچۈن خەتەرگە تەۋەككۈل قىلغانلارنى باتۇر دېگىلى بولمايدۇ، چۈنكى ئۇلار ناچار قىلمىش ئۈچۈن ۋەھىمىگە يۈزلەنگەن بولۇپ، بۇ پەقەت ساختا باتۇرلۇقنىڭ ئىپادىسى.

باتۇرلار شۇنىڭ ئۈچۈن جاپاغا چىدايدۇكى، ئۇلار ئىشنىڭ ئاقىۋىتىنى توغرا دەڭسىيەلەيدۇ. ئۇلارنىڭ باتۇرلۇقى پەقەت قارا كۈچلا ئەمەس ياكى قورساق سېلىپ سەمرىش ۋە راھەت ـ ئاراميشنى كەمسىتىشلا ئەمەس. ئۇلار تەندۇرۇسلۇق ۋە راھەتلىك ھاياتنى قەدىرلەيدۇ، لېكىن ئادالەتنى، مەسىلەن، ئائىلە ۋە دۆلەتنىڭ پاراۋانلىقى، ئىززىتىنى ۋە ئۇلۇغۋار غايىسىنى تېخىمۇ بەك قەدىرلەيدۇ.

---

## 28. كەمتەرلىك گۈزەل ئەخلاقمۇ؟

*دىن ئۇستازلىرى ھەمىشە بىزنى كەمتەرلىككە ئۈندەيدۇ. ئەگەر بىز ئۆزىمىزنى تەشۋىق قىلساق، ئۆزىمىزنى ۋە مۇۋەپپەقىيىتىمىزنى كۆپ ئويلاپ كەتسەك، بۇ كەمتەر*

*بولمىغانلىق دەپ قارىلىدۇ. كەمتەرلىك راستىنلا گۈزەل ئەخلاقمۇ؟ كىشىلەر ئۆزىگە ۋە ئۆزىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرىگە رېئال مۇئامىلە قىلسا بولامدۇ؟ كىشىلەر ئۆز نىسپىسى ئۈچۈنمۇ خىجىل بولۇشى كېرەكمۇ؟*

---

كلاسسىك پەلسەپىلەر ۋە قەدىمكى ھەر خىل مەزھەپتىكى يەھۇدىي دىنى، خرىستىئان دىنى مەغرۇرلۇق ۋە كەمتەرلىككە ھەر خىل باھالارنى بېرىدۇ. بۇ باھالار پەلسەپە ئېتىكىسى ۋە دىن ئېتىكىسىنى شەكىللەندۈردى.

ئارىستوتېل ئۆزىنىڭ ئېتىكىسىدا پازىل ۋە كەڭ قورساق كىشىلەر ئەڭ ئالىيجاناب ئادەملەردۇر دېگەن. بۇنداق ئادەملەر ئۆزىنىڭ خاراكتېرىدىكى ۋە مەنىۋىيىتىدىكى پەزىلەتلەر ئۈچۈن مەغرۇرلىنىشقا ھەقلىق. ئۇنىڭدا مۇۋاپىق غۇرۇر ۋە ئىپتىخار بولسا ئەرزىيدۇ. كەڭ قورساق كىشىلەر ئۆز سالاھىيىتىنى بىكىتىش لاياقىتىگە ئىگە كىشىلەر تەرىپىدىن بېرىلگەن شەرەپنى ماڭا بېرىلگەن ھەققانىي مۇكاپات دەپ قوبۇل قىلىدۇ. ئۇلار يەنە پەزىلەتسىز ئادەملەرنىڭ ساختا پاسائەتلىك سۆز ـ ئىبارىلىرىغا، شۇنداقلا كۆپچىلىكنىڭ ماختاشلىرىغا پاكى بەرگەن «دەھرىيلىك نام ـ ئاتاق»لىرىغا پەرۋا قىلىپ كەتمەيدۇ.

مۇۋاپىق مەغرۇرلۇق پەزىلەتتۇر، نامۇۋاپىق ھالدا ئۆزىنى چۆكتۈرۈش سەۋەنلىكتۇر. ئارىستوتېلنىڭ قارىشىچە شۆھرەت بىلەن كەمتەرلىك كەڭ قورساق مەغرۇرلۇققا زىت بولغان ئىككى خىل زىيادە رەزىللىكتۇر. شۆھرەتخور ئادەم ئۆزىگە تېگىشلىك بولمىغان شان ـ شەرەپنى قوغلىشىدۇ. كەمتەر ئادەم ئۆزىگە تېگىشلىك بولغان شان ـ شەرەپكىمۇ ئېنتىلمەيدۇ ياكى پۈتۈنلەي كېرەك قىلمايدۇ. ئارىستوتېلنىڭ نەزىرىدە، زىيادە كەمتەر ئادەملەرنىڭ بىمەنىلىكى خۇددى شۆھرەتخۇمار ئادەملەرگە ئوخشاشلا كىشىنى بىزار قىلىدۇ. چۈنكى، ئۇنداق ئادەملەردە

غورۇر كەم. ئارىستوتېلنىڭ قارىشىچە، مۇۋاپىق غورۇر ئالىيجاناب ئادەملەردە بولمىسا بولمايدۇ.

«ئىنجىل» دا پاكى خىرىستىئان ئەقىدىلىرىدە ئىش دەل بۇنىڭ ئەكسىچە. غورۇر، ئىپتىخار، ئۆزىگە تايىنىدىغان قاتارلىقلار كەچۈرگۈسىز گۇناھ بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئەكسىچە، كەمتەرلىك، پېقىرلىق ۋە مۇلايىملىق تەڭداشسىز پەزىلەت دەپ قارىلىدۇ. «قەسىدىلەر» دە تەرغىب قىلىنىشىچە، خۇداغا ئىشىنىش مەڭگۈلۈك كاپالەتتۇر ۋە ئەمىنلىكتۇر. «بېشارەتنامە» دە دېيىلىشىچە، «كۆڭلى پېقىر ئادەملەر» كىشىلەر ئارىسىدىكى ھىدايەت تاپقۇچىلاردۇر (ئۆزىگە مۇۋاپىق ھالدا مەغرۇرلىنىپ باھا بەرگۈچىلەر ئەمەس).

ئىيسا ئېيتىدۇكى، كىشى شان ـ شەرەپ ۋە ئىمتىيازدىن، ئۇستازلىق شەۋكىتىدىن ئۆزىنى تارتىشى لازىمدۇر. خىرىستىئان مۇخلىسلىرىنىڭ ئۆلگىسى خوجايىن ئەمەس، بەلكى قۇل ياكى چاكاردۇر. خىرىستىئان مۇخلىسلىرى ئالىي مەرتىۋە ياكى شان ـ شەرەپنى قوغلاشمايدۇ. «مەغرۇرلار سەرنىگۇن[①] بولغاي، پېقىرلەر ئېتىبارلىق بولغاي.» ئىيسانىڭ ئۆز مۇخلىسلىرىنىڭ پۇتىنى يۇيۇپ قويۇشى بۇ گەپنى ئىسپاتلايدۇ.

«ئىنجىل» دىكى بۇ خىل قاراش شەخسنىڭ پەزىلىتىنى چۈكتۈرمەيدۇ، ئەمما ئۇ بارلىق پەزىلەت ۋە ياخشىلىقلارنى خۇداغا تەۋە دەپ قارايدۇ. ھۆرمەت ۋە شان ـ شەرەپكە لايىق بولغىنى خۇدادۇر، ئۇنىڭدىن ئۆزگە ھېچكىم ئەمەس. «يېڭى ئەھدە»، «لۇقا» لاردىكى بۇۋى مەريەم قەسىدىلىرىدە بۇنداق پوزىتسىيە يارقىن كۆزگە تاشلىنىدۇ. يەھۇدىيلارنىڭ دىنىي مۇراسىملىرىدا ئۆلگەنلەرنىڭ ئىش ـ ئىزلىرى ئەمەس، پەقەتلا خۇدا مەدھىيىلىنىدۇ. «ئىنجىل» نىڭ قارىشىچە، پەقەت خۇدالا مۇكەممەل ۋە ئۇلۇغ.

① بېشى تۆۋەن

خىرىستىئان مۇخلىسلىرىنىڭ پېقىرلىقنى دوستويېۋسكىي ئەڭ جانلىق ئىپادىلەپ بەرگەن. ئۇ ئۆز رومانلىرىدا پېقىرلىق ۋە قۇربان بېرىشلەرنىڭ قۇتقۇزغۇچلۇق قىممىتىنى تەرغىب قىلغان. خىرىستىئانلارنىڭ پېقىرلىقىغا كۈچىنىڭ بارىچە قارشى تۇرغىنى نېچچىبەدۇر. ئۇنىڭ قارىشىچە، خىرىستىئانلارنىڭ ئېتىكىسى بۇزغۇنچى خاراكتېرلىك ئىنقىلاب بولۇپ، ھەممىنى ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىۋېتىدۇ. خىرىستىئان ئېتىكىسى دېمەك، ئاجىزلار ۋە چاكىنىلارنىڭ كۈچلۈكلەر ۋە ئۇلۇغلارغا يۈرگۈزگەن قىساسخورلۇق خاراكتېرىدىكى «قۇللار ئەخلاقى» دۇر.

ئاكۇينا بىر مۇرەسسەچى سۈپىتىدە ھەممىنى كېلىشتۈرۈشكە ئۇرۇندى. ئۇنىڭچە، بىر خىرىستىئاننىڭ ئۆزىنى «ئۇلۇغۋار» دېگەن ۋاقتى ئۇنىڭ دەل كەڭ قورساقلىقىنى ئىشقا سالغان ۋاقتىدۇر. چۈنكى، بۇ خۇدانىڭ ئۇلارغا قىلغان سۆيگۈسىدۇر. «ئۇلۇغۋارلىق» خۇدانىڭ گۈزەل ئەسىرى، ئۇلۇغ كىشىلەرنىڭ ئىشقا ئاشۇرغىنى خۇدا ئاتا قىلغان كىشىلىك تەبىئەتتۇر. خىرىستىئان مۇخلىسلىرى ئۆز تەبىئىتىدىكى ئاجىزلىق تۈپەيلىدىن خۇدانىڭ سۆيگۈسىنى ئىشقا ئاشۇرالمىغاندا، ئۆزىنى ئەرزىمەس دەپ قارىشى پېقىرلىق بولىدۇ. پېقىرلىق دېمەك، باشقىلارنى ئىززەتلەش ۋە ھۆرمەتلەشتۇر. بۇ خۇدانىڭ ھىممىتىگە نىسبەتەن باشقىلار مەندىنمۇ ياخشى دەپ قاراشتىن كېلىپ چىقىدۇ.

---

## 29. مەقسەت ۋە ۋاستە

مەقسەت ۋاستىنى ئاقلامدۇ؟ ياخشى مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن ناچار ۋاستە ئىشلىتىشنىڭ نەرى خاتا؟ كىشىلىك

## ھاياتنىڭ ئۇزۇن مۇساپىسىدە بەختەرلىك ۋە مۇۋەپپەقىيەت ئۈچۈن خۇپىيانلىك بىلەن ئالدامچىلىق بەزىدە زۆرۈر ئەمەسمۇ؟

---

بىز ئاۋۋال كۆپ تىلغا ئېلىنىدىغان «مەقسەت ۋاستىنى ئاقلايدۇ» دېگەن سۆزىدىكى «ئاقلاش» نى چۈشىنىپ باقايلى، ئاندىن يۇقىرىقى سوئاللارغا جاۋاب بېرەيلى.

ئەگەر مەلۇم بىر ئىش «يوللۇق» دېيىلسە، ئۇ پەقەتلا توغرا بولدى دېگەنلىكتۇر. ئەگەر بىر مەكتەپنىڭ نەتىجىسى ئۆلچەمگە يەتمىگەن بىر ئوقۇغۇچىنى ئوقۇشتىن چېكىندۈرۈشنى «يوللۇق» دېگەن بولساق ، بىز ئۇ مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچىلارنى ئۆزلىرى چىقارغان ئۆلچەمگە لايىقلىشىش جەھەتتىكى تەلەپلىرىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەن بولىمىز. شۇنداق ئىكەن، ئۇ مەكتەپنىڭ ئۆز ئۆلچىمىگە لايىقلاشمىغان ئوقۇغۇچىلارنى قايتۇرۇۋېتىشى توغرا بولغان بولىدۇ.

ئەگەر مەلۇم بىر ئادەم ئۆزى تېخى تاپشۇرۇۋالمىغان مالغا پۇل تۆلەشنى رەت قىلسا، بىز ئۇنى يوللۇق دەيمىز. ئەگەر ئۇنىڭ ئۆيىدىكىلەر مال ئالغانلىق ھەققىدە ھۆججەت بېرىپ، ئۇنىڭغا ئېيتمىغان بولسا، دۇكاندارنىڭ پۇل تۆلەش ھەققىدىكى تەلىپىمۇ «يوللۇق» بولىدۇ.

دېمەك، دۇنيادا بىرەر ۋاستىنى پەقەت مەقسەتلا يوللۇق قىلالايدۇ. ۋاستە مەقسەتكە باغلانغاندا ۋە ئۇنىڭغا ئۈيغۇن كەلگەندە توغرا بولىدۇ. مەلۇم بىر ئىشنى مەلۇم بىر مەقسەتكە يېتىشنىڭ يولى قىلىش بىز ئېيتقان بىرىنچى مەسىلە بىلەن ئوخشاپ كېتىدۇ. ئەمما، بۇ ۋاستە بىزنى مەقسىتىمىزگە يەتكۈزەلەمدۇ؟ ئەگەر يەتكۈزەلمىسە ئۇ ئىشلىتىشكە تېگىشلىك نورمال ۋاستە بولالامدۇ؟

بۇ يەردە ئېنىقلاشقا تېگىشلىك بولغىنى كىشىنىڭ

كۆڭلىدىكى مەقسەتتۇر. بۇ مەقسەت ئوغرىلىق، سۇيىقەستكە ئوخشاش ئىنتايىن خاتا مەقسەت بولسا، ئۇنىڭغا يېتىش ئۈچۈن قوللىنىلغان ۋاسىتە ھەر قانچە مۇۋاپىق بولغاندىمۇ، ئۇنى توغرا دېگىلى بولامدۇ؟ دىققەت قىلىش كېرەككى، مەقسەت ئىشقا ئاشقان بولسىمۇ، ئۇ ئەخلاق جەھەتتىن بەربىر خاتا بولىدۇ ھەم يولسىز بولىدۇ.

ئەمدى بىز مەسىلىنىڭ نېگىزىگە كەلدۇق. مەقسەت خاتا بولغانىكەن، ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ بارچە ئۇرۇنۇشلىرىمۇ خاتادۇر. شۇڭلاشقا، ناچار مەقسەت ئەخلاق جەھەتتە ھەر قانداق ۋاسىتىنى ئاقلىيالمايدۇ.

مەقسەت توغرا بولسىچۇ؟ ئەگەر ياخشى مەقسەت ئۈچۈن كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقلىرىمىز ئەخلاق جەھەتتىن ئۇيغۇن بولسا، قانداق ۋاسىتە ئىشلىتىشىمىزدىن قەتئىينەزەر، ئۇ ئەخلاققا ماس كېلەمدۇ؟ يۇقىرىقى تەھلىل بويىچە بۇ مەسىلىگە «ماس كېلىدۇ» دەپ جاۋاب بېرىش كېرەك. ئەگەر مەقسەت ھەقىقەتەن ياخشى بولسا، ئۇنىڭغا يېتىش ئۈچۈن قوللىنىلغان ۋاسىتىمۇ مەقسەتكە ئۇيغۇن بولسا ھەم بىردىنبىر ئۇيغۇن بولسا، بۇ ۋاسىتىدە خاتالىق بولماس! مەقسەت ئۇنى يوللۇقلاشتۇرىدۇ، بىزنىڭ ئۇنى قوللىنىشىمىزمۇ تەبىئىي ھالدا يوللۇق بولىدۇ.

يۇقىرىقى گەپلەر بىلەن بولۇپ كېتىپ، مۇنداق بىر ئىشقا سەل قارىدۇق: مەلۇم بىر ھەرىكەتنىڭ ئۆزى ئەخلاق جەھەتتىن توغرا بولمىسا، قارىماققا بولىدىغاندەك كۆرۈنسىمۇ، ئۇنى ياخشى مەقسەتكە مۇۋاپىق كېلىدۇ دېگىلى بولمايدۇ. ھوقۇقدارلار ئۆزىنىڭ زوراۋانلىقلىرى ۋە ئالدامچىلىقلىرىنى ھەمىشە ئاقلاپ سۆزلەيدۇ، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ كىشىلەرگە ئادالەتسىز قىلمىشلىرىنى جەمئىيەتكە پايدىلىق قىلىپ كۆرسىتىدۇ ۋە ئۇنى يوللۇق دەپ ئاتايدۇ. ياخشى بىر جەمئىيەتكە، ھەممە يۇقىراغا ئادالەت بېرىدۇ. ھۆكۈمەت ئادالەتسىز ۋاسىتىلەر ئارقىلىق

ئادالەت كۆرسىتىمەن دېسە، بۇ كىشى قارىماققا ئادىلدەك كۆرۈنسىمۇ، ماھىيەتتە، ئۇ يېڭى بىر ئادالەتسىزلىكنى بارلىققا كەلتۈرگەن بولىدۇ. بۇنداق ھۆكۈمەتنىڭ ئەمەلگە ئاشۇرغىنى ھەقىقىي ئادالەت ئەمەس. بۇ ناھايىتى ئاددىي قائىدە. بىر ئادەمنىڭ ناچار ۋاستىلەر ئارقىلىق ياخشى مەقسەتكە يېتىشى بەئەينى ناچار ماتېرىياللار ئارقىلىق ئېسىل ئۆي سالغان دېگەنلىكتۇر.

ئەستايىدىل تەتقىق قىلساق، مەقسەت ۋاستىنى ئاقلايدۇ دېگەن سەپسەتىگە ئالدىنىپ كېتىمىز. بىز مەقسەتنىڭ ھەقىقىي توغرا ـ خاتالىقىنى ئېنىق بىلمىگەندە، ۋاستىنىڭ مەقسەتنىڭ يوللۇقلىقىغا كۆرسىتىدىغان تەسىرىنى ئىنچىكە تەكشۈرمىگەندە مۇجمەللىشىمىز. بۇنداق مۇجمەللىك ھوقۇق سىياسىتى ۋە ئۇرۇشلاردا كۆپ كۆرۈلىدۇ. چۈنكى، بۇ ساھەدە مۇۋەپپەقىيەت بىردىنبىر مەقسەت بولۇپ قالىدۇ ـ دە، ئۇنىڭغا يېتىش ئۈچۈن قوللىنىلغان ھەر قانداق ۋاستە يوللۇق دەپ قارىلىدۇ. مۇۋەپپەقىيەت بەلكىم ۋاستىنى ئۆلچەيدىغان ۋاقىتلىق ئۆلچەم بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. ئەمما، بۇ باشقا بىر ئىش، ئەخلاقمۇ ئايرىم بىر ئىش.

## 30. قىممەتنىڭ نىسبىيلىكى

*تارىخ ۋە ئىنسانشۇناسلىق ئۇقتۇرىدۇكى، ئوخشىمىغان مىللەت ۋە مەدەنىيەتتە، ئەخلاقىي ئۆلچەم ۋە مەدەنىيەتنىڭ پەرقى چوڭ بولىدۇ. نېمە توغرا، نېمە خاتا، ياكى قايسىسى ھەقىقەت، قايسىسى بىدئەت، بۇنى ئايرىيدىغان چېگرا نېمە؟*

«يۈتۈنلەي توغرا نەرسە مەۋجۇت ئەمەس، يۈتۈنلەي خاتا نەرسىمۇ مەۋجۇت ئەمەس، نىمىنىڭ توغرا، نىمىنىڭ خاتالىقى ئىنسانلارنىڭ تەپەككۇرىغا باغلىق» دىگەندى شىكىسپىر.

شىكىسپىر بۇ سۆزنى 16 ـ ئەسىردىكى فرانسىيىلىك ئەسەرچى مونتاگىندىن ئالغان. مونتاگىن شۇبھىسىزكى، ئەخلاق جەھەتتىكى نىسپىيەتچى ھەم زامانىسىدىكى ئىجتىمائىي پەنلەرنىڭ ياراتقۇچىسى. ئۇ ئەخلاقىي ھۆكۈم قىلغۇچى تەۋە بولغان جەمئىيەتنىڭ ئەنئەنىسى ۋە ئۆرپ ـ ئادىتىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ، دەيتتى. ئۇ مەلۇم بىر ئەخلاق سىستىما پەقەت مەلۇم بىر رايوننىڭ قىممەت ئۆلچىمىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ، دىگەندى. مەلۇم بىر مەدەنىيەت ياكى جەمئىيەت ئۈچۈن توغرا بولغان نەرسە، يەنە بىر جەمئىيەت ياكى مەدەنىيەت ئۈچۈن خاتا بولۇشى مۇمكىن. ئۇ يەكۈنلەپ شۇنداق دىگەندى: ئوبيېكتىپ جەھەتتىن توغرا ۋە خاتا دىگەن نەرسە بولمايدۇ، ھەممە ئادەم ئۈچۈن توغرا ـ خاتانى بەلگىلەپ بېرىدىغان يولمۇ يوق.

يەنە بىر تۈركۈم رادىكال ئەخلاق نىسپىيەتچىلىرىنىڭ قارىشىچە، ھەر قانداق ئەخلاقىي ھۆكۈم پەقەت شەخسنىڭ خاھىشى تەرىپىدىنلا بەلگىلىنىدۇ. مەلۇم قىلىق ياكى پوزىتسىيە (تۇتۇم) نى ياخشى ـ يامان دېيىش خۇددى «مەن شاكىلاتنى ياخشى كۆرىمەن» ياكى «مەن سۈتنى ياخشى كۆرمەيمەن» دىگەندەك ئوبيېكتىپ ئۆلچىمى يوق گەپلەردۇر. بۇ يەردىكى ئۆلچەم پەقەت خاھىشتىنلا ئىبارەت. مانا بۇ مەسىلىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك تەرىپى.

لېكىن، ئەھۋال ئۇنچىلىكمۇ ئەمەس. تەبىئىي ئەسەرلەرگە باھا بەرگەندە، ئۇنىڭ ئوبيېكتىپ ئۆلچىمى بولۇشى كېرەك، دەپ ئويلايمەن (79 ـ ماۋزۇغا قاراڭ). دېمەك، بەدىئىي

ئەسەرلەرگە بېرىلگەن باھا سۇبيېكتىپ بولماستىن، ئوبيېكتىپ بولىدۇ، ئۇنىڭ خاھىش بىلەن ئالاقىسى يوق. چۈنكى، گۈزەللىك شەخسنىڭ خاھىش مەسىلىسى ئەمەس، بۇنىڭغا گەپ كەتمەيدۇ.

گۈزەللىككە مۇۋاپىق كېلىدىغان ئۆلچەم ياخشى ـ يامان، توغرا ـ خاتالارغىمۇ مۇۋاپىق كېلىشى كېرەك. بىز بىراۋنىڭ مەلۇم بىر بەدىئىي ئەسەرگە قارىتا زوقلىنىش ئىقتىدارىنىڭ بار ـ يوقلۇقىنى ئايرىغاندەك، ئۇنىڭ باھا ئۆلچىمىگە قاراپ تۇرۇپ ھەقىقىي بەدىئىي ئەسەرنى تونۇيدىغان ـ تونۇمايدىغانلىقىنى بىلىمىز. ئوخشاشلا توغرا دەپ قارالغان پاكى راستىنلا توغرا بولغان ئىشقا قوشۇلۇشى ـ قوشۇلماسلىقىغا قاراپ تۇرۇپ، ئۇنىڭ ئەخلاقىي مەسىلىگە بولغان قارىشىنىڭ ساغلام پاكى ساغلام ئەمەسلىكىنى ئايرىيمىز.

ئەمدى «ھەقىقىي ياخشى» بىلەن «يۈزەكى ياخشى» نى ئايرىشىمىز كېرەك. ئەگەر ئۆزۈم ئېھتىياجلىق بولغان پاكى ئۆزۈم ياخشى كۆرگەن نەرسىنى ياخشى دېسەم، بۇنىڭدا تەنقىدىي ھۆكۈم بولمىغان بولىدۇ. ئەگەر مەلۇم بىر نەرسە ياخشى بولغاچقا، ئۇنىڭغا ئېرىشىشىم كېرەك دەپ قارىسام، بۇنىڭدا «ھەقىقىي ياخشى» بىلەن «يۈزەكى ياخشى» نى پەرقلەندۈرگەن بولىمەن.

پۇلنى قوغلىشىپ باشقا ئىشلار بىلەن كارى بولمايدىغان بېخىللارغا نىسبەتەن، ئەڭ لازىملىق نەرسە پۇلدىن ئىبارەت. ئۇلار بىر تەرەپتىن پۇل يىغىدۇ، يەنە بىر تەرەپتىن خىجىلمەي چىڭ ساقلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ قورسىقى ئاچ، كىيىمى يىلىڭ، تېنى ئاجىز ھالەتكە چۈشۈۋالىدۇ. ھەتتا باشقىلار بىلەن ئۈچرىشىشتىن ئۆزىنى تارتىدۇ، ئۆزىنى بىلىم ۋە مەدەنىيەتتىن

ئېرىشىدۇ. ئۇنى ئۆزىنىڭ دىتى بىلەن ياشىدى دېيىشكە بولىدۇ. لېكىن، سەن ئۇنى خۇشال ياشىدى دەپ ئويلامسەن؟

ئەلۋەتتە ئۇ خۇشال ئەمەس. ھەممە ئادەمنىڭ بۇنداق دېيىشى تۇرغانلا گەپ. كۆپچىلىك ئۇنى ھاماقەت دەيدۇ، ئۇنى ئۆمۈر بويى راھەت كۆرمىدى، بەختنىڭ نېمىلىكىنى بىلمىدى دەپ قارايدۇ. بىزنىڭ بۇنداق بىردەك پىكىرگە كېلىشىمىزدىكى سەۋەب شۇكى، بىز ئىنساندىكى تەبىئىي ئېھتىياج ھەققىدە يېتەرلىك تونۇشقا ئىگە. تەبىئىي ئېھتىياج ئەلۋەتتە، قانائەتلەندۈرۈلۈشى كېرەك. بۇنداق ئېھتىياجنى قاندۇرۇش جەھەتتىكى ئىشلارنىڭ ياخشىلىقىدا گەپ يوق. بىلىم راستتىنلا ياخشى بولغاچقا، كىشىلەر ئۇنىڭغا ئىنتىلىدۇ. دوستلۇق ھەقىقەتەن ياخشى. چۈنكى، ئىنسانلار توپلىشىپ ياشايدىغان مەخلۇق بولغاچقا، ئىناقلىق ۋە مۇھەببەتكە موھتاج بولىدۇ. ئوزۇق - تۈلۈك، كىيىم - كېچەك ۋە تۇرالغۇلار ھەقىقەتەن ياخشى. چۈنكى، ھاياتلىقىمىز ئۇنىڭغا موھتاج.

ئۇ نەرسىلەر ئاڭلىق ياكى ئاڭسىز رەۋىشتە ھەممە كىشى ئۈچۈن زۆرۈردۇر. بىراۋ بايلىق، ھوقۇق ۋە نام - ئاتاققا ئىگە بولغىنىدا مۇنداق دېيىشى مۇمكىن: مەن ئۆزۈم ئىزدىگەن ھەممە نەرسىگە ئېرىشتىم، لېكىن بۇلار ياخشى كىشىلىك ھايات ئۈچۈن زۆرۈر بولغان نەرسىلەرنىڭ ئورنىنى باسالمايدۇ. يوشۇرۇن رەۋىشتىكى ئوزۇقلۇق يېتىشمىگەن بىر ئادەمگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، بىر قېتىملىق تويغۇدەك تاماق يېيىشنىڭ نەتىجىسى يەنىلا ئاۋالقىدەك بولىدۇ.

بىز ئۈچۈن نېمىنىڭ ھەقىقىي ياخشىلىقىنى ئادىمىيلىك بەلگىلەيدۇ. بەزى نەرسىلەر يۈزەكى قارىغاندا، بىز ئۈچۈن ياخشى ياكى پايدىلىق بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى، ئۇلار قارىماققا بىز ئىنتىلگەن نەرسىلەردۇر. ئەمەلىيەتتە ئۇلار ھەقىقىي ياخشى

نەرسىلەر ئەمەس، بىز ياخشىلىق تەبىئىتىمىزنى ئىشقا ئاشۇرالىغاندا، ھەقىقىي ياخشىلىققا يېتەلەيمىز. جەمئىيەتتە بولۇۋاتقان ئىشلار ۋە شەخسىي خاھىشلار ئۇنى ئۆزگەرتەلمەيدۇ.

---

## 31. تەبىئەت قانۇنىنىڭ ئەھمىيىتى

*«تەبىئەت قانۇنى» دېگەن ئاتالغۇنى ئىشلەتكەندە بىر خىل قىيىنىلىمەن. تەبىئەت پرىنسىپىنىڭ نېمىلىكىنى چۈشىنىمەن، ئۇنى تەبىئىي پەن تەتقىقاتلىرىدىن ئۆگەنگەندىم. بىراق، نۇرغۇن يازغۇچىلار «تەبىئەت قانۇنى» نى ئىشلەتكەندە، گويا ئۇ توغرا ـ خاتا بىلەن، ۋىجدان ئاۋازى بىلەن مۇناسىۋەتلىكتەك يەككە ساندا ئىشلىتەتتى. مەن تەبىئەت قانۇنى بىلەن ئەخلاقىي مەسىلىلەرنىڭ قانداق مۇناسىۋىتىنىڭ بارلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلالمايمەن.*

---

ئالدى بىلەن شۇنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش كېرەككى، بىز «تەبىئەت قانۇنى» دېگىنىمىزدە، ئىنسانلارنىڭ پائالىيەت پرىنسىپىنى كۆزدە تۇتىمىز، ئۇ ھەرگىزمۇ فىزىكىدىكى «تەبىئەت پرىنسىپى» نى كۆرسەتمەيدۇ. تەبىئەت قانۇنىنى ھىمايە قىلىدىغان كۆپ ساندىكى مۇتەپەككۇرلارنىڭ قارىشىچە، تەبىئەت قانۇنى بەشەرىيەت ( 人文 ) ۋە غەيرىي بەشەرىيەت ساھەسىدە رول ئوينىماقتا، ئۇلار بۇ قانۇننى ئىنسانغا تەتبىقلاشقا بەكرەك قىزىقاتتى. بۇ مۇتەپەككۇرلارنىڭ قارىشى بويىچە بولغاندا، ماددىي دۇنيادىكى ۋە ھايۋانلاردىكى تەبىئەت قانۇنىغا خىلاپلىق قىلىش مۇمكىن ئەمەس. پىلانېتلار ۋە ئاتوملار

ئۆزىدىكى قانۇنىيەتكە ھەرگىزمۇ ئاسىيلىق قىلغان ئەمەس. لېكىن، ئىنسانلار بولسا بۇنىڭ ئەكسىچە. ئىنسانلار ئۆزىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى شەكىللەندۈرگەن ئەخلاقىي قائىدىلەرگە ھەمىشە خىلاپلىق قىلىدۇ.

تەبىئەتنىڭ ئادىل تەرتىپى دېگەن بۇ ئۇقۇم كونا ھەم ئومۇمىي ئۇقۇملارنىڭ بىرى. ئىنسانلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق شەيئى بۇنىڭغا بويسۇنۇشى كېرەك. بۇ ئۇقۇم قەدىمكى ھىندىستان ۋە جۇڭگونىڭ دىن، پەلسەپە سىستېمىسىدىكى ئاساسلىق پرىنسىپلاردىن كەلگەن بولۇپ، ئۇنى قەدىمكى يۇنان پەلسەپىسىدىمۇ ئاپقىلى بولىدۇ. ئەپلاتون بۇ ئۇقۇمنى «ئادالەت» دەپ ئاتىغان بولۇپ، ئۇنى روھ ۋە پائالىيەتكە تەتبىقلىغان.

غەربتىن، بولۇپمۇ رىم قانۇنچىلىرى ۋە ئوتتۇرا ئەسىر ئىلاھىيەتشۇناسلىرىنىڭ ئەسەرلىرىدىن بەشەرىيەتكە دائىر تەبىئىي ئەخلاقىي قانۇن ئەلىماتلىرىنى قىيىنالمايلا تاپالايمىز. ئۇ ئەخلاق ئۆلچىمىنىڭ مەنبەسى، شۇنداقلا ئەخلاق ھەم دۆلەت قانۇنىنى ئۆلچەيدىغان ئادالەت ئۆلچىمى. ئەگەر بىر دۆلەتنىڭ قانۇنى تەبىئەت قانۇنىغا زىت بولسا، كىشىلەر ئۇنى ئادالەتسىز قانۇن دەپ قارايدۇ.

تەبىئەت قانۇنىنىڭ بىرىنچى پرىنسىپى يامانلىقتىن ئۆزىنى تارتىپ، ياخشىلىققا مايىل بولۇشتۇر. ئۇ ھەمىشە مۇنداق سادا ياڭرىتىدۇ: «كىشىگە ياخشىلىق قىل، كىشىگە زىيان - زەخمەت سالما، لېكىن ئۆزۈڭگە مەنسۇپ نەرسىلەرنى بىرىۋېتىشىڭنىڭ ھاجىتى يوق». بۇ پرىنسىپ تەشكىللاشقان بىر جەمئىيەتتە ھاجەتسىز بولسىمۇ، لېكىن ئوخشىمىغان شەكىلدىكى ھەق - ناھەقنى ئىنچىكە چۈشەندۈرۈشتە لازىم بولىدۇ. دەل ئادەملەر تەرىپىدىن تۈزۈلگەن، ئىسپاتتىن ئۆتكەن قانۇنلار ئىشقا ئاشۇرماقچى بولغان نۇقتا ئىدى.

تەبىئەت قانۇنى بىزگە ئوغرىلىق قىلىش خاتا دەپ ئاگاھلاندۇرىدۇ. چۈنكى، ئۇ زىيان ــ زەخمەت كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. سىناقتىن ئۆتكەن ئوغرىلىقنى جازالاش قانۇنى تىپى ۋە دەرىجىسى ئوخشىمىغان ئوغرىلىقلارنى بېكىتىپ، ھەر خىل جازالارنى بېرىدۇ.

ئايرىم ھۆكۈملەر بەلكىم ماكان ۋە زامان شارائىتى تۈپەيلىدىن پەرقلىق بولۇشى مۇمكىن. لېكىن، تەبىئەت قانۇنىنىڭ ئاساسىي پرىنسىپىغا تەسىر يەتكۈزمەيدۇ. ئاكۋىنا ۋە ئارىستوتېلنىڭ قارىشىچە، ھەر خىل قانۇنىي ماددىلار ماكان ــ زامانغا قاراپ ئۆزگىرىدۇ.

ئادەم تەبىئەت قانۇنىنى قانداق بىلىدۇ، دەپ سورىشىڭىز مۇمكىن. بۇنىڭغا تەبىئەت قانۇنى مۇتەپەككۇرلىرى، ئادەم تەبىئەت قانۇنىنى ئۆزىنىڭ ئەقلى ۋە ۋىجدانى ئارقىلىق بىلىدۇ، دەپ جاۋاب بېرىدۇ. تەبىئەت قانۇن تەلىماتى كۆرسىتىدۇكى، ئىنساندا بەزى تەبىئىي ئېھتىياجلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئالاھىدە تەبىئىي خۇسۇسىيەت بولىدۇ. شۇنداقلا ئاشۇ تەبىئىي ئېھتىياجدىن كېلىپ چىققان ھەم ئىنسان ئۈچۈن ھەقىقىي ياخشى بولغان شەيئىلەرنى تونۇيدىغان ئەقلىي ئىقتىدارمۇ بولىدۇ.

ئاكۋىنا ۋە لوك قاتارلىق خىرىستىئان مۇتەپەككۇرلىرى تەبىئەت قانۇنىنى خۇدا بەلگىلىگەن دەپ قارايدۇ. خۇدا ھەر بىر نەرسىنى ياراتقاندا، ئۇنىڭغا تەبىئىي خۇسۇسىيەتنىڭ ئېلېمېنتلىرىنىمۇ يۇغۇرۇۋەتكەن. «مۇستەقىللىق خىتابنامىسى» دە مۇنداق بىر سۆز بار: «تەبىئەت ۋە تەبىئەت ئىلاھىنىڭ پرىنسىپى». بۇ سۆز خىرىستىئانچە تەبىئەت قانۇنى قارىشىدىن كېلىپ چىققان. لېكىن، بۇنداق ئىلاھىيەت نۇقتىئىنەزىرى تەبىئەت قانۇنىنى ياقىلايدىغان يازغۇچىلارنىڭ ئەسەرلىرىدە كۆپ كۆرۈلمىگەن. بۇنىڭغا ئەپلاتون خىرىستىئان دىنى بارلىققا كېلىشتىن بۇرۇنقى، ئارىستوتېل، سىسېرو يەنە

يېقىنقى زامان پانىيەتچى پەيلاسوپلىرى كانت ۋە گېگېل قاتارلىقلار سەۋەبچى بولغان.

تەبىئەت قانۇنچىلىق پەلسەپىسى شەكىللەنگەندىن بېرى، ئۇنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئىنكار قىلىدىغان نۇرغۇن كىشىلەر ئوتتۇرىغا چىقتى. مەلۇم نۇقتىدىن ئېيتقاندا، شۇنى ئېتىراپ قىلماي تۇرالمايمىزكى، تەبىئەت قانۇنىغا قارشى تۇرغۇچىلار تەبىئەت قانۇنى بارلىققا كېلىشتىن بۇرۇنلا بار ئىدى، چۈنكى تەبىئەت قانۇنى ياكى ئادالەت ئۇقۇمى قەدىمكى يۇناندا مۇنازىرىچى پەيلاسوپلارنى چەكلەش يۈزىسىدىن بارلىققا كەلگەن. ئۇلار «ئادەت ھەممىنى بەلگىلەيدۇ» تەرەپدارلىرى ئىدى. بۇلارنىڭ قارىشىچە، قانۇن ۋە ئادالەت دېگەنلەر ئادەملەر تەرىپىدىن بارلىققا كەلتۈرۈلگەن ياكى ئادەتكە ئايلاندۇرۇلغان نەرسىلەردۇر، مۇتلەق توغرا ياكى مۇتلەق خاتا ھەرىكەت بولمايدۇ. بىر ھەرىكەت توغرا بولۇشىمۇ مۇمكىن، خاتا بولۇشىمۇ مۇمكىن، ئۇنىڭ توغرا ـ خاتالىقى ياكى كونكرېت رايون ۋە ۋاقىت ئىچىدىلا مەلۇم بولىدۇ، ئۇ ھەرگىزمۇ ئومۇمىي مەنىگە ئىگە ئەمەس. مۇنازىرىچى پەيلاسوپلارنىڭ قارىشىچە، زېمىن ئاسماندىن پەيدا بولغان، ئوت يۇنان بىلەن پېرسىيىدە ئوخشاشلا كۆيىدۇ. بىراق، يۇنان بىلەن پېرسىيىنىڭ قانۇنى بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايدۇ، چۈنكى ئۇلارنىڭ قانۇنلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئادەتلىرى ئاساسىدا ئاپىرىدە بولغان. «ئادەت ھەممىنى بەلگىلەيدۇ» ۋە دەلىلچىلىك قانۇن ئىدىيىلىرى ھەر خىل يوللار بىلەن بۈگۈنىمىزگە يېتىپ كېلىپ، قانۇنلىرىمىزغا تەسىر كۆرسەتمەكتە.

سىز بەلكىم، تەبىئەت قانۇنلىرى ھازىرقى ئەھۋالىمىزغا مۇۋاپىق كەلمەيدۇ، دەپ سورىشىڭىز مۇمكىن. مېنىڭ جاۋابىم شۇ: ئادالەت ھازىرقى ھالىتىمىزغا ماس كەلگەنىكەن، تەبىئەت قانۇنىمۇ ماس كېلىۋېرىدۇ. يېقىنقى 20 يىلدىن بۇيان

كىشىلەرنىڭ تەبىئەت قانۇنىغا بولغان قىزىقىشى ئاشماقتا. يەنە بىر جەھەتتىن، تەبىئەت قانۇنىنىڭ ھوقۇقنى مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمى مەجبۇرىي يولغا قويۇلۇۋاتقان دەلىلچىلىك قانۇنلىرىغا بەرگەن تەجرىبىلىرىمۇ ئاز ئەمەس.

مەسىلەن، بىزنىڭ ئاق تەنلىكلەر بىلەن قارا تەنلىكلەرنىڭ باراۋەرلىكى ھەققىدىكى تالاش ـ تارتىشلىرىمىز تەبىئەت قانۇنىغا نىسبەتەن بىر ئېتىراپتۇر. تېخنىكا جەھەتتىن قارىغاندا، ئاساسىي قانۇن مەسىلىسى، لېكىن يەنە بىر جەھەتتىن قارىغاندا، ئۇ نۇقۇل تەبىئەت قانۇنى ئىلمىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. 14 ـ قېتىملىق ئاساسىي قانۇن تۈزىتىش لايىھەسىدىكى «ھاياتلىق، ئەركىنلىك، مال ـ مۈلۈك» دېگەن ئىبارىلەر روشەن ھالدا تەبىئەت قانۇنىنىڭ تەسىرىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. يۇقىرىلار ھوقۇقى قانۇنىدا كىشىلىك ھوقۇق تەبىئىي بېرىلگەن ھەم باشقىلارنىڭ چېقىلىش ھەققى يوق بولغان ھوقۇقتۇر، دەپ ئەسكەرتىلگەن. ئالىي سوت مەھكىمىسىنىڭ ئالاھىدە قارار چىقىرىشقا تېگىشلىك بولغىنى ئاساسىي قانۇن كاپالەتلىك قىلىدىغان كىشىلىك ھوقۇق ئىرقىي كەمسىتىش ئېلىپ بارىدىغان مەكتەپلەرنىڭ ئاسىيلىق قىلىشىغا ئۇچرىدىمۇ، يوق دېگەندىن ئىبارەت. ئەگەر شۇنداق بولسا ئالىي سوت مەھكىمىسى جەنۇبتىكى شتاتلار تۈزگەن قانۇنلار قانۇن بولۇش لاياقىتىگە ئىگە ئەمەس ، چۈنكى ئۇ تەبىئەت قانۇنىغا خىلاپ بولۇپ، ئادىل ئەمەس دەپ جاكارلاشقا ھەقلىق بولىدۇ. ئاۋگۇستىن مۇنداق دېگەن: «ئادالەتسىز قانۇن پەقەت قەغەز يۈزىدىكى قانۇندۇر، خالاس.» ئاكۋىنا تولۇقلاپ يەنە مۇنداق دېگەن:

*ھەر قانداق قانۇندا تەبىئەتتىن كېلىپ چىققان قانۇن ماھىيەتلىرى بولىدۇ. ئەگەر ئۇ تەبىئەت قانۇنىدىن ئېغىشىپلا كېتىدىكەن، ئۇ قانۇن بولۇش شەرتىگە توشمايدۇ، بەلكى ئۇ قانۇنغا بولغان ئاغدۇرمىچىلىق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.*

## 32. قانۇنغا بويسۇنۇش

*قوشۇلۇش ـ قوشۇلماسلىقىدىن قەتئىينەزەر، بىر ياخشى پۇقرا قانۇنغا بويسۇنۇشى كېرەك. بۇنداقچە بولغاندا، قانۇننى كونترول قىلىشقا بولمايلا قالماستىن، بەلكى قانۇننى ئۆزگەرتىشكە ئۇرۇنۇشنىڭ ئۆزىمۇ توغرا ئەمەس. بەزى ئىسلاھاتچىلار ۋە تەرغىباتچىلارنىڭ كۆرسىتىشىچە ، دۇنيادا ھازىرقى قانۇننىڭ ئورنىنى باسالايدىغان تېخىمۇ يۇقىرى قاتلاملىق ئەقىدە ۋە ئەخلاقلار بار. بۇنداق ئەخلاق ـ ئەقىدىلەر بىلەن يۈرگۈزۈلۈۋاتقان قانۇن ئوتتۇرىسىدا توقۇنۇش بولسا قانداق قىلىشىمىز كېرەك؟*

بۇ مەسىلە ھەققىدە باشقىچە بىر شەكىلدە بايان يۈرگۈزەيلى: قانۇن ئەقىدە ـ ئەخلاق بىلەن زىتلىشىپ قالغاندا، كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭغا بويسۇنماسلىقى توغرىمۇ؟ بۇ ئىنتايىن قىيىن مەسىلە بولۇپ، بۇنداق ئەھۋالغا ئاز دۇچ كېلىمىز. بىز ئادەتتە دۆلەتنىڭ قانۇنى بىلەن ئەقىدە ـ ئەخلاق پرىنسىپلىرى (تەبىئىي ئادالەت بىلەن ئەقلىي پرىنسىپ) نىڭ بىردەك بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمىز. بىز ھەق تەلەپ قانۇنىنىڭ ئادالەت ۋە ھەقنى مەقسەت قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمىز. بۇ جەھەتتە بىز ئۈمىدسىزلەنمىدۇق. ھەق تەلەپ قانۇنى ئومۇمەن ھاياتلىق، ئەركىنلىك، خۇسۇسىي مۈلۈك ۋە باشقا ئىنسان ھەقلىرىگە زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزۈشنى چەكلىدى.

ھەق تەلەپ قانۇنى ئەقىدە ـ ئەخلاق بىلەن بىردەك بولۇشى كېرەك دەپ قارايدىغان ئىلاھىيەتشۇناسلار ۋە پەيلاسوپلارنىڭ

قارىشىچە، ئالاھىدە ئەھۋاللاردا، ھەق تەلەپ قانۇنىنىڭ بەزى ماددىلىرى ئادىل بولماسلىقى مۇمكىن. شۇنداق بولغاندا، بۇ ماددىلار ھەقىقىي قانۇن بولۇپ ھېسابلانمايدۇ. بۇ ھەقتە ئاۋگۇستىن ئېنىق قىلىپ مۇنداق دېگەنىدى: «ئادالەتسىز قانۇن پەقەت قەغەز يۈزىدىكى قانۇندۇر خالاس». بۇنداق ئادالەتسىز قانۇننىڭ كەينىدە چوقۇم ئۇنى قوللايدىغان دۆلەت ھاكىمىيىتى بولىدۇ. ئادالەتسىز قانۇندا ئەخلاقىي ئىمتىياز بولمىغاچقا، ئۇنىڭدا ۋىجدان ۋە ئىرادىنى بويسۇندۇرالايدىغان كۈچ بولمايدۇ.

ئۇنداقتا، پەزىلەتلىك بىر ئىنسان بۇنداق شارائىتتا قانداق قىلىشى كېرەك؟ ئۇ ئىككى خىل ئاللاشقا دۇچ كېلىدۇ: بىرى بويسۇنماسلىق، يەنە بىرى ئۆزگەرتىش. بىرىنچىسى تىنچ رەت قىلىش بولۇپ، ئامېرىكا يازغۇچىسى سوررو مۇشۇنى تەشەببۇس قىلىدۇ. ئۇنىڭ قارىشىچە، ئادىل ئادەم ئادالەتسىز قانۇنغا بىر دەقىقىمۇ مۇرەسسە قىلالمايدۇ. ئۇ باشقا مەسلەكداشلىرى بىلەن بىردەك ھالدا ئۇ قانۇننىڭ ئەمەلدىن قېلىشى ياكى ئىسلاھ بولۇشىنى كۈتۈپ تۇرالمايدۇ. سوررونىڭ قارىشىچە، ئادىل ئادەم ئادالەتسىز قانۇنغا قارىتا بويسۇنماسلىقنى ئىپادىلەپ، كېلىدىغان جازانى مەردانە كۆتەلىشى لازىم، ئۇ باراۋەرسىزلىككە كەسكىن قارشى تۇرالىشى كېرەك.

ئاۋگۇستىنىڭكىگە ئوخشاشلا ئاكۋىناسمۇ، ئەقىدە ـ ئەخلاققا مۇخالىپ ھەق تەلەپ قانۇنى قەغەز يۈزىدىكى قانۇن بولۇپ، ئۇ ھەققانىيەت بىلەن ئەمەس، زورلۇق كۈچ بىلەن بويسۇندۇرىدۇ، دەپ قارايدۇ. بىراق، ئۇ كىشىلەرنى بۇنداق قانۇن بىلەن زىيادە زىتلىشىپ كەتمەڭلار، دەپ ئاگاھلاندۇرغانىدى. ئۇنىڭ قارىشىچە، ھەق تەلەپ قانۇنىنىڭ مەقسىتى جەمئىيەتنىڭ ئامانلىقى ۋە ماسلىشىشچانلىقىنى قوغداش. دۆلەت كىشىلىك ھوقۇققا خىلاپ، ئادالەتسىز قانۇننى جاكارلىغاندا، شۇنى تونۇپ يېتىشىمىز كېرەككى، ئۇنىڭغا بويسۇنماسلىق ياخشىلىق ئەمەس، ئېھتىمال زور ئاپەت ئېلىپ كېلىدۇ.

لوكنىڭ قارىشىچە، كىشىلەرنىڭ ئادالەتسىز قانۇنغا قارشى تۇرۇش ھوقۇقى بولىدۇ، بىراق قارشىلىق قىلىشتا ئېھتىياتچان بولۇش كېرەك ئىدى. دۆلەت ئادالەتسىز قانۇننى قانۇن ۋاسىتىسى ئۆزگەرتىش ئىمكانىيەتلىرىنى بەرگەن شارائىت ئاستىدا، ئۇنىڭغا زورلۇق بىلەن قارشى تۇرۇش مۇۋاپىق ئەمەس. ئەگەر پۇقرالار ئۆزى ئادالەتسىز دەپ قارىغان قانۇنغا بويسۇنماسلىق نىيىتىگە كېلىپ، ئۇ قانۇندىن پايدىلىنىشنى ئىزدىسە، ھۆكۈمەت ئۇزاق مۇددەت ياشىيالمايدۇ، ئۆزىمىزمۇ ھۆكۈمەتسىز ئەھۋالغا چۈشۈپ قالىمىز.

لوكنىڭ قارىشى بويىچە بولغاندا، خەلقنىڭ كىشىلىك ھوقۇقى ئاجاۋۇزغا ۋە ئادەتتىن تاشقىرى باستۇرۇشقا ئۇچرىغاندىلا، قارشىلىق كۆرسىتىشكە توغرا كېلىدۇ. پەقەت مۇشۇنداق چاغدىلا تەڭرىنىڭ خەلق بىلەن يولسىز زوراۋانلار ئۈستىدىن چىقىرىدىغان ئېنىق ھۆكۈمى ئۈچۈن قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرۈش كېرەك (ھەرگىزمۇ پارچە ـ پۇرات ئايرىم قارشىلىق ئەمەس.)

يۇقىرىقى نۇقتىئىنەزەرلەرگە ئاساسەن دېگۈدەك بارلىق مۇتەپەككۇرلار قوشۇلىدۇ، ئادالەتسىز قانۇن كىشىلەرنىڭ ۋىجدانىنى ئۆزىگە جەلپ قىلالمايدۇ. بىراق، ئاقابىل تۇرۇش ۋاسىتىسىنى تاللاش جەھەتتە، قاراشلار بىردەك ئەمەس. سوررو ئېيتىدۇكى، بويسۇنماسلىق بىردىنبىر توغرا ھەم ئەمەلىي ھەرىكەت بولۇپ، بۇ پەقەت پەزىلەت ئىگىلىرىنىڭ قولىدىن كېلىدۇ. شۇنداق قىلغاندىلا رەزىللىك ئاكتىۋال مەنىدە تېزگىنلىنىدۇ. ئاكۋىنا بىلەن لوك بويسۇنماسلىقنىڭ ئاقىۋىتىگە بەكرەك ئەھمىيەت بېرىدۇ ۋە كىشىلەرنى قوبدان دەڭسەشكە، ئادالەتسىزلىكنىڭ جەمئىيەت قۇرۇلمىسىغا ئەكېلىدىغان تەسىرىنى ياخشى ئۆلچەشكە ئۈندەيدۇ. بويسۇنماسلىقنىڭ ئاقىۋىتىگە كەلگەندە، لوك ئاكۋىناغا نىسبەتەن ئازراق باش قاتۇراتتى، سورروغا نىسبەتەن ئېھتىياتچان ئىدى.

يۇقىرىقى ئۈچ خىل تىپىك يوزىتسىيە تارىختا بىر ـ بىرلەپ كۆرۈلدى. ئۇلارنىڭ تەسىرى ھازىرغا قەدەر مەۋجۇت. ئەينى ۋاقىتتا، ئامېرىكا كۆچمەنلىرى ئەنگلىيىنىڭ بېسىمغا قارشى تۇرغاندا، لوكىنىڭ نۇقتىئىنەزىرى بويىچە ئىش كۆرگەن. بىز «مۇستەقىللىق خىتابنامىسى» دىن لوكىنىڭ ئىبارىلىرى ۋە نۇقتىئىنەزەرلىرىنى ئۇچرىتىمىز. كېيىن، ئامېرىكىلىقلار قۇللار مەسىلىسى «قۇللارنىڭ قېچىشى ھەققىدىكى قانۇن» نى ئالاش ـ تارتىش قىلغاندا، قۇللۇق تۈزۈم قانۇنسىز بولۇپ، ئۇ ھە دەپ ئۆزىنىڭ جىنايىتىنى ئېغىرلىتىۋاتىدۇ، دېيىشتى. ئۇلارنىڭ بۇ سۆزلىرىدە يۇقىرىقى ئۈچ خىل نۇقتىئىنەزەر ئۆز ئىپادىسىنى تاپقانىدى. بۈگۈنكى جەنۇبىي ئافرىقىدا كىشىلىك ھوقۇققا ئېتىقاد قىلىدىغان كىشىلەر ئۆز ۋىجدانلىرىنى سىناقتىن ئۆتكۈزۈۋاتىدۇ. بۇ ھۆكۈمەتنىڭ ئىرقىي چەكلەش قانۇنى ئۈستىدىن قانداق شەكىلدىكى قارشىلىق ھەرىكىتىنى ئوتتۇرىغا قويۇشى ئۈچۈندۇر.

بويسۇنماسلىق ، تەدرىجىي ئۆزگەرتىش، قارشىلىق بىلەن ئۆزگەرتىش بۈگۈنمۇ ئادالەتسىز قانۇنغا قارشى تۇرۇشنىكى يوللاردۇر. بىز كونكرېت بىر شارائىتتا ھەم ۋىجدانىمىزغا ئۇيغۇن كېلىدىغان، ھەم جەمئىيەت تەرتىپىگە تەسىر يەتكۈزمەيدىغان مۇۋاپىق بىر ئۇسۇلنى تېپىشىمىز كېرەك.

---

## 33. ساداقەتنىڭ تەلەپلىرى

*بىز ساداقەت گۇمان ۋە مۇگەييەنلەشتۈرۈشكە تەلك ئۇچراۋاتقان بىر دەۋردە ياشاۋاتىمىز. بەزى ئەھۋاللاردا، بىز ئوقۇتقۇچىلارنىڭ، ھەتتا ئوقۇغۇچىلارنىڭ ساداقەت ياھىدىكى قەسىمىگە موھتاج بولۇپ قالىمىز. ساداقەت بىلەن قەسەم*

ماھىيەت جەھەتتە قانداق مۇناسىۋەتكە ئىگە؟ ساداقەت مەلۇم نەزەرىيە ياكى سىياسىي تۈزۈلمىگە بولغان شەيدالىق ياكى قارشىلىقمۇ ۋە ياكى ئۇنىڭدىنمۇ كەڭ مەنىدىكى كاتېگورىيىمۇ؟ پرىنسىپقا بولغان ساداقەت بىلەن شەخسكە بولغان ساداقەت قانداق بولىدۇ؟

---

ساداقەت شەخسكە بېرىلگەن ۋەدە ياكى قەسەمگە قىلىنغان ئەمەل بولۇپ، ئۇ ئادەم بىلەن ئادەم ئوتتۇرىسىدىكى ياكى مەلۇم تەشەببۇس بىلەن پرىنسىپقا بولغان ساداقەت ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ساداقەتمەن كىشى بۇ مۇناسىۋەتكە سادىق بولىدۇ ۋە ئۇنى ئۆزىنىڭ ھەرىكىتىدە، پىداكارلىقى ۋە قۇربان بېرىشلىرى ئارقىلىق ئىسپاتلايدۇ. ساداقەت پەقەتلا ھېسسىي پەزىلەت ياكى پىكىردە نامايان بولۇپلا قالماستىن، بەلكى كىشىلىك ھايات ئەمەلىيىتىدىمۇ ئىپادىلىنىشى كېرەك.

ئەمما، پىداكارلىق قورقۇپ بويسۇنۇش ئەمەس، ساداقەتمۇ مېخانىك بويسۇنۇش ئەمەس. ساداقەت ئۆزىنى رازىمەنلىك بىلەن بېغىشلاش بولۇپ، ئۇ ۋىجدان ۋە روھنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ساداقەت بىراۋنىڭ ئۆزى ياخشى ۋە توغرا دەپ تونۇغان نەرسىگە بولغان ئۆزھال ھەم قەتئىي قوغداش ئېلىپ بېرىشىدۇركى، ھەرگىزمۇ كۆپچىلىكنىڭ پىكرىنى مەجبۇرلانغان ھالدا ئۆزىنىڭ قەسىمىگە ئايلاندۇرۇش ئەمەس.

ساداقەت، ئېھتىمال، ئىنىق ۋەدە ۋە ئىپادىلەردە كۆرۈلسە كېرەك. بۇنىڭغا ئائىت مىساللار ناھايىتى كۆپ. قۇللارنىڭ خوجايىنىغا بەرگەن ساداقەت قەسىمى، نىكاھدا بېرىلگەن قەسەملەر، دۆلەت ياكى مەلۇم گۇرۇھقا بېرىلگەن ساداقەت قەسەملىرى ئوبدان مىساللاردۇر. ساداقەتنىڭ تۈپ مەنىسى

ۋەدىگە ۋاپا قىلىشتۇر. ۋەدىلەرنىڭ چوقۇم ئېنىق يېزىلىشى ۋە ئېيتىلىشى ناتايىن، ئېيتىلمىغان سۆزلەرنىڭ تىزگىنلەش كۈچى تېخىمۇ زور بولۇشى مۇمكىن. مۇھەببەتكە ئوخشاشلا ساداقەتنىڭمۇ تاقىغىلى بولىدىغان بىرەر بەلگىسى بولمايدۇ.

ساداقەت ئادەتتە مەلۇم ئورتاق گەۋدىگە باغلانغان بولىدۇ. ساداقەت دوستلارنى، ئائىلە ئەزالىرىنى، سىياسىي ئورتاق گەۋدە ئەزالىرىنى ياكى دىن ئىخلاسمەنلىرىنى چەكلەپ تۇرىدۇ. بىز سىياسىي جەمئىيەتتىكى ساداقەتكە ھەددىدىن زىيادە كۆڭۈل بۆلۈپ كېتىپ، كىشىلىك دۇنياسىدىكى باشقا خىل ساداقەتلەرنى ئۇنتۇپ كېتىمىز. بۇنداق ساداقەتنىڭ تۈرى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، ئەر - خوتۇنلار ئوتتۇرىسىدىكى ساداقەت دەل بۇنىڭ مۇھىملىرىدىندۇر.

پەرقلىق ساداقەتلەر ئوتتۇرىسىدا توقۇنۇش كۆرۈلگەندە، ساداقەتكە دائىر ئېغىر مەسىلە پەيدا بولغان بولىدۇ. دىنىي ساداقەت بىلەن سىياسىي ساداقەت ھەمىشە ئەدەبىيات ۋە تارىختا دراماتىك رەۋىشتە ئىپادە تاپىدۇ. دەسلەپكى مەزگىلدىكى خرىستىيانلارنىڭ دىنغا بولغان ساداقىتى پادىشاھقا بولغان ساداقىتىدىن يۇقىرى ئىدى. ئامېرىكىدىكى قۇللۇققا قارشى تۇرغۇچىلارنىڭ ئەقىدە - ئەخلاققا بولغان ساداقىتى نېگىزلىك قانۇنغا بولغان ساداقىتىدىن ئۈستۈن ئىدى. 2 - دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدىكى ناتسىستلارغا قارشى گېرمانىيىلىكلەرنىڭ ئۆز ھۆكۈمىتىگە قارشى تۇرۇپ، ھۆكۈمىتىگە دۈشمەن بولغان دۆلەتلەرنى قوللىشى تېخىمۇ يۈكسەك ساداقەت ئۈچۈن ئىدى. ئەلۋەتتە، يۇقىرىقى خرىستىيانلار، قۇللۇققا قارشى تۇرغۇچىلار ۋە ناتسىستلارغا قارشى گېرمانىيىلىكلەر ئۆزىنىڭ دۆلىتىدە ئاغدۇرمىچى ئۇنسۇرلار دەپ ئەيىبلەنگەنىدى.

ئامېرىكا پەيلاسوپى لېۋيس «ساداقەت توغرىسىدا» دېگەن كىتابىدا، بۇ ھەقتە توختالغان. ئۇنىڭ قارىشىچە، ساداقەت

ئالىي پەزىلەت بولۇپ، ئۇ ئەقىدە ـ ئەخلاقنىڭ ئەمەلىيلىشىدۇر. لېۋىس ساداقەت بولمىسا، ئادەم بىر تىيىنگىمۇ ئەرزىمەيدۇ، چۈنكى ساداقەتسىز ئادەمدە ئەخلاقىي روھىيىتىدىن ئىبارەت مۇھىم نەرسە يوق، دېگەنىدى. ساداقەت ئومۇمىي ياخشىلىق، ئۇ ئادەمنى ئەخلاقىي روھنىڭ باشقۇرۇشىغا تاپشۇرىدۇ، شۇنداقلا ئادەم بىلەن ئادەم ئوتتۇرىسىدىمۇ پەدىشەپ پەيدا قىلىدۇ. ئوخشىمىغان تىپتىكى ساداقەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇش خۇددى ئەخلاقتىكى توقۇنۇشقا ئوخشاشلا زىيانلىق.

لېۋىسنىڭ قارىشىچە، ھەقىقىي ساداقەت باشقىلارنىڭ ساداقىتىگە زەربە بەرمەيدۇ. لېۋىس بىزگە تەۋسىيە قىلىدۇكى، ساداقەت قەيەردە نامايان بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ھەتتا ئۆزىمىز قارشى تۇرۇۋاتقان ئېلېمېنتلاردا نامايان بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئۇنى ھۆرمەت قىلىش كېرەك. لېۋىس «ساداقەتكە ساداقەت»نى تەشەببۇس قىلاتتى، ئۇ غايىۋى بىر ئەخلاقىي گەۋدىنى تەسەۋۋۇر قىلغان بولۇپ، ئۇ يەردە، بارلىق ساداقەت تىپلىرى بىر ـ بىرى بىلەن چىقىشىپ، خاتىرجەم ياشىيالايدۇ.

بىز لېۋىسنىڭ ساداقەت قارىشىنى ھازىرقى ساداقەت مەسىلىلىرىگە تەتبىقلاپ باقايلى. دۆلەت ئەگەر ئۆز پۇقرالىرىدىن ئۇلار چوڭقۇر ئىخلاس قىلىدىغان دىنىي ئەقىدىلەر ۋە ئەخلاقىي پىرىنسىپلارغا قارشى چىقىشنى تەلەپ قىلسا، بۇ ساداقەت بابىدىكى جىنايەت بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. مانا بۇ دەل بىزنىڭ ۋىجدانىغا، ئەسكىرى مەجبۇرىيەت ئۆتەشكە ۋە بايراقدار مۇراسىمىغا قاتنىشىشقا ئەھمىيەت بېرىشىمىزنىڭ سەۋەبى.

بىزنىڭ ھۆكۈمەت پۇقرالارنى ھەرقانداق ئالاھىدە ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تەلىماتلارغا زورلىمايدۇ. مەرھۇم ۋىلكىينىڭ كۆرسىتىشىچە، نىگىزلىك قانۇندىن قورۇلمىمىزدا قۇللارنى كۆچمە مۈلۈك قىلىۋېلىش ئەمەلدىن قالدى. بۇرۇن قۇللار خۇسۇسىي مۈلۈكنىڭ بىرى ئىدى. ئالىي سوت

مەھكىمىسى جاكارلىدىكى، ھەرقانداق ئەمەلدارنىڭ بىزنى بىرەر نەرسىگە ئىشىنىشكە مەجبۇرلاش ھوقۇقى يوق، جازالاش ھوقۇقى تېخىمۇ يوق.

---

## 34. مەسئۇلىيەت ۋە مەجبۇرىيەت

*مەسئۇلىيەتچان ئادەم بىزنىڭ ماختىشىمىزغا ئېرىشىدۇ، مەسئۇلىيەتچان بولمىغان ئادەم ئەيىبلىشىمىزغا ئۇچرايدۇ. كۆپچىلىك بىردەك ھالدا مەسئۇلىيەتچانلىق ياخشى خاراكتېرنىڭ بەلگىسى دېيىشىدۇ. ئۇنداقتا، ئەخلاقىي مەسئۇلىيەتنىڭ ماھىيىتى قانداق؟ ئەخلاقىي مەسئۇلىيەتكە ئەمەل قىلىشنىڭ سەۋەبى نەدە؟ ئادەم ئۆزىگە مەسئۇل بولۇشى كېرەكمۇ ياكى باشقىلارغىمۇ؟*

---

مەسئۇلىيەت دېگىنىمىز بىر ئادەمنىڭ يەنە بىر ئادەمگە بولغان مەجبۇرىيىتى. مەسئۇلىيەتنىڭ خەت مەنىسى قىلغان ياكى قىلماقچى بولغان ئىشقا جاۋاب بېرىشتىن ئىبارەت. مەسئۇلىيەتكە دائىر تۈپ ئۇقۇملار بىزنىڭ ئەخلاقىي پرىنسىپىمىز ۋە قانۇن تۈزۈلمىمىزنىڭ يادروسى. كۈندىلىك تۇرمۇشنىڭ ھەربىر تەرىپىدە مەسئۇلىيەتكە دائىر مەسىلىلەرگە تالاي يولۇقىمىز. مەسئۇلىيەت بىزنىڭ ئائىلىمىزدە، خىزمىتىمىز ۋە تىرىكچىلىكىمىزدە مەۋجۇت، شۇنداقلا، سىياسىي، ئىجتىمائىي تۇرمۇشىمىزدا مەۋجۇت.

ئەخلاقىي مەسئۇلىيەت توغرىسىدىكى ئاساسلىق تالاش-تارتىشلار ئۇنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە دائىرىسىگە مەركەزلىشىدۇ.

ئۇ ئاساسەن مۇنۇ ئىككى مەسىلىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: بىز كىمگە مەسئۇل بولۇشىمىز كېرەك؟ بىز قانداق ئىشلارغا مەسئۇل بولۇشىمىز كېرەك؟ بەزى مۇتەپەككۇرلارنىڭ قارىشىچە، ئەخلاقىي مەسئۇلىيەت تېخىمۇ يۇكسەك بولغان ھوقۇق — خۇدا ۋە دۆلەت قانۇنى — دىن كەلگەن. يەنە بەزى مۇتەپەككۇرلار ئەخلاقىي مەسئۇلىيەت تېخىمۇ يۇكسەك ھوقۇقتىن كەلگەن ئەمەس، بەلكى ئەخلاقىي مەسئۇلىيەت ۋىجدانىمىزنىڭ ئىچكى ساداسىدىن كەلگەن، دېگەننى كۈچلۈك تەشەببۇس قىلىدۇ. يەنە ئەخلاقىي مەسئۇلىيەت بىزنىڭ ئەقلىمىز كۆرسەتكەن پائالىيەت پرىنسىپىدىن كەلگەن دېگەن تەشەببۇسلارمۇ بار.

بىر ئەرنىڭ ئايالى ۋە بالا - چاقىلىرىنىڭ تۇرمۇشىنى قامداش مەجبۇرىيىتى بار، دۆلەتنىڭ قانۇنىمۇ بۇنى تەلەپ قىلىدۇ. ئەگەر ئەر كىشى بۇ مەسئۇلىيەتنى ئادا قىلمىسا، قانۇن بويىچە مۇۋاپىق جازاغا ئۇچرىشى مۇمكىن. لېكىن، نۇرغۇن كىشىلەر ئۆزىنىڭ مەسئۇلىيىتىنى قانۇندىن قورقۇپ ئەمەس، بەلكى ئىچكى مەجبۇرىيەت تۇيغۇسى تۈپەيلىدىن ئادا قىلىدۇ. شۇنىسى ئوبدان مەسىلىكى، بۇ ھەقتە ئېنىق قانۇن بولمىغان جايدىمۇ، ئەخلاقلىق كىشىلەر ئۆز مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىۋېرىدۇ.

بىز باشقىلارغا بولغان مەجبۇرىيەت ئۈستىدە توختالدۇق. بىزنىڭ ئەخلاقىي مەسئۇلىيىتىمىز ئۆزىمىزنىڭ ۋۇجۇدىدىمۇ نامايان بولۇشى كېرەكمۇ، يوق؟ ئارىستوتېلنىڭ قارىشىچە، بىزنىڭ ئەخلاقىي مەسئۇلىيىتىمىز باشقىلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ئۇنىڭ قارىشىچە، بىزنىڭ بارلىق مەجبۇرىيىتىمىز ئادالەت پرىنسىپىدىن كەلگەن، ئادالەت پرىنسىپىنىڭ كۆڭۈل بۆلىدىغىنى «كىشىلەرنىڭ قوشنىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى» دۇر. قارىماققا، ئارىستوتېلنىڭ

تونۇشى ساۋاتقا ئوخشاشلا ئېنىق، چۈنكى بىزنىڭ ۋەدىمىز ۋە ئەھدىمىز باشقىلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

ئەپلاتوننىڭ كۆرسىتىشىچە، باشقىلارغا قىلىنغان ئادالەتسىزلىك شۇ ئادەمنىڭ ئۆزىنىمۇ ئادالەتسىز قىلىۋېتىدۇ. باشقا مۇتەپەككۇرلارنىڭ قارىشىچە، بىزنىڭ ھەقىقەت ئىزدەش ۋە ئۇنى باشقىلارغا يەتكۈزۈش مەسئۇلىيىتىمىز بار. نىچشىنىڭ قارىشىچە، باشقىلارغا ئەمەس، ئۆزىگە يالغانچىلىق قىلىش سەمىمىيەتسىزلىك ئىچىدىكى ئەڭ چوڭ سەمىمىيەتسىزلىك.

ئەخلاقىي مەسئۇلىيەتنىڭ دائىرىسىنى شەخسنىڭ مەسئۇلىيەتنىڭ ئۆزىنىڭ قەلبى ۋە جىسمىغا تەتبىقلىنىشى ۋە خاتا ئىشلىتىلىشىگە قەدەر كېڭەيتكىلى بولىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ قىلمىشلىرىغا مەسئۇل بولۇشى كېرەك. مەسئۇلىيەتنىڭ دائىرىسى شۇنداق كېڭەيتىلگەن ئىكەن، ئۇنىڭ ئاساسى نېمە؟

كانت شۇنداق جاۋاب بېرىدۇكى، بىزنىڭ ئۆزىمىزگە ۋە باشقىلارغا بولغان مەجبۇرىيىتىمىز ئوخشاشلا ئەقىدە - ئېتىقادنىڭ ئىدارە قىلىنىشىدا بولىدۇ. ئۇ ئەقىلنىڭ تەشەببۇسى توغرا بولغانىكەن، ئۇنىڭدا باشقىلارنىڭ بولۇش - بولماسلىقىدىن قەتئىينەزەر ئۇنى ئىجرا قىلىش مەجبۇرىيىتىمىز بولىدۇ. ئومۇمىي ئەقىدە - ئەخلاق ئاستىدا، بىزنىڭ ئۆزىمىز ھەم باشقىلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىمىز ئوخشاش بولىدۇ.

ئەلۋەتتە، تۇرمۇشتىكى توقۇنۇشلار ئۆزىمىز ھەم باشقىلار ئۈستىدىكى مەجبۇرىيىتىمىزدىن تۇغۇلىدۇ. مەسىلەن، ئىككى ئادەم دېڭىزغا چۈشۈپ كەتتى. لېكىن، پەقەت بىرلا ئادەم سىغىدىغان سال بار. بۇنداق ئەھۋالدا، ئادەمنىڭ ئۆزى ھەققىدىكى مەجبۇرىيىتى بىلەن باشقىلارغا بولغان مەجبۇرىيىتى ئوتتۇرىسىدا توقۇنۇش يۈز بېرىپلا قالماستىن، بەلكى چوڭ تراگېدىيە دەرىجىسىگە يېتىدۇ. بۇ ھال ھەر ئىككى ئادەمگە ئوخشاش بىر سوئالنى قويىدۇ: باشقىلارنى قۇربان

قىلىپ ئۆزىنى قۇتقۇزۇش كېرەكمۇ ياكى ئۆزىنى قۇربان قىلىپ، باشقىلارنى قۇتقۇزۇش كېرەكمۇ؟ ئەگەر ھەر ئىككى تەرەپ ئۆزىنى قۇربان قىلىپ قارشى تەرەپنى قۇتقۇزماقچى بولسا ياكى قارشى تەرەپنى قۇربان قىلىپ، ئۆزىنى قۇتقۇزماقچى بولسا، ھەر ئىككى تەرەپ سۇغا غەرق بولۇپ كېتىشى مۇمكىن. بىز دراماتىك ۋەقەلەرگە ھەر كۈنى دېگۈدەك ئۇچراپ تۇرىمىز، بۇ ۋەقەلەر بىزنى باشقىلارغا بولغان مەجبۇرىيەتنى ئادا قىلىش كېرەكمۇ ياكى ئۆزىمىزگە بولغان مەجبۇرىيەتنى ئادا قىلىش كېرەكمۇ دېگەن مەسىلە ھەققىدە قارار چىقىرىشقا دالالەت قىلىدۇ. ئەخلاقىي مەسىلىلەردە مەسئۇلىيەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇشتىنمۇ ئارتۇق تەڭلىكتە قويىدىغان مەسىلە بولمىسا كېرەك.

---

## 35. غۇرۇر

*سىياسىئونلار ۋە ئىجتىمائىي ئىسلاھاتچىلارنىڭ كۆرسىتىشىچە، غۇرۇرغا مۇخالىپ تۈرلۈك ئىشلار بولۇپ تۇرىدۇ. ئۇنداقتا، ئۇلار دەۋاتقان غۇرۇر نېمە؟ ئۇ سىياسىي ھوقۇق ۋە ئالىيجاناب تۇرمۇشمۇ؟ ياكى ئۇنىڭ مەنىسى بۇنىڭدىنمۇ كەڭمۇ؟ يېقىنقى زامان تارىخىدا، كىشىلەرنىڭ غۇرۇرى بۇرۇنقىدىن بەكرەك ئېتىبارغا سازاۋەر بولدىمۇ ياكى ئۇنداق ئەمەسمۇ؟*

---

يۇقىرىقى سوئالغا جاۋاب بېرىشتىن ئاۋۋال، بىز «تۇرمۇش» بىلەن «ياخشى ياشاش» ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنى

ئاجرىتىشىمىز كېرەك. ھېچقانداق كىشى بارلىق ئادەم كىشىلىك پائالىيەتتە باراۋەر دېگەندەك خاتالىقنى سادىر قىلمايدۇ. كىشىلىك ھايات ئوخشىمىغان پائالىيەت يۆنىلىشىگە قاراپ تەرەققىي قىلغاندىلا، ئوخشىمىغان قىممەت يارىتالايدۇ. تۈپ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، بۇ پائالىيەت ئىنسانلارنىڭ ماددىي، مەنىۋى مەدەنىيەت ئەركىنلىكى ۋە ئازادلىقىغا بولغان ئىنتىلىشىدۇر.

ئەلۋەتتە، تىرىكچىلىك بىلەن مەشئەت بىر ـ بىرىگە زىچ مۇناسىۋەتلىك. مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، ئۇلار بىرىنىڭ تىرىشىش نىشانىمىز. ئەگەر بۇنىمۇ قىلالمىساق، باشقا ئىشتىن گەپ ئاچمىساق بولىدۇ. بۇ نۇقتا مۇھىم بولسىمۇ، ئۇنىڭدا ئىنسانلىق كەم. ھايۋانمۇ ياشاش ئۈچۈن تىرىشىدۇ. ئادەم بىلەن ھايۋان ئوزۇق، ماكان، ئۇيقۇ، ئويۇن دېگەندەكلەرگە ئوخشاشلا موھتاج. لېكىن، ئادەم بەرىبىر ھايۋاندىن پەرقلىق، چۈنكى ئۇنىڭدا غۇرۇر دېگەن نەرسە بولىدۇ، مانا بۇ تەڭرىنىڭ ئىنسانلارغا قىلغان ھىممىتى بولۇپ، ئۇ ھايۋانلاردا يوق.

سانائەت ئىنقىلابىدىن بۇرۇنقى جەمئىيەتتە، ئىنسانلار ئۆز خىزمەتلىرىگە ئاساسەن ئىككى تۈرگە بۆلۈنەتتى. پەقەت ئاز ساندىكى مۈلۈكدارلار سەنئەت ۋە پەن بىلىملىرىنى ئىگىلەش، دۆلەت ۋە دىنىي گۈللەندۈرۈشكە ئائىت تەربىيىلەردىن بەھرىمەن بولۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە ئىدى. جاپاكەش ئاما بولسا بىر ئۆمۈر تىرىكچىلىكنىڭ مۇشەققەتلىرى ئىچىدە تېپىرلايتتى. بۇنداق ئەھۋال قەدىمكى يۇنان ۋە رىمدىكى كۆچمە مۈلۈك بولغان قۇللار، قۇل تېخنىكلار، ياۋروپانىڭ فېئودالىزم دەۋرىدىكى يانچىلار، 19 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا بارلىققا كەلگەن سانائەت دەۋرىدىكى «مائاشلىق» ياللانمىلار — پرولېتارىيات تەبىقىسىدىن ئېنىق كۆرگىلى بولىدۇ.

تويىنبىي مۇنداق تەسۋىرلىگەنىدى:

*ئىلگىرىكى 5000 ـ 6000 يىلدا، ئىنسانىيەت*

مەدەنىيىتىنىڭ خوجايىنلىرى قۇللارنىڭ ئەمگەك مېۋىسىنى تالان ـ تاراج قىلدى. بۇ جەھەتتىكى سوغۇققانلىق ۋە ياۋۇزلۇق بىزنىڭ ھەسەل ھەرىسى ئىشلىگەن ھەسەللەرنى ئازتۇۋبلىشىمىزغا ئوخشاپ كېتىدۇ. بۇنداق ئادالەتسىز قىلمىشلارنىڭ ئەخلاق جەھەتتىكى رەزىللىكى سەنئەتتىكى گۈزەللىك تۇيغۇسىنى ئېغىر دەرىجىدە ۋەيران قىلىپ تاشلىدى. ھېلىمۇ مەدەنىيەتنىڭ پايدىسىنى كۆرۈۋاتقان ئاز سانلىق كىشىلەر يەنىلا ئادەتكە ئايلىنىپ كەتكەن باھانىلەر بىلەن ئۆزىنى ئاقلىماقتا.

ئۇلار ئۆزلىرىنى ئۈستۈنلۈك بىلەن ئاقلاپ، ئاز سانلىقلار مەدەنىيەت مېۋىلىرىدىن بەھرىمەن بولۇش بىلەن ھېچنېمە يارىتالماسلىق ئوتتۇرىسىدا تاللاش ئېلىپ بېرىشىمىز كېرەك، دېيىشىدۇ. بۇنداق باھانە دەسلەپكى سانائەتنى يۈكسىلىۋاتقان غەرب دۇنياسىدا، يەنى 18 ـ ئەسىردە ئاقاتتى. ئەمما، ئۇ سانائەت راسا گۈللەنگەن 150 يىلدا كۆچىدىن قالدى.

سانائەتنىڭ ھەيران قالارلىق ئىلگىرىلىشى نۇرغۇن كىشىلەرنى سەگەك ۋاقىتتا جاپالىق ئەمگەككە مەلىكە بولۇشتىن خالاس قىلدى. ئۇلار ۋاقىتنى تەربىيىلىنىش ۋە ئىجادىيەتكە ئاجرىتالايدىغان بولدى. كىشىلەر راۋۇرۇس دەرىجىدىكى ئىقتىسادىي خاتىرجەملىك ۋە مۇستەقىللىقتىن بەھرىمەن بولۇپ، ئۆزىنىڭ كىشىلىك ھاياتىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك قۇرۇپ چىقىش پۇرسىتىگە ئېرىشتى.

سىياسىي ئەركىنلىكتىن پايدىلىنىپ ھۆر ئادەم بولۇش غۇرۇرىنىڭ تۈۋرۈكلىرىدىن بىرى. بۇرۇن بۇنداق ئەركىنلىك ئاز سانلىقلار بىلەنلا چەكلىنەتتى. چۈنكى، سىياسىي ئەركىنلىكتىن بەھرىمەن بولۇشتا كەم بولسا بولمايدىغان ئىقتىسادىي مۇستەقىللىق ۋە بىخەتەرلىككە پەقەت ئاز ساندىكى كىشىلەرلا ئىگە ئىدى. پۇقرالار ھوقۇقىنىڭ كېڭىيىشى مەلۇم دەرىجىدە ئىقتىسادىي مۇستەقىللىقنىڭ تېخىمۇ كۆپ كىشىلەرگە

ئومۇملاشقانلىقىنىڭ سىياسىي ئىپادىسى بولۇپ قالدى. ئۇلار دەرھال يېڭى ئېرىشكەن ھوقۇقى ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ سىياسىي ئورنى ۋە ئىمتىيازىنى قوغداشقا ۋە كېڭەيتىشكە تۇتۇندى. شۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ تەقدىرىگە بەكرەك ئىگە بولۇپ، كىشىلىك غۇرۇرنىڭ ئاساسىنى تىكلىدى.

ئىقتىسادىي ئەركىنلىك ۋە سىياسىي ئەركىنلىككە ئىگە بولغان ئەھۋالدىمۇ كىشىلەر غۇرۇرغا ئېرىشەلىشى ناتايىن. ھەقىقىي غۇرۇرغا ئىگە بولىمەن دەيدىكەن، كىشىلەر ئىنسانىيەتنىڭ ئورتاق خۇشاللىقىغا ۋە ئىجتىمائىي مەنپەئەتكە پايدىلىق ئەمەلىي ئىشلارنى جىقراق قىلىشى كېرەك. بىز ھەرقانداق ئادەمنى ئەركىن ياشاشقا ياكى تەربىيىلىنىشكە مەجبۇرلىيالمايمىز. بەلكىم، بەزىلەر ھېچ ئىش قىلماي، بىھۇدە كۈن ئۆتكۈزۈشنى تاللىۋېلىشى مۇمكىن، يەنە بەزىلەر ئېقىمغا ئەگىشىپ، چىرىك ياشاپ تۈگەپ كېتىشنى خالىشى مۇمكىن. غۇرۇرلۇق بولىمەن دېگەن كىشىلەردە تېخىمۇ يۈكسەك پەللىدىكى ئىنتىلىش بولۇشى زۆرۈر.

## 36. پانىي دۇنيانىڭ ئىشرەتلىرى

*جەمئىيەت بىزگە مادىي مەنپەئەت قوغلىشىدىغان قىممەتنى ئاتا قىلدى. بىز باشقىلارغا ئۇنىڭ مادىي ئۇتۇقلىرى نۇقتىسىدىن باھا بېرىشكە كۆنۈپ كەتتۇق، لېكىن ئەخلاقشۇناسلار ۋە دانىشمەنلەر دۇنياپەرەستلىك ۋە ئىشرەتپەرەستلىككە قارشى تۇرۇپ كەلدى. ئۇنداقتا، دۇنياپەرەستلىك دېگەن نېمە؟ ئۇ نېمىشقا ھەمىشە تەنقىدكە ئۇچرايدۇ؟*

ماددىي قوغلىشىش ۋە قانائەتلىنىشكە نىسبەتەن كىشىلەردە مۇنداق ئۈچ خىل يۈزلىنىش مەۋجۇت.

بىرىنچىسى، پەرھىزچىلىك بولۇپ، ماددىي مەنپەئەت ۋە جىسمانىي لەززەتلەرنىڭ ھەممىسىنى چەكلەيدۇ. بەزى ئېتىكا ۋە دىنىي مۇتەپەككۇرلارنىڭ قارىشىچە، ماددىي مەئىشەت دۇنياسىنىڭ مەنىسى يوق، ئۇ ھەتتا روھىي تاكامۇللۇققا يېتىشتىكى ئەشەددىي توسالغۇ. بۇ خىل يۈزلىنىشنىڭ تەسىرى ئىنتايىن زور. پەرھىزچىلىك ھىندى دىنىنىڭ غايە ۋە ئېتىكا قاراشلىرىدا مەركەزلىك ئىپادىلىنىدۇ. ئۇنىڭ كۆپ دەۋرلەردە ۋە ساھەلەردە روشەن ئىز ـ تامغىلىرى بار بولسىمۇ، لېكىن غەربتىكى ھەرقايسى دىنىي مەزھەپلەرنىڭ يادروسىغا ئايلىنالمىدى.

ئىككىنچىسى، نەپسانىيەتچىلىك ياكى جىسمانىي لەززەتچىلىك بولۇپ، ئۇ پانىي دۇنيادىكى پايلىقلارنى ۋە جىسمانىي ھۇزۇرلارنى قوغلىشىدۇ، ئۇنى كىشىلىك دۇنياسىدىكى تۈپ خۇشاللىق دەپ قارايدۇ. بۇ خىل يۈزلىنىشنىڭ تەسىرىمۇ ناھايىتى چوڭقۇر. ئۇنىڭ ۋەھشىي بىر ئىپادىسى شۇكى، پۇل تېپىش ھاياتتىكى بىردىنبىر ۋە ئاخىرقى مەقسەتكە ئايلانغان. بىز ئادەتتە «ئالماس — قىزلارنىڭ ئەڭ يېقىن دوستى» دېگەندەك ئامىباب ناخشىلارنى ۋە «ئىچ شاراب، ئېيت ناخشا، ئۆمۈر دېگەن بەك قىسقا» دېگەندەك تارقالما سۆزلەرنى ئاڭلاپ تۇرىمىز. بۇنىڭدىن يۇقىرىقىدەك بىپەرۋا يۈزلىنىشنىڭ ئىپادىسىنى كۆرىمىز. قىزىق يېرى، بۇنداق يۈزلىنىشنى تەكىتلەيدىغان ئۇلۇغ ئەسەر ياكى ئۇلۇغ ئەخلاق پەيلاسوپلىرىنى كۆرمىدۇق. ئەمما، بۇ خىل يۈزلىنىشنى تەكىتلەيدىغانلار ۋە ئۇنى ئۆزىدە نامايان قىلىدىغانلارنىڭ بۇ ھەقتە زېرىكىشلىك كىتاب يازىدىغانغا چولىسى يوقمىدۇ، دېگۈمىز كېلىدۇ.

ئۈچىنچىسى، مۆرەسسە ــ مادارا يولى بولۇپ، جىسمانىي لەززەت ۋە روھىي خۇشاللىقنى ئورتاق مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، بىر ئادەم جەمئىيەتنىڭ پاراۋانلىقى ھەم ئۆزىنىڭ خۇسۇسىي ھالاۋىتىنى تەڭ ئويلىشى كېرەك. لېكىن، جىسمانىي لەززەت بىلىم، ئادالەت، مۇھەببەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان روھىي شادلىقنىڭ چەكلىشىنى قوبۇل قىلىشى كېرەك.

يۇقىرىقىلارنىڭ ئىچىدە، مۆرەسسە ــ مادارا يولىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئەڭ تەس.

پەرھىز باشتا قىيىن بولىدۇ، لېكىن ئىرادە بولسىلا كېيىنكى يول ئاسان بولىدۇ. پەرھىزكارلار بۇ دۇنيالىقنى ۋە تەننى رەت قىلالىسىلا ھېرىسلىرىنى ياندۇرالايدۇ. ئەپسانىيەتچىلەر پاكى جىسمانىي لەززەتچىلەر پەقەت ھالاۋەتكە پايدىلىق نەرسىلەرنى بېكىتەلىسىلا مۇرادىغا يېتىدۇ. ئۇلارمۇ پەرھىزكارلارغا ئوخشاشلا دىققىتىنى بىرلا ئىشقا قاراتسا بولىدۇ. روھ بىلەن تەننىڭ مۇناسىۋىتىنى تەڭشەيەن دېيىشىمۇ بولىدۇ. مۆرەسسە ـ مادارا يولىنى تۇتقۇچىلار ئارىدا قالىدۇ، چۈنكى ئۇلار ئىككى خىل ئىشرەت قارىشىنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرۇشى كېرەك، ئىككىسىنىڭ تەرتىپى ۋە نىسبىتىنى تۇرغۇن كۆچ سەرپ قىلىپ تەڭشىشى كېرەك.

ئازراق پىكىر قىلىپ باقساق، شۇنىڭغا ئىشىنىمىزكى، كۆپ ساندىكى ئادەملەر مۆرەسسە ـ مادارا يولىنى تاللايدۇ.

ماددىي لەززەتكە بېرىلگەنلەر باشتىلا ماددىنىڭ قۇلى بولۇپ قالىدۇ. مەسىلەن، بەزىلەر يۈك توشۇش ئۈچۈنلا ماشىنا سېتىۋالىدۇ. ئاندىن بۇ ماشىنا ئىمتىيار ۋە كۆز ـ كۆز قىلىدىغان نەرسىگە ئايلىنىپ قالىدۇ. ئاخىرىدا بىر ماشىنا ئازلىق قىلىپ، ئىككىنى ياكى ئۈچنى سېتىۋالغۇسى كېلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ ماشىنىغا مەستانە بولۇپ كېتىپ، ماشىنىنىڭ قۇلىغا ئايلىنىدۇ.

پەلسەپە ۋە دىنىي ئەنئەنىلەرنىڭ قارىشىچە، جىنايەت لەززەتنىڭ ئۆزىدە بولماستىن، ماددىي مەنپەئەتكە بولغان بېقىنىشىدا. ئارىستوتېل تۇرمۇش ئۈچۈن بايلىق توپلاش بىلەن بايلىق ئۈچۈن بايلىق توپلاش ئارىسىدىكى پەرقنى ئېنىق ئايرىغان. «ئىنجىل»مۇ بۇ دۇنيالىققا رۇخسەت قىلغان. ئۆتنىگىدا دېيىلىشىچە، شەيئىلەر ئىنسانلارنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن يارىتىلغان. «ئىنجىل» زور بايلىقنى دەپ چىرىپ كەتكەن روھنى ئەيىبلىسىمۇ، لېكىن بايلىقنىڭ ئۆزىنى ئەيىبلىمىگەن. «بېشارەتنامە»دە تەسۋىرلەنگەن مۇلۈكدار ياش بايلىق ئىگىسى بولغانلىقى ئۈچۈن خاتالىق ئۆتكۈزمىدى، بەلكى بايلىق ۋە ئىشرەتنىڭ قۇلى بولۇپ قېلىپ، روھ ۋە ھەقىقەتكە ئىنتىلمىگەنلىكى ئۈچۈن خاتالىق ئۆتكۈزدى.

## 37. ئەقىل ۋە ھېسسىياتنىڭ توقۇنۇشى

*بىز ھەمىشە ھېسسىياتنىڭ كەينىگە كىرىمە، ئەقىللىق بول دېگەندەك نەسىھەتنى ئاڭلاپ تۇرىمىز. بىز يەنە ھېسسىياتىڭنى بوغۇۋالما، روھىي تۇسالغۇ پەيدا بولۇپ قالمىسۇن دېگەندەك نەسىھەتنىمۇ ئاڭلاپ تۇرىمىز. بۇ ئىككىسىدىن قايسىسىنى قوبۇل قىلىشىمىز كېرەك؟ ھېسسىياتىمىزنى ئەركىن قويۇپ بېرىشىمىز كېرەكمۇ ياكى تۇتۇۋېلىشىمىز كېرەكمۇ؟ ئەقىل بىلەن ھېسسىياتنىڭ مۇناسىۋىتىنى قانداق تەڭشەش كېرەك؟*

ھېسسىيات بىزگە ھەيدەكچىلىك قىلىپ تۇرىدۇ. قورقۇش، خاپا بولۇش، سۆيۈش ۋە شادلىنىشلار بىزنى ھاياجانغا

سېلىپ تۇرىدۇ ۋە بىزنى ھەرىكەتسىز ئارقىلىق ئىپادىلىگىلى سالىدۇ. كۈچلۈك ھەرىكەتسىزنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ھېسسىيات كۈچسىز بىلەن بىزنى مۇۋازىنەت ۋە جىملىققا كەلتۈرىدىغان ئەقلىمىز ئوتتۇرىسىدا ئۆتكۈر زىتلىق بار.

بىزنىڭ ئەنئەنىمىزدە نۇرغۇن چوڭ يازغۇچىلار ئەقىل بىلەن ھېسسىياتنىڭ كىشىلىكنىڭ قايسى تەرىپىدە رول ئوينايدىغانلىقى ھەققىدىكى مۇھاكىمىگە قاتناشقان. ئۇلار مۇنداق ئۈچ خىل قاراشنى ئىپادىلىگەن: بىرىنچى، ئەقىل ھېسسىياتنى باشقۇرۇشى كېرەك؛ ئىككىنچى، ئەقىل ھېسسىياتنى يوق قىلىشى كېرەك؛ ئۈچىنچى، ھېسسىيات ئەقىلنى باشقۇرۇشى كېرەك.

ئارىستوتېل بىلەن ئەپلاتون بىرىنچى خىل قاراشنى تەكىتلىگەن. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، ئەقىل ئىنسانلارنىڭ ئالاھىدە ئىقتىدارى، ئۇ نېمىنىڭ ياخشى ئىكەنلىكى ھەققىدە ئېنىق ھۆكۈم چىقىرىدۇ، ئىنسانلارنى توغرا مەقسەتكە يېتەكلەيدۇ. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، ھېسسىيات كىشىلىكنىڭ بىر قىسمى، شۇنداقلا ئەخلاقىي خاھىش ۋە پائالىيەتنىڭ تەركىبىي قىسمى. ھېسسىيات ئەقىلنىڭ تىزگىنلىشىنى مۇۋاپىق قوبۇل قىلسا، ئەقىلمۇ ھېسسىياتنى ياخشى مەقسەت ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرسا، ھېسسىيات ياخشى نەرسىگە ئايلىنىدۇ. ئارىستوتېلنىڭ كۆرسىتىشىچە، ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش ۋە باتۇرلۇق ئەقىلنىڭ بۇيرۇقى بويىچە ئىش قىلىدىغان پوزىتسىيىدۇر.

ئىككىنچى خىل قاراش ئېپىكۇر ۋە ئاۋرېلىئۇ قاتارلىق ستوئىكچىلىق پەيلاسوپلىرىنىڭ تەشەببۇسىدۇر. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، تاكى ھېسسىيات غايىب بولغۇچە بىز ئۇنى تىزگىنلىشىمىز كېرەك. ئۇلارنىڭ غايىسى ھېسسىياتتىن قۇتۇلۇپ، ھاياجانلاندۇرىدىغان ۋە قالايمىقانلاشتۇرىدىغان تاشقى تەسىرلەردىن خالىي بولۇش. ئۇلار بىزنىڭ ھۆكۈمىمىز ۋە

ئىچكى ئارامىمىزنى بۇزىدىغان ھەرقانداق شەيئىگە پەرۋا قىلماسلىقىمىزنى تەكىتلەيدۇ، قەدىردان كىشىلىرىمىز ئالەمدىن ئۆتكەندە، جاپا ـ مۇشەققەتكە يولۇققاندا، چاكىنا پىكىر، ئاۋام ياكى باشقىلارنىڭ زىيىنىغا يولۇققاندا، «تىنچ» ھالەتنى ساقلاپ قېلىشىمىزنى تەشەببۇس قىلىدۇ. ستوئىكچىلىق پەيلاسوپلىرىنىڭ مەقسىتى ئەخلاقىي تۇرمۇشنى كونترول قىلىش ئەمەس، بەلكى قىزغىن ھېسسىياتتىن خالىي بولۇش.

يېقىنقى زاماندىكى كانتمۇ مۇشۇنداق قاراشتا. ئۇنىڭ قارىشىچە، ھەقىقىي ياخشى ئىرادە قىزغىنلىقنىڭ تەسىرىنى رەت قىلىشى كېرەك. پەقەت مەجبۇرىيەتلا ئەخلاقىي پائالىيەتنىڭ مۇناسىپ، ھەقلىق تۈرتكىسىدۇر. مىجەز بىلەن ياخشى كۆرۈش ئەخلاق جەھەتتىن بىر ـ بىرى بىلەن ئالاقىسىز.

ئۈچىنچى خىل قاراش ھېسسىيات ھەممىدىن ئەلا دەيدۇ، ئۇ يېقىنقى زاماندا ئوتتۇرىغا چىققان. 18 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە 19 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى شېللىڭ، شلېرماخ، نوۋالىس قاتارلىق گېرمانىيە رومانتىزمچى پەيلاسوپلار ھېسسىيات، خام خىيال، بىۋاسىتە سېزىم قاتارلىقلارنىڭ بىلىم ۋە كىشىلىك ھاياتتىكى قىممىتىنى تەكىتلىگەن. ئۇلار ھەقىقىي چوڭقۇرلۇققا ئېرىشىش ئۈچۈن ئانالىز ئېلىپ بېرىشتىكى ئەقىلنىڭ بولۇشىلا كۇپايە ئەمەس، ئۇ ئاسانلا تۇيۇق يولغا باشلاپ قويىدۇ.

ئەنگلىيە شائىرى بلاكنىڭ قارىشىمۇ بۇنىڭغا يېقىن. ئۇنىڭ قارىشىچە، ئەقلىي تەپەككۇر ۋە ھازىرقى زامان پەن ـ تېخنىكىسى مۇكەممەل كىشىلىك ھاياتنى ۋەيران قىلىپ تاشلىدى. ئۇ ئارزۇ ـ ئىستەكنىڭ پارلاق نۇرى بىلەن پەرھىزچىلىكنىڭ يېگىلەشلىرىنى سېلىشتۇردى ھەمدە ئىسرائىلىيىلىكلەرنىڭ ئەبەدىلىك چېدىرلىرىنى نيۇتوننىڭ نۇر زەررىچىلىرى بىلەن سېلىشتۇردى. ئۇ «ئۆلگۈر جەددىيلىك، قۇتلۇق ئارام»، «قويۇق گۈزەللىك» دېگەندەك ئىبارىلەرنى

تىلغا ئالدى.

فروئىدنىڭ قارىشى يۇقىرىقىلارنىڭ ھېچقايسىسىغا چۈشۈپ كەتمەيدۇ. ئۇ يۇقىرىقىلارغا ئوخشاشلا ئادەم كەيپىياتىنى تەرتىپلىك كونترول قىلىپ، مەقسەتكە يېتىشى كېرەك دەيدۇ. بىراق، ئۇنىڭ ئىدىيىسى بىئولوگىيىگە ئاساسلانغان بولۇپ، ئەخلاق بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى قويۇق ئەمەس. ئۇنىڭچە، ھېسسىياتنى رېئاللىققا ماسلاشتۇرۇش ئۇنى ئۆز مەيلىگە قويۇۋېتىشكە قارىغاندا «تېخىمۇ بىخەتەر ۋە نەتىجىلىك بولىدۇ». يەنە بىر جەھەتتىن، ھېسسىياتنى بېسىش بىنورمال روھىي ھالەت ۋە پسىخىكىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. فروئىد بىزگە دەيدۇكى، تەبىئىي ھېسسىياتنى مۇمكىنقەدەر تەبىئەت ۋە جەمئىيەتنىڭ رېئاللىقىغا ماسلاشتۇرۇش لازىم. ھېسسىياتنى زىيادە ئۆز مەيلىگە قويۇۋېتىشتىنمۇ ساقلىنىش كېرەك، ھېسسىياتنى زىيادە باستۇرۇشتىنمۇ ساقلىنىش كېرەك. فروئىد ئاكامۇل تەڭپۇڭلۇقنى مەقسەت قىلىدۇ. ئۇنىڭچە بۇ تەڭپۇڭلۇق ئىچكى ھېسسىيات بورانلىرى ۋە تاشقى جەمئىيەت بېسىملىرىغا بەرداشلىق بېرەلەيدۇ.

---

## 38. ئىنساننىڭ ئۇلۇغلۇقى

*قانداق ئادەمنى ئۇلۇغ دەيمىز؟ ئۇنىڭ ئۇلۇغلۇقى ئۇنىڭ پاراستى، خىسلىتى ۋە ياكى ئۇنىڭ خاراكتېرىدىكى مەلۇم سىرلىق تەرەپتىمۇ؟ بۈيۈك كىشىلەرنى نېمە ئۈچۈن «ئۇلۇغ» سۆزى بىلەن سۈپەتلەيمىز؟*

---

«ئۇلۇغ» (great) دېگەن سۆزنىڭ ئەسلىدىكى مەنىسى «چوڭ» ئىدى. مەسىلەن، «چوڭ ئېيىق يۇلتۇز تۈركۈمى»، «چوڭ سۇ بۇلغۇچ» دېگەنلەردە «چوڭ» دېگەن سۆز ئىشلىتىلگەن. بۇ يەردىكى «great» سۆزى «ئۇلۇغ» دېگەن مەنىنى ئەمەس، «چوڭ» دېگەن مەنىنى بىلدۈرگەن. بۇ يەردە «ئۇلۇغ» مەنىسى يوق، پەقەتلا چوڭ ـ كىچىك دېگەن مەنىلا بار. «چوڭ» دېگىنىمىزدە تەبىئىي ھالدا «مۇھىم» دېگەننى تەسەۋۋۇر قىلىمىز ـ دە، ئۇنى ئابستراكت شەيئى بىلەن باغلىغان بولىمىز.

«چوڭ» بىلەن «ئالاھىدە» دېگەننى بىرلەشتۈرسەك، ئۇنى ئادەمنىڭ خاراكتېرى ۋە ھەرىكىتىگە تەتبىقلىغىلى بولىدۇ. مەسىلەن، ئۇ بەدىنىنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكىنى سۈپەتلىگەندەكلا «چوڭ شەخس» دېگەنلىكىنىڭ مەنىسى. بىراۋنىڭ مەلۇم بىر شەكىلدە زەپەردەست ئورۇنىنى كۆرسىتىدۇ. تارىختىكى چوڭ شەخسلەر پائالىيەتچان كىشىلەر بولۇپ، ئۇنىڭ ئىش ـ ئىزلىرىنى ھەممە ئادەم تونۇيدۇ. بۇنداق كىشىلەرنىڭ نامى بار بولىدۇ، شۇنىڭ بىلەن «نامدار» دېگەن گەپ پەيدا بولىدۇ. نام چىقىرىش كۆپ تىلغا ئېلىنىشتىن دېرەك بېرىدۇ.

بىراۋنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى كۆرسىتىشتە، ئۇنى دىنىدىكى ئەۋلىيالار ئۇقۇمى بىلەن تەققاسلاش كېرەك. ئېيسا پەرۋەردىگار بەزىلەرنى ئاللاپ خۇددى ئوقيانى ئوقدانغا يوشۇرغاندەك يوشۇرۇپ قويىدۇ، دېگەنىدى. قەدىمكى يەھۇدىي رىۋايىتىدە كىشىلەرگە تونۇلمىغان 36 نەپەر ئەۋلىيا ھەققىدە سۆزلەنگەن. ئۇلار ئالەمنى ئادالەت بىلەن تىرەپ تۇراتتى. ھازىرقى يات دىن مۇخلىسلىرىنىڭ كىتابلىرىدا يەھۇدىي ئەۋلىيالىرى ۋە خرىستىئان مۇخلىسلىرى تىلغا ئېلىنمىغان، چۈنكى ئۇلار پانى دۇنيادىكى مۇھىم شەخسلەر ئىدى.

قەدىمكى يات دىن مۇئەللىپلىرى قەتئىي يوسۇندا شۇنداق

قارايدۇكى، ئادەمنىڭ ئۇلۇغلۇقى تەن ۋە جەمئىيەتتىكى ئالاھىدىلىكتىنمۇ مۇھىم ئەرسىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئارىستوتېلغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، كۆڭلى كەڭ ياكى «ئۇلۇغ روھقا ئىگە» كىشىلەرلا ئۆزى ئىنتىلگەن ۋە ئېرىشكەن شان - شەرەپكە مۇناسىپ كېلىدۇ. بۇ بويىچە بولغاندا، ئۇلۇغ ئادەملەر پەزىلەت جەھەتتىكى ئالاھىدىلىك ۋە خاراكتېر جەھەتتىكى ئەۋزەللىككە ئىگە. بۇنداق «قەھرىمانلىق» ئادەتتىكى كىشىلەر بىلەن سېلىشتۇرغاندا تېخىمۇ پەزىلەتكە باي.

بىراق، ئادەم ئالاھىدە بولسىمۇ، شەرەپلىك بولۇپ كېتىشى ناتايىن. پلۇتاركىنىڭ «يۇنان - رىم مەشھۇر كىشىلىرى تەزكىرىسى»دە كۆرسىتىلىشىچە، كۆزگە كۆرۈنگەن شەخسلەرنىڭ ئەخلاقلىق بولۇپ كېتىشى ناتايىن. «تەزكىرە»دە قابىلىيەتلىك، ئەمما شاللاق ھەم لۈكچەك ئاچىبىيالى بار، يەنە ياۋۇز ۋە قىلمىقسىز ھوقۇق مەستانىسى مارىئو بىلەن سوللا بار. ئۇنىڭدا يەنە ئىسكەندەر، قەيسەر، ئاكا - ئۇكا گېراچلارنىڭ ھەر خىل ئاجىزلىقى ۋە رەزىللىكى تەسۋىرلەنگەن. ئۇلارنىڭ ھەممىسى «نامدار»، «ئېسىل» كىشىلەر ئىدى، چۈنكى ئۇلار ئۆز زامانىسىنىڭ زەپەردەستلىرى ئىدى.

يېقىنقى دەۋرلەردىكى ئۇلۇغلۇق مۇنازىرىسى تارىخىي شەخسلەرگە مەركەزلەشتى. كارلىلنىڭ «قەھرىمان ۋە قەھرىمانغا چوقۇنۇش» ئەسىرىدە، تارىخ ياراتقان ۋە ئىنسانىيەتنىڭ تەقدىرىگە يولباشچى بولغان كىشىلەر ئۇلۇغ بولىدۇ، دەپ مۇئەييەنلەشتۈرگەن. ئۇنىڭ قارىشىچە، ئۇلۇغلارنىڭ ئىچىدە شائىر، دىنىي داھىي، سىياسىئون، ھەربىي رەھبەرلەرمۇ بولىدۇ. مەسىلەن، دانتې، لۇتېر، كرومۋېل، ۋە ناپالېئون دېگەندەك. بۇلارنىڭ ھەممىسى كىشىلىك جەمئىيەتتە مۆجىزە ياراتقان. كارلىل ئۇلۇغ بولالمىغانلار ئۇلۇغلار ياكى قەھرىمانلارنى ئۈلگە قىلىشى

كېرەك، دەپ چاقىرغان. قەھرىمانغا ئېتىبار بەرمەيدىغان مىللەت پاكى دەۋر ئەرزىمەس بولۇپ قالىدۇ.

تولستوي ئۇنداق «ئۇلۇغلار» قارشىغا قوشۇلمايتتى. ئۇنىڭ يىرىك ئەسىرى «ئۇرۇش ۋە تىنچلىق»نىڭ مەقسىتى تارىخنى بەلگىلەش جەھەتتە شەخسىي ئارزۇ ۋە پائالىيەتلەرنىڭ ئەرزىمەسلىكىنى ئىسپاتلاش ئىدى. تولستوي تارىخىي ئىشلارنى كالا پادىسىنىڭ كۆچۈشىگە ئوخشىتىدۇ، بۇ پادىلارنىڭ كۆچۈشىنى سىركە هايۋان پاكى پادىچى بەلگىلىمەستىن، يايلاق بەلگىلەيدۇ. ئۇلۇغلار كۆزنى چاقنىتىدىغان قونچاق، بۇ قونچاقلار ئۇلارنىڭ نەزەر دائىرىسىدىن هالقىپ كەتكەن تارىخىي كۈچ تەرىپىدىن ئۇياق - بۇياققا يۆتكىلىدۇ. ئۇلار ئالاھىدە ئادەملەرمۇ ئەمەس، قەھرىمانلارمۇ ئەمەس، ئۇلار يەنىلا ئەرزىمەس ئادەملەر بولۇپ، چوڭ بىر درامىنىڭ سەھنە مەركىزىگە تاسادىپىي هالدا چىقىپ قالغان. تولستوي كارلىلنىڭ قەھرىمانى ناپولېئوننى ئۆز نەزىرىدىكى ساختا قەھرىمان قىلىپ، ئۇنى پاكار، شۆھرەتپەرەست، ئادەتتىكى ئەرزىمەس شەخس سۈپىتىدە تەسۋىرلەيدۇ. گەرچە ئۇ تارىخ دولقۇنىنىڭ ئەۋجىدە تۇرسىمۇ، لېكىن دولقۇننىڭ ئۆزىگە نىسبەتەن تولىمۇ ئاجىزدۇر.

## 39. دەم ئېلىشتىن پايدىلىنىش

*خىزمەت ۋاقتىنىڭ قىسقىراپ، دەم ئېلىش ۋاقتىنىڭ ئۇزىرىشى ئامېرىكىلىقلارنى بىر قاتار قىيىن مەسىلىلەرگە يولۇقتۇردى. خىزمەتسىز ۋاقىتلارنى قانداق تولدۇرۇش كېرەك؟ قەدىمكى هۆكۈمرانلار تەبىقىسى دەل بىكارچىلىق*

تۈپەيلىدىن خاراب بولغان ئەمەسمىدى؟ خاراكتېر يېتىلدۈرۈش جەھەتتە، خىزمەت دەم ئېلىشتىن مۇھىم ئەمەسمۇ؟

---

بۇ مەسىلىگە جاۋاب بېرىشتىن ئاۋۋال، بىز سۆز ئىشلىتىش جەھەتتىكى مەسىلىنى ئېنىقلىۋالايلى. نۇرغۇن ئادەملەرنىڭ نەزىرىدە «دەم ئېلىش» «خىزمەت قىلماسلىق» دېگەنلىك بولۇپ، ھاياتلىق ئۈچۈن ئەمگەك قىلمىسىمۇ بولىدىغان ۋاقىتنى كۆرسىتىدۇ.

ئەمگەكتىن خالىي بولغاندا نېمە قىلىش لازىم؟ ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىش بۇ سوئالغا بېرىلگەن جاۋابنىڭ بىرى، ئەمما بۈگۈنكى نۇرغۇن ئامېرىكىلىقلار بۇ سوئالغا ئويناش، ۋاقىت ئۆتكۈزۈش، ئۇخلاش دەپ جاۋاب بېرىدۇ. كونا دوستىمىز ئارىستوتېل بۇنداق قارىمايدۇ. بارلىق يازغۇچىلارغا نىسبەتەن، ئۇ ۋاقىت ئۆتكۈزۈش ھەققىدە ئەڭ ياخشى تەكلىپلەرنى بەرگەن. شۈبھىسىزكى، ۋاقىتنى قانداق ئۆتكۈزۈش ھازىرقى زامان كىشىلىرى دۇچ كەلگەن قىيىن ئىشلارنىڭ بىرى. بەلكىم، خىزمەت ۋاقتىنىڭ قىسقىرىشىغا ئەگىشىپ، بۇ مەسىلىنىڭ مۇرەككەپلىكى تېخىمۇ ئاشىدۇ.

ھازىرچە كۆڭۈل ئېچىش توغرىسىدا گەپ ئاچمايلى، ئارىستوتېل ئىنسانلارنىڭ ئەمگىكىنى ھاياتلىق ئۈچۈن ئەمگەك ۋە دەم ئېلىش پائالىيىتى دېگەنلەرگە بۆلىدۇ. ھاياتلىق ئۈچۈن ئەمگەك ئادەتتىكى ئەمگەك، قارا ئەمگەك ياكى سودا (بايلىق توپلاش ۋە ياشاش يولىدىكى) لارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. دەم ئېلىش پائالىيىتى جىسمانىي لەززەت ۋە راھەتلىك تۇرمۇش پەيدا قىلىدىغان خىزمەتلەرنى كۆرسەتمەيدۇ، بەلكى مەنىۋى ياكى مەدەنىي خۇشاللىق ئېلىپ كېلىدىغان خىزمەتنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ تەربىيىلىنىش، ھۈنەر، پەن ۋە دۆلەت، دىن ئىشلىرىنى

ئۆگىنىش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئەمگەك، قارا ئەمگەك ۋە تىجارەتكە ئوخشاش ئىشلارنىڭ ئادەمگە كەلتۈرىدىغان چارچاشلىرىنى كۆزدە تۇتقاندا، ئارام ئېلىشمۇ خىزمەت ھېسابلىنىدۇ. ئادەم ئارام ئېلىش ياكى كۆڭۈل ئېچىش ئارقىلىق ھاردۇق چىقىرىشقا موھتاج. كىشىلەرنىڭ دەم ئېلىش بىلەن ئويۇننى ئارىلاشتۇرۇۋەتمەسلىكى ئۈچۈن، مەن «دەم ئېلىش خىزمىتى»، «ھاياتلىق خىزمىتى» دېگەنلەرنى مۇنتىزىم پائالىيەت تەرىقىسىدە چۈشىنىشنى تەۋسىيە قىلىمەن. ئاۋۋالقىسىنىڭ ئويۇن بىلەن بولغان پەرقى كېيىنكىسىنىڭ ئويۇن بىلەن بولغان پەرقىدىن قېلىشمايدۇ.

ئارستوتېل كىشىلىك ھاياتتىكى بۇ ترىلوگىيە ھەققىدە ئويلانغاندا، ئۇلارنى تەرتىپ بىلەن ئورۇنلاشتۇرىدۇ. ئۇنىڭ قارىشىچە، تىرىكچىلىك تېخىمۇ راھەت ياشاشنى كۆزدە تۇتىدۇ. شۇڭا تىجارەت ۋە قارا ئەمگەكنىڭ ئاخىرقى مەقسىتى راھەت ئۆتۈشتۇر. تىجارەت ۋە قارا ئەمگەك پەقەت مەنپەئەت نۇقتىسىدىن قىلىنغان ئاماللاردۇر. گەرچە زۆرۈر بولسىمۇ كىشىلىك ھاياتنى مول ۋە يۈكسەك قىلالمايدۇ. سېلىشتۇرغاندا ئىستىراھەت كىشىلىك ئەخلاق، پاراسەت ۋە مەنىۋىيەتنى بېيىتىدىغان پائالىيەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مانا بۇ كىشىلىك ھاياتنى قىممەتكە ئىگە قىلىدىغان پائالىيەتلەردۇر.

ئارستوتېلنىڭ قارىشىچە، يېتەرلىك مۈلكى بار بولۇپ، خىزمەت قىلىپ يۈرمىسىمۇ بولىدىغان كىشىلەر بەختلىكتۇر. ئۇلار سەگەك ۋاقىتلىرىنى خىزمەتكە سەرپ قىلمىسىمۇ بولىدۇ، ئۇنداقتا، ئۇلار بۇ ۋاقىتنى نېمىگە سەرپ قىلىشى كېرەك. ئارستوتېل مۇنداق جاۋاب بېرىدۇ: «قارا ئەمگەكچىلەرنىڭ ئۈستىدە تۇرىدىغانلارنىڭ ئوتاقچىلىرى، ئىشلىرىنى قىلىپ بېرىدىغانلىرى بار. ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى بولسا پەلسەپە ۋە سىياسىيغا ئائىت تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىدۇ». مۇنداقچە

ئېيتقاندا، بايلىق ۋە پەزىلەتكە ئىگە كىشىلەر بوش ۋاقتىنى ئەدەبىيات ـ سەنئەت، پەن ۋە ئاممىۋى ئىشلار بىلەن تولدۇرىدۇ.

كۆڭۈل ئېچىشقا كەلسەك، ئارىستوتېل ئۇنى ھاياتلىق ئۈچۈن ئۆيقۇغا ئوخشاشلا پايدىلىق دەپ قارايدۇ؛ ئۇ كىشىنى ئازادىلەشتۈرىدۇ ۋە كىشىنىڭ ھاردۇقىنى چىقىرىدۇ. ئۇ خىزمەت تۈپەيلى كېلىپ چىققان ھارغىنلىقنى ئالىدۇ. خۇددى جاپالىق ئەمگەك ئارام ئېلىش ئۈچۈن بولغاندەك، كۆڭۈل ئېچىشمۇ تېخىمۇ ئۈنۈملۈك خىزمەت قىلىش ئۈچۈندۇر. ئارىستوتېل مۇنداق يازىدۇ:

*مۇۋاپىق ۋاقىتتا ھۇزۇر سۈرۈشىمىز كېرەك، شۇندىلا كۆڭۈل ئېچىش ھارغىنلىقنى ئالىدىغان دورىغا ئايلىنىدۇ. ئۇ بىزنىڭ روھىمىزدا ئارامىي كەيپىيات ھازىرلايدۇ، خۇشاللىقتىن ھاردۇقتا ئېرىشتۈرىدۇ. . . ئەمما، خۇشاللىق ئۈچۈنلا خىزمەت قىلىش ھاماقەتلىك بولىدۇ. بىزنىڭ قىلىشىمىزغا تېگىشلىك بولغىنى تېخىمۇ ئەھمىيەتلىك ئارام سۈرۈش.*

ئەمدى مۇنۇ مەسىلىگە جاۋاب بېرىشىمىز كېرەك: بىر جەمئىيەتتە يېتەرلىك بوش ۋاقىتنىڭ بولۇشى پايدىلىقمۇ؟ بۇ بوش ۋاقىتقا ئىگە كىشىنىڭ ئۇنى قانداق ئىشلىتىشىگە باغلىق. ئەگەر ئۇ ھازىرقى نۇرغۇن ئادەملەرگە ئوخشاش بوش ۋاقتىنى مەقسەتسىز ھالدا ئويۇن بىلەن ئۆتكۈزۈۋەتسە ياكى ئۆزىنى خاراب قىلىدىغان يولتى ئىزدەشكە سەرپ قىلسا، غەم ـ قايغۇنى يوقىتىش ئۈچۈن سەرپ قىلسا، ئۇنىڭ ھېچقانداق پايدىسى يوق بولىدۇ. ئۇنىڭ جەمئىيەتكىمۇ پايدىسى يوق، چۈنكى ئۇ چىرىكلىك ۋە چۈشكۈنلۈكنى پەيدا قىلىدۇ. كىشىلەر ئېشىندى ۋاقىتلىرىنى ئەقىل ـ پاراسىتىنى ئۆستۈرۈش، جەمئىيەت ۋە مەدەنىيەت ئىشلىرىغا قاتنىشىش بىلەن ئۆتكۈزسە، ئۇنىڭ ئۈچۈن بىكار ۋاقىت قانچە كۆپ بولسا شۇنچە ياخشى.

ئەلۋەتتە، مەسىلە ئارىستوتېل دەۋرىدىكىگە ئوخشىمايدۇ.

ئۇنىڭ دەۋرىدە ئاز ساندىكى كىشىلەرلا بىكار ۋاقىتقا ئېرىشەتتى. ئۇلار دەل يېتەرلىك مۈلۈككە ئىگە بايلار ئىدى. كۆپ ساندىكى كىشىلەر قۇل ۋە ياللانمىلار ئىدى. دەۋرىمىزدە تىرىكچىلىك ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىۋاتقانلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك بىكار ۋاقىتقا ئىگە كىشىلەردۇر. بىزنىڭ ھەممىمىزنىڭ ئارام ئالغۇدەك يېتەرلىك ۋاقتىمىز بار، بىز پەقەت بۇ ۋاقىتنى نېمىگە ئىشلىتىش ھەققىدە ئوبدان قارار چىقارساقلا بولىدۇ.

بىز ھەقىقىي ئىستىراھەتنى ئالالىيالامدۇق - يوق؟ مانا بۇ بىز دۇچ كېلىۋاتقان چوڭ مەسىلە. دېمەكچى بولغىنىم شۇكى، مەكتەپ مائارىپى ياشلارغا چوڭلارغا مۇناسىپ تۇرمۇش تەربىيىسى بېرەلمىسە، بىز ئۇلارنى پاسسىپ دەم ئېلىشتىن ئوڭۇشلۇق ساقىت قىلالايمىز. ئۇنىڭدىن باشقا، بىزنىڭ چوڭلار ئۈچۈن تۈزۈلگەن مەشھۇر ئەسەرلەر دەرسلىكىمىز ئۇلارنىڭ بوش ۋاقتىنى ئۈنۈملۈك ئىشلىتىشكە ياردەم بېرىدۇ. چۈنكى، داۋاملىق ئۆگىنىش چوڭلارنىڭ تۇرمۇشىدا تەشەببۇس قىلىشقا تېگىشلىك ئارام شەكلى بولۇپ قالدى.

## ئاساسلىق ئەسەرلەر

柏拉图：《国家篇》；《高尔吉亚篇》；《美诺篇》；《普罗泰戈拉篇》；《尤西福罗篇》；《辩解篇》；《克里底亚篇》；《拉凯斯篇》；《法律篇

ئەپلاتون: «غايىۋى دۆلەت»، «گورجىيە»، «مېنو»، «پروتاگوراس»، «ئۇتىسوفرو»، «شەرھى»، «كىرىتو»، «لاسس»، «قانۇن ھەققىدە».

亚里士多德：《尼可马亥伦理学》

ئارىستوتېل: «نىكو ماكى ئېتىكىسى»

爱比克泰德：《语录》

ئېپىكتېت: «ئۆزۈندىلەر»

马可·奥勒留:《沉思录》

مارك ئاۋرېلىئۇ: «چوڭقۇر خىياللار»

普卢塔克:《罗马与贵族的生活》

پلۇتارك: «رىم ۋە ئاقسۆڭەكلەر تۇرمۇشى»

普罗提诺:《恩尼阿德》六篇

پلوتىنوس: «ئېننېئادېس»دىن ئالتە پارچە

奥古斯丁:《忏悔录》

ئاۋگۇستىن: «تۆۋەنامە»

阿奎那:《基督教箴言隽语集》

ئاكۋىنا: «خرىستىئان ئەقلىيەلىرى»

霍布斯:《利维坦》

هوببېس: «لېۋىئاتان»

蒙田:《随笔集》

مونتەينى: «خاتىرىلەر»

斯宾诺莎:《伦理学》

سپىنوزا: «ئېتىكا»

康德:《道德形而上学的基本原理》;《伦理学的形而上学要素》;《道德形而上学引论》;《权利科学》

كانت: «ئەخلاقنىڭ مېتافىزىك ئاساسلىرى»، «ئېتىكىنىڭ مېتافىزىك ئامىللىرى»، «ئەخلاق مېتافىزىكىسى»، «هوقۇق ئىلمى»

黑格尔:《权利哲学》

گېگېل: «هوقۇق پەلسەپىسى»

弗洛伊德:《超越快乐原则:自我与超我》;《文明及其不满》

فروئىد: «شادلىق پرىنسىپىدىن هالقىش: ئۆزلۈك ۋە هالقىما ئۆزلۈك»، «مەدەنىيەت ۋە قاناەتسىزلىك»

## باشقا ئەسەرلەر


边沁:《道德与立法的原则》
بېنتام جېرېمى: «ئەخلاق ۋە قانۇنچىلىق پرىنسىپلىرى»
尼古拉·别尔嘉耶夫:《人的命运》
نىكولاس بېردىيايېۋ: «ئىنساننىڭ تەقدىرى»
布拉德雷:《伦理研究》
برادلېي: «ئېتىكا تەتقىقاتى»
查尔斯·D.布洛德:《伦理学的五种理论》
چارلىز. D. بىروود: «ئېتىكىدىكى بەش خىل نەزەرىيە»
马丁·布伯:《善与恶》
مارتىن بۇبېر: «ياخشىلىق ۋە رەزىللىك»
雅可布·布尔克哈德:《暴力与自由》
ياكوف بوركخارد: «زورلۇق كۈچ ۋە ئەركىنلىك»
约翰·杜威:《批判伦理学概要》
جون دېۋېي: «تەنقىدىي ئېتىكىغا دائىر قىسقىچە چۈشەنچە»
艾里奇·弗洛姆:《为自己的人》
ئېرىك فروم: «ئۆزى ئۈچۈن ئادەم»
大卫·休谟:《道德原则探寻》
داۋىد يۇم: «ئەخلاق پرىنسىپلىرى ئۈستىدە ئىزدىنىش»
威廉·詹姆斯:《论信仰与道德》
ۋىليام جامېس: «ئېتىقاد ۋە ئەخلاق توغرىسىدا»
沃尔特·李普曼:《道德序论》
ۋالتېر لىپمان: «ئەخلاققا مۇقەددىمە»
雅克·马利丹:《人的权利与自然法》;《人的共同之善,真正的人本主义》
جاككۇېس مارىتائىن: «ئىنساننىڭ ھوقۇقى ۋە تەبىئەت قانۇنى»، «ئىنسان ۋە ئومۇمىي ياخشىلىق: ھەقىقىي گۇمانىزم»

乔治·E 摩莱:《伦理学》

جورجى . E . مورى: «ئېتىكا»

尼采:·《善恶的彼岸》;《道德的谱系》

نىچشى: «ياخشىلىق ۋە يامانلىقتىن ھالقىش» ، «ئەخلاق نەسەبنامىسى»

帕特里克·诺韦尔一史密斯:《伦理学》

پاترىك نوۋېل – سىمىس: «ئېتىكا»

迈克斯·奥托:《科学与道德生活》

ماكس ئوتتو: «پەن ۋە ئەخلاقىي تۇرمۇش»

威廉·D. 罗斯:《权利与善行》

ۋىلىيام D . روس: «ھوقۇق ۋە ياخشىلىق»

乔西亚·罗伊斯:《善恶研究》;《忠诚的哲学》

جوسىيا رويىس: «ياخشى – يامان تەتقىقاتى» ، «ساداقەت پەلسەپىسى»

A. E. 泰勒:《一个道德主义者的信仰》

A. E . تايلور: «بىر مورالىزمچىنىڭ ئېتىقادى»

艾里西奥·维瓦斯:《道德生活与伦理生活》

ۋىۋاس ئېلىسىئو: «ئەخلاقىي ھايات ۋە ئېتىكىلىق ھايات»

约翰·韦尔德:《柏拉图的现代敌人与自然法理论》

جون ۋىلد: «ئەپلاتوننىڭ ھازىرقى زامان دۈشمىنى ۋە تەبىئەت قانۇنى نەزەرىيىسى»



## تۆتىنچى باب

# ئۇنىۋېرسال مائارىپ ۋە ئۇلۇغ ئەسەرلەر

ياخشى مائارىپ مەدەنىيەتنىڭ كاپالىتى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى مەدەنىيەتنىڭ كاتالىزاتورى، خۇددى مۇنەۋۋەر كىتابلار ئەقلىنىڭ ئاچقۇچى بولۇپلا قالماستىن ، يەنە يۇقىرىغا ئۆرلەشنىڭ بالدىقى بولغاندەك.

## 40. ئۇنىۋېرسال مائارىپ دېگەن نېمە؟

*نۆۋەتتىكى دۇنيادا ئۇنىۋېرسال مائارىپ بىز ئۇستىمىزگە ئالالمايدىغان ھەشەمەتلىك بويۇمغا ئايلىنىپ قالدىمۇ؟ بىزنىڭ ستۇدېنتلىرىمىز پەلسەپە، ئەدەبىيات، مۇزىكا قاتارلىقلارنى ئەمەس، بەلكى فىزىكا، ماتېماتىكا ۋە باشقا پەنلەرنى ئۆگىنىش كېرەك دېيىش توغرىمۇ؟ ئۇنىۋېرسال مائارىپنىڭ قىممىتى توغرىسىدا سۆزلەيدىغان ئادەم بارمۇ؟*

ئاۋۋال بىز ئومۇمىي پەن بىلەن ئۇنىۋېرسال مائارىپنىڭ مەزمۇنىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋالايلى. ئومۇمىي ئۆگىنىشنىڭ ئەنئەنىۋى مەقسىتى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەقلىي ئىقتىدارىنى، يەنى ئەقلىي خىزمەتلەردە كەم بولسا بولمايدىغان پاراسەت ۋە تەسەۋۋۇرنى تەرەققىي قىلدۇرۇش. ئۇنىۋېرسال مائارىپنى پەلسەپە، تارىخ، ئەدەبىيات، مۇزىكا، سەنئەت ۋە باشقا «گۇمانىتار پەنلەر» نى ئۆگىنىش بىلەن چەكلەنمەيدۇ. ئومۇمىي پەن ئۆگىنىش ئەنئەنىسىدە ماتېماتىكا، فىزىكىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىلىم - پەن مائارىپىمۇ ئومۇمىي پەن ئۆگىنىش ھېسابلىنىدۇ، ئۇلارمۇ ئوخشاشلا ئەقلىي ئىقتىدارنى تەرەققىي قىلدۇرىدۇ.

ئۇنىۋېرسال مائارىپنى بۆرۈندىن تارتىپ بار ئىدى، ئۇ ئىككى قىسىمنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بىرىنچى قىسمى، ئىنشا، ئىلمى فاساھەت (ئىستىلىستىكا)، مەنتىقە قاتارلىق ئىلىملەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، بۇلار ئاساسەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇش،

يېزىش، ئاڭلاش، سۆزلەش ۋە ماغلام پىكىر قىلىش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرىدۇ. ئىككىنچى قىسمى ئارىفمېتىكا، گېئومېتىرىيە، ئاسترونومىيە، مۇزىكا ( ئاڭلايدىغان مۇزىكا ئەمەس، ماتېما ئىلمى سۈپىتىدىكى مۇزىكا) قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇلار ئاساسەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۆزىتىش، ھېسابلاش، ئۆلچەش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرىدۇ. شۇنداقلا شەيئىلەردىن مىقدار جەھەتتىن زوقلىنىشقا يېتەكلەيدۇ. ھازىر تېخىمۇ جىق پەنلەر قوشۇلۇپ كەتتى. بۇنىڭدا ئىجتىمائىي ۋە تەبىئىي پەنلەرنىڭ ھەممىسى بار. بۇلار ئۇنىۋېرسال ماتارىپنى يېڭىلاشتىكى كۆپ قېتىملىق سىناقنىڭ نەتىجىسى.

ئۇنىۋېرسال ماتارىپ بارلىق ئەنئەنىۋى سەنئەت ۋە يېڭى پەنلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ ئالىي دەرىجىدىكى ئالىملارنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن زۆرۈر. ئۇ بولمىسا بىز پەقەت تېخنىكا ئىشچىلىرىنى تەربىيىلەلەيمىز، ئۇلار ئۆزلىرى قىلىۋاتقان ئىشنىڭ نەزەرىيىسىنى بىلمەيدۇ. بۇنداق مېخانىك ئادەملەرنىڭ قانداقتۇر يېڭى نەرسىنى كەشىپ قىلىشىدىن ئۈمىد كۈتمىسەك بولىدۇ. تومتاق ھالدىكى نوقۇل تېخنىكىلىق مەشىق پەننىي ئاساستىن مەھرۇم بولغان ئەھۋال ئاستىدا ئۇزۇن ياشىيالمايدۇ.

ئۇنىۋېرسال ماتارىپ بىلەن ئىلمىي ئىجادىيەتنىڭ مۇناسىۋىتى ھەرگىزمۇ قىياس ئەمەس. 19 ـ ئەسىردىكى گېرمانىيە پېنى مەزمۇت ئۇنىۋېرسال ماتارىپ ئارقا كۆرۈنۈشكە ئىگە بولۇپ، بۇ قىل سىغماس پاكىت. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىۋېرسال تەربىيىنى قوبۇل قىلغان بولۇپ، ماتېماتىكا، فىزىكا ۋە باشقا پەنلەردىن باشقا يۇنان تىلى، لاتىن تىلى، مەنتىقە (لوگىكا)، پەلسەپە، تارىخنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. بۇلار قەدىمدىن بېرى ياۋروپادىكى ئالىملارنىڭ ماتارىپ جەھەتتىكى تەييارلىقى. ئېينىشتېيىن، پول، فېرمى قاتارلىق ئالىملار تېخنىكا تەربىيىسىدىن ئەمەس، بەلكى ئۇنىۋېرسال ماتارىپتىن

يېتىشىپ چىققان.

بىراق، ئۇنىۋېرسال مائارىپنىڭ مەقسىتى ئالىملارنى تەربىيىلەش ئەمەس. ئۇ روھنى ئىشقا سېلىپ، ئۆز ئالدىغا پىكىر قىلىدىغان ئەركىن ئادەمنى تەربىيىلەشنى مەقسەت قىلىدۇ. گەرچە ئۇنىۋېرسال مائارىپ ھەر قانداق ئەقلىي كەسىپتە كەم بولسا بولمايدىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ تۈپ مەقسىتى ئوقۇغۇچىلارنىڭ كەسپىي ئىقتىدارىنى تەربىيىلەش ئەمەس. ئۇ سىياسىي ئەركىنلىكنى جارى قىلدۇرۇشنى ئۈستىگە ئالالايدىغان پۇقرانى تەربىيىلەيدۇ، ئۇ يەنە بىكار ۋاقىتنى ئۈنۈملۈك ئىشلىتەلەيدىغان ساپاغا ئىگە كىشىلەرنى تەربىيىلەيدۇ. ئالىم بولۇپ چىقىش - چىقماسلىقىدىن قەتئىينەزەر، ئۇنىۋېرسال مائارىپ بارلىق ئەركىن ئادەم ئۈچۈن يۈرگۈزۈلىدىغان مائارىپ.

بىزنىڭ مائارىپتىكى مەسىلىمىز قانداق قىلىپ ئەركىن ئادەم تەربىيىلەش مەسىلىسىدۇر، ھەرگىزمۇ تېخنىكا جەھەتتىلا تەربىيە كۆرگەن بىر تۈپ ساپاسىز ئادەملەرنى تەربىيىلەش ئەمەس. ئەڭ ياخشى ئۇنىۋېرسال مائارىپلا بۇنداق ئۇلۇغ مەقسەتكە يەتكۈزەلەيدۇ. بۇنداق مائارىپ بارلىق گۇمانىستار ئىلىملەرنى، ماتېماتىكا قاتارلىق باشقا پەنلەرنى ئۆز ئىچىگە ئېلىشى كېرەك. ئۇ كەسىپ خاراكتېرلىك ۋە تېخنىكا خاراكتېرلىك تەربىيىنى رەت قىلىشى كېرەك.

---

## 41. ئادەتتىكى مائارىپ ۋە كەسپىي مائارىپ

*كىشىلەر مەدەنىيەت پەنلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئادەتتىكى مائارىپ ياخشىمۇ ياكى ئالاھىدە كەسىپ*

*خاراكتېرىدىكى مائارىپ ياخشىمۇ، زادى قايسى مائارىپ ئەڭ ياخشى، ھەر ئىككى مائارىپ ئوخشاشلا زۆرۈرمۇ ياكى ئادەتتىكى مائارىپ بەزىلەرگە پايدىلىق بولسا، كەسپىي مائارىپ يەنە بەزىلەرگە پايدىلىق بولامدۇ؟ مائارىپنىڭ ماھىيىتى ۋە مەقسىتى نېمە؟ دېگەن مەسىلىلەر ئۈستىدە توختىماي مۇنازىرە قىلىشماقتا.*

---

قەدىمكىلەرنىڭ پىكرى بويىچە بولغاندا، مائارىپ «ئادەم»نى تەرەققىي قىلدۇرۇش ياكى مۇكەممەللەشتۈرۈش جەريانىدۇر. ئۇ ئىنسانلاردىكى خاراكتېر ئەۋزەللىكلىرىنى (ئەقلىي ۋە ئەخلاقىي) تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئۇنىڭ ئادەمىيلىكىنى تەربىيىلەشتىن ئىبارەت. مائارىپنىڭ ئاخىرقى مەقسىتى ئىنسانلارنىڭ بەختى ۋە جەمئىيەتنىڭ پاراۋانلىقىدۇر. ياخشى ئادەم ۋە ياخشى پۇقرا ئۇنىڭ مەھسۇلىدۇر.

ئەگەر سىز قەدىمكىلەردىن مائارىپنى ئالاھىدىلەشتۈرۈش كېرەكمۇ، دەپ سورىسىڭىز، ئۇلار ئالاھىدىلەشتۈرۈشكە تېگىشلىك بولغىنى ئىنسانلارنىڭ ئالاھىدە خاراكتېرى بويىچە لايىھىلەش، دەپ جاۋاب بېرىدۇ. ئەگەر سىز ئۇلاردىن مائارىپنى كەسپىيلەشتۈرۈش كېرەكمۇ، دەپ سورىسىڭىز ئۇلار مائارىپ كۆڭۈل بۆلىدىغان بىردىنبىر كەسىپ خۇشاللىق ئىزدەشتىن ئىبارەت ئورتاق ئىنسانىي چاقىرىق، دەپ جاۋاب بېرىدۇ. بىز دەۋاتقان ئالاھىدە ياكى كەسپىي مەشىق — ھەر بىر خىزمەت تۈرىدىكى مەشىق — ئۇلارنىڭ قارىشىچە قۇللارچە مەشىق بولۇپ، ھەرگىزمۇ ئەركىن ئادەمنىڭ مائارىپى ئەمەس.

بۇ خىل كلاسسىك مائارىپ نۇقتىئىنەزىرى تاكى مۇشۇ ئەسىرگە قەدەر داۋاملاشتى. ھەتتا، 1916 ـ يىلى دېۋېي مۇشۇ نۇقتىنى تەكىتلىدى. دېۋېي «دېموكراتىيە ۋە مائارىپ» دېگەن

كىتابىدا كەسپىي مەشىق هايۋان ۋە قولنى چېنىقتۇرغانلىق بىلەن باراۋەر، ئۇ ئادەمنى سانائەت ماشىنىسىنىڭ چىشلىق چاقىغا ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ، دەپ جاكارلىغانىدى. ئەركىن ئادەم ئۇنىۋېرسال مائارىپ (ئەركىن مائارىپ) ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ ئەركىنلىكىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىشقا موھتاج.

1776 ـ يىلى سانائەت ئىنقىلابىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە ئەنگلىيە ئىقتىسادشۇناسى ئادام سىمىت ئەسەر ئېلان قىلىپ، پۇقرالارنىڭ نىسبەتەن ياخشى ئادەتتىكى مائارىپ تەربىيىسى ئېلىشىنى تەشەببۇس قىلدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئەقىل ـ پاراسەتنى مۇۋاپىق ئىشلىتەلمىگەن ئادەم راۋۇرۇس ئادەم ئەمەس، دەپ كۆرسەتتى. ئۇ خىزمەتكە ھەقىقىي ھۈنەر ياكى ماھارەت كەتمەيدىغان كىشىلەرنىڭ باشقىلار تەرىپىدىن ئەخمەق قىلىنغانلىقىنى تەسۋىرلىگەنىدى. ئەمگەك تەقسىماتى ئۇلارنى پەقەت بىر قانچە ئاددىي مەشغۇلات دائىرىسىدە چەكلىدى، ئۇلار سانائەت ئىگىلىكى جەريانىدىكى كىچىك قوشۇمچە زاپچاسلارغا ئايلاندى.

ئادام سىمىتنىڭ قارىشىچە، ئىشچىلار ئاخىر «كىشىلەر ئارىسىدىكى ئەڭ ھاماقەت ھەم بىلىمسىز ئادەمگە ئايلىنىپ قالىدۇ. ئۇنىڭ ئەقلىي پالەچ ھالەتكە كېلىپ، ھەر قانداق ئەقلىي پاراڭنىڭ تەمىنى تېتىيالمايلا قالماستىن، ئۇنىڭدا ھەتتا، سېخىي، ئالىيجاناب، ئىللىق ھېسسىياتنى ئەسەرمۇ قالمايدۇ. ئۇنىڭدا ئۆزىنىڭ نورمال خۇسۇسىي تۇرمۇشىغا دائىر ئەخلاقىي ھۆكۈممۇ يوق بولىدۇ».

ئادام سىمىتنىڭ تەسۋىرى بىر ئاز ئېشىپ كەتكەن بولۇپ، 18 ـ ئەسىرگە نىسبەتەن مۇۋاپىق كەلسىمۇ، 20 ـ ئەسىرگە ماس كەلمەيتتى. لېكىن، ئۇ كۆرسەتكەن توپ ئەمەلىيەت مەۋجۇت. ئالاھىدە كەسپىي مائارىپ كىشىنى سانائەت جەريانىدىكى مەلۇم خىزمەتكە مۇۋاپىقلاشتۇرىمەن دەيدىكەن،

ئادەمنى ئاشۇ خىزمەتنىڭ ئۆزىگە ئوخشاشلا ئەخمەق قىلىدىغان بولىدۇ. قەتئىي قىلىپ ئېيتقاندا، بۇنداق مائارىپ ھەرگىزمۇ ئىنسانىي مائارىپ ئەمەس. ئۇ خىل مائارىپ ماددىي تاۋارلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىلىشىغا پايدىلىق بولسىمۇ، ئىنسانلارنىڭ ئۆزاق مۇددەتلىك تەرەققىياتىغا پايدىسىز.

قەدىمكىلەر مائارىپقا نىسبەتەن ئېنىق قاراشقا ئىگە بولۇپ، مائارىپ ئاساسەن ئەركىن بولۇشى كېرەك دەپ قارىسىمۇ، لېكىن، ھەممە ئادەمنى ئەركىن ئۇنىۋېرسال مائارىپنى قوبۇل قىلىشى كېرەك دەپ قارىمايتتى. چۈنكى، ئۇلارنىڭ نەزىرىدە خۇشاللىق ۋە يۇقىرى ھوقۇقى ئىزدەشكە پاكى ئەركىن ـ ئازادە راھەت ياشاشقا ھەممە ئادەم نېسىپ كېلىپ كەتمەيتتى. بۈگۈن ھېچ بولمىغاندا دېموكراتىيىگە ئىشىنىدىغان كىشىلەر ئۇنداق ئويلىمايدۇ. بىز ھەممە ئادەم يۇقىرىغا ئايلىنىشى كېرەك، دەپ تەشەببۇس قىلىمىز. شۇڭلاشقا، بارلىق كىشىلەر خۇشاللىق ئىزدەشتە باراۋەر ھوقۇققا ئىگە، بارلىق كىشىلەر مەدەنىيەتتىن بەھرىمەن بولۇشى كېرەك. بىزنىڭ قارىشىمىزچە، دېموكراتىك جەمئىيەت ھەممە ئادەمنى ئەركىن ئۇنىۋېرسال مائارىپ بىلەن تەمىنلىشى كېرەك.

سانائەت ئىگىلىكى جەريانىدا خىزمەتنىكى كەسپىي مەشىق سانائەتنىڭ ئۆزىدە ۋە كەسىپ ۋاقتىدا ئېلىپ بېرىلىشى كېرەك، ھەرگىزمۇ مەكتەپ ۋە دەرسخانىدا ئېلىپ بېرىلماسلىقى لازىم. تۆپ مەكتەپ مائارىپى دەرسلىكى باشلانغۇچنىڭ 1 ـ يىللىقىدىن ئالىي مەكتەپكە قەدەر پۈتۈنلەي ئومۇمىي پەن خاراكتېرىدە بولۇشى كېرەك، كۆپچىلىك بۇ جەھەتتە بىردەك بولۇشى كېرەك. مەكتەپ قانداق سەۋىيە ۋە دەرىجىگە يېتىشى كېرەك دېگەن مەسىلىگە كەلسەك، ئوخشىمىغان بالىلارغا ئوخشىمىغان شەكىلدە ماسلاشتۇرۇش ئۈچۈن دەرسلىك مۇناسىپ تۈردە يېڭىلىنىشى كېرەك.

مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئىقتىدارنىڭ يۇقىرى - تۆۋەن بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بۇرۇنقى ئاز سانلىقلار ئېرىشكەن ئۇنىۋېرسال مائارىپنى بارلىق بالىلارغا يەتكۈزۈش مەسىلىنىڭ تۈگۈنىدۇر. دېموكراتىك دۆلەتلەرنىڭ كەلگۈسى بىزنىڭ مۇشۇ مەسىلىنى ھەل قىلالىشىمىزغا باغلىق.

---

## 42. ئەخلاق تەربىيىسىنىڭ ئۇنىۋېرسال مائارىپتىكى ئورنى

*مائارىپ ئەقلىي ماھارەت جەھەتتىكى تەرەققىيات بىلەن چەكلىنىشى كېرەكمۇ ياكى تېخىمۇ كەڭ دائىرىدە بولۇشى كېرەكمۇ؟ ئەتتەربىيە ۋە ئەخلاقچۇ؟ ئەخلاقىي تەربىيە مائارىپتىكى كەم بولسا بولمايدىغان تەركىبمۇ ياكى «خىيال ۋە ياكى بىزەك» مۇ؟*

---

باشتا ئۇنىۋېرسال مائارىپنىڭ قىممىتى ئۈستىدە توختالدۇق. بۇ خىل مائارىپ ھەم بىلىش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرىدۇ ھەم ئۆگىنىشتىكى ئاساسىي ماھارەتنى يېتىلدۈرىدۇ. ئۇ ئوقۇغۇچىلارغا پىشقان، مۇكەممەل ئادەم بولۇشنىڭ ۋە ئەركىن، مەسئۇلىيەتچان پۇقرا بولۇشنىڭ تەييارلىقىنى قىلدۇرىدۇ. ئۇ ئالاھىدە ئىلمىي خىزمەت ئاساسىنى ۋە بىكار ۋاقىتتىن تولۇق ھەم ئۈنۈملۈك پايدىلىنىدىغان سايانى ھازىرلايدۇ.

بىراق، مائارىپ بىلىش ئىقتىدارىنى تەربىيىلەش بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ، ئۇنىۋېرسال مائارىپنى بىزگە يەتكۈزگەن

يۇنانلىقلار بۇ نۇقتىنى ئىنتايىن ياخشى چۈشىنىدۇ. ئۇلار ماتارىپ بىلىم ، تەن ۋە ئەخلاقىيلىقتىن باشقا يەنە ئىنسانلارنىڭ پەزىلىتى ياكى ئارتۇقچىلىقىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشى كېرەك، دەپ ئىشىنىدۇ. يۇنانلىقلارنىڭ قارىشىچە، ماتارىپنىڭ ئۈچ خىل رولى بولىدۇ. ئۇلار جىسمانىي گۈزەللىك ۋە ماھارەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، ئەخلاقىي پەزىلەتنى شەكىللەندۈرۈش، بىلىش ۋە چۈشىنىش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

ئەپلاتون بىلەن ئارىستوتېل بىلىش جەھەتتىكى ئارتۇقچىلىقنى بىرىنچى ئورۇنغا قويىدۇ. بىراق، ئۇلارنىڭ ماتارىپ پىلانىدا، ئۇلار ئەخلاق ۋە ئىرادىنى تەكىتلەيدۇ. ئۇلارنىڭ دەرسلىكى تەنتەربىيە (چېنىقىش، ئۇسسۇل ۋە باشقا ھەرىكەتلەر) نى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. چۈنكى، ئۇلارنىڭ قارىشىچە، بەدەندىكى ئەۋزەللىك ئەقلىي ۋە ئەخلاقىي ئارتۇقچىلىقنى ھىمايە قىلىپ تۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، روھىيەت ۋە خاراكتېردىكى ساغلاملىق، تاۋلىنىش، گارمونىيە قاتارلىقلار بەدەننىڭ شۇلارغا خاس تەرەپلىرى بىلەن زىچ باغلانغان بولىدۇ.

يۇنانلىقلار بىلىش جەھەتتىكى ئارتۇقچىلىقنى ئابستراكت دەلىللەش ياكى پەننىي بىلىملەر دائىرىسىدە چەكلەپ قويمىغان. ئۇلار سەنئەت (ئىجاد قىلىش ئىقتىدارى) نى، ئەقىل - پاراسەتنى ئىشلىتىش (مۇۋاپىق چارە ئۈستىدە ئېنىق ھۆكۈم چىقىرىپ تۇرمۇشتىكى ياخشى نىشانغا ئۇلۇشۇش ئىقتىدارى) نى بىلىش جەھەتتىكى ئارتۇقچىلىق دەپ ھېسابلىغانىدى. ئەقىل - پاراسەت ئىشلىتىش دېگەنلىك «ئېھتىياتچان» دېگەنلىك بولۇپ، ئۇ ئەخلاقىي تۇرمۇشتا ۋە مەسئۇلىيەتلىك يۇقىرى بولۇشتا ئىنتايىن مۇھىم. يۇنانلىقلارنىڭ قارىشىچە، ماتارىپنىڭ ئاخىرقى نىشانى توغرا ھۆكۈم قىلالايدىغان، تۇرمۇشتىكى توغرا

تەرتىپلەرنى ھېس قىلالايدىغان قەلبىنى راۋاجلاندۇرۇش.

ماائارىپچىلار خاراكتېر شەكىللىنىشىنىڭ ماائارىپتىكى رولىغا بىردەك قوشۇلىسىز. ئەخلاقىي ئارتۇقچىلىقنى دەرسخانىدا تەربىيىلەشكە نىسبەتەن پىكىر بىرلىككە كەلگەن ئەمەس. ئۇلارنىڭ چۈشىنىشىدە، ئوقۇغۇچىلارغا گېئومېتىرىيە ۋە ئالگېبرا ئۆگىتىش ئۇلارغا ئادالەت، مۇلايىملىق ۋە سەۋرچانلىقنى ئۆگىتىشكە قارىغاندا كۆپ ئاسان ئىدى. بىز ئوقۇغۇچىلارغا ئېتىكا ياكى تارىخ ئۆگىتەلەيمىز. ئەمما ئۇلارنىڭ ئىمتىھاندا كۆچۈرۈشىنىڭ ئالدىنى ئالالمايمىز، ھەتتا ئېتىكا ئىمتىھانىدىمۇ شۇنداق.

ياخشىلىق ۋە توغرا ھۆكۈم چىقىرىشنى ئۆگىنىش بىلەن ئوقۇش، يېزىش ۋە ئويلاشنى ئۆگىنىش بىر ـ بىرىگە پۈتۈنلەي ئوخشىمايدۇ. ئەخلاقىي ئارتۇقچىلىق بىلىش جەھەتتىكى تەييارلىق ياكى ئىشلىتىش جەھەتتىكى ماھارەت ئەمەس. خاراكتېر بىر ئادەمنىڭ ئالاھىدىلىكى بولۇپ، ئۇ ئىملا مەشقى، ئەقلىيە سۆزلەرنى يادلاش ياكى نەسىھەت ئاڭلاش ئارقىلىق يېتىلمەيدۇ. ئەخلاقىي ئارتۇقچىلىقنى بىۋاستە ئۆگەتكىلى بولمايدۇ.

ئۇنداقتا، ۋاستىلىك ئۇسۇل بارمۇ، يوق؟

قەدىمدىن ئارتىپ ھازىرغا قەدەر، ئەخلاقىي خاراكتېرنى تەرەققىي قىلدۇرۇش جەھەتتىكى ئەڭ ئۈنۈملۈك ئۇسۇل ئۈلگە بولۇشتۇر. ئۈلگە كۆرسەتكۈچى بەلكىم ئوقۇتقۇچى، ئاتا ـ ئانىلار ۋە باشقىلار بولۇشى مۇمكىن؛ يەنە تارىخ ۋە ئەدەبىياتتىكى ئۇلۇغ شەخسلەر بولۇشىمۇ مۇمكىن. ئوقۇتقۇچى دەرسخانىدا باشقىلارغا ئەخلاق جەھەتتىن كونكرېت يېتەكچىلىك قىلىشىمىز، ئەخلاقنىڭ ماھىيىتىنى ئۇلارغا قانداق يەتكۈزگەنلىكىنى كىشىلەر بىر ئۆمۈر ئېسىدە ساقلايدۇ.

ئۆگىنىش داۋامىدا، ئوقۇغۇچىلاردىن مۇلايىم، قەتئىي،

سەۋرچان ۋە يۇختا بولۇشنى تەلەپ قىلىمىز، ئوقۇغۇچىلار بولسا ئوقۇتقۇچى ۋە مەمۇرىي خادىملاردىن ئادىل بولۇشنى ۋە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھالىغا يېتىشنى تەلەپ قىلىدۇ. دېۋېي ئەخلاقىي تەربىيىنى دەرسخانىدا ئېلىپ بارغىلى بولىدۇ، دەپ قارايدۇ. دېۋېينىڭ قارىشىچە، خاراكتېر نورمال ئۆگىنىش جەريانىدا شەكىللىنىدۇ، ئۇنىڭدىن كېلىپ چىققان ئالاھىدىلىك دەل ئەخلاقىي ئارتۇقچىلىقتۇر. دېۋېي ئەخلاقىي تەربىيە بىلەن بىلىش تەربىيىسىنى بىر - بىرىدىن ئايرىۋېتىشكە قارشى ئىدى. بۇ ھەقتە ئۇ سوقرات بىلەن بىردەك ئىدى. سوقراتنىڭ قارىشىچە، ئەخلاقىي ئارتۇقچىلىقنىڭ ئۆگىنىلىشى ۋاسىتىلىك بولسىمۇ، ئۇنى ئۆگەتكىلى بولاتتى.

---

## 43. ئەقىل - پاراسەت ئۇنىۋېرسال مائارىپنىڭ نىشانى

*ئەقىل - پاراسەت دېگەن نېمە؟ ئۇ ئەقلىي كۈچمۇ ياكى تەجرىبىمۇ؟ نەزەرىيىۋى بىلىممۇ ياكى ئەمەلىي ھېس قىلىشمۇ؟ بىز نېمىشقا پالانىنى «ئەقىل - پاراسەت»لىك دەيمىز؟*

---

تۇرمۇشتا بەزىلەرنى ئەقىل - پاراسەتلىك دېيىشىمىز ئۇلارنىڭ بەزى ئىشلاردا ياخشى ھۆكۈم چىقارغانلىقىدىن، توپ پرىنسىپ ۋە سەۋەبىيەت ھەققىدە چوڭقۇر چۈشەنچىگە ئىگە بولغانلىقىدىندۇر. بۈگۈن «ئەقىل - پاراسەت» دېگەن بۇ سۆز بىزنىڭ نەزىرىمىزدە بىلىش ۋە ئەخلاقتىن ئىبارەت قوش مەنىگە ئىگە. بۇنداق ئۇقتىشىنەزەر ئەنئەنىمىزدىمۇ مەۋجۇت.

قەدىمكى يۇنانلىقلارنىڭ قارىشىچە، ئەقىل ــ پاراسەت ئىككى خىل بولىدۇ. بىرى، ئەمەلىي پاراسەت (ئېھتىيات)؛ يەنە بىرى، قىياسلاش ياكى پەلسەپىۋى پاراسەت. ئەگەر بىر ئادەم شەيئىلەر ئۈستىدە توغرا ھۆكۈم چىقىرىپ، مەقسەتكە لايىق ئۇسۇل تاللىيالايدىكەن، بىز ئۇنىڭدا ئەمەلىي پاراسەت بار دەپ قارايمىز. ئارىستوتېل قەتئىيلەشتۈرۈپ ئېيتىدۇكى، ئەقىل ــ پاراسەتنىڭ نىشانى چوقۇم ياخشى بولۇشى كېرەك. ئۇنىڭچە بولغاندا، ئەمەلىي پاراسەت بىلەن ئەخلاقىي ئارتۇقچىلىق بىرلەشكەن بولۇشى كېرەك.

ئەگەر بىر ئادەم مۇھىم پرىنسىپ ۋە سەۋەبلەرنى چۈشەنسە، يۇنانلىقلار ئۇنى پەلسەپىۋى پاراسەت دەپ ئاتايدۇ. بۇ خىل پاراسەت بىلىمنىڭ ئالىي شەكلى بولۇپ، ئىنسانلارنىڭ ھەقىقەت ئىزدىشىدىكى چوققا، بۇ ئارقىلىق ئىنسانلار ناكامۇل ئۆزلۈكىنى زەرەرسىز ھالدا ئىشقا ئاشۇرىدۇ. پىلاتوننىڭ قارىشىچە، پاراسەت كىشىگە گۈزەل ئارامبەخشلىك كەلتۈرىدۇ. چۈنكى، پاراسەتنى ئىشلەتكىنىمىز روھىمىز ئارقىلىق بىلىم ئىزدىگىنىمىزدۇر. سام چانسىن ئېيتىدۇكى، «پەلسەپىۋى پاراسەتكە ئىگە ئادەم» ھېچنېمىگە ئىنتىلمەيدۇ، چۈنكى ئۇ نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭدا بار.

بىزنىڭ دىنىمىز ئەقىل ــ پاراسەتكە ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىدۇ. يۇنانلىقلار ئەقىل ــ پاراسەتنى نەرسە دەپ چۈشىنىدۇ. سوقرات پەقەت تەڭرىلا پاراسەتلىك بولىدۇ، ئىنسانلار ئەقىل ــ پاراسەتنى سۆيسە ۋە ئۇنىڭغا ئىنتىلسىمۇ، ئۇنىڭغا ئېرىشەلمەيدۇ، دەيدۇ. «ئىنجىل يەندى ــ نەسىھەتلەر»دە، ئەقىل ــ پاراسەت مەڭگۈلۈك پرىنسىپ، ئۇ تاشقى دۇنيانىڭ تەرتىپى ۋە ئىنسانلارنىڭ تۇرمۇشىنى ھىمايە قىلىدۇ، دەپ مەدھىيىلەيدۇ.

«ئىنجىل» يەنە ئەقىل ــ پاراسەتنى ئېھتىياتچان، ئادىل پائالىيەت بولۇپ، ئۇ ھۆكۈمرانلارنىڭ ھەققانىي بۇيرۇقلىرىدۇر

دەپ ماختايدۇ. ئەقىل ـ پاراسەت بىر جەھەتتىن بىلىم دەپ قارالسا، يەنە بىر جەھەتتىن پەزىلەت دەپ قارىلىدۇ. بۇ يەردە ئوقۇتقۇچى پەقەت تەكرىرنىڭ ئۆزىلا بولۇپ، ئىنسانلار ئۆزىنىڭ دىگەنلىرىگە بويسۇنغاندىلا ئەقىل ـ پاراسەتكە ئېرىشەلەيدۇ. ئىنسانلار بىۋاستە ئىزدىنىش ئارقىلىق ئەقىل ـ پاراسەتكە ئېرىشەلمەيدۇ. «ئىنجىل»دا «پەرۋەردىگاردىن قورقۇش ئەقىل ـ پاراسەتنىڭ باشلىنىشىدۇر» دەپ ئېنىق يېزىلغان. بۇ يەردىكى «قورقۇش» پەرۋەردىگارنىڭ گېپىنى ئاڭلاش دىگەنلىك بولىدۇ. ئاكۇئىنا بۇنى تەپسىر قىلىپ، بۇ پەرزەنتلىرىنىڭ قورقۇشىدۇركى، قۇللارنىڭ قورقۇشى ئەمەس — ئىلاھىي قانۇنىيەتكە بولغان ئېھتىرامىدۇركى، جازادىن قورقۇش ئەمەس، دەيدۇ. بۇ خىل قورقۇش تەكرىرنىڭ سۆزىگە ئىشىنىش بولۇپ، ئەقىل ـ پاراسەت (ئاكاموۇل مۇھەببەت بىلەن بىللە كەلگەن بىلىش مۇكەممەللىكى) نىڭ كېلىشى ئارقىسىدا چېكىگە يېتىدۇ. سپىنوزانىڭ نۇقتىئىنەزىرى بويىچە بولغاندا، ئەقىل ـ پاراسەت مۇھەببەتنىڭ بىر خىل شەكلى بولۇپ، ئۇ دەل «خۇدانىڭ ئەقلىي سۆيگۈسىدۇر».

بىز ئەقىل ـ پاراسەتكە قانداق ئېرىشىمىز؟ ئەقىل ـ پاراسەت ئۆگىنىشنىڭ ئاخىرقى مەقسىتى. ئۆگىنىش ئۆمۈرلۈك جەريان بولۇپ، ئۇ پىكىر قىلىش، ئىزدىنىش، تەجرىبە قىلىش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. كىتاب ۋە مەكتەپنىڭ ئەقىل ـ پاراسەتكە ياردىمى بولسىمۇ، روھ ۋە خاراكتېرنىڭ ئالىي پەزىلىتىنى شەكىللەندۈرۈشكە كۇپايە قىلمايدۇ.

تەجرىبە ۋە ياش ئەقىل ـ پاراسەتكە يېتىدىغان بىردىنبىر يول بولالمايدۇ. بەزىلەر باركى، ئۆمۈر بويى دۆت ئۆتىدۇ. راست ئەقىل ـ پاراسەتكە ئىنتىلىشتىكى قىزغىنلىق ۋە تىرىشچانلىقنى ئىزچىللىققا ئىگە قىلىش ئاز ئۇچرايدۇ. پەقەت ئاز ساندىكى ئاقىللارلا ئاۋامغا ئەقىل ـ پاراسەت ۋە ئەقىل ـ پاراسەتلىك بولۇشنىڭ مەنىسىنى ھېس قىلدۇرالايدۇ.

## 44. ھۈنەرۋەنچىلىكنىڭ ئۆگىنىش ۋە تۇرمۇشتىكى رولى

*بىلىشكە ئىنتىلىش بىلەن ھۈنەرۋەنچىلىك بىر ـ بىرىگە قارىمۇ قارشىمۇ؟ بەزىلەر ئۆگىنىش بىلەن خىزمەتنى بىرلەشتۈرۈشنى سىناق قىلدى. يەر تىرىش ئەھمىيەتلىك قارالغانىدى، كىشىلەر ئۇنى ئەقلىي ئەمگەكنى تولۇقلاشقا مۇۋاپىق، ھەتتا روھنى تەربىيىلەش بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك دەپ قارىدى. بۇنداق تونۇش توغرىمۇ؟*

بۇ مەسىلىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش ئۈچۈن ئاۋۋال خىزمەت بىلەن ئۆگىنىشنىڭ مۇناسىۋىتىنى، ئاندىن دېھقانچىلىق قىلىشنىڭ مەنىۋى قىممىتىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش كېرەك.

ئالدىنقىسى بىر قەدەر ئومۇمىي مەسىلە. قەدىمكى يۇناندا ھەر خىل جىسمانىي ئەمگەكلەر كەمسىتىلىپ مەھكۇملۇق دېيىلەتتى ھەم ساپ ئەقلىي ئەمگەك بىلەن زىت دېيىلەتتى. ئارىستوتېل مۇنداق يازىدۇ: «يەدەنگە زىيانلىق كەسىپلەر ئەڭ ئەرزىمەس كەسىپلەردۇر، بەدەن كۆپ ئىشلىتىلىدىغان ئىشلار قۇللارچە ئىشلار بولۇپ، ئۇنىڭدا بىرەر قالاھىدىلىكنىڭ بولۇشى ھاجەتسىز، ئۇنىڭدا ھەم ئەركىن بولغىلى بولمايدۇ».

يەنە بىر جەھەتتىن راھىبچىلار ھۈنەرۋەنچىلىكنىڭ قىممىتى بىلەن ئۆگىنىشنىڭ مۇقەددەسلىكىنى بىرلەشتۈرىدۇ. ئۇلار ئوقۇغۇچىلارغا مەلۇم بىر كەسىپنى ئۆگەتكەندە بىۋاستە قول سالغۇزۇپ ئىش قىلدۇرىدۇ. ئۇلار ھۈنەرۋەنچىلىك دۇنيادىكى مۇقەددەس ئىش، ئۇ كىشىلەرگە كەمتەرلىكنى،

سەۋرچانلىقنى، تىرىشچانلىقنى، ئۆزىگە ئىشىنىشنى ئۆگىتىدۇ، دەپ تەشەببۇس قىلىدۇ.

بەزى خرىستىئان مۇخلىسلىرى خىزمەت بىلەن ئىبادەتنى بىرلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت تۇرمۇش شەكلىنى ھازىرغا قەدەر ساقلاپ كەلدى. ئۇلارنىڭ خىزمىتى ئۇيراق ھەم روھنى ئېكىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. دىنىي ئىسلاھات ھەرىكەتلىرى كىشىلەرگە مەيلى ئۇلار ھۈنەرۋەن بولسۇن ياكى باستىر بولسۇن، تەقدىر ئەزەلدىن يۈتۈۋەتكەن ئىلاھىي كەسىپلەردۇر دەپ ئۆگىتىدۇ. يېقىنقى زاماندىكى ئامېرىكا قىتئەسىدىكى بەزى ئۇنىۋېرسىتېتلاردا خىزمەت بىلەن ئۆگىنىش بىرلەشتۈرۈلگەن.

يەر تېرىشنىڭ مەنىۋى قىممىتىنى قەدىمكى رىملىقلار مەدھىيىلىگەنىدى. ئۇلار سەھرا تۇرمۇشىنىڭ ئېتىز - ئېرىق ئىشلىرىنى تەكىتلەپ، شەھەر مەدەنىيىتىنىڭ مۇرەككەپلىكى ۋە چىرىكلىكىگە قارشى تۇرغان. 18 - ئەسىردىكى سانائەت گۈللىنىشىدىن بۇيان نۇرغۇن ھازىرقى زامان مۇتەپەككۇرلىرى ئاشۇنداق تەشەببۇس قىلغانىدى. 18 - ئەسىردىكى بىر قىسىم فرانسىيە ئىقتىسادشۇناسلىرى ۋە يېزا ئىگىلىك تەرەپدارلىرى پەقەت دېھقانچىلىق بىلەن كانچىلىقلا ساغلام ئىجتىمائىي تەرتىپكە لايىق ئىقتىسادىي پائالىيەتنى تەمىن ئېتەلەيدۇ دېگەنىدى. پەيلاسوپ رۇسسومۇ تەبىئەتكە يېقىن تۇرمۇشنى مەدھىيىلەپ، مەدەنىيەتلىك جەمئىيەتنىڭ چىرىكلىكى ۋە سۈنئىيلىكىنى سۆككەنىدى.

جېففېرسونمۇ مۇنداق دېگەن: «يەر يۈزىدە مېھنەت قىلىۋاتقانلارنىڭ ھەممىسى تەڭرىنىڭ ئۇممەتلىرى.» ئۇ يەر تېرىش ئەخلاقىي ئارتۇقچىلىقلار ۋە ئۆزىگە ئىشىنىشنى مۇقىملاشتۇرىدۇ، مېخانىك سەنئەت ئاچ كۆزلۈكنى ئەۋج ئالدۇرىدۇ، بەلكى ئۇ بىر جۇمھۇرىيەت ئۈچۈن ئەجەللىكتۇر دەپ ئاگاھلاندۇرغانىدى. ئۇ ئامېرىكىنى يېزا ئىگىلىك جەمئىيىتىگە ئايلاندۇرۇپ، سانائەت ماللىرىنى بولسا ئىمپورت قىلىشنى

كىرەك، دەپ تەشەببۇس قىلغانىدى.

جېففېرسوننىڭ ئوي - پىكرى باشقا يازغۇچىلاردىمۇ ئورتاق ئىنكاس قوزغىدى. سۇرېتۇننىڭ قارىشىچە، بىز ئادەمنى جەمئىيەتنىڭ ئاساسىغا ئەمەس، بەلكى تەبىئەتنىڭ يۇقىرىسىغا ئايلاندۇرۇشىمىز كېرەك. ئۇنىڭ ئۆزىمۇ بىر تەرەپتىن بىلىم ۋە ئەدەبىيات ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان. ۋەتىنى يېڭى ئامېرىكىدا قۇرۇش ئۈچۈن بوز يەر ئاچقۇچىلارنى ۋە دېھقانلارنى كۈيلىگەنىدى.

تۇپراقنىڭ ئەخلاقىي قىممىتىدىن باشقا يەنە بىر تەرىپىدىن خالىي بولالايمىز: يەر تېرىشنىڭ ئۆزىلا پەۋقۇلئاددە ئەمەلىي سەنئەت بولۇپ، داۋالاش ۋە ئوقۇتۇشتىن ئىبارەت ئىككى خىل سەنئەتكە يېقىن تۇرىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئىنسانىيەتنىڭ خىزمەت تارازىسىدا يۇقىرى ئورۇن تۇتىدۇ. بۇ ئۈچ خىل ئەمەلىي سەنئەتنىڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى، دېھقان، دوختۇر، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ھەممىسى تىرىك نەرسىلەرگە كۈچ ئاتا قىلىدۇ ۋە شەيئىلەرنىڭ تەبىئىتىگە ماسلىشىش ئارقىلىق تېخىمۇ ياخشى ئۈنۈم يارىتىدۇ. ئەكسىچە، ياغاچچىلىق، مۆزدۇزلۇق، رەسساملىق ۋە ئويمىچىلىق قاتارلىق سەنئەتلەر ئۆزلىرى بەرپا قىلغان ۋە ئىسلاھ قىلغان پاسسىپ نەرسىلەر ئۈستىدە خىزمەت قىلىدۇ.

## 45 . ئوقۇتۇش سەنئىتى

*ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەردە ۋە ئالىي مەكتەپلەردە بىزگە چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغان ئوقۇتقۇچىلار ھەمىشە قەلبىمىزدە تۇرىدۇ. ئەمما، ئۇلارنىڭ نېمە ئۆگەتكەنلىكىنى ۋە قانداق ئۆگەتكەنلىكىنى دەپ بېرەلەيدىغانلىرىمىز يوق ھېسابتا.*

*ھازىر مائارىپ تەتقىقاتى ئوقۇتۇش سەنئىتىگە سەل قاراۋاتقاندەك قىلىدۇ. ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلار مۇناسىۋىتى دېگەن نېمە؟ ئوقۇتقۇچى نېمىلەرنى قىلىشى كېرەك؟ ئوقۇغۇچىنىڭ قانداق تەسىرى بولىدۇ؟*

---

سوقرات ئوقۇتۇشنىڭ ماھىيىتى ھەققىدە تۈپ كۆز قاراشنى ئىپادىلەپ ئوقۇتۇش سەنئىتىنى تۇغۇت ئانىسىنىڭ خىزمىتىگە ئوخشاتقان. خۇددى تۇغۇت ئانىسى بوۋاقنىڭ دۇنياغا كېلىشىگە ماسلاشقاندەك، ئوقۇتقۇچىمۇ بىلىم، ئۇقۇم ۋە چۈشىنىش ئىقتىدارىنىڭ بارلىققا كېلىشىگە ياردەم قىلىدۇ. بۇ يەردىكى ئاساسلىق نۇقتىنەزەر شۇكى، ئوقۇتۇش كەمتەرلىك ھەم ياردەم قىلىش سەنئىتىدۇر. ئوقۇتقۇچى بىلىم ئىشلەپ چىقارمايدۇ، ئۇقۇملارنى قۇرۇق، پاسسىپ قەلبلەرگە قويۇپ قويالمايدۇ. بىلىم ۋە ئۇقۇملارنى ئاكتىپ ھالدا ئىشلەپچىقىرىدىغانلار ئوقۇتقۇچىلار ئەمەس، بەلكى ئۆگەنگۈچىلەرنىڭ ئۆزى.

قەدىمكىلەر دوختۇر، دېھقان دېگەنلەرنىڭ ھۈنىرى بىلەن مۇزدۇر، بىناكارلارنىڭ ھۈنىرىنى پەرقلەندۈرگەن. ئارىستوتېل داۋالاش بىلەن دېھقانچىلىقنى ھەمكارلىق سەنئىتى دېگەن. چۈنكى، ئۇلار تەبىئەتكە ماسلىشىپ، تەبىئەتنىڭ ئۆزى ئىشلەپچىقىرىدىغان مەھسۇلاتلىرىنى تاماملايدۇ. ئىنسانلار ئىشلەپ چىقارمىسا ئاياغ بىلەن ئۆي مەۋجۇت بولمايتتى. ئەمما، جانلىقلار دوختۇرلار ئارىلاشمىسىمۇ ساغلام ياشىيالايدۇ. ئۆسۈملۈكلەر ۋە ھايۋانلار دېھقانلارنىڭ ياردىمى تەگمىسىمۇ ئۆسەلەيدۇ. پىشقان دوختۇر بىلەن دېھقان ساغلاملىق ۋە يېتىلىشنى تېخىمۇ مۇقىم ۋە ئۆلچەملىك قىلالايدۇ.

ئوقۇتۇش خۇددى دېھقانچىلىق ۋە داۋالاشقا ئوخشاشلا بىر

خىل ھەمكارلىق سەنئىتى، ئۇ ئاساسەن تەبىئەت قىلالايدىغان ئىشلارنى تەبىئەتكە ماسلىشىپ، تېخىمۇ ياخشىراق قىلىدۇ. بىز مۇئەللىمنىڭ يارەمگە تايانماي تۇرۇپ نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئۆگىنەلەيمىز. بەزى ئالاھىدە كىشىلەر مەكتەپ تەربىيىسى ئالمايمۇ كەڭ تەلىمات ۋە چوڭقۇر قاراشلارغا ئىگە بولالىغان. ئەمما، كۆپ ساندىكى كىشىلەرگە نىسبەتەن ئوقۇتقۇچىنىڭ ياردىمى بولغاندا ئۆگىنىش جەريانى تىزچىل، ئارتۇقان ھەرەجلەر ئاز بولىدۇ. ئوقۇتقۇچىنىڭ ئۇسۇلغا ئەھمىيەت بېرىپ يېتەكلەشلىرى ئۆگىنىشىمىزنى تېخىمۇ ئاسان ھەم ئۈنۈملۈك قىلىدۇ.

ئوقۇتۇشنىڭ بىر ئاساسلىق يۈزلىنىشى دوختۇرلۇق بىلەن دېھقانچىلىقتىن ئىبارەت ئىككى خىل سەنئەتتە كەم ، ئوقۇتۇش قائىدىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتكە باقىدۇ. ئوقۇتقۇچى سۆزلىمەيدىغان كىتاب ياكى ناخشا ئېيتالايدىغان پلاستىنكا ئەمەس، بۇ نەرسىلەر ئۆزئارا بىلىشمەيدىغان ئوبيېكتلارغىمۇ تارقىلىۋېرىدۇ. ئوقۇتقۇچى ئوقۇغۇچى بىلەن ئادەتتىكى پاراڭلاردىن ئۈستۈن ئالماشتۇرۇشنى ئېلىپ بارىدۇ، نۇرغۇن مەزمۇنلار ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتتە ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىمۇ سەزمىگەن ھالدا خۇسۇسىي پاراڭ تەرىقىسىدە يەتكۈزۈلىدۇ. ئەگەر بىز ئوقۇتقۇچى بىلەن ئوقۇغۇچى ئوتتۇرىسىدىكى ئەنە شۇنداق شەكىلسىز ئامىللارنى دېمىسەك، قامۇس، پلاستىنكا، تېلېۋىزور، رادىئو ئارقىلىقمۇ ئوقۇتۇش ئېلىپ بارساقمۇ بولىۋېرەتتى.

ئوقۇتۇش ئىككى ياقلىمىلىق مۇناسىۋەت. ئوقۇتقۇچى ياردەم بېرىدۇ ھەم يېتەكچىلىك قىلىدۇ، ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىدۇ. ئوقۇغۇچى شاگىرت بولۇپ، ئۇ ئوقۇتقۇچىنىڭ تەربىيىسىنى قوبۇل قىلىدۇ ھەم بويسۇنىدۇ، شۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ روھىنى ئورغۇتىدۇ. بۇ مۇتەئەسسىپ نويۇزلارغا

پاسسىپ بويسۇنۇشقا ئوخشمايدۇ. ئوقۇتۇش ئوقۇتقۇچىنىڭ ئىپتىقانلىرىنى ئىجرا قىلىشتا جانلىق بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. خۇددى چېچەن بالا ئاتا ـ ئانىسىدىن پايدىلىنىشقا ئۇستا كەلگەندەك، ياخشى ئوقۇغۇچى ئوقۇتقۇچىسىدىن پايدىلىنىشقا ئۇستا بولىدۇ. كەپسىز ئوقۇغۇچى مۇئەللىمىنىڭ ياردىمىگە سەل قاراپ، ياشلىقنى زايە قىلىۋېتىدۇ، ھەتتا ئۇزىنى نابۇت قىلىۋېتىدۇ.

ئومۇمەن، ئوقۇتقۇچى ئوقۇغۇچىنى قانداق چۈشىنىش، باھالاش، ھۆكۈم قىلىش ۋە ھەقىقىي تونۇشقا يېتەكچىلىك قىلىدۇ. ئۇ مۇقىم ئۇقۇم ۋە تەلىملەرنى ئوقۇغۇچىلارغا ئۆلۈك يادلاتقۇزمايدۇ . ئۇ ئوقۇغۇچىلارغا ئۆز ئالدىغا ئويلاش ۋە ئۆگىنىشنى ئۆگىتىدۇ. ئۇ پاراسەتتىن دېرەك بېرىدىغان ئىنكاسلارنى باستۇرمايدۇ، بەلكى ئىلھام بېرىدۇ.

ئوقۇغۇچىنىڭ ئىنكاسى ۋە يېتىلىشى ئوقۇتۇشتىن ئىبارەت بۇ خىزمەتنىڭ بىردىنبىر مۇكاپاتى. ئوقۇتۇشتىن ئىبارەت بۇ يۇقىرى دەرىجىلىك ياردەم سەنئىتى پاكى ھەمكارلىشىش سەنئىتى مەخسۇس ياشقىلارنى نەپكە ئېرىشتۈرۈش ئۈچۈن بېغىشلانغان، شۇڭا ئۇنى يۈكسەك سېخىي ھەرىكەت دېيىمىز. ئاۋگۇستىن ئوقۇتقۇچىلىقنى ئەڭ ئالىي ساخاۋەت دەپ تەرىپلىگەنىدى.

## 46 . ئادەتنىڭ شەكىللىنىشى

*ئادەتلەرنىڭ كىشىلىك تۇرمۇشتا تەسىرى بولىدۇ، دەپ ئاڭلىغانمىز. ۋىليام جامېس ئادەتنى «جەمئىيەتنىڭ چاقى» دەپ ئاتىغانىدى. ئارىستوتېل ئۇنى «ئىككىنچى تەبىئەت» دېگەنىدى.*

## «ئادەت» دەپ ئاتالغان بۇ زور تەسىرى كۈچ زادى نېمە؟ نېمە ئۈچۈن ئۇ بىزنىڭ تۇرمۇشىمىزدا شۇنچە مۇھىم؟

بىز ئالدى بىلەن ئارىستوتېلنىڭ «ئادەت ئىككىنچى تەبىئەت» دېگەن مەشھۇر سۆزىنى چۈشىنىپ ئۆتەيلى. ئادەت تۇغما خۇسۇسىيەتنىڭ قوشۇمچىسى. بىزدە مەلۇم شەكىلدە ھەرىكەت قىلىدىغان كۈچ ياكى ئىقتىدار تۇغما ھالدا بار بولىدۇ. يەنە تۇغما پائالىيەت فورمىسىغا ئىگە بولغان بولىمىز. بىز ئۇنى تەبىئىي ئىقتىدار ياكى رېفلېكس دەيمىز. تۇغما ھەرىكەت خاھىشى تۇرمۇشىمىزدىكى ئەمەلىي ھەرىكەت ئارقىلىق شەكىللىنىدۇ ۋە راۋاجلىنىدۇ. بۇ ئادەت دەپ ئاتىلىدۇ.

بىز ھەرخىل پائالىيەتكە نىسبەتەن تۇغما ئىقتىدارغا ئىگە، ئۇلاردىكى ماھارەتلەرنى مەشىق ئارقىلىق ئىگىلەيمىز. بىز گراماتىكىغا چۈشۈرۈپ گەپ قىلىشنى ئۆگىنىمىز، لوگىكىغا ئۇيغۇن پىكىر قىلىشنى ئۆگىنىمىز، ئاشپەزلىكنى ياكى شوپۇرلۇقنى ئۆگىنىمىز، مۇز تېيىلىشنى ياكى چويلا توپىنى ئۆگىنىمىز، بۇلاردىكى ماھارەتلەر ئۆگىنىش ئارقىلىق ئېرىشىلىپ، ئادەتكە ئايلىنىدۇ. بۇ ئىشلاردا ئادەت ھەقىقەتەن مەلۇم ئىقتىدار ئاتا قىلىدۇ. بۇ ئىقتىدارلار تۇغۇلغان ۋاقتىمىزدا پەقەت يوشۇرۇن كۈچ سۈپىتىدە مەۋجۇت ئىدى.

مانا بۇ ئارىستوتېلنىڭ ئادەتنى ئىككىنچى تەبىئەت دەپ ئاتىشىنىڭ سەۋەبى. بىزنىڭ ئەسلى تەبىئىتىمىز ئۆگىنىش ياكى تەجرىبە ئارقىلىق يېتىلگەن ئىقتىدارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، بۇ ئىقتىدارنىڭ تەرەققىي قىلىشى ياكى ئاكامۇللىشىشى ئەسلى تەبىئىتىمىزنى تولۇقلايدۇ، بۇ ئارقىلىق ئىككىنچى تەبىئەت (قوشۇمچە ياكى ئۆگىنىش ئارقىلىق قولغا كەلگەن) ھاسىل بولىدۇ.

بىز ئادەتكە موھتاج، چۈنكى بىز تۆۋەن دەرىجىلىك ھايۋان ئەمەس، بىزدە ھايۋانلاردىكىدەك ھاياتلىق پائالىيىتى ئۈچۈن يېتەرلىك بولغان پائالىيەت ئەندىزىسى يوق. بەزى ھايۋانلار تەبىئىي ئىقتىدارى ئارقىلىق قىلغان ئىشنى بىز ئۆگىنىپ تۇرۇپ قىلىشىمىز لازىم. يەنە بىر جەھەتتىن، تۇغما ئىقتىدارنى خۇدا بېرىدۇ ياكى ئۇ تەبىئىي شەكىللىنىدۇ، خۇددى ئىنسانلارنىڭ ئادىتى ئۆگىنىش ئارقىلىق ئېرىشكەن ئىككىنچى تەبىئەت بولغاندەك.

ئەسلىي تەبىئىتىمىزنى — تەبىئىي ئىقتىدار — ئازراق تەڭشىگىلى بولىدۇ، ئاساسەن ئۆمۈر بويى مۇقىم بولىدۇ. يېتىلدۈرگەن ئادەتلىرىمىز ئاز - تولا ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ، ئەسلىدىكى تەبىئىتىمىزنى تەڭشەپ، مۇئەييەن مۇقىم كۈچكە ئىگە بولىدۇ. بىز ئادەتلىرىمىزنى كۈچەيتەلەيمىز ھەم ئۇنى ئاجىزلاشتۇرۇپ ياكى پۈتۈنلەي يوق قىلىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا باشقا بىر ئادەتنى دەسسىتەلەيمىز. بىزنىڭ ئىككىنچى تەبىئىتىمىز خۇددى ئەسلىي تەبىئىتىمىزگە ئوخشاشلا ھاياتىمىزنىڭ مۇئەييەن باسقۇچىدا بىزگە ئالاھىدە خاراكتېر ئېلىپ كېلىدۇ. ئەگەر سەن بىرسىنىڭ ئادىتىنى بىلسەڭ ئۇنىڭ نېمە ئىش قىلىدىغانلىقىنى ئالدىنئالا بىلەلەيسەن.

بىز شەخسنىڭ ئادىتى ھەققىدە توختالدۇق. بىر جەمئىيەتكە ئورتاق بولغان تەپەككۇر ياكى پائالىيەت ئادىتى، بىر مىللەتنىڭ تۇرمۇش ئادىتى ئۆرپ - ئادەت دەپ ئاتىلىدۇ. ئۆرپ - ئادەت جەمئىيەتنىڭ تەڭپۇڭلۇقىنى ساقلاپ، ئورتاق تۇرمۇشنىڭ گارمونىك ئېلىپ بېرىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىدۇ. ئۇ شەخسنىڭ ئالاقە يوللىرىنى راۋانلاشتۇرۇپ، باشقىلار بىلەن رىشتىلەيدۇ. بىز ناتونۇش بىر جايدا، بۇ جاينىڭ ئۆرپ - ئادىتىگە كۆنەلمىسەك ياكى ئۇنى ئۆزىمىزنىڭ ئۆرپ -

ئادەتكە ئايلاندۇرالمىساق تەبىئىي بولالمايمىز.

ۋىلىيام جامېسنىڭ ئادەت «جەمئىيەتنىڭ غايەت زور چاقى بولۇپ ئۇ ئەڭ بىباھا، ئەڭ مۇۋاپىق تۈرتكە» دېيىشى دەل يۇقىرىقى مەنىدە ئىدى. (چاق تېزلىنىش ئارقىلىق ماتورنىڭ سۈرئەت بىردەكلىكىگە كاپالەتلىك قىلىپ، ئايلىنىش ئارىلىقىنى تولۇقلايدۇ.)

جامېس ئۆزىنىڭ بۇ قارىشىنى شەخسنىڭ ئادىتىگىلا ئەمەس، جەمئىيەتنىڭ ئادىتىگىمۇ تەتبىقلىغان. بىزنىڭ كەسپىي ئادىتىمىز 30 ياشلار ئەتراپىدا تۇراقلىشىپ بولىدۇ. شۇڭا، نۇرغۇن كىشىلەر تۇرمۇشىنىكى ئورنىدىن، جەمئىيەت مېخانىزمىدا ئۇنىڭغا ئالغان ۋەزىپىسىدىن تولۇق رازى بولىدۇ، دېگەندى ئۇ. جامېس قەتئىيلەشتۈرۈپ ئېيتقانكى، خۇسۇسىي رىزقىمىز، گەپ - سۆزىمىز، ئىدىيىمىز، ئىجتىمائىي پائالىيەت ئادىتىمىز 20 ياشلار ئەتراپىدا تۇراقلىشىپ بولىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىزنىڭ ھاياتىمىز خۇددى ئالەملىك تارتىش كۈچىگە ئوخشاش كۈچلۈك بىر پرىنسىپ تەرىپىدىن جەمئىيەت ئوربىتىسىغا مەھكەم ئورنىتىلىپ كېتىدۇ.

شۇنى ئەستە تۇتۇش كېرەككى، كونا ئادەتنى تاشلاپ، يېڭى ئادەتنى يېتىلدۈرۈش مۇمكىن بولمايدىغان ئىش ئەمەس. ئادەت شەكىللەنگەندىكەن، ئۇ بىزگە نىسبەتەن مەجبۇرلاش كۈچىگە ئىگە بولىدۇ. ئادەتنى ئەركىن تاللاشقا بولغانىكەن، قايتىدىن تاللاش ئېلىپ بېرىش تامامەن مۇمكىن. ھېچقانداق ئادەت قانچىلىك كۈچلۈك بولسۇن، بىزنىڭ ئۆزگەرتىش ئەركىنلىكىمىزگە دەخلى قىلالمايدۇ. بۇ بېرنادشاۋنىڭ «لېۋمن قىز» ناملىق ئەسىرىدىن ئېرىشكەن ساۋاق. بۇ شادىمان درامىدا، بېرنادشاۋ ئەپەندى ئادەت ئۆزگەرتىشنىڭ قۇدرىتىنى تەسۋىرلىگەن. گۈل ساتقۇچى قىز دولتېر جاپالىق كەچۈرمىشلەر

ئارقىلىق ئاخىر يۇقىرى قاتلامدىكى ئېسىل خانىملارنىڭ ئادەتلىرىنى ئۆزلەشتۈرىدۇ.

## 47. كىتابنى قانداق ئاسىل ئۇلۇغ قىلىدۇ

*بىر كىتابنى قانداق ئاسىل ئۇلۇغلۇق دەرىجىسىگە كۆتۈرىدۇ؟ ئۇنىڭ شەكلى، ئىدىيىسى ياكى قىزىقتۇرۇش جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكىمۇ؟ ۋاقىتنىڭ سىنىقىدىن ئۆتىدىغىنى بازارلىق كىتابمۇ ياكى ئوقۇپ چۈشىنىش قىيىن بولغان ئاز ساندىكى كىتابلارمۇ؟*

ئۇلۇغ كىتابلاردا ئىنسانىيەتنىڭ قەلبىگە چۈشەنچە، تۇيغۇ ۋە پاراسەت ئاتا قىلغان ئەڭ ياخشى ماتېرىياللار بار. ھەر بىر كىتاب كىشىلەر دۇچ كېلىدىغان ۋە دائىم دېگۈدەك يۈز بېرىپ تۇرىدىغان ئاساسلىق مەسىلىلەرنى مۇستەقىل شەكىلدە ئوتتۇرىغا قويىدۇ. بۇ مەسىلىلەر ئەزەلدىن بىرى ئەلتۈكۈس ھەل قىلىنىپ باققان ئەمەس. كىتابلار بىلىمنىڭ ئەۋلادمۇ ئەۋلاد تارقىلىش مەنبەسى بولۇپ، ئۆلمەس ئەسەرلەرگە ئايلىنىدۇ.

دورۇۋنىڭ كۆرسىتىشىچە، ئۇلۇغ كىتابلار «قايتا يېزىش ھاجەتسىز كىتابلاردۇر.» ئۇلار ئاندا ـ مۇندا بولىدۇ، ئاكامۇل بولىدۇ. سىناقلاردىن ئۆتكەن نەتىجىلەر تەرىقىسىدە بولىدۇ. گۈزەل، ئاددا ـ ساددا ئۇسلۇب ئۇلارنى ئومۇمىي يەتنىڭ نادىر ئەسەرلىرىگە ئايلاندۇرغان، بۇ كىتابلار پەن، شېئىرىيەت، ئىلاھىيەت، ماتېماتىكا ياكى سىياسىيغا ئائىت ئەسەرلەر بولسۇن، ئۇلار ئۇلۇغلاشقا ئەرزىيدىغان ئاسىللارغا ئىگە.

ئۇلۇغ كىتابلار كۆپ قاتلاملىق مەنىگە ئىگە بولۇپ، ئۆزىنىڭ سۈلىتىنى نامايان قىلىپ تۇرىدۇ. ئۇلارنى ھەر خىل ئىزاھلىغىلى بولىدۇ، لېكىن بۇنداق دېگەنلىك ئۇلارنى چۈشىنىكسىز دېگەنلىك ئەمەس ياكى ئۇلارنىڭ مۇكەممەللىكىدە نۇقسان بار دېگەنلىكمۇ ئەمەس. ھەر خىل ئىزاھاتلار بىر - بىرىنى ئۆزئارا تولۇقلاپ، كىتابخانلارنى ئەسەرنى ھەر خىل نۇقتىدىن بايقاشقا يېتەكلەيدۇ. ئادەتتىكى كىتابلار بىر ئوقۇلۇش بىلەنلا ئۆزىدىكى مەزمۇنلارنىڭ ھەممىسىنى ئاشكارىلىۋېتىدۇ، لېكىن ئۇلۇغ كىتابلار قارىغانغا ئادا بولمايدۇ. ئۇلار ئەقىل - پاراسەتنىڭ بۇلىقى بولۇپ، مەڭگۈ قۇرۇمايدۇ.

ئۇرغۇن كىتابلارنىڭ قىزىقارلىق تەرەپلىرى تارىخنىڭ مەلۇم دەۋرى بىلەن چەكلەنگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىر تەرەپ قىلىدىغىنى بارلىق دەۋر ۋە بارلىق جايلاردىكى كىشىلەر دۇچ كەلگەن ئۇپ مەسىلە ئەمەس. ئۇلارنىڭ مەسىلىسىنى بىر تەرەپ قىلىش ئۇسۇلىمۇ ھەممە دەۋر ، ھەممە جاي كىشىلىرىگە باپ ئەمەس. شۇڭا، كىتابلار ئومۇمىيۈزلۈك قىزىقىش قوزغىيالمايدۇ. ئۇلۇغ كىتابلار بولسا ئۆزى يارىتىلغان دەۋرنىڭ چەكلىمىسىدىن ھالقىيالايدۇ. ئۇلار ھەر دائىم دۇنياۋى ئەدەبىيات، بىزنىڭ ئۇلۇغ كىتابلار دېگەنلىرىمىز ھەممە دەۋر، ھەممە جاي كىشىلىرى سۆيۈپ ئوقۇپ ماختايدىغان ئەسەرلەردۇر.

بەزىلەر ئۇلۇغ كىتاب دەۋرنىڭ سىنىقىدىن ئۆتۈشى كېرەك، دەيدۇ. دەرۋەقە، شۇنداق. ئەمما، شۇنىڭغا دىققەت قىلىش كېرەككى ، بۇ كىتابلارنى ئۇلۇغ قىلغان نەرسە ھەرگىزمۇ ۋاقىت ئەمەس، ئۇلار قولدىن چىققاندىمۇ ئۇلۇغ ئىدى. بىر كىتابنىڭ ئۇزۇن دەۋرلەر قىزىقارلىق بولۇشى پەقەت ئۇنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى ئىسپاتلايدۇ، خالاس. ئېھتىمال، زامانىمىزدىكى بەزى ئەسەرلەرنى ئۇلۇغ دېيىشىمىز مۇمكىن، لېكىن ئۇنىڭغا ئېنىق جەزم قىلالمايمىز، ئۇلارنىڭ ئۇلۇغلۇقىغا

ۋاقىتتىن ئىبارەت سوت ئاخىرقى ھۆكۈمنى چىقىرىشى كېرەك.

ماركى توين مۇنداق دېگەن: «ئۇلۇغ ئەسەرلەر ھەر كىم ئاللىبۇرۇن ئوقۇپ بولغان بولۇشنى ئارزۇ قىلىدىغان، لېكىن ھېچكىم ئوقۇشنى ئويلاپ كەتمەيدىغان كىتابلاردۇر.» كىشىلەرنىڭ بۇ كىتابلارنى ئوقۇپ بولغان بولۇشنى ئارزۇ قىلىشىدىكى سەۋەب بۇ كىتابلار ئۇنىۋېرسال تەربىيىدە كەم بولسا بولمايدۇ، كىشىلەرنىڭ بۇ كىتابلارنى ئوقۇشنى خالىماسلىقىدىكى سەۋەب بۇ كىتابلار ئويلىنىشنى تەلەپ قىلىدۇ، ۋەھالەنكى ئويلىنىش بولسا جاپالىق ئەمگەك، بەلكى ئۇلار ئىنسانلارنى ئەڭ جاپالىق مېھنەتكە زورلايدۇ.

ئۇلۇغ كىتابلارنى چۈشىنىش ئاسان ئەمەس. ئۇلارنى بىر ئوقۇپلا تولۇق چۈشىنىدىغان ئادەم بولغان ئەمەس، ھەتتا ئۇلارنى تالاي قېتىم ئوقۇپمۇ چۈشىنىش قىيىن. مەن ھەممىشە ئۇلۇغ كىتابلار ئادەملەرنىڭ كاللىسىدىن ئەبەدىي ھالقىپ تۇرىدۇ دەيمەن. مانا بۇ كىشىلەرنىڭ بۇ كىتابلارنى قايتا ـ قايتا ئوقۇشىنىڭ سەۋەبى ھەم كىشىلەرگە پايدىلىق بولۇشىنىڭ سەۋەبى. پەقەت ئەقلىمىزدىن ھالقىغان نەرسىلەرلا بىزنى يۈكسەلدۈرەلەيدۇ.

تۇرمۇشتىكى ياخشى نەرسىلەرگە ئېرىشىش تەس، ئۇلۇغ كىتابلاردىكى ياخشى نەرسىلەرگە ئېرىشىشمۇ قىيىن. ئۇلۇغ كىتابلارنى چۈشىنىش تەس بولغاچقا، باشقا كىتابلارغا قارىغاندا بەكرەك ئوقۇشقا ئەرزىيدۇ. ئۇلار جاۋابى يوق مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويغاچقا، كىشىلەرنىڭ تەپەككۇرىغا، ئىزدىنىشىگە، مۇنازىرە قىلىشىغا ئىلھام بېرىدۇ. ئۇلارنىڭ قىيىنلىقى بىزنىڭ ئوقۇشىمىزغا جەڭ ئېلان قىلغاچقا، بۇنداق كىتابلارنى بىز ئوقۇغانسېرى ئوقۇش ماھارىتىمىز ئۆسىدۇ، ئۇلار بىزدىكى بىر تەرەپلىمە قاراش ۋە يېتىلىپ بولغان پىكىرگە زىت كەلگەنلىكتىن، بىزنىڭ تەنقىد ئىقتىدارىمىزنىڭ تەرەققىياتىغا

ياردەم بېرىدۇ.

ئۇلۇغ كىتابلارنى چۈشىنىشنىڭ قىيىن بولۇشى ئۇنىڭ ناچار يېزىلغانلىقىدىن ئەمەس، بەلكى ئىنسانىيەت روھى دۇچ كېلىدىغان مۇرەككەپ مەسىلىلەرنى ئېچىق. ئاددىي ئۇسۇللار بىلەن تەسۋىرلىگەنلىكىدە ھەمدە بۇ مەسىلىلەرنى ئەڭ ئاسان ئۇسۇل بىلەن بىر تەرەپ قىلغانلىقىدا.

ئۇلارنىڭ ئۇلۇغلىقى دەل مۇشۇ يەردە.

---

## 48. بالىلار ئۇلۇغ كىتابلارنى ئوقۇشى كېرەكمۇ؟

*بىز چوڭلار ئۇلۇغ كىتابلارنى ئوقۇشى كېرەك دەپ بار كۈچ بىلەن تەرغىب قىلدۇق، ئۇنداقتا بالىلارچۇ؟ ئۇلارنى تەربىيىلەش بىزنىڭ زور مەسئۇلىيەتلىرىمىزنىڭ بىرى، بىز ئۇلارغا ئۇلۇغ كىتابلارنى ئوقۇتۇشىمىز كېرەكمۇ؟ ئەگەر «كېرەك» دېسەك ئۇلارغا نەچچە ياش ياكى نەچچىنچى يىللىقتىن باشلاپ ئۇلۇغ كىتابلارنى ئوقۇتۇشىمىز كېرەك؟*

---

بۇ مەسىلە ناھايىتى مۇھىم. باشقىسىنى قويۇپ، ئۆزىمىزنى ئالساق، بىز كىچىكىمىزدىن باشلاپلا ئۇلۇغ ئەسەرلەرنى ئوقۇشقا باشلىغان. مەسىلەن، «ئىنجىل» ھېكايىلىرى، «گىرىملىنىڭ ساياھەت خاتىرىسى» نىڭ پارچىلىرى، «ئىلئادا»، «ئودىسا» لارنىڭ بۆلەكلىرى قاتارلىقلار. بىزنىڭ بۇ ئەسەرلەرگە ۋە باشقا ئۇلۇغ ئەسەرلەرگە بولغان چۈشەنچىمىز ئۆمۈر بويى داۋاملىشىپ كەلمەكتە. پىشىپ ـ يېتىلگەن بىر ئادەمنىڭ روھى ئىستىق ـ سوغۇقنى

چىق كۆرگەچكە چوڭقۇر ھەم مول بولىدۇ. روشەنكى، ئۇ قاناتلىرى يېتىلمىگەن بالىلارغا قارىغاندا ئۇلۇغ كىتابلارنى تېخىمۇ ياخشى چۈشىنىدۇ. بالىلىق مەزگىلدە ئەقىل ۋە ئادەتلەر قاتمال بولمايدۇ، ھەقىقىي ئەدەبىيات ۋە ئىدىيىلەرنى قوبۇل قىلىش ئادىتى شەكىللىنىشتىن بۇرۇن ئۇنىۋېرسال مائارىپ جەريانىدا ئۇلارغا ئۇلۇغ كىتابلارنىڭ پارچىلىرىنى ئۆگەتسەك، ئۇنىڭ پايدىسى كۆپ بولىدۇ. ئۆگىنىش ئەبەدىيلىك ئىش، لېكىن ئۇنى بالدۇرراق باشلاش ئاقىلانىلىقتۇر.

مەن يېقىندا ئۇلۇغ كىتابلارنى ئوقۇشقا يېتەكلەش قوللانمىسىنى تۈزۈشكە ياردەملەشتىم. بۇ قوللانما 12 ياشتىن 18 ياشقا قەدەر بولغان بالىلار ياكى 7 ـ يىللىقتىن 12 ـ يىللىققا قەدەر بولغان بالىلارغا ئاتالغانىدى. ئۇنىڭدا بالىلار بىلەن ئاتا ـ ئانىلار بىرلىكتە ئوقۇش تەلەپ قىلىنىدىغان بولۇپ، ئۇنىڭدىكى تەكلىپلەر مەكتەپتە ئۇلۇغ كىتابلارنى ئوقۇتۇش كېرەكمۇ، يوق، دېگەندەك مەسىلىگە جاۋاب بېرىشتە ياردەم بېرىدۇ.

بۇ پىلان ئۈچ باسقۇچقا بۆلۈنگەن بولۇپ، بالىلارنىڭ يېشى ۋە ئوقۇش يىللىقىغا ماس كېلىدۇ. بىرىنچى باسقۇچ 7 ـ يىللىق ۋە 8 ـ يىللىققا، يەنى 12 ياشتىن 14 ياشقىچە بولغان بالىلارغا ماس كېلىدۇ. ئىككىنچى باسقۇچ 9 ـ يىللىق ۋە 10 ـ يىللىققا، يەنى 14 ياشتىن 16 ياشقىچە بولغان بالىلارغا ماس كېلىدۇ. ئۈچىنچى باسقۇچ 11 ـ يىللىق ۋە 12 ـ يىللىققا، يەنى 16 ياشتىن 18 ياشقىچە بولغان بالىلارغا ماس كېلىدۇ.

ئەمدى مەن سىزگە نېمە تاللىغانلىقىمنى ئېيتىپ بېرەي. ئاندىن سىز بۇ كىتابلارنىڭ ئون نەچچە ياشلىق بالىلارنىڭ چۈشىنىشىگە ماس كېلىدىغان ـ كەلمەيدىغانلىقىغا ھۆكۈم قىلىڭ. بىرىنچى باسقۇچتا بالىلار «ئودىسسا» دىن تاللانغان پارچىنى ئوقۇيدۇ، ئۇنىڭدا ئودىسسانىڭ تەسىرلىك سەپىرى ۋە

تەۋەككۇلچىلىكى تەسۋىرلەنگەن. ئۇنىڭدىن كېيىن بالىلار «ئىنجىل. پەند - نەسىھەتلەر» دىن تۇرمۇشقا ئائىت ئەقىل - پاراسەتلەرگە ئېرىشىدۇ. ئارقىدىن بالىلارغا ھېرودوتنىڭ قەلىمى ئاستىدىكى مىسىر ۋە يۇنانغا دائىر جەلپكار ھېكايىلەرنى تەقدىم قىلىمىز، يەنە بالىلارنى «گىرفىلىتنىڭ ساياھەت خاتىرىسى» دىكى پاكىنەكلەر دۆلىتىگە باشلاپ بېرىپ، باش قەھرىمان بىلەن پاكىنەكلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن قىزىقارلىق ھېكايىلەردىن ھوزۇرلاندۇرىمىز. ئاخىرىدا ئۇلار ئامېرىكىغا ئائىت بىر قىسىم ھۆججەتلەر بىلەن تونۇشىدۇ. مەسىلەن «مۇستەقىللىق خىتابنامىسى»، «ئاساسىي قانۇنغا مۇقەددىمە» قاتارلىقلار.

ئىككىنچى باسقۇچتا ئوقۇش نىسبەتەن قىيىنلىشىدۇ ۋە بۇ ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا مۇۋاپىق كېلىدۇ. ئۇلار شۇسىدىدىسنىڭ «پېلوپونېس ئۇرۇشى»، ئېۋكلىدنىڭ «گېئومېترىيە ئاساسلىرى توغرىسىدا»، پلۇتاركنىڭ «مەشھۇر كىشىلەر تەزكىرىسى»، مونتەيننىڭ نەسىرلىرى، سېرۋانتېسنىڭ «دونكىخوت» ئەسىرى ۋە شېكسپىرنىڭ «ئىمپېراتور قەيسەر» قاتارلىق كىتابلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئۈچىنچى باسقۇچنىڭ ئوقۇشلۇق ئالىي مەكتەپكە كىرىش ھارپىسىدىكى ياشلارغا لايىقلاشتۇرۇلغان بولۇپ، ئەپلاتوننىڭ «مۇنازىرە»، سوفوكلېسنىڭ «ئانتىگونې»، لۇكرېتسىينىڭ «ماددا توغرىسىدا»، ئاۋگۇستىنىنىڭ «تۆۋبىنامە»، مىلنىڭ «ئەركىنلىك توغرىسىدا»، ۋىلىيام جامېسنىڭ «پسىخولوگىيە پرىنسىپلىرى» قاتارلىق ئەسەرلەرنىڭ پارچىلىرى كىرگۈزۈلگەن.

مۇندەرىجىگە قىزىقارلىق ھەم ئوقۇشقا ئەرزىيدىغان كىتابلارنىڭ تىزىملىكى كىرگۈزۈلگەن. ئۇ ئۆسمۈرلەر ۋە

چوقلارغا ماس كېلىدۇ، ھەربىر باسقۇچتىكىلەر چۈشىنەلەيدۇ. ئەلۋەتتە، بۇنداق قىيىن كىتابلار بالىلاردىن ئۆز ئەقلىنى ئىشقا سېلىشقا تەلەپ قىلىدۇ. ئۇلار ئۆزىنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتى ۋە تەسەۋۋۇرىنى قانات يايدۇرۇشى كېرەك. بۇ كىتابلار ئۇلارنى ئويلىيالايدىغان، جەڭ ئېلان قىلالايدىغان، ئالغا ئىنتىلىدىغان قىلىدۇ. بالىلار يېڭى پائالىيەتلەردە ئۆزلىرىنىڭ ئالاھىدە قابىلىيەتلىرىنى كۆرسىتىشنى ياخشى كۆرىمىز. ئۇلار قەغەز ـ قەلەمدىلا توختاپ قالسىلا بولمايدۇ، بالىلارمۇ بۇنى خالىمايدۇ.

ئۇلۇغ ئەسەرلەردىن ئاللانىملارنى ئوقۇش مەزگىلى كونكرېت مەكتەپ، ئائىلە ۋە بالىلارغا قاراپ بېكىتىلىشى كېرەك. بۇنىڭدىكى مەقسەت بالىلاردا توغرا ئوقۇش ئادىتى ۋە يۈزلىنىشىنى ئىمكانقەدەر بالدۇرراق يېتىلدۈرۈش. ئەگەر بالىلارنى ئېنىق قىستۇرما رەسىملىرى بار، بېسىلىشى چىرايلىق ئاتالمىش ئاسان ئوقۇشلۇقلارغا كۆندۈرۈپ قويساق، ئۇنداقتا، ئۇلار ياشلىق مەزگىلىگە بارغاندا ياكى ئۇلۇغ كىتابلارنى ئوقۇمىسا بولمايدىغان دەۋرگە كەلگەندە، ئۇنى ئوقۇشنى خالىمايدىغان بولۇپ قالىدۇ، ئۇلار قىممىتى يوق بۇلماقلارنى قوبۇل قىلىدۇكى، رۇھىيەتكە قىممىتى بولغان قاتتىق ئوزۇقلۇقلارنى ئىزدەشنى ئېغىر ئالىدۇ.

نەتىجىدە، جىسمانىي جەھەتتىن يېتىلگەن، روھىي ۋە كەيپىيات جەھەتتە ساغلام بولمىغان، چوڭ بولغاندىكىن تۇرمۇشنىڭ مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئالالمايدىغان ئەۋلادلار بارلىققا كېلىدۇ. خۇكسلىي ۋە ئورۋېل قاتارلىق يىراقنى كۆرەر يازغۇچىلار قورقۇنچلۇق كېلەچەكنى تەسۋىرلىگەنىدى، ئۇ جەمئىيەتتە، ئىنسانلارنىڭ روھىي ماشىنىنىڭ كونتروللۇقى ئاستىدىكى كوللېكتىپ مۇناسىۋەت ۋە رېفلېكىس تەربىيىدىن بەلگىلىنىدۇ. تارىخىمىزدىكى ئۇلۇغ ئەسەرلەر نۇرغۇن

مەدەنىيەت بۇلاقلىرىنى كۆرسەتكەن بولۇپ، بۇ بۇلاقلار ھېلىقى قورقۇنچلۇق بېشارەتنىڭ يېتىپ كېلىشىنى توسىيالىشى مۇمكىن. يېتىپ كېلىش ئالدىدا تۇرغان ئىنسان روھىنى قوغداش ئۇرۇشىدا بالىلىرىمىز ۋە بالىلىرىمىزنىڭ روھى ھەقىقىي ئالدىنقى سەپ مۇداپىئەسىگە ئايلىنىدۇ.

## 49. قىيىن كىتابلارنى قانداق ئوقۇش كېرەك؟

*راستىنى ئېيتقاندا، ئۇلۇغ كىتابلارنىڭ ئۇلۇغلىقىنى ئېتىراپ قىلماي تۇرالمىسامۇ، ئۇلارنى ئوقۇش ئاسان ئەمەس. ئۇ قىيىن بولۇپ، ھېچكىمنىڭ چىشى پاتمىسا، ئۇنىڭ ئۇلۇغلىقىدىن قانداق زوقلانغىلى بولىدۇ؟ قىيىن كىتابلارنى قانداق ئوقۇش كېرەكلىكىنى ئېيتىپ بېرىدىغان كۆرسەتمە بارمۇ؟*

بۇ بىراقلا جاۋاب بەرگىلى بولمايدىغان بىر خىل سوئال. كىتاب ئوقۇشنىڭ مۇھىم بىر پرىنسىپى شۇ: قىيىن كىتابنى تۇنجى قېتىم ئوقۇغاندا توختىماي ئوقۇش كېرەك، بۇنى چۈشەنمىگەن يەرگە دىققەت قىلىپ چۈشەنمىگەن يەردە توختاپ قالماسلىق لازىم. مۇشۇ ئۇسۇل بويىچە پۈتۈن ئىزاھات ۋە ئۇقتۇرۇشنامىلەر، پايدىلىنىش ماتېرىياللىرىدىن ئەندىشە قىلىپ كەتمەسلىك كېرەك. ئەگەر ئاشۇ توسالغۇلار تۈپەيلىدىن توختاپ قالسىڭىز، ئىشانچىدىن ئادىشىپ كېتىسىز. كۆپ ھاللاردا ئىزدىنىپ تۇرۇۋالسىڭىزمۇ، سىرلارغا يېتەلمەيسىز. ئىككىنچى

قېتىم ئوقۇغىنىڭدا ئۇنى چۈشىنىسەن، بىراق پۈتۈن كىتابنى بىر قېتىم ئوقۇۋېتىشىڭ كېرەك.

كىتابنىڭ قاتتىق پوستىنى ئىمكانقەدەر تېز ۋە چاققان يارالساق، ئۇنىڭدىكى ھېسسىيات ۋە ئادەتتىكى مەتنىنى ھېس قىلىپ، قۇرۇلمىسىغا ماسلىشالايمىز . مانا بۇ مەن بىلىدىغان ئەڭ ئەمەلىي ئۇسۇل. قانچە تاشلىۋەتسەڭ كىتابنىڭ ئومۇمىي مەتنىسىنى چۈشىنىش ئۈچۈن شۇنچە ئۇزۇن ۋاقىت كېتىدۇ. ھەر قايسى بۆلەكلەرنىڭ ئىچ ـ باغرىنى كۆرۈشتىن ئاۋۋال ( بارا ـ بارا ھەر قانداق سۈرەتنى كۆرۈشۈڭ مۇمكىن) سەن پۈتۈن كىتاب ھەققىدە يۈزەكى چۈشەنچىگە كېلىشىڭ كېرەك.

شېكىسپىرنىڭ ئەسەرلىرى تالاي قېتىم دەپسەندە قىلىنغان، چۈنكى تالاي ئەۋلاد ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى «ئىمپېراتور قەيسەر»، «خاملېت»، «ماكبېت» قاتارلىق درامىلارنى بىر پەردە ـ پەردىدىن كۆرۈپ ، ئۇنىڭدىكى سۆزلۈكلەرنى ئاختۇرۇشقا، ئۇنىڭدىكى ئىزاھاتلارنى تەتقىق قىلىشقا مەجبۇرلانغان. نەتىجىدە، ئۇلار درامىنى ھەقىقىي ئوقۇغان ئەمەس. ئەكسىچە، درامىنى غاجىلاشقا مەجبۇرلانغان بولۇپ، نەچچە ھەپتىلەپ ۋاقىت كېتەتتى. ئۇلار درامىنىڭ ئاخىرىنى ئوقۇغۇچە بېشىنى ئۇنتۇپ قالاتتى. ئۇلارنى بىراقلا ئوقۇۋېتىشكە رىغبەتلەندۈرىدىغان ئادەم بولسا، پۈتۈن درامىنى تولۇق چۈشەنگەن بولاتتى.

كىتابنى بىراقلا ئوقۇۋەتسەڭ، شۇنىڭدىن ئېرىشكەن چۈشەنچەڭ 50% ئەتراپىدا ياكى ئۇنىڭدىن ئاز بولۇشى مۇمكىن. بۇ چۈشەنچىلەر كىتابنى ئىككىنچى قېتىم ئوقۇغىنىڭدا بىرىنچى قېتىم تاشلاپ كەتكەن يەرلەرنى تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ چۈشىنىشىڭگە ئەسقاتىدۇ. بۇ خۇددى سەن بىر ساياھەتچى سۈپىتىدە ناتونۇش يەرلەرنى ساياھەت قىلغاندەك بىر ئىش. ئەگەر سەن بەزى يەرلەرگە بېرىپ باققان بولساڭ، بۇ قېتىم

ئۆزۈڭ بىلمىگەن يوللاردا مېڭىشنى تەۋەككۇل قىلىپ باقساڭ بولىدۇ. شۇنداق بولغاندا، ئاچا يولنى قول يول دەپ بىلىپ قالمايسەن، چىڭقى چۈشتىكى سايىدىن ئالدانمايسەن، چۈنكى كۈن پاتقاندا ئۇ يەرنىڭ ئوي ـ دۆڭىنى بىلىپ بولغان بولىسەن. سەن ھاسىل قىلغان قەلب خەرىتىسى جىلغىلار ۋە تاغلارنىڭ پۈتۈن مەنزىرىسىنىڭ بىر قىسمىنى قانداق كەلتۈرۈپ چىقارغانلىقىنى ئەسكەرتىپ سېنى يېتەكلەيدۇ.

بىرىنچى قېتىمدا تېز ئوقۇش ھەيران قالارلىق ئىش ئەمەس، ئۇ بىرەر مۆجىزىنى يارىتالمايدۇ، ياخشى بىر كىتابنى تەپسىلىي ئوقۇشنىڭ ئورنىنى ئالالمايدۇ. ئەمما، بىرىنچى قېتىملىق تېز ئوقۇشتىن كېيىن تەپسىلىي ئوقۇشمۇ ئاسانغا توختايدۇ.

بۇنداق مەشىق سەگەك كىتاب ئوقۇشقا ياردەم بېرىدۇ. بەتلەرنى قايتا ۋاراقلاپ قەلبىڭىزدە باشقا نەرسىلەرنى ئويلاپ كۆرگەن كىتابنىڭ نېمە تەسىراتى بولسۇن؟ ئەگەر سىز بىر كىتابنى پاسسىپ ھالدا كۆرسىڭىز ئاشۇنداق ئەھۋال يۈز بېرىدۇ. بۇنداق ئۇسۇل بىلەن ھېچنېمىگە ئېرىشكىلى بولمايدۇ. شۇڭا، سىز بىر خۇلاسە يىپ ئۇچىنى تېپىپ، ئۇنى چىڭ تۇتۇشىڭىز كېرەك.

ياخشى كىتابخان كىتابتىكى ھەر بىر مەسىلە ۋە ھەر بىر سىرنى چۈشىنىشكە تىرىشىدۇ. كىتابخاننىڭ پوزىتسىيىسى خۇددى رازۋېدكىچى ئاساسىي ئوقۇملارنىڭ يىپ ئۇچىنى ئىزدىگەندەك، يىپ ئۇچىنى ئېنىقلايدىغان ھەر بىر دېتالغا سەزگۈر بولىدۇ. كىتابنى بىرىنچى قېتىمدىلا تېز ئوقۇۋېتىشتىن ئىبارەت بۇ قائىدە بۇنداق پوزىتسىيىنى ساقلاشقا پايدىلىق. ئەگەر سىز بۇ قائىدىنى ھۆرمەت قىلسىڭىز ئويلىمىغان يەردىن ئاز ۋاقىت سەرپ قىلىپ، كۆپ نەرسىلەرنى چۈشىنەلەيسىز، مەقسىتىڭىزگە كۆپ كۈچ سەرپ قىلمايمۇ يېتەلەيسىز.

## 50. نېمە ئۈچۈن قەدىمكى ئۇلۇغ ئەسەرلەرنى ئوقۇش كېرەك؟

*قەدىمكى مەسىلىلەر ۋە ئىشلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئەسەرلەرنى نېمە ئۈچۈن ئوقۇش كېرەك؟ بىزنىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي مەسىلىلىرىمىز ئىنتايىن جىددىي، شۇڭا بىرىلىپ كىتاب ئوقۇيدىغان ۋاقتىمىزنى ئاشۇ ئىشلارغا ئاجرىتىشىمىز كېرەك بولىدۇ. تارىختا بولغان ھەۋەستىن باشقا، ئۆتمۈشكە تەئەللۇق، ۋاقتى ئۆتكەن نەرسىلەرنى ئوقۇشنىڭ نېمە قىممىتى بار؟*

ئۆتمۈشتىكى ئەسەرلەرنى تەتقىق قىلىشقا سەل قارايدىغان ئادەملەر ئۆتمۈش بىلەن ھازىر پۈتۈنلەي ئوخشىمايدۇ، شۇڭا ئۆتمۈشكە مەنسۇپ نەرسىلەردىن قىممىتى بار نەرسىلەرنى ئۆگەنگىلى بولمايدۇ، دەپ كېسىپ ئېيتىدۇ. بۇ قاراش بالىلارچە قاراشتۇر. ئۆتمۈش ھازىرغا پۈتۈنلەي ئوخشىمايدىمۇ ئەمەس. بىز ئۇلارنىڭ ئوخشاشلىقى ۋە پەرقلىرىدىن قىممەتلىك نەرسىلەرنى ئۆگىنەلەيمىز.

ھازىرغا قەدەر ئىنسانلارنىڭ تۇرمۇشىدا، تەبىئەتنى تونۇش ۋە تەبىئەتنى كونترول قىلىش ئىقتىدارىدا زور ئۆزگىرىشلەر بولدى. يۈرۈشلار دەۋرىمىزدىكى تېخنىكا ۋە ئىجتىمائىي مۇھىتنى قىياسمۇ قىلىپ باقمىغان، شۇڭا ئۇلار بىز دۇچ كەلگەن ئالاھىدە ئەھۋاللاردىن ئاگاھلاندۇرۇش بېرەلمەيتتى. جەمئىيەت ۋە ئىقتىسادىي قۇرۇلما دائىم ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ،

ئادەم مەڭگۈ ئادەم سۈپىتىدە تۇرىۋېرىدۇ. بىز قەدىمكىلەر بىلەن ئوخشاش ئىنسانىيلىققا، ئورتاق ئىنسانىي تەجرىبە ۋە قىيىن مەسىلىلەرگە ئىگە.

شائىرلار شاھىدكى، قەدىمكىلەرمۇ كۈننىڭ چىقىشى ۋە ئولتۇرۇشىنى كۆرەتتى، شامالLارنىڭ سىپاشلىرىنى سېزەتتى، مۇھەببەتنىڭ سەۋدايى بولاتتى، ئەسەبىي خۇشاللىق، كۆرەڭلىك، پىشكەللىك، بەرباتلىق قاتارلىقلارنى بېشىدىن ئۆتكۈزەتتى، ياخشى - يامانني چۈشىنەتتى. قەدىمكى شائىرلار تالاي ئەسىرلەردىن ھالقىپ كېلىپ، بىز بىلەن سۆھبەت قۇرىدۇ، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى بىز بىلەن زاماندىش يازغۇچىلاردىنمۇ بىۋاسىتە ھەم جانلىق ھالدا بىزگە سۆز ئاچىدۇ. قەدىمكى مۇنەججىملەر ۋە پەيلاسوپلار تىلغا ئالغان ئىنسانلار جەمئىيىتىگە دائىر ئورتاق مەسىلىلەر بۈگۈنمۇ بىز ئۈچۈن قىممەتلىك تەكلىپ بولالايدۇ.

قەدىمكىلەر بىزگە ئوخشاش بىر توپ كىشىلەرنىڭ ئۆزلۈكىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش مەسىلىسىگە دۇچ كېلىپ باققان ئەمەس. (بۇ ھەقتە مەن 75 - پاراگرافتا توختىلىمەن). سوفوكلېس ۋە ئارىستوفانلارنىڭ سۆزلىرىدىن ئايانكى، قەدىمكىلەرمۇ ئۆز دەۋرىنىڭ ھەسرىتى ۋە ناتىۋانلىقىنى باشتىن كەچۈرگەن. قەدىمكىلەرنىڭ قارىشىچە، ياشانغانلار يۇقىرى دەرىجىدىكى ئەمەلىي ھۆكۈم كۈچى ۋە پەلسەپىۋى تەپەككۇر ئىقتىدارىغا ئىگە بولۇپ، بىز كۆرۈپ يەتمىگەن يىراق مەنزىللەرنى ۋە مۇمكىنلىكلەرنى كۆرسىتىپ بېرەلەيتتى.

قەدىمكىلەر ھازىرقىدەك يادرو ئۇرۇشى تۈپەيلىدىن بارلىق جانلىقلار يوقاپ كېتىدىغان ئېھتىماللىققا دۇچ كېلىپ باقمىغان. بىراق، ئۇلار ئۇرۇشنى ۋە پۈتۈن بىر مىللەتنىڭ يوقىلىپ كېتىشىنى ياكى مەھكۇم بولۇپ قېلىشىنى بىلەتتى. ئۆتمۈشتىكى مۇتەپەككۇرلار ئۇرۇش ۋە تىنچلىق مەسىلىلىرى ھەققىدە باش قاتۇرۇپ، قوبۇل قىلىشىمىزغا ئەرزىيدىغان

تەكلىپلەرنى بېرىشتى. سىسېرو بىلەن لوك ئىختىلاپنى ھەل قىلىشنىڭ ئىنساپپەرۋەرچە ئۇسۇلى قانۇن دېگەنىدى، دانتې بىلەن كانت پەقەت دۇنياۋى ھۆكۈمەتلا دۇنيا تىنچلىقىنىڭ بىردىنبىر يولى دەپ ئوتتۇرىغا قويغانىدى.

ئۆتمۈش دەۋرلەر 20 ـ ئەسىردىكى ھەر خىل مۇستەبىت سىياسىي تۈزۈلمىنى بېشىدىن كەچۈرمىگەن، لېكىن ئۇلار ھاكىممۇتلەق، زوراۋانلىق ۋە سىياسىيدىكى تەرتىپسىز ئەركىنلىكنى باشتىن كەچۈرگەن. ئارىستوتېلنىڭ پولىتىكىسى (سىياسەتشۇناسلىقى) مۇستەبىت سىياسىي تۈزۈم ھەققىدىكى چوڭقۇر ھەم سىستېمىلىق تەھلىلنى ئۆز ئىچىگە ئالغانىدى، ئۇ بىزگە زوراۋانلىق ۋە ھۆكۈمەتسىزلىكتىن ئىبارەت ئىككى خىل رادىكاللىقتىن خالىي بولۇشنىڭ ئۇسۇللىرىنى تونۇشتۇرغان.

گەرچە ھازىر بىلەن ئۆتمۈش ئوخشىمىسىمۇ، لېكىن بىز قەدىمكىلەردىن تۇرغۇن نەرسىلەرنى ئۆگىنەلەيمىز. بىز قەدىمكىلەرنىڭ ئوي ـ پىكىرلىرىنى چۈشىنىش ئارقىلىق ھازىرقى ئورنىمىزنى ۋە تەرەققىيات ھالىتىمىزنى بىلەلەيمىز. ئۆتمۈش — شەخسىي ئۆتمۈش ۋە مىللىي ئۆتمۈش — ۋۇجۇدىمىزدا مەڭگۈ ياشايدۇ.

ئۆتمۈشنى ياكى بۈگۈننى مەمەدانلارچە ياخشى كۆرۈش بىر يولسا ئېقىمغا ئەگەشكەنلىكنىڭ، بىر يولسا ئار نەزەرنىڭ ئىپادىسى بولۇپ، ئۇلار ئۆچىغا چىققان ھاماقەتلىك. بىز ئۆتمۈش ۋە بۈگۈندىكى ئوتتۇرىغا چىققان ئەسەرلەردىكى قىممىتى بار نەرسىلەرنى تېپىشىمىز كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا قەدىمكى شائىرلار، مۇنەججىملەر ۋە پەيلاسوپلار زامانىمىزدىكى ئۆتكۈر يازغۇچىلارغا ئوخشاش كۆڭلىمىزگە يېقىن كىشىلەر ئىكەنلىكىنى بايقايمىز. ھەتتا، شۇنداق ئېيتالايمىزكى، قەدىمكى ئەسەرلەر ھازىرقى بازارلىق كىتابلارغا قارىغاندا ھالىمىزغا بەكرەك يېتىدۇ.

# 51. ئۇلۇغ ئۇقۇم ھەققىدە

*«ئۇلۇغ ئۇقۇم» دېگەن نېمە؟ ئىنسانىيەت تەپەككۇر تارىخىدىكى ئۇلۇغ ئۇقۇمغا دائىر 100 سۆزنى توپلىدۇق، ئۇلاردىن قايسىلىرى بىزنى زوقلاندۇرىدۇ؟ قايسىلىرى بىزنىڭ تەپەككۇرىمىزگە تەسىر كۆرسىتەلەيدۇ؟*

«ئۇلۇغ ئۇقۇم» غەربنىڭ بىرلىك يازغۇچىلىرى توختالغان ئاساسىي ئۇقۇملاردۇر. 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن، ئۇلۇغ ئۇقۇملارنى توپلاپ، ئاللاشقا مەسئۇل بولدۇق، ئۇلارنى تەھلىل قىلىپ، ئىككى قىسىملىق قېلىن كىتاب تۈزدۇق. كىتابنىڭ ئىسمى «ئۇلۇغ ئۇقۇملار» بولدى. بۇ ئىككى قىسىملىق كىتاب گومېردىن تارتىپ فرويدقىچە يازغۇچىلارنىڭ ئۇلۇغ ئەسەرلىرىدىن تەركىبلەندى.

بىز بۇ ئەسەرلەردىن جەمئىي 102 تۈپ ئۇقۇمنى تاپتۇق، بۇ ئۇقۇملار ئالىپبەت تەرتىپى بويىچە «پەرىشتە» (angel) دىن «دۇنيا» (WORLD) غىچە سۆزلەر ئىدى. بۇ سۆزلەر 2500 يىلدىن بېرى بىزنىڭ مەدەنىيەت ئىدىيىمىز ۋە پائالىيىتىمىزنىڭ مەركىزى بولۇپ كەلدى.

ئەگەر قايسى ئۇقۇمنىڭ تەسىرىنىڭ ئەڭ زور ئىكەنلىكىنى بىلمەكچى بولسىڭىز، بۇنىڭغا جاۋابەن بىر ئۇسۇلىمىز بار، ئۇ بولسىمۇ، 100 ئۇلۇغ ئۇقۇمدىن قايسىلىرى قەدىمدىن تارتىپ ھازىرغىچە بولغان ئۇلۇغ يازغۇچىلارنىڭ دىققىتىگە سازاۋەر بولغانلىقىنى ئېيتىپ بېرىش. شۇنىسى ئېنىقكى، بىر ئۇقۇمنى

مۇھاكىمە قىلىشتىن كېلىپ چىققان بوشلۇق ئارقىلىقمۇ بۇ ئۇقۇمنىڭ كىشىلەر تەرىپىدىن مۇتالىئە قىلىنىش قېتىم سانىنى بىلگىلى بولىدۇ. ئەڭ كۆپ مۇتالىئە قىلىنغان بەش ئۇقۇم مۇنداق: «خۇدا»، «بىلىم»، «ئادەم»، «دۆلەت»، «مۇھەببەت».

بۇ مەسىلىگە جاۋاب بېرىشنىڭ يەنە بىر ئۇسۇلى «يادرو» ئۇقۇملارنى ئىزدەش. چۈنكى، باشقا ئۇقۇملار مۇشۇ ئۇقۇمنى چۆرىدىگەن ھالدا مەۋجۇت بولىدۇ. بۇ ھال ئاتوم يادروسىنى چۆرىدىگەندەك، سەييارىلەر قۇياشنى چۆرىدىگەندەك ئىش. بۇ «يادرو» ئۇقۇملار باشقا ئۇقۇملار ياكى يۇلتۇز تۈركۈملىرىنىڭ يادروسى. ئۇلار ئىنسان بىلەن ئالاقىدار ئەڭ مۇھىم نىشانلارنى كۆرسىتىدۇ.

بىز «ھاكىمىيەت تۈزۈلمىسى» دېگەن گەپنى ئالايلى. ئۇنى ھەر خىل تۈزۈلمىگە ئائىت ئۇقۇملار چۆرىدىگەن بولىدۇ، يەنى «ئاقسۆڭەكلەر ھاكىمىيەت تۈزۈلمىسى»، «دېموكراتىك ھاكىمىيەت تۈزۈلمىسى»، «پادىشاھلىق تۈزۈمى»، «ئولىگارخىيە» ۋە «زالىم پادىشاھ ھاكىمىيەت تۈزۈلمىسى» قاتارلىقلار. ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك بولغان «ئاساسىي قانۇن»، «پۇقرا»، «قانۇن»، «ئىنقىلاب»، «دۆلەت» قاتارلىق ئۇقۇملار بار. بۇ ئۇقۇملار سىياسىي ئىدىيە ۋە پائالىيەتنىڭ دائىرىسىنى بەلگىلەيدۇ.

يەنە «پەزىلەت» دېگەن ئۇقۇمنى ئالايلى. ئۇ پەزىلەتكە دائىر «باتۇرلۇق»، «ئادالەت»، «ئېھتىياتچانلىق»، «كەمتەرلىك»، «پاراسەت» قاتارلىق ئۇقۇملارنىڭ يادروسى. ئۇنىڭدىن باشقا نۇرغۇن مۇناسىۋەتلىك ئۇقۇملار بار. مەسىلەن، «ياخشىلىق»، «يامانلىق»، «بەخت»، «مەسئۇلىيەت»، «جازا»، «گۇناھ» قاتارلىقلار بۇ ئۇقۇملار ئېتىكىغا ئائىت بىر يۈرۈش ئۇقۇملارنى ھاسىل قىلىدۇ.

بىز «ئادەم» ئۇقۇمىنى مەركەز قىلىپ تۇرۇپ، بىر

يۈرۈش پسىخولوگىيە ئۇقۇملىرىنى ھاسىل قىلالايمىز. ئۇ «ئىستەك»، «كەيپىيات»، «تەجرىبە»، «ئادەت»، «خاتىرە»، «تەسەۋۋۇر»، «روھ»، «شادلىق»، «ئازاب»، «ئەقىل»، «تۇيغۇ»، «قەلب»، «ئىرادە» قاتارلىقلار.

«تەدرىجىي تەرەققىيات»، «تىل»، «ئىلگىرىلەش» قاتارلىق ئۇلۇغ ئۇقۇملار يېقىنقى 100 يىلدىن بۇيان پەيدا بولغان. ئۇلار ھازىر تەسىرى زور، كۆپ مۇزاكىرە قىلىنىدىغان ئۇقۇملار بولۇپ، ئۆتمۈشتە ئۇنداق ئەمەس ئىدى. ئەكسىچە، بەزى ئۇقۇملارغا يۈرۈشلۈك يازغۇچىلار ئانچە قىزىقىپ كەتمىدى. مەسىلەن، «پەرىشتە»، «تەقدىر»، «بېشارەت»، «روھ» دېگەنلەردەك.

ھەممە مىساللارنى بىرمۇبىر كۆرسىتىپ بولغىلى بولمايدۇ. بىز ئەڭ تەسىرى كۈچكە ئىگە بەش ئۇقۇمنىڭ سىرتىدا بولىمىز. بىز مۇھىم دەپ قارايدىغان ئۇقۇملارنى قىسقارتىۋەتتۇق. ئۆزىمىزمۇ بەزى مىساللارنى ئويلاپ چىقالايمىز. مەسىلەن، «گۈزەللىك»، «مەۋجۇتلۇق»، «ئامىل»، «مائارىپ»، «ئائىلە»، «ئەركىنلىك»، «ئەمگەكچى»، «ماددا»، «ماكان»، «زامان»، «ھەقىقەت»، «ئۇرۇش»، «تىنچلىق»، «دۇنيا» قاتارلىق.

ئۇلۇغ ئۇقۇملار بىزنىڭ ئىدىيە ۋە ھەرىكىتىمىزدىكى ئوپ نەرسە. ئۇ دۇنيا ۋە باشقا ئادەملەرگە ئۆزلىشىشتە مۇھىم. ئەگەر بىز پىكىر قىلىمەن ۋە ئۆزئارا مۇنازىرە قىلىمەن دەيدىكەنمىز، بۇ ئۇقۇملارنى ئىشلىتىشىمىز كېرەك. ئەگەر ئۇقۇملار بولمىسا نىشانىمىزنى يوقىتىپ ياكى قارىغۇلارچە ئىش قىلىپ قويىمىز.

## ئاساسلىق ئەسەرلەر

柏拉图·《国家篇》;《美诺篇》;《普罗泰戈拉篇》;《法律篇》

ئەپلاتون: «غايىۋى دۆلەت»، «مېنو ھەققىدە»،

«پروٗتاگوراس ھەققىدە»، «قانۇن ھەققىدە»

亚里士多德:《政治学》

ئارىستوتېل: «سىياسەتشۇناسلىق» (پولىتىكا)

马可·奥勒留:《沉思录》

مارك ئاۋرېلىئۇ: «چوڭقۇر خىياللار»

奥古斯丁:《忏悔录》;《论基督教教义》

ئاۋگۇستىن: «تۆۋبىنامە»، «خرىستىئان تەلىماتلىرى»

蒙田:《随笔集》

مونتەينى: «خاتىرىلەر»

拉伯雷:《巨人传》

رابېلى: «گىگانت ئادەملەر قىسسىسى»

培根:《学问的进步》

بېكون: «ئىلىمنىڭ ئىلگىرىلىشى»

笛卡儿:《指导心智的规则》;《论正确导引理性的方法》

دېكارت: «مەقسەتنى بېتەكلەش پرىنسىپلىرى»، «ئەقىلنى توغرا يېتەكلەش ئۇسۇلى»

弥尔顿:《亚雷欧帕吉蒂卡》

مىلتون: «ئارېئوپاگىتىكا»

孟德斯鸠:《法的精神》

مونتېسكيۇ: «قانۇن روھى توغرىسىدا»

亚当·斯密:《国富论》

ئادام سىمىت: «دۆلەتنى بېيىتىش نەزەرىيىسى»

马克思:《资本论》

كارل ماركس: «كاپىتال»

詹姆斯:《心理学原则》

ۋىلىيام جامېس: «پسىخولوگىيە پرىنسىپلىرى»

弗洛伊德:《儿童的性启蒙》

فروئىد: «بالىلارنىڭ جىنسىي مەرىپىتى»

# باشقا ئەسەرلەر


托马斯·阿奎那:《关于教师》

توماس ئاكۋىنا: «ئوقۇتقۇچى توغرىسىدا»

马休·阿诺德:《文化与无政府状态》;《评论集》

ئارنولد ماسىۋ: «ھەزارەت ۋە ئانارخىزملىق ھالەت» «ئوبزورلار»

奥古斯丁:《关于教师》

ئاۋگۇستىن: «ئوقۇتقۇچى توغرىسىدا»

培根:《论说文集》

فرېنسىس بېكون: «مۇھاكىمىلەر توپلىمى»

雅克·巴曾:《美国的教师》;《理智之家》

جاككۇېس بارزۇن: «ئامېرىكا ئوقۇتقۇچىلىرى»، «ئەقىل خانىسى»

马丁·布伯:《人与人》;《论教育》;《性格教育》

مارتىن بۇبېر: «ئادەم ۋە ئادەم»، «مائارىپ توغرىسىدا»، «خاراكتېر مائارىپى»

B. 卡斯蒂利奥内:《献媚者书》

كاستىلىئونى: «خۇشامەتچى»

J. A. 夸美纽斯:《婴儿学校》

كامېنئۇس: «بوۋاقلار مەكتىپى»

詹姆斯. B. 科南特:《教育与自由》

جامېس كونانت: «مائارىپ ۋە ئەركىنلىك»

约翰·杜威:《民主与教育》;《学校与社会》;《经验与教育

جون دېۋېي: «دېموكراتىيە ۋە مائارىپ»، «مەكتەپ ۋە جەمئىيەت»، «تەجرىبە ۋە مائارىپ»

伊拉斯谟:《论自由教育》;《基督徒王储的教育》

ئېراسموس: «ئەركىن مائارىپ ھەققىدە»، «خرىستىئان شاھزادىسىنىڭ تەربىيىلىنىشى»

亚伯拉罕·弗莱克斯纳:《综合大学》

ئابراھام فىلېكسنېر: «ئۇنىۋېرسال ئۇنىۋېرسىتېت»
哈佛委员会:《自由社会中的总体教育》
خارۋارد كومىتېتى: «ئەركىن جەمئىيەتتىكى ئومۇمىي مائارىپ»
罗伯特·M.赫钦斯:《美国高等教育》;《为了自由的教育》;《乌托邦大学》;《教育中的冲突》
روبېرت خۇتچىس: «ئامېرىكا ئالىي مائارىپى»، «ئەركىنلىك ئۈچۈن مائارىپ»، «ئۇتوپىيە ئۇنىۋېرسىتېتى»، «مائارىپتىكى توقۇنۇش»
雅克·马利丹:《十字路口的教育》
جاككۇېس مارىتائىن: «دوقمۇشتىكى مائارىپ»
E. D.马丁:·《自由教育的意义》
E. D.مارتىن: «ئەركىن مائارىپنىڭ مەنىسى»
亚历山大·米克尔约翰:《自由学院》;《经验学院》
م. ئالېكساندىر: «ئەركىن ئىنستىتۇتى»، «تەجرىبە ئىنستىتۇتى»
詹姆斯·穆勒与J.S.穆勒:《论教育》
جامېس مىل ۋە J. S مىل: «مائارىپ ھەققىدە»
约翰·穆勒:《自传》
جون مىل: «تەرجىمىھال»
玛丽亚·蒙台梭利:《蒙台梭利的方法》
مارىيە مونتېسسورى: «مونتېسسورى مېتودى»
国家教育协会:《工作、公民身份与休闲的教育》
دۆلەت مائارىپ جەمئىيىتى: «خىزمەت، پۇقرالىق ۋە پىنسىيە مائارىپى»
纽曼:《大学的观念》
جون نيۇمان: «ئۇنىۋېرسىتېت ئۇقتىشىنەزىرى»
尼采:《论教育机构的未来》;《不合时宜的思想》
نىتشى: «مائارىپ ئورگىنىنىڭ كەلگۈسى»، «زاماننىڭ تەلىپىگە يات پىكىرلەر»



## بەشىنچى باب

# ئىلاھىيەت ۋە مېتافىزىكا

ئىلاھىيەت (تېئولوگىيە) مېتافىزىكا بىرىنچىسى
بېيىۋالغان ئىنسانشۇناسلىق، ھايات تەڭپۇڭلۇقى ۋە روھىيەت
دىنامىكىسى ھەققىدىكى تەلىمات

# 52. ئېتىقاد بىلەن ئەقىلنىڭ پەرقى

*كىشىلەر تەجرىبە، ئەقىل پاكى ئەقىدە ئارقىلىق ئېتىقادنى قوغدايدۇ. ھەممىمىز دىگۈدەك ئەقىل ۋە تەجرىبىنىڭ مەنىسىنى بىلىمىز. لېكىن، ئېتىقادنىڭ نېمىلىكىنى بىلىشكە كەلگەندە، بېشىمىز قاتىدۇ. ئۇ بىر تەرەپلىمە ھاياجان پاكى ئىلھاممۇ؟ ئۇ ئەقىل ۋە تەجرىبىگە قارىمۇقارشىمۇ؟ ئۇلار ئارىسىدا مۇرەسسە بارمۇ؟ ئۇلۇغ مۇتەپەككۇرلار ئېتىقادقا قانداق باھا بېرىدۇ؟*

بۇ مەسىلىگە جاۋاب بېرىش قىيىن ئەمەس. بىز «ئېتىقاد» سۆزىنى تۇرمۇشتىكى سۆزلەردىنلا تاپالايمىز. بىز دوستىمىز ھەققىدە سۆزلىگەندە ھەمىشە «ئۇنىڭغا ئىشەنچىم بار»، «ئۇنىڭغا ئىشىنىمەن» دەيمىز، يەنە «ئۇنىڭ گېپىگە ئىشىنىمەن»، «ئۇنىڭغا ئىشەنچ قىلالايمەن» دېيىشىمىز مۇمكىن. ئاۋۋالقىسى بىراۋغا بولغان ساداقەت ۋە ئىشەنچنى بىلدۈرىدۇ، كېيىنكىسى بىراۋنىڭ پىكرىگە بولغان قوشۇلۇشنى بىلدۈرىدۇ. «ئىنجىل» ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى كىتابلاردا «ئېتىقاد» ئەنە شۇنداق ئىككى خىل مەنىدە ئىشلىتىلگەن.

«كونا ئەھدە» تە «ئېتىقاد» قەتئىيلىك، راست دەلىل، ساداقەت دېگەن مەنىلەردە كەلگەن. ئۇ خۇداغا يېپىشىش ھەم «مەڭگۈلۈك ئۇل تاش» بولۇپ، ئىنجىلدىكى قەسىدىلەر ۋە نەبىنامىدە نامايان بولۇپ تۇرىدۇ. «يېڭى ئەھدە» تە كىشىلەرنىڭ

خۇداغا بولغان ئىشەنچى ۋە ئىشىنىشى ئىيمانى مەدھىيىلەش ۋە ئەسىردىكى ۋەھىيگە سۈيۈنۈش بىلەن باغلانغان. ئۇنىڭدىمۇ ئېتىقاد تەكىتلىنىپ ، مۇخلىسلارنى توغرا كىشىلىك ھاياتقا باشلايدىغان مۇقەددەس سوۋغا دەپ تەرىپلەيدۇ.

دەسلەپكى ۋە ئوتتۇرا ئەسىردىكى دىنىي جەمئىيەتنىڭ ئۇلۇغ ئىلاھىيەتشۇناسلىرى ۋە پەيلاسوپلىرى شەخسىي ئىشەنچ ۋە خاھىش سۈپىتىدىكى «ئېتىقاد» نىڭ مەنىسىنى ھېس قىلغانىدى. ئۇلارنىڭ ئاساسلىق كۆڭۈل بۆلىدىغىنى مۇئەييەن دائىرىدە چەكلەنگەن مەنە ۋە ئىخلاستىن ئىبارەت ئىدى. ئۇلار كۆڭۈل بۆلگەن ئەقىدە بىلىمنىڭ باشقا بىلىم مەنبەلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئىدى.

دەسلەپكى خرىستىئان مۇتەپەككۇرلىرىنىڭ قارىشىچە، ئېتىقاد بىلەن ئەقىل سىغىشالمايدۇ. دىنىي ئىلاھاتتىن بۇرۇن، خرىستىئان دىنىنىڭ ئاساسلىق پىكىر يولى ئېتىقاد بىلەن ئەقىل بىر - بىرنى شەرت قىلىدۇ دېيىشتىن ئىبارەت. ئاۋگۇستىننىڭ قارىشىچە، ئېتىقاد روھنى يورۇتىدۇ، ئەقىلنى رېئال دۇنيانىڭ تۈپ ھەقىقىتىنى بىلىدىغان قىلىدۇ. «بىلىش ئۈچۈن ئېتىقاد» ئۇنىڭ مەشھۇر سۆزى. ئاۋگۇستىننىڭ قارىشىچە، ئېتىقاد ئەقىلگە زىت ئەمەس، ئۇ ئەقىلدىن ئاۋۋال تۇرىدۇ ۋە ئەقىلدىن ھالقىيدۇ، ئۇ ئەقىل ئىگىلىرىنى ئالغا ئىلگىرىلەشكە ئىلھاملاندۇرىدۇ.

ئاكۇئىنامۇ شۇنداق قارايدۇكى، تەبىئىي ئەقىل دىنىي ئېتىقادنىڭ يورۇتۇشى ۋە يۆلىشىگە موھتاج ، شۇندىلا ئۇ تولۇق ھەقىقەتكە ئېرىشەلەيدۇ. ئۇنىڭ قارىشىچە، ئېتىقاد بىلىم ۋە ئىرادىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئېتىقادتا بىلىم ئىگىسىنىڭ قارارى ئىرادە تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. ئېتىقاد دېگەنلىك «مەلۇم پىكىرگە قوشۇلۇش» دېمەكتۇر. يەندە بىلىم ئىگىسى مەلۇم چەكلىك ھۆكۈملەرگە قوشۇلىدۇ. ئېتىقادتىكى قارار

ئىرادىگە باغلىق بولىدۇ، پەننىڭ قوبۇل قىلىنىشى ئۇنىڭ ھەقىقەت دەپ ئىسپاتلىنىشى ئارقىلىق بولىدۇ.

بىر ئادەم خرىستىئان تەلىماتىغا قوشۇلۇشىمۇ مۇمكىن، قوشۇلماسلىقىمۇ مۇمكىن. بۇ ئۇنىڭ ئەقلىگە ئەمەس، ئىرادىسىگە باغلىق. پەننى ئەمەلىيەتتە بولسا ئەقىل ئىگىلىرى ئۆز - ئۆزىدىن ئېنىق بولغان ۋە ھەقىقەت دەپ ئىسپاتلىنىدىغان بايانلارغا قوشۇلىدۇ.

ئاكۋىنانىڭ قارىشىچە، ئەقىل خۇدانىڭ مەۋجۇتلۇقىغا ۋە ماھىيىتىگە دائىر ھەقىقەتلەرنى تاپالايدۇ. ئېتىقاد بولسا كىشىلەرنىڭ ھەقىقەتكە ئېرىشىشىنى مۇقەررەرلەشتۈرىدۇ ۋە تېزلەشتۈرىدۇ. ئۇ بىر قەدەر ئىلگىرىلەپ، خۇداغا بولغان تونۇش ۋە ئۇزۇل - كېسىل ئازادلىق مۇقەددەس بېشارەت (ۋەھىي) شۇناسلىرى ئارقىلىق كەلگەن ئېتىقادقا موھتاج دېگەنىدى. ئاكۋىنانىڭ قارىشىچە، بۇ خىل ئېتىقاد خۇدانىڭ ھىممىتى بولۇپ، ئۈمىد ۋە شەپقەت بىلەن بىللە مەۋجۇت بولىدۇ، شۇڭلاشقا ئۇنى ئىلاھىي ھىممەت ۋە پەزىلەت دەپ ئاتايمىز.

باشقا خرىستىئان مۇتەپەككۇرلىرىنىڭ قارىشىچە، ئىنسانلار خۇدانىڭ ھەقىقىتىگە ئەقىل ئارقىلىق يېتەلمەيدۇ، كىشىلەرنىڭ دىنىي تونۇشلىرى ئېتىقادتىن كېلىدۇ. لۇتېر ئېتىقادنىڭ پاسسىپلىقىنى تەكىتلەپ، ئۇنى ئادەمنى بېكىتىدىغان ۋە يورۇتىدىغان ئىلاھىي شەپقەتنىڭ تەستە قولغا كېلىدىغان سوۋغىسى دېگەنىدى. مەرىپەتتىن ئاۋۋال ئادەمنىڭ تۇغما ئىقتىدارى مۇجمەل ۋە قارىغۇلارچە ھالدا بولىدۇ. شۇڭا، خۇدانىڭ ھەقىقىتىنى تولۇق بىلەلەيدۇ.

دىنىي يازغۇچىلار ئېيتقان ئېتىقاد بىلەن جامېس ئېيتقان «ئېتىقاد ئىرادىسى» ئوخشىمايدۇ. پەيلاسوپ جامېسقا نىسبەتەن مەلۇم بىر دىنىي ئېتىقادتا چىڭ تۇرۇش - تۇرماسلىق ئەركىن

ئىرادىمىزگە باغلىق. ئىلاھىيەتشۇناسلارغا نىسبەتەن بىز خۇدانىڭ بېشارەتلىرىگە ئىشەنگەن ۋاقتىمىزدا، خۇدا ئېتىقادىمىزنىڭ تۈپ مەنبەسى بولىدۇ.

## 53. خۇدانىڭ مەۋجۇتلۇقىنىڭ ئىسپاتى

*ئەگەر خۇدانىڭ مەۋجۇتلۇقى ھەققىدە ئومۇمىيۈزلۈك قوبۇل قىلىنىدىغان ئىسپات بولغان بولسا، دىن بىلەن پەلسەپە سۇ بىلەن سۈتتەك قوشۇلۇپ كەتكەن بولاتتى. بىزنىڭ ئۇلۇغ پەيلاسوپلىرىمىز خۇدانىڭ مەۋجۇدىيىتى ۋە ئۇنى ئىسپاتلاش ھەققىدە مەلۇم قارارغا كەلگەنمۇ؟ بۇ مۇھىم مەسىلىدە قانداق پەلسەپىۋى نۇقتىئىنەزەرلەر بار؟*

ئۇلۇغ كىتابلارنىڭ ئاپتورلىرى ئارىسىدا خۇدانىڭ مەۋجۇت ياكى مەۋجۇت ئەمەسلىكى توغرىسىدا ئورتاق قاراش يوق، بۇ خۇددى ئۇلار باشقا مۇھىم مەسىلىلەر ھەققىدىمۇ بىر قارارغا كەلمىگەندەكلا بىر ئىش. بەزىلەرنىڭ دېيىشىچە، خۇدانىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئىسپاتلىغىلى بولىدۇ، يەنە بەزىلەرنىڭ دېيىشىچە، ئىسپاتلىغىلى بولمايدۇ. خۇدانىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئىسپاتلىغىلى بولىدۇ دېگۈچىلەرنىڭ ئىسپاتلاش ئۇسۇللىرىمۇ ئوخشىمايدۇ.

خۇدانىڭ مەۋجۇتلۇقى ئىككى خىل تىپتا ئىسپاتلىنىپ كەلدى. بىرىنچىسى، «مەۋجۇدىيەت ئىلمى سۈپىتىدىكى ئىسپاتلاش». بۇ ئەزەلىيلىك ئىسپاتى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. چۈنكى، تەجرىبە ئارقىلىق ئەمەس، ئېتىقاد ئارقىلىق ئىسپاتلىنىدۇ.

ئانسېلمۇسنىڭ قارىشى بويىچە بولغاندا، خۇدانى چۈشىنىشتىن ئاۋۋال ئۇنى پەۋقۇلئاددە مەۋجۇدىيەت دەپ قارىشىمىز كېرەك. مۇنداقچە ئېيتقاندا، خۇدا «تەسەۋۋۇرىمىزدىكىدىنمۇ بۈيۈك مەۋجۇدىيەت». بۇنداق مەۋجۇدىيەت چۈشىنىش ئىقتىدارىمىزدا بولۇپلا قالماستىن، يەنە ھەقىقەت بوشلۇقىدىمۇ بار. ئۇ بۇ خىل چۈشەندۈرۈشنى قوبۇل قىلىشىمىز ئۈچۈن، بىزدىن مۇنداق بىر پەرەزنى تەلەپ قىلىدۇ: ئەگەر خۇدا راستتىنلا مەۋجۇت بولمىسا ۋە پەقەت بىزنىڭ قەلبىمىزدىكى ئۇقۇملا بولۇپ قالسا، قانداق ئاقىۋەت كېلىپ چىقىدۇ؟

ئەگەر خۇدادەك ئۇلۇغ مەۋجۇدىيەت بولمىسا، مۇنداقچە ئېيتقاندا، خۇدا پەقەت بىزنىڭ چۈشىنىش ئىقتىدارىمىزدىلا مەۋجۇت بولسا، ئۇنداقتا، ئۇنىڭدا ھەقىقىي مەۋجۇدىيەتكە خاس مۇكەممەللىك بولماي قالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ بىزنىڭ چۈشەنچىمىزدىكى پەۋقۇلئاددە مەۋجۇدىيەت بولماي قالىدۇ. شۇڭا، ئانسېلمۇس مۇنداق يەكۈن چىقىرىدۇ: پەۋقۇلئاددە مەۋجۇدىيەت چوقۇم قەلبىمىزدە مەۋجۇت بولغاندەكلا رېئال دۇنيادىمۇ مەۋجۇت بولۇشى زۆرۈر. ئەمما، دىكارت ئۆزىنىڭ «چوڭقۇر خىياللار» ناملىق ئەسىرىدە باشقىچە قاراشتا بولىدۇ.

بۇنداق دەلىلەشكە ئاكۇئىنامۇ قارشى. ئۇنىڭچە، ئۇنداق دېيىش خۇدانىڭ مەۋجۇتلۇقى ئۆز - ئۆزىدىن مەلۇم دېگەنلىك بولاتتى. بۇ رېئال دۇنيادىكى مەۋجۇدىيەتنى چۈشەنمىسەك، پەۋقۇلئاددە مەۋجۇدىيەتنى چۈشىنىشكە ئامالسىز قالىمىز دېيىشتىن دېرەك بېرەتتى.

ئاكۇئىنا ۋە كانت دۇنيادا رېئال مەۋجۇدىيەت يوق دەپ تەشەببۇس قىلاتتى. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، ئالاھىدە مەۋجۇدىيەتتىن ئىبارەت بۇ ئەمەلىيەتنى تەسەۋۋۇر قىلالمايدىكەنمىز، خۇدانىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئۈنۈملۈك ئىسپاتلىيالمايمىز.

خۇدانىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئىسپاتلاشنىڭ ئىككىنچى خىل تىپى سەۋەب ـ نەتىجىلىك ئىسپاتلاش ياكى كېيىن پەيدا بولغانلىق ئىسپاتى. بۇنىڭدا نەتىجىدىن سەۋەب ئىزدىلىدۇ. كېيىن پەيدا بولغانلىق ئىسپاتى دېگىنىمىز، رېئال مەۋجۇدىيەت بىزگە ئايان ئەمەلىيەتتىن باشلىنىدۇ، دەپ قاراش ئارقىلىق خۇدا ئۇقۇمىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان سەۋەبنى دەلىللەشنى كۆرسىتىدۇ.

بىز مۇنۇ ئۆرنەكلەرنى كۆرۈپ باقايلى. شەيئىلەر پەيدا بولىدۇ ۋە يوقىلىدۇ. بىز يوقالغان نەرسىنى مەۋجۇت ئەمەس دەپ قارايمىز، بىر شەيئىنىڭ مەۋجۇتلۇقى ئۇنىڭ خاراكتېرى تەرىپىدىن بەلگىلەنگەنىكەن، ئۇنداقتا ئۇ يوقالمايدۇ. شۇڭا، خاراكتېردىن تاشقىرى نەرسە شەيئىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنىڭ سەۋەبى بولىدۇ. بىز بۇ يەردە مۇنداق بىر شەرتنى ئالدىنئالا قوبۇل قىلىشىمىز لازىم: مەۋجۇت بولغان ياكى يۈز بەرگەن ھەر قانداق ئىشنىڭ سەۋەبى بولىدۇ.

شەيئىلەرنىڭ مەۋجۇتلۇقى خاراكتېر تەرىپىدىن بەلگىلەنمەيدۇ دېيدىكەنمىز، ئۇنداقتا، ئۇنىڭ مەۋجۇتلۇقىنىڭ سەۋەبى نېمە؟ بۇ سەۋەب شەيئىلەردىكى خاراكتېرگە ئوخشاپ كېتىدىغان باشقا خىل نەرسىمۇ؟ بۇ مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى، بۇ شەيئى ئۆزىدىكى خاراكتېر سەۋەبىدىن مەۋجۇت بولمىسا، باشقا مەۋجۇدىيەتنىڭ سەۋەبىدىن مەۋجۇت بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. ئەگەر يۇقىرىقى ھۆكۈم چىن بولسا، بۇنىڭدىن مۇنداق يەكۈنگە ئېرىشىمىز: شەيئىلەر ئۆزىنىڭ خاراكتېرى بىلەن مەۋجۇت بولىدۇ. بىز ئۇنىڭ خاراكتېرىدىن سەۋەبنى تاپالايمىز. بۇ سەۋەب دەل بىز چۈشەنگەن خۇدا. دېمەك، پەۋقۇلئاددە مەۋجۇدىيەت مەۋجۇدىيەتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

كائىنات ئەبەدىي، ئۇنىڭدا تۇغۇلۇش ۋە يوقىلىش بولمايدۇ، مەۋجۇدىيەت ئۈچۈن سەۋەب كەتمەيدۇ دېگۈچىلەر يۇقىرىقى

ئىسپاتقا قارشى تۇرىدۇ. ئۇلارچە تەجرىبىدىن تاشقىرى مەۋجۇدىيەتنىڭ سەۋەبىنى سەۋەب ـ نەتىجە پرىنسىپىدىن ئەمەس، بەلكى تەجرىبىدىكى مەۋجۇدىيەتنىڭ نەتىجىسى ئارقىلىق ئىسپاتلاش كېرەك.

يۇم ۋە كانتلار خۇدانىڭ مەۋجۇتلۇقىنى مەۋجۇدىيەت ياكى سەۋەب ـ نەتىجە ئارقىلىق ئىسپاتلاشقا قارشى ئىدى. ئۇلارنى ئىلاھپەرەستلىك دېگەندىن كۆرە، بىلگىلى بولماسلىق نەزەرىيىسى تەرەپدارى دېگەن تۇزۇك ئىدى. گەرچە ئۇلار خۇدانىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئەقىل ياكى تەجرىبە ئارقىلىق بىلىشنى ئىنكار قىلسىمۇ، ئەمما خۇدانىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئىنكار قىلالمايتتى. ئۇلارچە بىز خۇداغا ئەقىل ياكى تەجرىبە تۈپەيلى ئەمەس، باشقا نەرسە تۈپەيلى ئىشىنىمىز. يۇمنىڭ قارىشىچە، بۇ نەرسە دەل «ئىشەنچ ۋە مۇقەددەس بېشارەت». كانتنىڭ قارىشىچە، خۇدانىڭ مەۋجۇتلۇقى ئەقىلگە ئۇيغۇن ئىشەنچ بولۇپ، ئۇ ئەمەلىيلەشتۈرۈشتىكى ئېھتىياج. ئۇ ھەتتا، «خۇدانىڭ مەۋجۇت بولۇشى كانت ئۈچۈن زۆرۈر» دېگەنىدى.

## 54. پەرىشتىنىڭ مەۋجۇتلۇقى ۋە ماھىيىتى

*پەرىشتە ئۇقۇمىغا ھەممىمىز قىزىقىمىز. بۇ ئۇقۇم نەدىن كەلگەن؟ پەرىشتە دېگەن نېمە؟ ئۇ بىر خىل سىرلىق جانىدارمۇ؟ بۇ ئۇقۇم توغرىسىدا ئەقىلگە مۇۋاپىق چۈشەندۈرۈش بارمۇ؟*

«پەرىشتە» نىڭ ئەسلى مەنىسى «خەۋەرچى» دېگەنلىك بولىدۇ. «ئىنجىل» دا خۇدا پەرىشتىلەرنى ئەۋەتىپ،

ئىنسانلارغا خەۋەر يەتكۈزىدۇ.

دەسلەپكى «ئىنجىل» دا، خۇدانىڭ پەرىشتىسى ھەگگاغا تەسەللىي بەرگەنىدى ھەمدە ئىبراھىمنىڭ ئىسھاقنى قۇربانلىق قىلىشنى توسقانىدى، مۇساغا بولغان دالالەتنى ئوت شەكلىدە تۇرۇپ يەتكۈزگەنىدى. بۇنداق ئەھۋالدا، پەرىشتە ئەمەلىيەتتە خۇدانىڭ نامايان بولۇشى ئىدى.

كېيىنكى «ئىنجىل» دا، پەرىشتە ئىنسان بىلەن خۇدا ئوتتۇرىسىدىكى ۋاستىلىك رولىنى ئېنىق ئالغان. بۇنداق ئەھۋال جەبرائىل بىلەن مىكائىل دانىيىلنىڭ ئالدىدا پەيدا بولغاندا، جەبرائىل بۈۋى مەريەمگە خۇش خەۋەر ئېلىپ كەلگەندە مۇشۇنداق ئەھۋال يۈز بەرگەن.

يۇقىرىقىلاردىن مەلۇمكى، پەرىشتە خۇدانىڭ ئىرادىسى ۋە ھوقۇقىنىڭ يەر يۈزىدىكى ۋاكالەتچىسى. بۇرۇنقى دەلىللەردىن قارىغاندا، پەرىشتە ئادەم سۈرىتىدە پەيدا بولاتتى ۋە ئادەم بىلەن بىللە تۇراتتى. پەرىشتىنىڭ قاناتلىرى ئەلچىلىكنىڭ سىمۋولى ئىدى، روھقا سىمۋول نۇر چەمبەر كېيىن پەيدا بولغان. كېيىن، يەھۇدىي دىنىدا پەرىشتىلەر تەبىقىلىرى پەيدا بولدى، ئۇنىڭدا ئەقىل پەرىشتىسى ۋە مۇھەببەت پەرىشتىسىمۇ بار ئىدى، پەرىشتىلەرباشلىقى بىلەن ئادەتتىكى پەرىشتىلەر پەرقلەندۈرۈلەتتى. خرىستىئان دىنى بۇ تەبىقىلەرنى توققۇزغا كۆپەيتتى؛ ئۇلار ئەقىل پەرىشتىسى، مۇھەببەت پەرىشتىسى، تەيىنلەش پەرىشتىسى، ئىدارە قىلىش پەرىشتىسى، ۋەلىيلىك پەرىشتىسى، ھوقۇق پەرىشتىسى، ھۆكۈم پەرىشتىسى، پەرىشتە باشلىقى ۋە پەرىشتە قاتارلىقلار.

دىنىي ئەنئەنىلەردىكى ماتېرىياللاردا رەڭدار، مول تەسەۋۋۇرلار ئىپادىلەنگەن بولۇپ، ئۇ ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئىلاھىيەتشۇناسلارنىڭ تۈجۈپىلەپ چۈشەندۈرۈشلىرىدىن كەلگەن. ئۇلار بۇرۇنقى يۇنان پەيلاسوپلىرىنىڭ غەيرىي مادەدىي

مەۋجۇدىيەت ۋە ماھىيەتكە بولغان ئەلقىنلىرىدىن پايدىلانغان. ئەپلاتون ئەنە شۇلارنىڭ بىرى. ئۇ مەڭگۈلۈك ئۇقۇمنىڭ مەۋجۇتلۇق دائىرىسىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، ئۇنى ئۆزگىرىدىغان ھەم سەزگىلى بولىدىغان ماددىي دۇنيادىن ھالقىپ كەتكەن بولىدۇ، دېدى.

ئىلاھىيەتشۇناسلار بۇ تۈپ پەلسەپىۋى قورۇلمىدىن پايدىلىنىپ، دىنىدىكى پەرىشتە ئۇقۇمىنى شەرھلىدى. مەسىلەن، ئاكۋىنا پەرىشتە ھەققىدە مەخسۇس ئەسەر يېزىپ، پەرىشتىنى ماددىي بولمىغان، ئۆزگەرمەس سۇبستانسىيە دەپ بېكىتتى. ئۇ ئەپلاتوندەك پەرىشتىنى مەڭگۈلۈك ئۇقۇم دېمەيتتى. ئۇ پەرىشتە يارىتىلغۇچى (مەخلۇق) بولۇپ، ماددىدىن خالىي مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان، ساپ ئەقىل ـ پاراسەت دېيتتى.

ھازىرقى مۇتەپەككۇرلار پەرىشتە ھەققىدىكى ھەرقانداق پىكىرنى مەسخىرە قىلىدۇ. ئۇلى تەسەۋۋۇرىدىلا مەۋجۇت نەرسە ئۈچۈن ئارتۇقچە باش قاتۇرۇش دېيدۇ. پەرىشتىنىڭ مەۋجۇتلۇقى ھەققىدە قانداق پىكىرلەرنىڭ بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، شۇنى بايقايمىزكى، پەرىشتە ئۇقۇمى بىزنىڭ دۇنيا ھەققىدىكى ئىدىيىمىزنى يورۇتتى. ساپ روھىيەتتىن قورۇلغان بۇ غەيرىي ماددىي ساھە پۈتۈن ۋۇجۇدىمىزنى ماددىي دۇنياغا بېغىشلاپ، شەيئى ھەققىدە تېخىمۇ ياخشى چۈشەنچىگە كېلىشىمىزگە پايدىلىق.

پەيلاسوپلارنىڭ ماددىي دۇنيا ھەققىدىكى ئۇتوپىيىلىك قارىشى بىزنىڭ ئەمەلىي سىياسىي، ئىجتىمائىي تەرتىپنى چۈشىنىشىمىزگە ياردەم قىلىدۇ، شۇنىڭدەك پەرىشتىنىڭ ماھىيىتى ھەققىدىكى پىكىرلەر كىشىلىك ھەققىدە چۈشەنچىمىزنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. مەسىلەن، كۆپچىلىك پەرىشتىلەر شەيئىلەرنى بىر قاراپلا بىلىدۇ ۋە ئۇنى مۇھەببەت بىلەن ئىدارە قىلىدۇ، دەپ قارايدۇ. پەرىشتىلەردىكى ئىقتىدار

بىزدەك مەخلۇقلاردىكى بىلىم ۋە ئىجتىمائىي تىپقا ماس كەلمەيتتى. پەرىشتىلەردەك پاشىيالمايدىغانلىقىمىز ۋە ئۇلاردەك پاراسەتلىك ئەمەسلىكىمىزنى تونۇش خۇددى ھايۋاندەك پائالىيەت قىلماق بولمايدىغانلىقىنى بىلىش بىلەن ئوخشاشلا مۇھىم.

پەرىشتە پەلسەپىۋى تەپەككۇردىكى قىياسىي نەرسە بولۇپلا قالماستىن، ئۇ يەنە دىنىي ماھىيەت مەنىسىگىمۇ ئىگە. «ئىنجىل»دا پەرىشتىنى كۆرگىلى بولىدۇ. ھەگگا، ئىبراھىم، مۇسا ۋە بۈۋى مەريەملەرنىڭ پەرىشتىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىيالىشى ئۇلارنىڭ راستتىنلا خۇدانىڭ ئەلچىسى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

---

## 55. روھنىڭ ماھىيىتى

*بىز «روھ» دېگەن بۇ سۆزنىڭ مەنىسىنى ئىنتايىن غۇۋا ھېس قىلىمىز. بىر بولسا ئۇنىڭ ئېنىق مەنىسى يوقتەك كۆرۈنىدۇ. بىر بولسا ئۇنىڭ مەنىسى ئىنتايىن كۆپتەك كۆرۈنىدۇ. بۇمەنالار ئادەمگە بىغىپ ئوخشىمايدۇ، ھەر بىر ئادەم ئۆز ئالدىغا چۈشەندۈرىدۇ. ئەنئەنىمىزدە ئۇلۇغ مۇتەپەككۇرلار «روھ» ھەققىدە توختالغانمۇ، يوق؟*

---

ئەلۋەتتە، توختالغان. ئالدى بىلەن «روھ» دېگەن سۆزنىڭ ئەسلىي مەنىسى ھەققىدە توختىلاي. روھنىڭ ئەسلىي مەنىسى نەرسىلەرگە ھايات ئاتا قىلىش دېگەنلىكتۇر. نۇرغۇن تىللاردا بۇ سۆزنىڭ لۇغەت مەنىسى «نەپەس ئېلىش» ياكى «ھاياتلىق» دېگەن بولىدۇ.

ھايۋانلارنى تىلغا ئالساق، ئۇلارنى «جانلىقلار» دەپ سۆزلەيمىز. ئارىستوتېل كۆكتات، ھايۋان ۋە ئادەملەرنى ئوخشاش نەزەردە تىلغا ئېلىپ، ئۇلارنى روھى بار دەپ تەسۋىرلەيتتى. ئەپلاتوننىڭ قارىشىچە، كائىناتتىمۇ روھ بار، ئۇ كائىناتنى «جانلىق» سۈپىتىدە كۆرەتتى. قەدىمكى يۇنانلىقلار ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئاسمان جىسىملىرىمۇ ئۆزىگە ھەرىكەت ۋە ھاياتلىق ئاتا قىلىدىغان روھقا ئىگە.

بىزگە نىسبەتەن، روھنىڭ تونۇش چۈشەندۈرۈلۈشى «قەلب» بولۇپ، ئادەتتە ئۇ ئادەمگە ئىشلىتىلىدۇ. بەزى مۇتەپەككۇرلار روھنى «قەلب» دېگەن سۆز بىلەن ئىپادىلەپ، ئۇنىڭ پسىخولوگىيە جەھەتتىكى رولىنى كۆرسەتمەكچى بولىدۇ. مەسىلەن، ئەقىلگە ئۇيغۇن ئىدىيە، بىۋاسىتە سېزىم، تۇيغۇ، تەسەۋۋۇر، خاتىرە، ھېسسىيات، ھاياجان قاتارلىقلار. بەزىلەرنىڭ قارىشىچە، روھ ئەقىلگە مۇۋاپىق غايە دېگەنتى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن، دېكارت روھنى ھاياتلىق ئەمەس، بەلكى تەپەككۇر سۇبستانسىيىسى دەپ تونۇغان.

«روھ» نىڭ ئۈچىنچى خىل شەرھلىنىشى «ئۆزلۈك» بولۇپ، ئۇ ئىنسان خاراكتېرى ھەققىدە ئېتىراپتۇر. بېركلى، كانت كەبى نۇقتىئىنەزەرچىلەر مۇشۇ خىل مەنىدە ئىشلىتىدۇ. سالمىقى ئوخشىمىسىمۇ «ئىنجىل» دىمۇ شۇ مەنىدە ئىشلەتكەن. «كونا ئەھدە» دە تەسۋىرلىنىشىچە، بىر ئادەمنىڭ روھى ئۇنىڭ شەخسىيىتىنىڭ پۈتۈن قىسمى.

«كونا ئەھدە» ۋە ئاز ساندىكى پەيلاسوپلاردىن باشقا، غەرب مۇتەپەككۇرلىرى تەن بىلەن روھنى ماددىي ۋە غەيرىي ماددىي دەپ ئايرىيتتى. بىراق، روھ بىلەن تەننى قانداق باغلاش مەسىلىسىدە، ھەممىسى ئۆزىنىڭ پىكرىدە تۇراتتى.

ئەپلاتون ۋە دېكارتلارنىڭ قارىشىچە، روھ ماھىيەت

جەھەتتىن تەندىن ئايرىغىلى بولىدىغان يەنە بىر خىل ماددا. ئەپلاتون تەن تۈرمە، روھ ئۇنىڭدىكى مەھبۇس دېگەنىدى. تەن ئۆلگەندىن كېيىن، روھ ئازادلىققا چىقىدۇ. بۇ بويىچە بولغاندا، ئادەم روھ ۋە تەندىن ئىبارەت ئىككى ئايرىم نەرسىدىن تۈزۈلگەن.

ئارىستوتېلنىڭ قارىشىچە، ئادەم روھ بىلەن تەننىڭ بىرىكمىسى. ئۇ تەن بىلەن روھنىڭ مۇناسىۋىتىنى ماددا بىلەن شەكىلنىڭ بىرلىكى دەپ قارايتتى، خۇددى ساپالنىڭ لېيى بىلەن شەكلىنىڭ بىرلىكىدەك. شەكىل لايىنى مۇئەييەن شەكىلگە كەلتۈرىدۇ، روھ جانلىقلارنى ئادەم، ھايۋان، ئۆسۈملۈكلەرگە ئايلاندۇرىدۇ.

19 ـ ئەسىردىن بۇيان نۇرغۇن مۇتەپەككۇرلار، بولۇپمۇ پسىخولوگلار ۋە جەمئىيەتشۇناسلار روھ ياكى مەنىۋىيەت ئۇقۇملىرىنى خىيالىي ھەم پايدىسىز دەپ قاراشتى. ھازىرقى زامان پسىخولوگلىرى بىر يۈرۈش روھسىز پسىخولوگىيىنى تەرەققىي قىلدۇردى، يەنى ئۇلار روھنى تەرك ئەتتى. ھازىرقى زامان تەجرىبە پسىخولوگى جامېس روھ ئۇقۇمىنىڭ پسىخىك جەريانلارنى چۈشەندۈرۈشتە ھېچبىر رولى بولۇشىنى يانقىدىم، دېگەن.

جامېس ۋە باشقا روھ نۇقتىئىنەزىرى تەنقىدچىلىرى كۆڭلىدە روھنى تەپەككۇر سۇبىستانسىيىسى دەپ قارايتتى. خۇددى بىزگە ئايان بولغاندەك، بۇ كىشىلەرنىڭ روھ ھەققىدە ئىزدىنىش يوللىرىنىڭ بىرى. تەنقىدچىلەر روھ «جانلىقلارنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچى ۋە شەكلىنىڭ پرىنسىپى» دېگەن ئۇقۇمغا نىسبەتەن يېتەرلىك ئېتىبار بەرمىدى. ئارىستوتېل پەيلاسوپ، شۇنداقلا تەجرىبىچىلىك قارىشىدىكى پسىخولوگ ۋە بىئولوگ. ئۇ قۇرۇق ئابستراكت نۇقتىئىنەزەر ئويۇنىغا ئەمەس، كونكرېت دۇنيانى چۈشەندۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرەتتى.

# 56. مەڭگۈلۈك ھايات

*ئادەم ئۆلگەندىن كېيىنمۇ يەنە ھايات بولىدۇ دېگەن بۇ قاراش بۇرۇن ئورتاق ئېتىقاد ئىدى. كىشىلەرنىڭ ئەبەدىي ياشاشنى ئارزۇ قىلىدىغانلىقىنى چۈشىنىشكە بولىدۇ. لېكىن، ئۇلارنىڭ كۆڭلىدىكى گۇيىنى چۈشەنگىلى بولمايدۇ. كۆپچىلىك روھ ياكى باشقا ئۆلمەس ئامىللار ئادەم ئۆلگەندىن كېيىن يەنە ياشايدۇ، دەپ پەرەز قىلامدۇ، يوق؟ بەدەندە خالىي روھ ياكى قەلبنى قانداق پەيدا قىلغىلى بولىدۇ؟*

ئۆلمەسلىك ھەققىدىكى ئېتىقاد ئىنسان روھىغا بولغان مەلۇم قاراشقا ئاساسلىنىدۇ. ئەگەر روھنى ياكى روھنىڭ ماھىيىتىنى ماددىي ئەمەس، ئۇ تەندىن ئايرىلىپمۇ مەۋجۇت بولالايدۇ دەپ ئويلىغىنىمىزدا، ئۇنى ئۆلمەيدۇ دەپ قارايمىز. روھ ئۆلمەيدۇ دېگۈچىلەر روھنىڭ تەركىبىگە باشقىچە قارايدۇ، بۇ ھەقتە ئۈچ خىل نەزەرىيە بار:

بىرىنچىسى، ئۆلۈمدىن كېيىن روھ ئەسلىي مەنبىيىگە قايتىدۇ، دېگەن نەزەرىيە (بۇ يەردىكى مەنبە ئەرۋاھ، خۇدا).
بۇ بويىچە بولغاندا، روھ ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى داۋاملاشتۇرالمايدۇ، بەلكى ئۆزى كەلگەن يەرگە قايتىدۇ.

ئىككىنچىسى، روھ دائىم مەۋجۇت، ئۇ خۇداغا ئوخشاش مەڭگۈ مەۋجۇت بولىدۇ، دېگەن نەزەرىيە. روھ چەكسىز مەدەنىيەت ھالقىلىرىدىن ئۆتىدۇ، ئۇ ھەر بىر ھالقىدىن ئۆزگىچە شەكىلدە بولىدۇ. بۇ خىل ساماسارا (بۇددا دىنىدا ھاياتلىقنىڭ

ئايلىنىپ تۇرۇشى) قارشىغا قەدىمكىلەر ئىزچىل ئىشىنىپ كەلگەن. ئەپلاتون ئۆزىنىڭ پەلسەپىسىدە، بۇ ئۇقۇمغا كلاسسىك تەبىرلەرنى بەرگەن.

ئۈچىنچىسى، بىرگە تونۇش بولغان نەزەرىيە بولۇپ، ئۇ بولسىمۇ روھ ئۆلمەيدۇ. لېكىن، مەڭگۈلۈك بولمايدۇ دەيدىغان خرىستىئان پرىنسىپى. خرىستىئان دىنىنىڭ قارىشىچە، روھ دەسلەپتە يوق ئىدى، ئۇ پەيدا بولغاندىن كېيىن، مەڭگۈ مەۋجۇت بولىدۇ. خۇدانىڭ يارىتىشى روھنىڭ دەسلەپكى مەۋجۇدىيىتىنىڭ مەنبەسى. خۇدا روھنى تەنگە كىرگۈزدى، روھ يات ـ يات تەندىن ئايرىلىپ تۇرىدۇ، تەن ئۆلگەندىن كېيىن، داۋاملىق مەۋجۇت بولىدۇ.

ئادەم ئۆلگەندىن كېيىن، قىيامەتتە تىرىلىدۇ دېگەن ئەقىدە خرىستىئان تەلىماتىنى ۋايىغا يەتكۈزدى. خرىستىئان دىنىنىڭ قارىشىچە، روھ بىلەن تەن بىر گەۋدە بولۇپ، ئىككىسى بىر ـ بىرىگە تايىنىدۇ. خرىستىئان دىنىنىڭ باقىيلىق ھەققىدىكى قارىشى ئەپلاتوننىڭ قارىشىغا تامامەن ئوخشىمايدۇ. ئەپلاتون روھنى بەدەندىن ئايرىلىپ چىقالايدىغان مەنىۋى سۇبستانسىيە بولۇپ، پەقەت شۇلا سوراققا ۋە قۇتقۇزۇشقا ئېرىشىدۇ، دەپ قارىغان.

پەيلاسوپلار روھنىڭ باقىيلىقى ھەققىدە ھەر خىل قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئەپلاتون روھ ساپ مەنىۋى سۇبستانسىيە بولۇپ، ئايرىم مەۋجۇت بولىدۇ، شۇڭا يوقالمايدۇ، دېگەنىدى. «روھ» دېگەننىڭ مەنىسى بەدەنگە «جان بېرىش» دېگەن بولىدۇ، ئۇ ھاياتلىق پرىنسىپىغا تەۋە بولۇپ، ئۆزلۈكىدىن يوقالمايدۇ. ئارىستوتېلنىڭ قارىشىچە، روھنىڭ ئەقلىي تەرىپى بەدەندىن ئايرىلالايدۇ، چۈنكى ئەقلىلىقنىڭ بىلىدىغىنى غەيرىي ماددا بولۇپ، ئەبەدىي بولىدۇ. ئاكۋىنا ئارىستوتېلغا ئەگەشتى. ئۇنىڭچە، روھنىڭ ئومۇمىيىتى تەن

ئۆلگەندىن كېيىنمۇ مەۋجۇت بولىدۇ، ئەمما تەننى قوزغۇشقا كەلگەندە، «روھنىڭ تەن بىلەن بىر بولۇشتەك تەبىئىي مايىللىقى» نى تەكىتلەيتتى.

روھنىڭ باقىيلىقى ھەققىدىكى يەنە بىر نۇقتىئىنەزەر ئاللىقاچان ئەخلاقىي مەسىلىگە ئايلىنىپ كەتكەن. ئادەم ئۆمرىدە تاكامۇل ئادالەتكە نائىل بولالمايدۇ، شۇڭا ئادەملەر ئۆلگەندىن كېيىن، مەڭگۈلۈك مۇكاپات ۋە جازاغا ئېرىشىشى زۆرۈر. ئەپلاتوننىڭ پاراڭلىرىدا روھ مۇقەددەس سوتچى ئالدىدا قىپيالىڭاچ تۇرۇپ، بەدىنىنىڭ ئۆلۈشىنىڭ ئاۋۋالقى ئەسكىلىكلىرىنى بايىدۇ. ۋېرگىل مەغپىرەت قىلىنغان ئېلىسانتاتاسىنى جانلىق تەسۋىرلىگەن. بىز «يېڭى ئەھدە» تىن ئاشۇنداق تەسۋىر ياكى بېشارەتلەرنى ئۇچرىتىمىز.

باقىيلىق چوقۇم روھنىڭ چەكسىز مەۋجۇتلۇقىنىلا كۆرسەتمەيدۇ. سپىنوزا باقىيلىقنى كىشىنىڭ بىلىم ئارقىلىق مەڭگۈلۈككە ئىشتىراك قىلىشىنىڭ نەتىجىسى دەپ قارىغان ياكى «تەڭرىنىڭ پاراستىگە بولغان سۆيگۈ» دەپ قارىغان. ئەپلاتون ۋە ئارىستوتېلنىڭ بىلىشىچە، ئادەم ئۆزىنىڭ ئەۋلادىدا ياكى ئىجادىيىتىدە ئۆلمەس بولالايدۇ. بۇ ئىنتايىن توغرا سۆز بولۇپ، ئەسىرلەردىن بېرى، كىشىلەر ئەپلاتون ۋە ئارىستوتېل قاتارلىقلارنى ئۆلمەس كىشىلەر قەسرىگە قويۇپ كەلدى.

باقىيلىقنىڭ ئەندىزىسى خىلمۇخىل. مەسىلەن، ئىنسانلار ئۆزلىرىنىڭ ئەۋلادلىرى ئارقىلىق خاتىرىلىنىدۇ. خۇدانىڭ پاراستىگە ئىشتىراك قىلىدۇ، روھىيەت سۇبىستانسىيىگە سىڭىپ كېتىدۇ. قايسى بىر خىل ئەندىزىدە بولمىسۇن، باقىيلىققا بولغان تەلپۈنۈش ئومۇمەن ئىنسانلارنىڭ ئۆلگەندىن كېيىن مۇتلەق يوقلۇققا غەرق بولۇش ئاقىۋىتىدىن قاتتىق قورقىدىغانلىقىنى ئاشكارىلاپ بېرىدۇ. ئىنسان مەڭگۈلۈك ياكى ئۇزاقلىق بىلەن بىر گەۋدە بولۇشقا موھتاج، شۇندىلا ئۇ ئەڭ ئاخىرقى يوقىلىشقا تاقابىل تۇرالايدۇ.

# 57. ئەركىن ئىرادە ۋە دېتېرمىنىزم (بەلگىلەش تەلىماتى)

*بىز ئۆزىمىزنىڭ ھەرىكىتىنى تاللاش ۋە بېكىتىشتە ئەركىنلىك ئىرادىمىز بارمۇ، يوق، دېگەن مەسىلىدە گاڭگىراپ قالىمىز. تەبىئىي يەن ئالىملىرى ھەممە نەرسىنى بىر قاتار سەۋەبلەر بەلگىلەيدۇ، دېيىشىدۇ، بىز بۇنى قوبۇل قىلدۇق. لېكىن، ئىجتىمائىي پەن، بولۇپمۇ پسىخولوگىيە ئىنسانلارنىڭ ئىشلىرىنىمۇ ئاشۇنداق چۈشەندۈرىدۇ، بۇ ئارقىلىق ئەركىنلىك ئىرادىسى ئىدىيىسىگە قارشى تۇرماقچى بولىدۇ. بىز بۇنىڭغا قانداق يۈزلىنىشنى بىلمەي قالىمىز. بىز راستىنلا ئىنسانلار ئۆزىنىڭ تەقدىرىنى كونترول قىلالمايدۇ، دېگەن نۇقتىئىنەزەرنى قوبۇل قىلالمايمىز. شۇڭا، ھازىرغا قەدەر ئۆتكەن مۇتەپەككۇرلارنىڭ بۇ ھەقتە نېمىلەرنى دېگەنلىكىنى ناھايىتى بىلگۈمىز بار.*

ئەركىن ئىرادىنى ئىنكار قىلغۇچىلار تەبىئەت ھادىسىلىرىنى بىر قاتار سەۋەبلەر بىلەن چۈشەندۈرىدۇ. ئادەم تەبىئەتنىڭ بىر قىسمى بولغاچقا، ئۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس. ئەركىن ئىرادىنى تەشەببۇس قىلىدىغانلار ئادەمنىڭ ھەرىكىتىنى تەبىئەتتىكى ئىشلاردىن پەرقلەندۈرىدۇ ۋە شەخسنىڭ ھەرىكىتى ئۇنىڭ سۇبيېكتىپ تاللىشىنىڭ مەھسۇلى دەپ قارايدۇ. بەزى ئەركىن ئىرادە تەلىماتچىلىرى ئادەم ماھىيەت جەھەتتە سۇبيېكتىپ ئالاھىدىلىككە ئىگە دەپ ئىشىنىدۇ. ئۇلارنىڭ

قارىشىچە، دۇنيانى بىر قاتار سەۋەبلەر زەنجىرى دەپ چۈشەندۈرۈش ئىنتايىن خاتا.

بىز ئەمدى ئەركىن ئىرادىنىڭ مەنىسى ئىنقىلابىي، ئەركىن ئىرادە پائالىيەت قىلىشتىكى ئەركىنلىك ئەمەس، قارار قىلىشتىكى ئەركىنلىكتۇر. بۇ دېگەنلىك مەلۇم ھەرىكەت، نىشان باكى باشاش ئۇسۇلىنى ئەركىن تاللىۋالالايمىز دېگەنلىك. ئۇنىڭغا قادىر بولۇش ناشقى مۇھىتتىكى ئىمكانىيەت بىلەن باغلىق. ئىنكاھىنىڭ زۆرۈرىيىتىنى ھەممە ئاياللار بىلىدۇ، لېكىن بارلىق ئاياللارنىڭ نىكاھى ئوڭۇشلۇق بولۇپ كېتىشى ناتايىن. ئادەمنىڭ ئەركىن پائالىيىتى مۇھىتنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرايدۇ، دەپ قارىغىنىمىزدىلا ئەركىن ئىرادىنىڭ مەۋجۇتلۇقىغا ئىشىنەلەيمىز.

تارىختىكى ئارىستوتېل، ئاكۋىنا، دېكارت ۋە كانت قاتارلىق پەيلاسوپلار ئەركىن ئىرادىنى تەشەببۇس قىلىدۇ، ھوببىس، سپىنوزا، يۇم، مىل قاتارلىقلار ئۇنىڭغا قارشى تۇرىدۇ. ھازىرقى زامان فرانسىيە مەۋجۇدىيەتچىسى سارتىر ئەركىن ئىرادىنى راسا كۆككە كۆتۈرگۈچى بولۇپ، ئۇ ئىنساننىڭ ئۆزىنى ۋە كېلەچىكىنى بەلگىلەش ھوقۇقى بولىدۇ، دەپ تەرغىب قىلىدۇ. سارتىرنىڭ قارىشىچە، شەخس ھەرقانداق ئەھۋالدا مۇتلەق ئەركىن، بۇ ئۆتمۈشنىڭ ئۇنىڭغا بولغان تەسىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بىز دەل ئۆزىمىز بولماقچى بولغان ئادەم، ئادەم پەقەت ھەقىقىي ئەركىنلىككە ئېرىشكەندىلا ئۆزلۈك ـ كىشىلىك ئەمەلىي مەۋجۇدىيەتكە ئايلىنالايدۇ. ئادەمنىڭ مەۋجۇدىيىتى ئەركىنلىكتە. ئەركىن بولالمىغانلار ئادەم ئەمەس. سارتىر مۇنداق دەيدۇ:

*ئىنساننىڭ ئەركىنلىكى ماھىيىتىدىن بۇرۇن بولۇپ، ئۇ ماھىيەتنى مۇمكىنلىككە ئايلاندۇرىدۇ. . . ئىنسان ئاۋۋال مەۋجۇت بولۇپ، ئاندىن ئەركىن بولغان ئەمەس. ئىنساننىڭ*

*مەۋجۇتلۇقى بىلەن ئەركىنلىكى ئوتتۇرىسىدا ھېچقانداق ئارىلىق يوق.*

ۋايتخېد، بېرگسون، ۋىسپ قاتارلىق زامانىمىز مۇتەپەككۇرلىرى سارترىنىڭ ئەركىن تاللاشنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە قوشۇلىدۇ. ئوخشىمايدىغان يېرى، ئۇلار بارلىق تەسىرنى شەخسنىڭ ئۆتمۈشىگە باغلايدۇ ھەم ئەركىن تاللاش ھوقۇقىنى ئىنسانىيەت دۇنياسىنىڭ سىرتىغىچە كېڭەيتىدۇ.

بىز پسىخولوگىيە ئەركىن ئىرادىگە «قوشۇلمايدۇ» دېگىنىمىزدە فرويدنى ئېسىمىزگە ئېلىشىمىز مۇمكىن. ئۇ ھازىرقى دەۋردىكى ئەركىن ئىرادىگە قارشى تۇرىدىغان ۋەكىللىك كىشى. ئۇنىڭ قارىشىچە، ئادەم ئىستەكىنىڭ بەلگىلىشىگە ئۇچرايدۇ، يەنى بىر جەھەتتە تەبىئىي ھاياجان ۋە ئېھتىياجنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرايدۇ، يەنە بىر جەھەتتىن يوشۇرۇن ئاڭدا شەكىللەنگەن ھەزارەت بېسىمىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرايدۇ. بىراق، بىزگە شەخسىي ئەركىنلىككە يېتىشنىڭ يولىنى كۆرسەتتى، بۇ ئۆزىنى بىلىش ۋە ئۆزىگە خوجايىن بولۇشنىڭ مۇشەققەتلىك مۇساپىسىدۇر. فرويدنىڭ قارىشىچە، ئەركىن ئىرادىنى تۇغمىچىلىق دەپ قاراش يېمەنلىك. ئۇ مۇنداق دېگەن:

*روھ ئانالىزچىلىرى مەنىۋى تۇرمۇشنىڭ بەلگىلەش ئىقتىدارىغا قاتتىق ئىشىنىدۇ. ئۇلارغا نىسبەتەن، روھنىڭ ئىپادىلىنىشى. . . بىردەك ۋە زىددىيەتسىز. . . ھەر قانداق ئادەم. . . ھەر قانداق بىر ۋاقىتتا تەبىئەت ھادىسىلىرىنىڭ بەلگىلىشىنى بۇزۇپ تاشلىسا، ئۇ ئىلمىي دۇنيا قارىشىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىغان بولىدۇ.*

ھازىرقى دەلىلچىلىك پەيلاسوپلىرىدىن شلىك ۋە ئايېرلارنىڭ قارىشىچە، ئەركىنلىك ئارزۇنى ھەرىكەتكە

قايىلدۇرۇشقا باغلىق. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، ئەگەر ئوخشىمىغان ئۇسۇلنى تاللىساق، مۇھىتىمۇ ئوخشىمىغان ئۇسۇلىمىزغا يار بەرسە، بىز ئەركىن بولغان بولىمىز. لېكىن، ئۇلار ئۆتمۈش ۋە باشقا تەسىرلەر بىزگە مۇناسىۋەتسىز بولسا، باشقا يول تاللىيالايمىز، مۇناسىۋەتسىز بولمىسا، باشقا يول تاللىيالمايمىز دەپ جاكارلايدۇ.

بۇ ھۆكۈمنى قوبۇل قىلغاندا، بىز مۇنداق ئىككى ياقلىمىلىق قىزىقارلىق قىيىن مەسىلىگە دۇچ كېلىمىز: بىزنىڭ ئەركىن ئىرادىگە بولغان قارىشىمىزنىڭ ئۆزىلا ھەم چەكلىمىنى قوبۇل قىلىدۇ، ھەم ئەركىن تاللايدۇ. بۇ ئىككى خىل ئەھۋالنى پەن ئارقىلىق ئىسپاتلىغىلى بولمايدۇ. قەيت قىلىپ ئۆتۈش كېرەككى، پسىخولوگىيە ئەركىن ئىرادە تەلىماتىغا قوشۇلمايدۇ، دەپ ھېچكىم جاكارلىمىدى. ۋىليام جامېس ئەركىن ئىرادە تەلىماتىغا ئىشەنگەن پسىخولوگ. ئۇنىڭچە، بىزنىڭ مۇشۇ مەسىلىگە تۇتقان مەيدانىمىزنىڭ ئۆزىلا ئەركىن ئىرادە پائالىيىتى. ھەتتا، بىز دېتېرمىنىزمنى قوبۇل قىلامدۇق، يوق، بۇنىڭغىمۇ قارار بېرىش كېرەك. بارلىق قوشۇمچە «دەلىللەر» مۇشۇ ھەرىكەتتىن بۇرۇنقى ئىرادىگە باغلىق.

جامېس ئىلھامبەخش بىر ھېكايىنى بايان قىلىدۇ: بىر ئادەم ئۆزىنىڭ ماڭالماس - يانالماس ھالدا قالغانلىقىنى سېزىپتۇ. كوچىنىڭ ئىككى قاسنىقىدا بىر - بىرىگە قاراپ تۇرغان ئىككى بىنا بار ئىدى. ئۇنىڭ بىرىگە «دېتېرمىنىزم تەرەپدارلىرى كۇلۇبى» دېگەن تاختا، يەنە بىرسىگە «ئەركىن ئىرادىچىلەر بىرلەشمىسى» دېگەن تاختا ئېسىلغانىدى. ئۇ ئويلاپ ئاخىر «دېتېرمىنىزىم تەرەپدارلىرى كۇلۇبى»غا كىرىپتۇ. «نېمە ئۈچۈن كىردىڭ» دەپ سورالغاندا، ئۇ «مەن تاللىدىم» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

ئەپسۇسكى، ئۇنى قوغلىۋېتىپتۇ، ئۇ ئامالسىز ھالدا

«ئەركىن ئىرادىچىلەر بىرلەشمىسى» گە كىرىپتۇ. ئوخشاشلا يۇقىرىقى سوئال سورالغاندا، ئۇ «مېنىڭ تاللاش ئىمكانىيىتىم يوق» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. ئەپسۇسكى، ئۇ يەنە قوغلىنىپتۇ.

بۇ مەسىلىگە قانداق جاۋاب بېرىش كېرەك، ھېلىقى بىچارە ئادەم قىيىن ئەھۋالدىن قانداق قۇتۇلۇشى كېرەك دېگەن بۇ سوئال جامېسنى ئۇزۇن مۇددەت ئۇيقۇدىن مەھرۇم قىلىپ، نېرۋا كېسىلى قىلىپ قويغىلى تاس قالغانىدى. بىز ئەلۋەتتە، كىتابخانلىرىمىزنىڭ بۇ خىل تەسىرى بىلەن جامېستەك كېچىچە ئۇياققا ئۆرۈلۈپ، بۇياققا ئۆرۈلۈپ ئۇخلىيالماس بولۇپ قېلىشىنى تىلىمەيمىز.

## 58. تەقدىر ۋە ئەركىنلىك

*تەقدىر ئىرادىسى بۇرۇنقى ئەسىرلەردە مۇھىم ئورۇن تۇتاتتى. تەقدىر گويا ئۆزگەرتكىلى بولمايدىغان ھەم قېچىپ قۇتۇلغىلى بولمايدىغان پۈتۈلمىش ئىدى. تەقدىرنىڭ دىندا ئېيتىلىدىغان خۇدانىڭ ئىرادىسى دېگەن گەپ بىلەن پەندە دېيىلىدىغان دېتېرمىنىزمدا قانداق پەرق بار؟ بۇ ئۇقۇملارنىڭ ھەممىسى ئىنسان ئەركىنلىكىنىڭ مۇمكىنچىلىكىنى ئىنكار قىلامدۇ؟*

قەدىمكى يۇنانلىقلارغا نىسبەتەن تەقدىر قايرىۋەتكىلى ۋە قېچىپ قۇتۇلغىلى بولمايدىغان ئاسىل. تەقدىر ھەر بىر ئادەمنىڭ ۋۇجۇدىغا ئۆز تامغىسىنى باسىدۇ. بۇ ئۇقۇم ئادەملەشتۈرۈلۈپ، ئۈچ نەپەر تەقدىر ئىلاھىغا ئايلاندۇرۇلغان، ئۇلار بەخت ۋە

بىتەلەيلىكنى يېڭى تۇغۇلغان ھەر بىر بوۋاققا تەقسىم قىلىدۇ. بەزىدە تەقدىر ئىلاھلار ۋە ئىنسانلار ئاتىسى زېۋس بىلەن بىر گەۋدىگە ئايلىنىپ كېتىدۇ. بىز دائىم تىلغا ئالىدىغان تەقدىر غەيرىي ئىنسانىي كۈچ بولۇپ، ھەممە نەرسىنىڭ تەرتىپىنىڭ ئۈستىدە تۇرىدۇ ھەمدە ئىلاھلار ۋە ئادەملەرنىڭ كۆرمىشىنى بەلگىلەيدۇ.

قەدىمكى يۇنانلىقلار تەقدىرنى تەبىئەتتىن ھالقىغان كۈچنىڭ ئىنسانلارنىڭ ئىرادىسى ۋە پائالىيىتىدىكى ئىپادىسى دەپ قارايتتى، شۇڭا ئۇلار قىياستىن قورقىدىغان دىنىي يۈزلىنىشكە ئىگە. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، ئادەم ئۆزىنىڭ تەقدىرىنى ئۆزگەرتەلمەيدۇ، كېلىدىغىنى ھامان كېلىدۇ، ئۆزگىرىدىغىنى بەربىر ئۆزگىرىدۇ. سوفوكلېسنىڭ تراگېدىيىسىدە ئودىپۇس تەقدىردىن قېچىپ قۇتۇلماقچى بولغانىدى، نەتىجىدە بۇ ئۇرۇنۇشلىرى بىكار بولۇپ، ھالاكەت يولىغا ماڭدى. شەخس سۈپىتىدە ئۇنىڭ قولىدىن كېلىدىغىنى تەقدىر ئالدىدا بېشىنى كۆتۈرۈپ تەقدىرگە يۈزلىنىش، ئودىپۇسقا خاس كىشىلىك غۇرۇرى ۋە تراگېدىيىلىك سەزگۈرلۈكىنى قوغداپ قېلىشتىن ئىبارەت.

«ئىنجىل» دىكى پاناھلىق ئۇقۇمى بىلەن يۇناندىكى تەقدىر قارىشى ئوتتۇرىسىدا ئوخشاشلىق بار بولۇپ، ئىنساننىڭ كۆرمىشى ئۇنىڭدىن ھالقىغان كۈچنىڭ ئىرادىسىگە باغلىق ئىدى. «ئىنجىل» خۇدانىڭ ئىرادىسى ۋە مەقسىتىنى تەكىتلەيدۇ. ئۇنىڭدىكى پاناھلىق ئىنسان ئەركىنلىكى نۇقتىئىنەزىرىدىن دېرەك بېرىدۇ. خۇدانىڭ ئىرادىسى ئىنسانلارنىڭ ھەرىكىتى ۋە ئىرادىسى ئارقىلىق ئىشقا ئاشىدۇ.

پاناھ غارايىپ يوللار بىلەن مۇقەددەس پىچىم ۋە ئىنسانىي ئەركىنلىكنى بايان قىلىدۇ. «ئىنجىل» دا، ئىنسانلار خۇدانىڭ ئىرادىسىگە قارشى تۇرسىمۇ بولىدۇ، مۇقەددەس بۇرچلارنى رەت

قىلىشمۇ بولىدۇ. ئەمما، ئاخىرىدا خۇدانىڭ ئىرادىسى غەلىبە قىلىدۇ، ئىنسانلار ئۇنىڭغا بويسۇنىدۇ. خۇدانىڭ پىلانى ئىنسانلارنىڭ پىلانىنى كونترول قىلىدۇ، ئىنسانلارنىڭ ئىرادىسىنى ئۆزى خىزمەت قىلدۇرىدۇ. ئەمما، پاناھ تەقدىرگە ئوخشاش ئۆزگەرتكىلى بولمايدىغان نەرسە ئەمەس. ئۇ ئىنساندا مۇۋاپىق ئەركىنلىكنىڭ بولۇشىغا يول قويىدۇ.

مەسىلەن، ئەۋلىيا يونا (قۇرئاندا: يۇنۇس) ئىنسانلار بەربات بولىدۇ، نىنىۋى يۇقىرالىرى قۇتقۇزۇلىدۇ، چۈنكى ئۇلار تۆۋە قىلغان، دەپ بېشارەت بېرىدۇ. خۇدانىڭ مەقسىتى ھالاك قىلىش ئەمەس، قۇتقۇزۇشتۇر. خۇدانىڭ ئالاھىدە پاراسىتى ۋە قۇدرىتى يامانلىقتىن ياخشىلىقنى نامايان قىلىش، ئىنكاردىن بېكىتمىنى چىقىرىشتا، بۇ تەرەپ يات دىندىكىلەر بىلەن ئوخشىمايدۇ. يات دىندىكىلەر تەقدىردىن قېچىپ قۇتۇلغىلى بولمايدۇ، دەيتتى.

قەدىمكى رىم شائىرى ۋېرگىل «ئائېنېيد» دېگەن ئەسىرىدە «ئىنجىل» دىكى پاناھ قارىشىغا يېقىن نۇقتىئىنەزەرنى بايان قىلغان. باش قەھرىمان ئائېنېئاس مۇقەددەس ۋەزىپىنى قوبۇل قىلىپ، تروييا ئۇرۇشىدىن تىرىك قالغان قوۋملىرىنى باشلاپ قۇرۇلغۇسى رىم ئىمپېرىيىسىنى ئىزدەپ ئىتالىيىگە بارىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىلاھلارنىڭ قورالى بولۇپ، بۇ تارىخىي ۋەزىپىنى ئورۇندىمىسا بولمايتتى. ئائېنېئاس ئىمكانقەدەر بۇ ۋەزىپىدىن ئۆزىنى قاچۇرىدۇ، لېكىن ئىلاھلار تاپشۇرغان ۋەزىپىگە ئاخىر قايتىپ كېلىدۇ. مۇقەددەس ئىرادە ئۇنى سۆيلەيتتى، ئۇمۇ بويسۇنۇش پەزىلىتى بىلەن كىشىلەرنىڭ ماختىشىغا سازاۋەر بولاتتى. ئۇ چىن قەلبى بىلەن خىزمەت قىلغانلىقى ئۈچۈن ئىنسانلار يەنە بىر ئالتۇن دەۋرگە قۇچاق ئاچتى: ئۇ دەل رىم قانۇنى ۋە دۇنيا تىنچلىقى.

پەن ھەممىنى بەلگىلەيدۇ نەزەرىيىسى ھازىرقى زامان

تەقدىرچىلىكنى ئوتتۇرىغا قويغانىدى. بۇ نەزەرىيىدە، كىشىنىڭ تەقدىرى (شەخس ۋە جەمئىيەتنىڭ) ئۆزگەرتكىلى بولمايدىغان ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي قانۇنىيەت تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. ئۇ بويىچە بولغاندا، ئاخىرقى نەتىجە پاراۋەرلىك، ئەركىنلىك ۋە مېھرىبانلىق بولىدۇ. ئۇ كىشىلەرنىڭ مۇقەررەر قانۇن بىلەن ھەمكارلىشىپ، بەلگىلەنگەن گۈزەل جەمئىيەتنىڭ ئىشقا ئاشۇرۇلۇشىنى ئالغا سۈرۈشنى تەلەپ قىلىدۇ. فرويدنىڭ روھ ئانالىزىمۇ مۇشۇنداق قارايدۇ. ئۇنىڭچە، ئادەمنىڭ ئىدىيىسى ۋە پائالىيىتى پسىخولوگىيە جەھەتتىن بېكىتىلگەن بولىدۇ، ئەمما روھ ئانالىزىنىڭ داۋالاشلىرى ئادەمنى ئۆزگەرتىپ، ئەركىنلىككە يەتكۈزىدۇ.

---

## 59. نېمە ئۈچۈن ھەممە ئىش گۇناھ بولىدۇ؟

*بىز ئوغرىلىق، يالغانچىلىق، قاتىللىقنىڭ توغرا ئەمەسلىكىنى بىلىمىز. بۇنداق قىلمىشلارنى توغرا ياكى خاتا دېگەندىن باشقا، يەنە گۇناھ دەپ ئاتايمىز. نېمە ئۈچۈن شۇنداق؟ گۇناھ دېگەن نېمە؟ نېمە ئۈچۈن ئۇ كىشىگە قورقۇنچلۇق تۇيغۇ بېرىدۇ؟ «گۇناھ» دېگەن بۇ سۆزنىڭ ۋاقتى ئۆتتىمۇ، قانداق؟*

---

«گۇناھ» ماھىيەتتە قانۇن ياكى ئەخلاققا دائىر ئىسىم ئەمەس، ئۇ دىندىن كەلگەن بولۇپ، بەندىنىڭ خۇدا ئالدىدىكى بىھۆرمەتلىكىدۇر. ئەگەر ئىنساندا خۇدانىڭ مۇقەددەسلىكى ۋە ئىمتىيازىغا نىسبەتەن سەگەكلىك بولمىسا، «گۇناھ» مەنىگە ئىگە بولمايدۇ. بۇنداق سەگەكلىك بولمىسا، ئادەم قانداق ئىش

قىلىشتىن قەتئىينەزەر، ئۇنىڭدا گۇناھ سېزىمى بولمايدۇ.

«گۇناھ» ماھىيەتتە ئىنساننىڭ خۇدادىن ئايرىلىش ھالىتى. «گۇناھ» خۇداغا بولغان ئاسىيلىق بولۇپ، ئۇ ئىنساننىڭ ئۆزىنىڭ ئىرادىسى بىلەن خۇدانىڭ ئىرادىسىگە زىت تۇرۇشىدۇر. ئىنسانلار خۇدانى ئەمەس، ئۆزىنى مەركەز قىلغىنىدا، تەلۋە ئىرادە ۋە تەكەببۇرلۇق ماھىيىتىنى نامايان قىلىدۇ.

ئاۋگۇستىن گۇناھنىڭ ئىچكى تۈرتكىسىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئېچىپ بېرىدۇ. ئۇ «تەۋبىنامە» دە بىرگە ئۆزىنىڭ بالىلىق دەۋرىدە نەشپۈت ئوغرىلىغانلىقىنى، بۇنىڭ پەقەت ئوغرىلىق تۇيغۇسىنىڭ تەمىنى تېتىش ئۈچۈن ئىكەنلىكىنى سۆزلەپ بېرىدۇ. مەقسەت پەقەت گۇناھ ئۆتكۈزۈش ئۈچۈنلا ئىدى. «خۇدانىڭ قانۇنىغا قارشى تۇرۇشتىن كەلگەن تەسرات» ئۇنى بۇخادىن چىقارغان. مانا بۇ جەريان گۇناھ ئۆتكۈزۈشنىڭ ئاساسى ھەققىدىكى ياخشى مىسالدۇر.

گۇناھ مۇقەددەس بۇيرۇقتا چەكلىگەن قىلمىشتىلا نامايان بولۇپ قالماستىن، يەنە پوزىتسىيە، كەيپىيات ۋە ھېسسىياتتىمۇ ئىپادىلىنىدۇ. ساداقەتسىزلىك ۋە قەستلەپ ئۆلتۈرۈش گۇناھ بولغاندەك، ئاچ كۆزلۈك ۋە ئۆچمەنلىكمۇ گۇناھ بولىدۇ. بۇرۇنقى خرىستىئان مۇخلىسلىرىنىڭ قارىشىچە، يامىنى يوق ئۈمىدسىزلىك ۋە ئاستا خاراكتېرلىك ھەسرەت ئېغىر گۇناھ. بۇلار خۇدادىن يىراقلاشنىڭ ئالامىتى بولۇپ، پەقەت خۇدالا ئىنسان مەۋجۇدىيىتىدىكى ئەڭ زور ياخشىلىق، ئەڭ زور مەنە ۋە مەقسەتتۇر.

يۇقىرىقىلاردىن شۇنى ئېنىق كۆرەلەيمىزكى، دىنى جەھەتتىكى سەۋەنلىك (گۇناھ) بىلەن قانۇن جەھەتتىكى سەۋەنلىك (گۇناھ) ئوخشىمايدۇ. ھەق تەلەپ دەۋا قانۇنى پەقەت

باشقىلارغا ۋە جەمئىيەتكە بولغان چېقىلىشنى بىر تەرەپ قىلىش بىلەن چەكلىنىدۇ، ئۇ پەقەت تاشقى پائالىيەتكىلا تاقىلىپ، ئىچكى پوزىتسىيە پاكى خۇسۇسىي تۇرمۇش نىشانىغا ئارىلاشمايدۇ. دىن بىلەن قانۇننىڭ نەزەرىدە بەزى جىنايەتلەر ئوخشاپ كېتىدۇ (مەسىلەن، قەستلەپ ئۆلتۈرۈش، ساداقەتسىزلىك، ئوغرىلىق). لېكىن، نۇرغۇن خاتالىقلار ھەق تەلەپ قانۇنىدا گۇناھ بولۇپ ھېسابلانمايدۇ (مەسىلەن، بۇتقا چوقۇنۇش).

گۇناھ بىلەن جىنايى قىلمىشلارنى باغلاپ قارىشىمىزدىكى سەۋەب دىن ۋە قانۇن ئوخشاشلا چوڭقۇر ئەخلاق ئۇقۇمىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئەمما، ئەخلاق جەھەتتىكى خاتالىق تامامەن گۇناھ بولۇپمۇ كەتمەيدۇ. ئەخلاق جەھەتتىكى بىلىم ۋە مەسئۇلىيەت دىن جەھەتتىكى ئېتىقاد ۋە گۇناھ ئېڭى بىلەن مۇناسىۋەتسىز بولۇشى مۇمكىن. ساپ تەبىئەت نۇقتىئىنەزىرى بويىچە ئېيتقاندا، ئادەم ئەخلاق قانۇنىنى بۇزغاندا (مەسىلەن، قەستلەپ ئۆلتۈرۈش، ئوغرىلىق قىلىش) خاتالىق ئۆتكۈزگەن بولىدۇ. چۈنكى، ئۇ پۈتكۈل مەۋجۇداتلارنىڭ تەبىئىي تەرتىپىگە خىلاپلىق قىلغان بولىدۇ.

يەھۇدىي دىنى بىلەن خرىستىئان دىنىدا، ئەخلاقنى بۇزۇشمۇ گۇناھتۇر، ئەقىدە ـ ئەخلاقنى بۇزۇش مۇقەددەس قانۇننى بۇزغانلىقتۇر، باشقىلارغا چېقىلىش خۇداغا چېقىلىشتۇر. چۈنكى، ئۇ خۇدا بىلەن ئارىلىق قالدۇرۇش، دىننى تەرك ئېتىش ۋە ئۇنىڭغا بويسۇنماسلىقنىڭ روشەن دەلىلى. ئىسراپخور بالا دادىسىغا مۇنداق دەيتۇ: «خۇدانىڭ زىتىغا تېگىپ قويدۇم، ئالدىڭىزدا گۇناھ ئۆتكۈزدۈم». بىز بۇنىڭدىن خرىستىئان مۇخلىسلىرىنىڭ گۇناھقا تۇتقان پوزىتسىيىسىنى كۆرەلەيمىز.

شۇنداق ئېيتىشقا بولىدۇكى، ئادەمنىڭ تەرك ئېتىشىگە

كەلسەك، ئەقىدە ـ ئەخلاقنى بۇزۇشنىڭ ئۆزى گۇناھدۇر. گۇناھ ئەخلاقىي خاتالىققا قارىغاندا تېخىمۇ كەڭ مەنىگە ئىگە. گەرچە گۇناھكار كونكرېت ئەمەلىي ئىش قىلمىسىمۇ، ئۇمىدسىزلىك ۋە بىزارلىقمۇ گۇناھ بولىدۇ. مۇقەددەسلىك ئەقىدە ـ ئەخلاقتا ئەمەل قىلىش بىلەنلا يەتكىلى بولىدىغان نەرسە ئەمەس. پاسكالنىڭ قارىشىچە، بىر دىنىي مۇخلىس تەقۋادار بولغانسېرى ئۆزىنى شۇنچە گۇناھلىق ھېس قىلىدۇ. چۈنكى، تاكامۇل مۇقەددەسلىكتىن ئۆزىنىڭ خېلىلا يىراق ئىكەنلىكىنى ئېنىق بىلىدۇ.

«يىشەياھنامە» دە جانلىق بىر مىسال بار. پەيغەمبەر مۇقەددەس بولۇشتىن ئىلگىرى، ئۆزىنى تولىمۇ پېقىر ۋە ناپاك ھېس قىلىدۇ. بۇ ئىنسانلارنىڭ ئادەتتىكى قىلمىشى ۋە پوزىتسىيىسىگە نىسبەتەن تېخىمۇ چوڭقۇر مەنىگە ئىگە گۇناھ تۇيغۇسى بولۇپ، ئۇ ئىنساننىڭ خۇدا ئالدىدىكى ئەرزىمەسلىك تۇيغۇسىدۇر. بىز ئۇنى ئىنسانىي گۇناھ دەپ قارايمىز. خرىستىئان دىنىدىكى ئانا گۇناھ (ئادەمئاتىدىن قالغان) نى مۇتەپەككۇرلار ئىنسانىي موھىتقا خاس گۇناھنى چۈشەندۈرۈشتىكى ئەپچىل ئۇسۇلغا ئايلاندۇرغان.

---

## 60. يوبىنىڭ تەڭقىسلىقى

*ئەنئەنىچىلەر ۋە ئۈمىدۋارلارنىڭ قارىشىچە، ياخشى ئادەم خۇشال ھەم نەتىجىلىك ياشىشى، ناچار ئادەم بەختسىز بولۇشى كېرەك. لېكىن، ئەمەلىيەت ئۇنداق ئەمەس. نۇرغۇن ياخشى ئادەملەر بەختسىز، نۇرغۇن ناچار ئادەملەر بەختلىك ۋە بىغەم. بۇ دۇنيا ياخشى ۋە يامانلارغا ئەنە شۇنداق مۇئامىلە قىلسا، بىز*

## بۇنىڭدىن قانداقمۇ غەزەپلەنمەي تۇرالايمىز؟ بىز پەرزەنتلىرىمىزنى قانداق تەربىيىلىشىمىز كېرەك؟

---

ياخشىلار پالاكەتكە ئۇچرايدۇ، يامانلارنىڭ ئىشى ئوڭدىن كېلىدۇ، بۇنىسى راست. يامان ياماننىڭ جازاسىنى، ياخشى ياخشىنىڭ مۇكاپاتىنى كۆرىدۇ، دېمەك بۇ گەپ ھەق بولمايتتى. ئەگەر بىز پەرزەنتلىرىمىزنى مۇشۇنداق تەربىيىلىسەك خاتا قىلغان بولىمىز، چۈنكى ئۇ ئەمەلىي ئەھۋالغا مۇۋاپىق بولمايلا قالماستىن، ئۇلار چوڭ بولۇپ ئىشنىڭ ماھىيىتىنى بىلگەندىن كېيىن يا دۇنيانى ئۆچ كۆرىدىغان، يا ئەيش - ئىشرەتكە بېرىلىپ كېتىدىغان بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەۋلىيالار ئېيتىدۇكى، بۇ دۇنيالىق ئۈچۈنلا ياخشىلىق قىلىش پەزىلەتنىڭ جۈملىسىدىن ئەمەس.

دۇنيادا ئەخلاقىي تەرتىپنىڭ يارلىقىغا ئىشەنمەيدىغانلار ۋە بىكاردىنلا زىيانكەشلىككە ئۇچرىغانلار بۇ دۇنيا نامۇۋاپىق ۋە ئادالەتسىز دەيدۇ. ئۇلار كېمىسىنى شامالنىڭ يۆنىلىشىگە ھەيدەپ، ئۇنى كۆزلىگەن تۇرمۇش مەنزىلىگە ماسلاشتۇرىدۇ. دۇنيادا ئەخلاقىي تەرتىپ بار دېگۈچىلەر ئۆز قابىلىيىتىنى يوشۇرۇپ كۆڭۈلدىكىدەك بولمىغان دۇنيادا راھەت ۋە شان - شەرەپ ئۈچۈن تىرىشىدۇ.

«يوبنامە» بۇ جەھەتتە مەشھۇر مىسال. ئۇلار گۇناھسىزلار ئازاب چېكىپ، يامانلار ھۇزۇر سۈرگەندىمۇ ئەخلاقىي تەرتىپنىڭ يارلىقىغا ئىشەندى. يوب (ئىسلامدا: ئەييۇب) قەتئىي ئىشىنەتتىكى، دۇنيا ئادىل خۇدانىڭ ئىدارە قىلىشىدا، ئەمما مۇشۇنداق كامىل تەقۋا ئىگىسى ۋە بۇرچكار ئادەم ھەمىشە زور پالاكەتكە ئۇچراپ تۇرىدۇ. ئۇ تەقدىر تەرىپىدىن ئازدۇرۇلۇپ تۇرسىمۇ (تەقدىر ئىزچىل تۈردە ئۇنىڭ ئېتىقادىنى ئەخمەق

قىلاتتى) . يەنىلا مۇقەددەس ئادالەتكە ھەم ئۆزىنىڭ گۇناھسىزلىقىغا ئىشىنەتتى. ئۆزىنى يوبنىڭ دوستلىرى دەپ ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلغۇچىلارنىڭ ھەممىسى ئۇ چوقۇم بىر نېمىنى خاتا قىلغانلىقى ئۈچۈنلا بەختسىزلىكنىڭ قۇربانى بولۇۋاتىدۇ، دەپ قارىشاتتى.

«يوبنامە»دە ھەر خىل چۈشەندۈرۈشلەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئورتاق مەنىسى شۇ: بۇ دۇنيادا يامانلىققا جازانى، ياخشىلىققا مۇكاپاتنى كۈتمە. يەر تەۋرەش، دېڭىز شاۋقۇنى، ئورمانلىقلارغا ئوت كېتىشتەك تەبىئىي ئاپەتلەر ياخشىلارغا ۋە يامانلارغا ئوخشاشلا كېلىدۇ. بىراق، يامانلار راھەتتىن يەتكۈچە بەھرىمەن بولغان بولىدۇ. خۇدانىڭ ياخشى - يامان ئۈستىدىكى ئادىل ھۆكۈمى چوقۇم بۇ دۇنيادا ئەمەس، بەلكى ئاخىرەتتە بولىدۇ.

ئۆلگەندىن كېيىن قانداق جاۋاب بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، «يوبنامە» ئەڭ بولمىغاندا ئەخلاقىي ساۋات ئاتا قىلىدۇ. ئۇ بىزگە نەسىھەت قىلىپ، كۆلپەتكە ئۇچرىساڭمۇ، سادىق ھالدا ئۇنى خۇدانىڭ سىنىقى دېگىن دەيدۇ. ئۇ بىزنى ئاگاھلاندۇرۇپ، بىردەملىك پاراۋانلىق ۋە تەلەيىنى باھانە قىلىپ، ئۆزۈڭنى ئۈزۈل - كېسىل پاك دەپ ئويلاپ قالما، دەيدۇ.

زامانىمىزدىكى فرانسۇزلاردىن چىققان دىنىي پەيلاسوپ مارسېل يەكۈن چىقىرىپ دېگەنكى، بۇ دۇنيادىكى ھاياتىمىز زىددىيەت، سۈرگۈن ۋە ئاپەتكە ئوخشاش ۋەھىملىك تالاپەتكە ئۇچرايدۇ. دەل مۇشۇنداق چاغدا بىزنىڭ شەخسىيىتىمىز سىنىلىدۇ. بۇ «پەرمان»غا نىسبەتەن ساداقەت ۋە ئىخلاس بىلدۈرۈشىمىز كېرەك. شۇندىلا كۈنلەرنىڭ بىرىدە گۈزەل تۇرمۇش ئارقىلىق ئارتۇقلىنىمىز.

مانا بۇ «يوبنامە»، «قەسىدىلەر» ۋە باشقا نۇرغۇن دىنىي كىتابلارنىڭ ئومۇمىي مەزمۇنى. ئۇنى كىچىكلەرلا ئەمەس، چوڭلارمۇ ئاسانلىقچە چۈشەنمەيدۇ. بۇ چوڭقۇر ئويلىنىشقا

ئەرزىيدىغان ئىش. چۈنكى، ئۇ ئىنسانلارنىڭ سىرلىق تەقدىرىگە چۈشكەن شولا.

---

## 61. ھاكىمىيەت بىلەن دىنىي ھوقۇقنى ئايرىش

*ئاساسىي قانۇن دىنىي جەمئىيەت بىلەن دۆلەتنى ئاجرىتىشنى بېكىتتى. ئەمما، «ئايرىش» مەنىسىدە زىددىيەت بار. بۇرۇنقى يازغۇچىلار ھاكىمىيەت بىلەن دىنىي ھوقۇق مۇناسىۋىتىگە قانداق قارىغان؟ بۈگۈنكى ھاكىمىيەت بىلەن دىنىي ھوقۇقنى ئاجرىتىش نۇقتىئىنەزىرى نېمە؟*

---

غەرب دۇنياسىدا ھاكىمىيەت بىلەن دىنىي ھوقۇق مۇناسىۋىتىگە نىسبەتەن مۇنداق ئۈچ خىل قاراش بار: بىرىنچى، چېركاۋ ھەممىدىن ئۈستۈن ئورۇندا تۇرۇشى كېرەك؛ ئىككىنچى، دۆلەت ھەممىدىن ئۈستۈن ئورۇندا تۇرۇشى كېرەك؛ ئۈچىنچى، چېركاۋ بىلەن دۆلەت بىر - بىرىگە تايىنىشى كېرەك.

ئاكۇىناسنىڭ «قوش شەمشەر» تەلىماتىدىن چېركاۋ ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرۇشى كېرەك، دېگەن كلاسسىك قاراشنى بايقايمىز. ئۇنىڭ قارىشىچە، چېركاۋ ۋە دۆلەت كىشىلىك ھايات ئۈچۈن خۇدا تەرىپىدىن بېكىتىلگەن ئورگان. چېركاۋ كىشىلەرنىڭ مەڭگۈلۈك نىجات تېپىشىغا ياردەم بېرىدۇ، دۆلەت كىشىلەرنىڭ ۋاقىتلىق بەختىگە ئېرىشىشىگە ياردەم بېرىدۇ. كىشىلىك ھايات تەرتىپىنىڭ ئاخىرقى مەقسىتى مەڭگۈلۈك نىجاتلىق بولغانىكەن، دۆلەتنىڭ ئۈلكۈنچى ئىمتىيازى

چېركاۋنىڭ روھىي قۇدرىتىنىڭ بېقىندىسى. شۇڭا، خۇدا دىنىي جەمئىيەتكە قوش شەمشەرنى ھاۋالە قىلىدۇ، دىنىي جەمئىيەت روھىي شەمشەرنى بىۋاسىتە ئىشلىتىدۇ، دۆلەت شەمشىرىنى ھۆكۈمەت دائىرىلىرىگە ھاۋالە قىلىدۇ. بۇ ئىككى كۈچ دىنىي جەمئىيەتكە مەنسۇپ بولۇپ، ھۆكۈمەت ھۆكۈمدارلىرى دىنىي جەمئىيەتنىڭ چاكىرى.

ھوببېس (16 ـ ئەسىردىكى ئەنگلىيە سىياسىي پەيلاسوپى) مەردانە ھالدا دۆلەتنى ھەممىدىن ئۈستۈن قويىدۇ. ئۇنىڭ قارىشىچە، بىر دۆلەتتە تۇرمۇشنىڭ ھەر قايسى ساھەلىرىنى باشقۇرىدىغان بىرلا ھۆكۈمرانلىق ئورگىنى بولۇشى كېرەك. دۆلەت باشلىقى دېمەك دىنىي جەمئىيەتنىڭ باشلىقى دېمەكتۇر، ئۇ ھەر ئىككى شەمشەرنى تۇتىدۇ. دۆلەت بىلەن دىنىي جەمئىيەت بىر گەۋدە. بۇ دۇنيادا ھۆكۈمران دېمەك پاپا دېمەكتۇر، ھاكىمىيەت بىلەن دىنىي ھوقۇقنىڭ بىرلىكى مۇناسىۋىتى «ھاكىمىيەت بىلەن دىنىي ھوقۇقنى بىرلەشتۈرۈش بىرلىكى» دەپ ئاتالدى.

دانتې (14 ـ ئەسىردىكى ئىتالىيە شائىرى) ئاكۋىنا ۋە ھوببېسنىڭ تەشەببۇسىغا قارشى تۇرۇپ، ئىككى شەمشەرنى بىر ـ بىرىدىن ئېنىق ئايرىۋېتىشنى تەشەببۇس قىلدى. ئۇ: دۆلەت بىلەن دىنىي جەمئىيەتنىڭ ھەر ئىككىسى خۇدانىڭ ئىلتىپاتى، بۇ ئىلتىپات روھىي ۋە پانىي مەنپەئەت ئۈچۈن بېرىلگەن. بۇلارنىڭ ھەر ئىككىسى باراۋەر ھەم ئايرىم ھوقۇق بولۇپ، ئۇلار ئۆزئارا بىر ـ بىرىگە تەۋە ئەمەس، پەقەت خۇداغىلا تەۋە. ھەر ئىككىسى خۇدا ئۈچۈن دۇنيادا خىزمەت قىلىدۇ، ئۇلار بىر ـ بىرىگە چات كىرىۋالماسلىقى كېرەك، دەيدۇ.

بۇ نۇقتىئىنەزەر لوكنىڭ قەلىمى ئاستىدا تېخىمۇ پارلىنىپ، ھازىرقى زامان ھاكىمىيەت بىلەن دىنىي ھوقۇقنى

ئايرىش نۇقتىئىنەزىرىنى پەيدا قىلىدۇ. بۇ بويىچە بولغاندا، دىن نوقۇل مەنىۋى ئىش بولۇپ، دىنىي جەمئىيەتنىڭ دىندىن تاشقىرى ھوقۇقى بولماسلىقى كېرەك، دۆلەتمۇ دىنىي ئىشلارغا ئارىلاشماسلىقى كېرەك. دۆلەتنىڭ قۇرۇلۇشى ئادەمنىڭ يانىي دۇنيادىكى ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن بولۇپ، قانۇن ۋە قورال كۈچ ئارقىلىق قوغدىلىدۇ. دىنىي جەمئىيەت پاكى دىنىي گەۋدىلەر ئىنسانلارنىڭ مەڭگۈلۈك نىجاتلىقى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان بولۇپ، ئۇ ئەزالارنىڭ ئىختىيارىي ۋە تەقۋادارلىقى ئارقىلىق ئۇيۇشىدۇ.

لوكنىڭ ئايرىش پرىنسىپى ۋە شەخسىي ۋىجدان ھوقۇقى ئامېرىكىنىڭ ھاكىمىيەت بىلەن دىنىي ھوقۇقى مۇناسىۋىتىنىڭ پرىنسىپىغا ئايلانغان بولۇپ، ۋىلىيام جېففېرسون، مادىزون قاتارلىقلار تەرىپىدىن ئامېرىكا دىنىي ئەركىنلىككە ئائىت ئاساسىي ھۆججەتلەرگە كىرگۈزۈلدى ۋە ئاساسىي قانۇننىڭ «تۇنجى تۈزىتىلگەن لايىھە»سىگە يېزىلدى. بۇ پرىنسىپ بىر جەھەتتىن پارلامېنتنىڭ ھەر قانداق بىر دىننى دۆلەت دىنى قىلىۋېلىشىنى چەكلەيدۇ. يەنە بىر جەھەتتىن دىنىي چوقۇنۇشنىڭ ئەركىن ئېلىشىنى چەكلەيدۇ.

ئادەتتىكى قاراش بويىچە «تۇنجى تۈزىتىلگەن لايىھە» يۇقىرىلار ھۆكۈمىتىنىڭ دىنغا ئارىلىشىشىنى ئۈنۈملۈك توسقان. مەسىلەن، دىنىي ئېتىقاد ۋە پائالىيەتنى ئىلگىرى سۈرۈش پاكى ئۇنىڭغا زەربە بېرىش، مەلۇم دىنغا يان بېسىش قاتارلىقلار. دىن بىلەن ھاكىمىيەتنىڭ مۇناسىۋىتىدە، ئۇلارنى قاتتىق ئايرىش كېرەكمۇ ياكى ئورتاق كۆڭۈل بۆلىدىغان ئىشلاردا ئۆزئارا ھەمكارلىشىشقا يول قويۇش كېرەكمۇ، دېگەن مەسىلىدە پىكىرلەر ھەرخىل.

«ئەلمانىيەچىلەر» (سېپاراتىزمچىلار) «تۇنجى تۈزىتىلگەن لايىھە» نىڭ ئەسلىدىكى مەنىسى مۇتلەق ئايرىلغان ساقلاش

بولۇپ، ھەر ئىككى تەرەپ ئۆزىگە ئىگە بولۇش دېگەنلىكتۇر، دەپ تەكىتلىدى. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، ئەلمانىيە دىنىي ئىركىنلىك ئۈچۈن كەم بولسا بولمايدۇ. ئۇ دۆلەت ۋە دىنىي جەمئىيەت ئۈچۈن ئوخشاشلا پايدىلىق. «ھەمكارچىلار» بولسا، دىنىي جەمئىيەت ۋە دۆلەت مائارىپقا، ئىجتىمائىي پاراۋانلىققا ۋە ئائىلىگە ئالاقىدار دەپ تەشەببۇس قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، بۇ خىل ئىشلاردا ھەمكارلىشىش پوزىتسىيىسىدە بولۇش كېرەك. بۇنىڭ «تۈنجى تۈزىتىلگەن لايىھە» گە خىلاپ يېرى يوق ياكى ھاكىمىيەت بىلەن دىنىي ھوقۇقنىڭ مۇۋاپىق مۇستەقىللىققا زىيىنى يوق.

---

### 62. يۇنان ئىلاھلىرى

*بىز گومېرنىڭ «ئىلىئادا» ئەسىرىنى ئوقۇغاندا، ئۇنىڭدىكى ئىلاھلار ھەققىدىكى ھېكايىلەردىن تاڭ قالىمىز. يۇنانلىقلار ئاشۇنداق پەسكەش، ئەخلاقسىز، ئاچ كۆز، كۈلكىلىك مەۋجۇدىيەتكە راستىنلا چوقۇنامدىغاندۇ؟ ياكى گومېر شۇلار ئارقىلىق ئەتەي ئەينى ۋاقىتتىكى دىنغا ھۇجۇم قىلىۋاتامدىغاندۇ؟ ئاشۇنداق ئىلاھلار راستىنلا مەۋجۇت، ئۇلارغا زەربە بېرىشىمىز كېرەكمۇ؟*

---

بۇ يەردە ئىككى مەسىلىگە دىققەت قىلىشىمىز كېرەك: بىرىنچىسى، گومېر ۋە يۇنان تەرەققىياتىدىكى تارىخىي مەسىلە؛ ئىككىنچىسى، دىنىي ئېتىقاد ئېتىكىسىدىكى پەلسەپىۋى مەسىلە.

بىز ئاۋۋال بىرىنچى مەسىلە ئۈستىدە توختىلايلى. ھازىرقى زامان تارىخ بىلىملىرى بىزگە شۇنى ئۇقتۇرىدۇكى، گومېر يازغان ئېپوسلار يۇنان دىنىنىڭ كېيىنكى مەزگىلىگە مەنسۇپ. دەسلەپكى مەزگىلدىكى دىن تەبىئەتنىڭ قۇدرىتى، جىن - ئالۋاستىلار، سىرلىق مۇراسىملار ۋە ئۆلگەنلەرگە بولغان چوقۇنۇشنى مەركەز قىلاتتى. گومېر دەۋرىگە كەلگەندە، تەبىئەتنىڭ قۇدرىتى ئادەملەشتۈرۈلدى. زېۋس، ئاپوللو، پوسېيدونلار ئەرشى، قۇياش، دېڭىزلارغا ۋەكىللىك قىلىپلا قالماستىن، بەلكى مۇئەييەن خاراكتېرگە ئىگە. گومېر بۇنداق ئادەملەشتۈرۈشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، خاراكتېرلەرنى تېخىمۇ روشەنلەشتۈردى، تەرتىپسىز پەرلىك ئىلاھلارنى تەشكىللەپ، ئىلاھلار قەسرىنى قۇرۇپ چىقتى. ئۇلار ئولىمپۇس تېغىدا تۇرۇپ، ئىنسانلارنىڭ ئىشلىرىنى باشقۇرىدۇ، يەر يۈزىدىكى ئادەملەر قۇربانلىق قىلىش ۋە تۆھپە كۆرسىتىش يوللىرى بىلەن ئۇلارنى خۇشال قىلىشقا ئىمكانقەدەر تىرىشاتتى.

بەزى شەرھىچىلەرنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، گومېر ئېپوسلىرىنىڭ زور قىسمىتى ئۇنىڭ يۇنان مەدەنىيىتىنى بەلگىلەش رولىدا. زامانىمىز كىشىلىرى خۇددى يۇرۇۋنىڭ پەيلاسوپلاردەك، بۇ ئېپوسلارنىڭ مەنىسى توغرىسىدا ۋەزىنى ئېغىر مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئەپلاتونمۇ خۇددى بىزگە ئوخشاشلا گومېر شېئىرلىرىدىكى ئىلاھلاردىن دىلغۇل بولغان.

ئەپلاتون ئۆزىنىڭ «غايىۋى دۆلەت» ئەسىرىدە گومېرنىڭ ياشلارغا كەلتۈرىدىغان يامان تەسىرىنى ئەيىبلىگەنىدى. ئەپلاتون ئېيوستىكى كرونوسنىڭ دادىسى ئۇرانۇسنى ياغلاپ قويۇشى ۋە ئۇنىڭغا زىيان - زەخمەت يەتكۈزۈشلىرىنى، ئىلاھلارنىڭ يۈزۈقچىلىقلىرى، ئالدامچىلىقلىرى ۋە سۇيىقەستلىرىنى غەزەپ بىلەن سۆككەنىدى:

*بۇلار دۆلىتىمىزدە قايتا يۈز بەرسە بولمايدىغان ئىشلار. بىز*

*ياشلارغا بۇنداق ئېغىر جىنايى قىلمىشلارنى بىلدۈرمەسلىكىمىز كېرەك. . . ياشلار پەقەت ئالىيجاناب، ئۇلۇغ ئىلاھلارغا ئەگىشىشى كېرەك.*

يۇنان ئىلاھلىرىغا قارشى پوزىتسىيىدىكىلەر پەيلاسوپلار بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ. بۇنداقلاردىن شائىرلارمۇ بار. پىنداروس «ئىلاھلارغا ھاقارەت قىلىدىغان بۇنداق شېئىرلار كىشىنى نەقەدەر غەزەپلەندۈرىدۇ» دېگەنىدى.

ئۇنداقتا، گومېر يۇنانلىقلارنىڭ ئۇستازى، ئۇ يۇنان مەدەنىيىتىنىڭ گۈللىنىشىگە يول ئاچقان دېگەن گەپنى قانداق قوبۇل قىلىمىز؟ بىز گومېر بىلەن ھېسئودنىڭ (ئۇمۇ ئىلاھلارنىڭ ئەخلاقسىزلىقىنى سۆزلىگەن) ئەسەرلىرىنى قانداقسىگە قوبۇل قىلىپ، ئۇنى «ئىنجىل» بىلەن يانداش قويىمىز؟ ئۇنى قانداقمۇ دىن دېگىلى بولسۇن؟

بىزنىڭ دىنىي ئەنئەنىمىزدە بۇنداق مەسىلىلەر ئۇچرىمايدۇ. «ئىنجىل» جىنسىي ئىقتىدارنى ئىلاھىي ئىش دەپ قارىمايدۇ. پەقەت «خۇدانىڭ ئوغلى» «ئادەمنىڭ سىڭلىسى» بىلەن نىكاھلاندى دېگەن ئىبارە بىر يەردىلا ئۇچرايدۇ. «ئىنجىل» دىكى نەزمىلەر ئادەم بىلەن خۇدا ئوتتۇرىسىدىكى تەلىم - تەربىيە دەپمۇ چۈشەندۈرۈلگەن، لېكىن ئۇ پەقەت قىزىقارلىق مۇھەببەت شېئىرلىرى دەپ قارالغان.

«ئىنجىل»نىڭ بەزى بابلىرىدا خۇدا رەھىمسىز، قىساسخور ۋە قەتلىخۇمار قىلىپ تەسۋىرلەنگەن. بىزنىڭ قارىشىمىزچە، بۇ ئەھمىيەتسىز قىستۇرمىلار، مەسىلەن، ئىبراھام (ئىسلام دىنىدا ئىبراھىم) ئىسھاقنى ئۆلتۈرۈشكە بۇيرۇلدى، يەھۇدىيلار مىسىرلىقنىڭ ئۈنچە - مەرۋايىتلىرىنى بۇلاشقا بۇيرۇلدى. ھوسىئا شاللاق ئايال بىلەن ئۆيلىنىشكە بۇيرۇلدى.

خۇددى بەزى يۇنان مۇتەپەككۇرلىرى ۋە شائىرلىرى گومېرنىڭ ئەسەرلىرىدىكى ئىلاھلار ئوبرازىغا قارشى تۇرغاندەك

ھازىرمۇ بەزى كىشىلەر «كونا ئەھد» تىكى ئىشلارغا قارشى تۇرىدۇ. مەسىلەن، لۇت (بىبلىيەدىكى شەخس) ۋە ئۇنىڭ قىزى سۇدۇن بىلەن بەرشتىنىڭ ھېكايىسى. قارشى تۇرغۇچىلار يەنە يەھۇدىي خىرىستىئان رىۋايەتلىرىدىكى ئادەملەرگىمۇ قارشى تۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، «ئىنجىل» باللارغا مۇۋاپىق كېلىدىغان ھېكايىلەرنى ئىنچىكە تاللىشى كېرەك ئىدى. ئىنجىلدىكى ھېكايىلەر ئەخلاق ۋە پسىخىكا جەھەتتە يامان تەسىر بېرىشى مۇمكىن.

---

## 63. تراگېدىيىنىڭ مەنىسى

*نېمىشقا بىز سەھنىدىكى تراگېدىيە ۋە رېئال تۇرمۇشتىكى ئېچىنىشلىق ئىشلاردىن ئاسان تەسىرلىنىمىز؟ ئەسلىدە بىز كىشىنى بىئارام قىلىدىغان ئىشلاردىن نەپرەتلىنىپ، تەبىئىي ھالدا ئۆزىمىزنى ئارتىساق بولاتتى. تراگېدىيە نېمە ئۈچۈن يۈرەك تارىمىزنى تىترىتىدۇ؟ تراگېدىيە دېگەن نېمە؟*

---

«تراگېدىيە» دېگەن سۆز كەڭ ھەم تار مەنىگە ئىگە. تار مەنىدىكى تراگېدىيە پەقەت سەھنە (كىنو، ھېكايە) دىكى ئىشلارنى كۆرسىتىدۇ. كەڭ مەنىدىكى تراگېدىيە بولسا كىشىلىك ھايات مەۋجۇتلۇقىنىڭ بىر خىل خۇسۇسىيىتى. بىز توختىلىۋاتقان تراگېدىيە ئەمەلىي تۇرمۇشتا يۈز بەرگەن ئىشلارنى كۆرسىتىدۇ.

قەدىمكى يۇنان تراگېدىيىلىرى تار مەنىدىكى تراگېدىيىنىڭ كلاسسىك نەمۇنىلىرىدۇر. ئارىستوتېلنىڭ قارىشىچە، تراگېدىيە

بىلەن كومېدىيىنىڭ ئوخشىمايدىغان يېرى شۇكى، تراگېدىيە بەختسىزلىك بىلەن ئاخىرلىشىدۇ. تراگېدىيە قەھرىمانلىرى دەرىجە ۋە خاراكتېر جەھەتتىن ئادەتتىكى ئادەملەردىن ئالاھىدە بولىدۇ، ئەمما تەقدىرنىڭ ئەخمەق قىلىشىغا ئۇچرايدۇ. تراگېدىيىلىك قەھرىمانلارنىڭ مەغلۇبىيىتى تەقدىر بىلەن قەھرىماننىڭ سەۋەنلىكىنىڭ نەتىجىسىدۇركى، ھەرگىزمۇ ئۇنىڭ رەزىللىكى ۋە دۆتلۈكىنىڭ نەتىجىسى ئەمەس. كۆرۈرمەنلەر تراگېدىيىلىك قەھرىمانلارغا ھېسداشلىق قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ تەقدىرىدىن ئېچىنىدۇ ۋە قورقىدۇ.

ئېدىپوس، خاملېت، پادىشاھ لېر قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى تىپىك تراگېدىيىلىك قەھرىمانلاردۇر. ئۇلار ئاپەتلەرگە مەخلۇقلاردەك سۈكۈت ياكى بىچارىلىك بىلەن يۈزلەنمەيدۇ، ئۇلار تەقدىرگە كۈچىنىڭ يارىچە قارشىلىق كۆرسىتىدۇ ھەم بەختسىزلىك ئىچىدە ھاياتلىقنىڭ ئەھمىيىتىنى ئىزدەيدۇ.

تراگېدىيە نىسبەتەن كەڭ مەنىگە ئىگە، شۇنداقلا ئىنساني مەۋجۇتلۇقنىڭ ماھىيىتى ۋە ئەھمىيىتىگە نىسبەتەنمۇ قاراشقا ئىگە. ھازىرقى زامان پەيلاسوپلىرىدىن نىچشى، ئۇنامۇنو، بولايېق، ياسپېرسلار مۇشۇنداق تراگېدىيىلىك ھاياتنى كۈچەپ تەرغىب قىلىشقان. بۇلارنىڭ قارىشىچە، كىشىلىك ھايات ئېغىر ۋە خەۋپلىك بولۇپ، ئۇ ئادەتتىن تاشقىرى تەشنالىقنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شۇڭا، كىشىلىك ھايات تەرتىپسىزلىك، زىددىيەت ۋە كۈلپەتتە قالىدۇ.

بۇ مۇتەپەككۇرلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، تراگېدىيە زۇلمەت ۋە ئاپەت ئەمەس، بەلكى ئۇ قەھرىمانلار تەقدىرگە تاقابىل تۇرغاندا ئېرىشكەن خۇشاللىق، ياسپېرسنىڭ قارىشىچە، بۇنداق كۈرەش، تەقدىرگە جەڭ ئېلان قىلىش ۋە ئۇنىڭدىن ھالقىش ئىرادىسى غەرب روھىنىڭ سىمۋولىدۇر. ئۇ بۇ خىل كېڭىيىش كۈچى ۋە مۇرەسسەسىزلىكتى شەرقنىڭ ياۋاشلارچە قوبۇل قىلىشلىرى ۋە ئىلمان خاراكتېرى بىلەن سېلىشتۇراتتى.

بۇنداق نۇقتىئىنەزەردە، ئىنسان مەغلۇبىيەتتە تېخىمۇ ئۇلۇغلىنىدۇ. ئەسىرلىك تراگېدىيىلەر تار مەنىدىكى غەلىبە ھېكايىلىرىنىڭ ئەكسىچە، ئادەمنىڭ چۈكۈۋاتقان ۋە مەغلۇپ بولۇۋاتقان ۋاقتىدىكى ئۇلۇغلىقىنى ۋە غورۇرىنى تېخىمۇ نامايان قىلىدۇ. ئاجايىپ تراگېدىيىلەر تراگېدىيىلىك تۇيغۇمىزنى ۋە تراگېدىيىگە چوقۇنۇش ھېسسىياتىمىزنى ئاشۇرىدۇ. كۆرۈرمەنلەر كەيپىيات ۋە تەسەۋۋۇرلار ئارقىلىق تراگېدىيىلىك قەھرىمانىنىڭ كۈرىشى ۋە ئويغىنىشىدىن بەھرىمەن بولىدۇ. بىز ئېدىپوس، خاملېت، پادىشاھ لىر قاتارلىقلار بىلەن بىرگە ھاياتلىقنىڭ ھەقىقىتى ۋە مەنىسىگە يۈزلىنىمىز.

ئەگەر بىز ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىدىن تراگېدىيىلىك كۆزىتىش ئاتا قىلىدىغان ئەسەرلەرنى ئىزدىمەكچى بولساق، ئارىستوتېلنىڭ تەبىرىگە ماس كېلىدىغان ئەسەرلەرنى ناھايىتى تەستە تاپىمىز. ھازىرقى زامان ئادەملىرى گەرچە ئۆزىنىڭ تەقدىرىنى ئېنىق بىلسىمۇ، ئومومەن ئاددىي ئادەملەر، ئۇلار قەدىمكى تراگېدىيىدە ئىپادىلەنگەندەك ئوخشىمايدۇ، ئۇلار ياخشىلىق ۋە چەكسىز ھەقىقەت ھەققىدە ئېنىق تونۇشقا ئىگە ئەمەس.

ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىدا تراگېدىيە يوقمۇ ئەمەس. ئاپتور ۋە كۆرۈرمەنلەر كۆپ ھاللاردا تراگېدىيىلىك كەيپىياتنىڭ مەنىسىنى بىلىدۇ. ئەمما، باش پېرسوناژنىڭ خاراكتېرىنى بىلمەيدۇ، گەپ دەل مۇشۇ يەردە. ھازىرقى زامان تراگېدىيىلىك ئەسەرلەردىكى قەھرىمانلاردىن «مال ساتقۇچىنىڭ ئۆلۈمى» دىكى رومېن، «ئارزۇ كوچىسىدىكى ماشىنا» ئەسىرىدىكى دوۋا، «ئامېرىكا تراگېدىيىسى» دىكى كېرىن، «پىزا بالىسى» دىكى توماس قاتارلىقلار بار.

ھازىرقى زامان ئەدىبىيسىدىكى مۇجمەللىكنىڭ ئەكسىچە تراگېدىيە ھاياتلىقتىكى مۇقىم قارار بولماي قالدى. «ئىنجىل» دا ئىنسانلار ئارىسىدىكى زۇلمەت ئېتىراپ قىلىنغان، ئەمما، مۇقەددەس نىشان ۋە نىجاتلىق نۇرلىرى ئۇلارنى يورۇتۇپ

تۇرىدۇ. مانا بۇ دانتېنىڭ ئۆزىنىڭ ئۇلۇغ ئەسىرى (جەھەننەمدىن جەننەتكىچە ئىشلار تەسۋىرلەنگەن) گە «ئىلاھ كومېدىيىسى» دەپ نام قويۇشىنىڭ سەۋەبى. ئۇ ئەسەر كۆلپەتتىن ئۈزۈل - كېسىل خالىي بولۇشتەك خۇشال ھالەت بىلەن ئاخىرلىشىدۇ.

---

## 64. مەۋجۇدىيەتچىلىك

*«مەۋجۇدىيەتچىلىك» مېنى گاڭگىرىتىدۇ. مەۋجۇدىيەتچى يازغۇچىلارنىڭ «مەۋجۇدىيەت» دېگەن سۆزنى قانداق ئىشلىتىدىغانلىقىنى چۈشەنمەيمەن. گويا بۇ سۆزنىڭ ئالاھىدە مەنىسى باردەك قىلاتتى. مۇھتەرەم دانىشمەنلەردىن ئارتىپ يول بويىدىكى قەھۋەخانىلاردىكى پۈتلىرىنى ئالماپ ئولتۇرغان كىشىلەرگىچە بولغانلارنىڭ ھەممىسى مەۋجۇدىيەتچىدەك قىلاتتى. مەۋجۇدىيەتچىلىك پەلسەپىسىنىڭ رەھبىرى كىم؟ بۇ ئىدىيىنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشى نەگە تۇتىشىدۇ؟*

---

شۇنىڭغا دىققەت قىلىش كېرەككى، مەۋجۇدىيەتچىلىك پەيلاسوپلىرى دەۋاتقان مەۋجۇدىيەت «ئادەم» نىڭ مەۋجۇدىيىتىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇلار ئۈستەل - ئورۇندۇق، يۇلتۇزلار ۋە ئاتوملارنىڭ مەۋجۇدىيىتىگە قىزىقمايدۇ. يەنە دىققەت قىلىشقا تېگىشلىكى شۇكى، ئۇلارنىڭ دېگىنى ئىنسانىيەتنىڭ ئەمەس، بەلكى كونكرېت شەخسنىڭ مەۋجۇدىيىتى. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، ئالاھىدە ئەھۋالدا ئۆزىنى بايقىغاندا، ئادەم مەسىلىسى ھەقىقىي ئۆزىگە بولغان بىر پۈتۈن ئاڭغا ئايلىناتتى.

يوللۇق پىكىرلەر ۋە ئابستراكت نۇقتىنەزەرلەر كىشىلىكتىكى تۈپ مەسىلىنى ھەل قىلالمايدۇ. ئومۇمىي قانۇن

ۋە ئادەتتىكى پىكىرلەر مۇكەممەل، كونكرېت ئالاھىدە ئادەمنى ئىلگىرى سۈرەلمەيدۇ. ئۇلارنى ئازابلىق ھەم جىددىي مەجبۇرىيەت ئىچىدە ئۆزىگە ئايلىنىشقا يېتەكلەيدىغان كىتابلار ھەم مىساللار يوق.

مەۋجۇدىيەتچى مۇتەپەككۇرلار «پىلان»، ۋەھىمە ۋە جىددىيلىك ئارقىلىق مەۋجۇدىيەت (ئەنئەنىۋى پەلسەپەدىكى مەۋجۇدىيەت) ھەققىدە ئابستراكت، ئارىلىقى بار ئەقلىي تەھلىل بىلەن تەمسىللەيدىغان ھەر قانداق ئۇقۇمدىنمۇ چوڭقۇر، يېقىن ئىچكى ئايانلىققا ئېرىشىدۇ. مەۋجۇدىيەتچى مۇتەپەككۇرلار ئۆزىنىڭ ئالاھىدە خۇسۇسىي مۇھىتىدىلا ھەقىقەتكە ئېرىشىدۇ. بۇ ھەرگىزمۇ مۇتەپەككۇرلارنىڭ مەۋجۇتلۇقىدىن يىراق ئوبيېكتىپ ئىدىيە يېتەلەيدىغان نەرسە ئەمەس. ئۆزىگە ئايلىنىشنىڭ مەجبۇرىيەتلىرى نىيەت قىلىش، يېكىتىش، «كاپالەت» قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. يۈكسەك غايە ۋە ياخشى خاھىشلار بولۇش بىلەن بىرگە، بوقلۇق ھالىتىدىن ئۆتۈش كېرەك.

ھازىرقى مەۋجۇدىيەتچىلەرنىڭ قەدىمكى ئۇستازلىرى بار. ئۇزاق دەۋرلەردىن بېرى دىنىي داھىيلا ئىنساننىڭ مەۋجۇتلۇقى ئاساسلىق كۆڭۈل بۆلۈشكە تېگىشلىك نەرسە دەپ تەكىتلەپ كەلدى. سوقرات ۋە ستوئىكچىلىق ئېقىمىدىكى پەيلاسوپلار پەلسەپىنىڭ مەقسىتى ئۇرمۇش، ھەرگىزمۇ نوقۇل ئىدىيە ئەمەس دېگەنىدى. ئاۋگۇستىن ۋە پاسكالغا ئوخشاش خىرىستىئان مۇتەپەككۇرلىرى ئادەملەرنىڭ ئەھۋالىنى ئازاب بىلەن تونۇپ يەتكەن بولۇپ، شەخسنىڭ ئۆزگىرىشچان تەرىپى بىلەن بۇرچكارلىق تەرىپىنى تەكىتلىگەن.

كېركېگارد (19 ـ ئەسىردىكى دانىيە دىن پەيلاسوپى) مەۋجۇدىيەتچىلىك پەلسەپىسىنىڭ باشلامچىسى. ئۇ ئىككى مەسىلىگە كۆڭۈل بۆلىدۇ: بىرى، قانداق قىلغاندا ھەقىقىي ئۆزى بولغىلى بولىدۇ؛ يەنە بىرى، قانداق قىلغاندا خىرىستىئان مۇخلىسى بولغىلى بولىدۇ. ئۇنىڭ قارىشىچە، يەقەت ئېتىقاد ۋە

ئەمدە ئارقىلىقلا خۇدانى تونۇغىلى بولىدۇ. ئەكسىچە، خۇدانىڭ مەۋجۇتلۇقى ھەققىدىكى مۇناسىپ دەلىل دېگەنلىك بىمەنىلىك بولۇپ، خۇدادى قىچىشقان يەرنى ئۆتۈكنىڭ سىرتىدىن قاشلىغاندەك بىر ئىش. ھەقىقەتكە يەتكۈچىنىڭ ئىچكى مايىللىقىدىكى كۈچلۈك ھاياجان ھەقىقەتنىڭ پرىنسىپىدۇر.

19 - ئەسىردىكى گېرمانىيە پەيلاسوپى نىچشى مەۋجۇدىيەتچىلىكنىڭ قۇرغۇچىسى. ئۇ ھازىرقى زامان ئادەملىرى يولدىن چىققان ئادەملەر بولۇپ بىچارە قۇرتتۇر، ئۇلار قورقۇنچلۇق دۇنيادىن سوغۇق پەلسەپە ۋە دىنىي مەستخۇشلۇق ئارقىلىق قۇتۇلماقچى بولىدۇ، دەپ قارىدى. ئۇنىڭ قارىشىچە، ئادەم ئىرادە، تەجرىبە ئارقىلىق ئادىمىيلىك بۇرچىنى تاماملايدۇ. ئۇ روھىي ئېھتىياجنى خام خىيال ئارقىلىق تولدۇرىدىغان كونا پەلسەپىلەرگە قارشى تۇرىدۇ. شۇنداقلا پانىيەتچىل مەۋجۇدىيەتنىڭ قىممىتىنى ئىنكار قىلىدىغان خرىستىئان نۇقتىئىنەزەرىگىمۇ قارشى تۇرىدۇ.

بۈگۈنكى مۇتەپەككۇرلار ئىچىدىن ئىككى خىل (دىن ۋە ئىلاھىيەت) تىپتىكى مەۋجۇدىيەتچىلىك يارالدى. بۇبېر، مارسېل، ياسپېرىت قاتارلىقلار خۇدامەركەزچىلىك ئىدىيىسىنىڭ تەرغىباتچىلىرى. ھايدېگىر، سارتېر، كامىيۇ قاتارلىقلار ئىلاھىيەت ياكى بىلگىلى بولماسلىق نەزەرىيىسىنىڭ مەۋجۇدىيەتچىلىرى.

## ئاساسلىق ئەسەرلەر

柏拉图:《菲多篇》;《国家篇》;《法律篇》

ئەپلاتون: «فېدۇ ھەققىدە»، «غايىۋى دۆلەت»، «قانۇن ھەققىدە»

亚里士多德:《论灵魂》《形而上学》;《物理学》;《诗学》

ئارىستوتېل: «روھ توغرىسىدا»، «مېتافىزىكا»، «فىزىكا»، «شېئىرىيەتشۇناسلىق»

卢克莱修:《物性论》

لۇكرېتسىي: «ماددا توغرىسىدا»

爱比克泰德:《语录》

ئېپىكتېت: «ئۈزۈندىلەر»

马可·奥勒留:《沉思录》

مارك ئاۋرېلىئۇ: «چوڭقۇر خىياللار»

普罗提诺:《忏悔录》;《上帝之城》;《论基督教教义》

پلوتىنۇس: «تۆۋبىنامە»، «تەڭرى شەھىرى»، «خرىستىئان ئەقىدىلىرى ھەققىدە»

阿奎那:《基督教箴言隽语集》

ئاكۋىنا: «خرىستىئان ئەقلىيەلىرى»

霍布斯:《利维坦》

ھوببېس: «لېۋىئاتان»

蒙田:《随笔集》

مونتەينى: «خاتىرىلەر»

笛卡儿:《第一哲学的沉思》

دېكارت: «تۇنجى پەلسەپىۋى ئويلار»

斯宾诺莎《伦理学》

سپىنوزا: «ئېتىكا»

帕斯卡尔:《外省信件》

پاسكال: «چەت ئۆلكىلەرگە خەت»

洛克:《一封关于信仰自由的信件》;《论人类理解》

لوك: «ئېتىقاد ئەركىنلىكى توغرىسىدا بىر پارچە خەت»، «ئىنسانىيەت ئەقلى توغرىسىدا»

休谟:《人类理智研究》

يۇم: «ئىنسانىيەت ئەقلى توغرىسىدا تەتقىقات»

孟德斯鸠:《法的精神》

مونتېسكيۇ: «قانۇن روھى توغرىسىدا»

卢梭·《社会契约论》

رۇسسو: «ئىجتىمائىي شەرتنامە»

亚当·斯密:《国富论》

ئادام سىمىت: «دۆلەتنى بېيىتىش نەزەرىيىسى»

M. 海德格尔:《生存与存在》

مارتىن خېيدېگگېر: «ھاياتلىق ۋە مەۋجۇدىيەت»

弗里德里奇·海勒:《祈祷》

فىرېدرىك ھېيلېر: «ئىبادەت»

D. 休谟:《关于自然宗教的对话》

يۇم: «تەبىئىي دىن ھەققىدە دىئالوگ»

W. 詹姆斯:·《论信仰与道德》

ۋىلىيام جامېس: «ئېتىقاد ۋە ئەخلاق»

K. 雅斯贝尔斯:《悲剧是不够的》

كارل جاسپېرس : «تراگېدىيىلا كۇپايە ئەمەس»

C. G. 荣格:《心理学与宗教》

كارل G جۇڭ: «پسىخولوگىيە ۋە دىن»

康德:《只在纯粹理性范围内的宗教》

ئىممانۇئېل كانت: «ساپ ئەقىل دائىرىسىدىكى دىن»

S. 克尔凯戈尔:《恐惧的概念》,《致死的顽疾》,《恐惧与颤栗》

كېركېگارد: «ۋەھىمە ئۇقۇمى»، «ئەجەللىك كېسەل»، «ۋەھىمە ۋە تىترەك»

马丁·路德:《三篇论文》,《漫谈》

مارتىن لۇتېر: «ئۈچ پارچە مۇھاكىمە»، «سۆھبەت»

G. 马赛尔:《存在与拥有》,《存在的秘密》,《存在的哲学》

G مارسېل: «مەۋجۇدىيەت ۋە ئىگىدارلىق»، «مەۋجۇدىيەتنىڭ سىرى»، «مەۋجۇدىيەت پەلسەپىسى»

J. 马利丹:《科学与智慧:现代世界的自由》

مارىتائىن: «پەن ۋە ئەقىل: ھازىرقى دۇنيادا ئەركىنلىك»

H. R. 尼尔布:《基督与文化》

رىچارد نىبۇر: «خرىستوس ۋە ھەزارەت»

B. 尼布尔:《自然与人的命运》,《超越悲剧》

رېنخولد نىبۇر «تەبىئەت ۋە ئىنسان تەقدىرى»، «تراگېدىيىدىن ھالقىش»
尼采:《反基督徒》;《悲剧的诞生》;《查拉图斯特如是说》;《权力意志》
نىچشى: «خرىستىئانلارغا قارشى»، «تراگېدىيىنىڭ پەيدا بولۇشى»، «زورو ئاستىر شۇنداق دەيدۇ»، «ھوقۇق ئىرادىسى»
M. P. 尼尔逊:《希腊宗教史》
مارتىن نىلسۇن: «گرېك دىن تارىخى»
R. 奥托:《神圣的观念》
R. ئوتتو: «مۇقەددەس ئىدىيە»
利奥・菲福:《教会、国家与自由》
لېئو. فىفېر: «دىنىي جەمئىيەت، دۆلەت ۋە ئەركىنلىك»
让・保罗・萨特:《存在主义与人道主义》;《存在无虚无》
ژان پائۇل سارتىر: «مەۋجۇدىيەتچىلىك ۋە ئىنسانپەرۋەر-لىك»، «مەۋجۇدىيەت ۋە يوقلۇق»
所罗门・谢克特:《犹太教研究》
سولومون شىكتىر: «يەھۇدىي دىنى تەتقىقاتى»
F. W. 冯・谢林:《论人类自由》
فرىدرىخ شېللىڭ: «ئىنسان ئەركىنلىكى توغرىسىدا»
F. 施莱尔马赫:《论宗教》
فرىدرىخ شىلىرماخ: «دىن توغرىسىدا»
A. 叔本华:《意志的自由》
ئارتۇر شوپېنخاۋېر: «ئىرادە ئەركىنلىكى»
斯宾诺沙:《神学政治论》
سپىنوزا: «ئىلاھىيەت توغرىسىدا»
吉本:《罗马帝国的衰亡》
گىببون: «رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ ھالاكىتى»
康德:《纯粹理性批判》;《实践理性批判》;《判断力批判》
كانت: «ساپ ئەقلىي تەنقىد»، «ئەمەلىي ئەقلىي

تەنقىدى» ، «ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارى ئۈستىدە تەنقىدى»
黑格尔:《历史哲学》
گېگېل: «تارىخ پەلسەپىسى»
弗洛伊德:《群体心理学与自我分析》
فروئىد: «تۈركۈم پسىخولوگىيىسى ۋە ئۆزلۈك ئانالىزى»

## باشقا ئەسەرلەر

J. E. E. D. 阿克顿:《论教会与国家》
جون ئاكتون: «دىنىي جەمئىيەت ۋە دۆلەت»
卡尔·亚当:《天主教的精神》
كارل ئادام: «كاتولىك دىنىنىڭ روھى»
阿奎那:《反异教箴言隽语录》
ئاكۋىنا: «غەيرىي دىنلارغا قارشى تۇرۇش ئەقلىيەلىرى»
利奥·贝克:《犹太教的实质》
لىئو بېك: «يەھۇدىي دىنىنىڭ ماھىيىتى»
卡尔·巴斯:《教义学概况:上帝的知识与上帝的义务》
كارل باس: «تەلىمات تىزىسلىرى: خۇدانىڭ بىلىمى ۋە خۇدانىڭ مەسئۇلىيىتى»
E. H. 布鲁内尔:《上帝的基督教义》
ئېمىل بىرونېر: «خۇدانىڭ خرىستىئان تەلىماتى»
马丁·布伯:《我与你》;《以色列与世界》;《上帝的衰弱》
مارتىن بۇبېر: «مەن ۋە سەن» ، «ئىسرائىلىيە ۋە دۇنيا» ، «خۇدانىڭ زەئىپلىشىشى»
J. 布尔克哈德:《暴力与自由》
ياكون بوركخارد: «زوراۋانلىق ۋە ئەركىنلىك»
J. 加尔文:《基督教教义》
كالۋىن: «خرىستىئان دىنى قائىدىلىرى»
T. M. 福里斯:《上帝与世界》
فورىس: «خۇدا ۋە دۇنيا»



# ئالتىنچى باب

## جەمئىيەت

جەمئىيەت مۇرەككەپ تەشكىلىي سىستېما.

ئادەم بىلەن ئادەم مۇناسىۋىتىنىڭ يىغىندىسى جەمئىيەتنىڭ پۈتكۈل تاشقى قىياپىتىنى شەكىللەندۈرىدۇ.

كىشىلىك قەلبىنىڭ زوقى ۋە سۈپىتىلا جەمئىيەتنىڭ قانداق ئىكەنلىكىنى بەلگىلەيدۇ.

## 65. باراۋەرلىك

*«مۇستەقىللىق خىتابنامىسى»دە ئادەملەر تۇغۇلۇشىدىنلا باراۋەر دېيىلگەن. سىز بەلكىم ئۇنى يېزىپ چىققان دانىشمەنلەرنىڭ بىمەنىلىكىنى قاراپلا بىلگىلى بولىدىغان نەرسىنى قانداقمۇ يېزىپ چىققاندۇ دېيىشىڭىز مۇمكىن. بىراق، ئەتراپىڭغا قارا! قورۇقنىڭ خوجايىنى بىلەن نېگىر قول باراۋەر بولامدۇ؟ پەرۋەردىگارنىڭ مارىلىن مونرو بىلەن ئادەتتىكى ئاياللارغا بەرگەن گۈزەللىكى ئوخشاشمۇ؟ ئەجەبا، ئەجدادلىرىمىز بۇ سىياسىي تەشۋىقاتلار ئارقىلىق يوق گەپلەرنى قىلىۋاتامدۇ؟*

بۇ مەسىلىگە جاۋاب بېرىش قىيىن. ئالدى بىلەن بىز ئەجدادلىرىمىز ئېيتقان «ئادەملەر تۇغۇلۇشىدىنلا باراۋەر» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسىنى تەھلىل قىلىپ باقايلى. ئۇلار تەجرىبىسى مول ئەمەلىي خىزمەتچى بولۇپ، ئۇلار تەبىئىي ھالدا كىشىلەرنىڭ ئوخشاش بەدەن، ئوخشاش قەلب ۋە ئوخشاش مۈلۈككە ئىگە ئەمەسلىكىنى ئىنتايىن ئېنىق بىلىدۇ.

خۇددى سىز دېگەندەك، بۇ ئەھۋالنى ئەتراپقا بىر قارىسىلا بىلگىلى بولىدۇ. ئۇلار بۇ دۇنيادا قابىلىيەت ۋە ئەخلاق تەقسىماتىنىڭ تەكشى ئەمەسلىكىنى بىلىدۇ.

ئۇلارنىڭ قارىشىدا ھەممىمىز ئادەم. بىر يەرگە كەلسەك ھەممىمىز ئوخشاش مەخلۇق. ھېچبولمىغاندا ھەر بىرىمىز مۇشۇنداق ئالاھىدىلىكتىن بەھرىمەن بولۇۋاتىمىز. بىزدە كىشىلىك خاراكتېر، ئەقىل، ئەركىنلىك ئىرادىسى ۋە مەسئۇلىيەت بار. بۇ ئامىللار بىزنى كىشىلىك ھوقۇق ۋە

قىممەتكە ئىگە قىلىدۇ. بىز ئەجدادلىرىمىزدىن قالمىش مىراسلاردىن ھەم خۇدا ئاتا قىلغان تەقدىردىن ئورتاق بەھرىمەن بولۇۋاتىمىز. ئەمما، غورۇرنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا ھەر بىر ئادەمنىڭ ئۆزىگە خاس چارىسى بار. شۇڭا، ھەر بىر ئادەمنى مال سۈپىتىدە ئەمەس، ئادەم سۈپىتىدە كۆرۈشىمىز كېرەك.

«مۇستەقىللىق خىتابنامىسى» نىڭ يازغۇچىلىرى ئادەملەر ئوتتۇرىسىدا پەرق يوق دېگەن ئەمەس. ئۇلارنىڭ دېمەكچى بولغىنى ھەممىمىز ئادەم بولغاچقا باشقىلار تەرىپىدىن تالان - تاراج قىلىنسا بولمايدىغان ھوقۇقتىن ھەر كىم باراۋەر بەھرىمەن بولۇشى لازىم دېگەن سۆزلەردىن ئىبارەت. ئۇلار بۇ ھوقۇق تەبىئىي بولۇپ كەم بولسا بولمايدۇ، دەپ ئىشىنىدۇ.

بىز يەنە ئۇلارنىڭ نېمىلەرنى دېگەنلىكىگە قاراپ باقايلى:

*بىز ئادەملەر تۇغۇلۇشىدىنلا باراۋەر دەپ قارايمىز، بۇ ھەممىگە ئايان ھەقىقەت. ياراتقۇچى ھەر بىر ئادەمگە باشقىلارغا ئۆتۈنۈپ بەرسە بولمايدىغان ھوقۇقنى بەرگەن. بۇ ھوقۇقنىڭ ئىچىدە ھاياتلىق ھوقۇقى، ئەركىنلىك ھوقۇقى ۋە بەخت ئىزدەش ھوقۇقى بار.*

بۇ ئۇزگىرات بىلەن پولكوۋنىك ئوخشاش تەن، تەلەي ۋە ئامانەت يۆلىغا ئىگە بولۇشى كېرەك دېگەنلىك ئەمەس. ئۇلار ئوخشاشلا گۆشتىن يۈتكەن ۋۇجۇد، شۇڭا ئۇلار ياشاش، ئەركىنلىك ۋە بەخت ئىزدەشتە ئوخشاش ھوقۇققا ئىگە بولۇشى كېرەك. بۇ سۆيۈملۈك ئىبارە «ئاساسىي قانۇن» نىڭ «ھوقۇق قانۇن لايىھىسى»، ئامېرىكىنىڭ «كىشىلىك ھوقۇق خىتابنامىسى» ۋە باشقا ھۆججەتلەردە ئۆز ئىپادىسىنى تاپتى.

ئەلۋەتتە، كۆپچىلىك بۇنى بىر پەرەز دەپ قارىشى مۇمكىن. ياشاش، ئەركىنلىك ۋە بەخت ئىزدەشتىكى باراۋەر ھوقۇقنى قەيەردىن ئىزدەپ تاپقىلى بولىدۇ؟ جەنۇبىتىكى نىگىر قۇللار ھەمىشە قاچقانلىقى ئۈچۈن كۆپىنچىسى ئاق تەنلىكلەر تەرىپىدىن ئېسىپ جازاغا تارتىلىدۇ. بىراق، ئاق تەنلىكلەر قاچقاندا، پەقەت جەرىمانىلا تۆلەيدۇ. ئەرەبلەر شىمالىي ئافرىقىغا

ئىسرائىلىيە بىلەن ئوخشاش ھوقۇق بېرىلىشى كېرەك، دەپ تەلەپ قىلىدۇ. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ «ئاساسىي قانۇنى» دىمۇ «كىشىلىك ھوقۇق قانۇنى» بار، لېكىن ئۇ شەكىلدىكى نەرسە، باراۋەرلىكنى بەلگىلەيدىغانلار يەنىلا ھوقۇقدارلاردۇر. ھەممە ئىش ئورۋېل «ھايۋانلار قورۇقى» دا تەسۋىرلىگەندەك: «ھەممە چوشقىلار باراۋەر، لېكىن بەزى چوشقىلار باشقا چوشقىلارغا قارىغاندا تېخىمۇ باراۋەر».

«مۇستەقىللىق خىتابنامىسى» نى ئىمزا قويغۇچىلارنىڭ ئاساسەن دېگۈدەك قۇللار ئىگىسى ئىكەنلىكىگە ئويدان سەپسېلىپ باقسىڭىز بولىدۇ. «ئاساسىي قانۇن» بىر قۇلنى 3/5 ئادەم دەپ قارايتتى. قۇل قىلىش ئەينى ۋاقىتتا قانۇنلۇق ئىش ئىدى. «مۇستەقىللىق خىتابنامىسى» گە ئىمزا قويغۇچىلار ئەنگلىيە — ئامېرىكا ئوتتۇرىسىدىكى باراۋەرلىك تۈزۈشى بىلەن ئاق تەنلىكلەرنىڭ نېگىرلارنى قۇل قىلىشى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنىڭ قەيەردىلىكىنى بىلمىسە كېرەك. ئەمما، جېففېرسون ۋە باشقا رەھبەرلەر قۇللۇق تۈزۈمگە قارشى تۇرۇشى كېرەك ئىدى. چۈنكى، «مۇستەقىللىق خىتابنامىسى» دە «بارلىق ئاق تەنلىكلەر باراۋەر» دېيىلمىگەن. بۇ خىتابنامە ئومۇميلىققا ئىگە بولۇپ، ھەممە ئادەمگە باب كېلىدۇ. شۇڭا، ئۇ ئەركىنلىك ۋە باراۋەرلىكنىڭ دەرۋازىسىنى ھەممە ئادەمگە تەڭ ئېچىۋەتتى.

باراۋەرسىزلىك ۋە ئادالەتسىزلىك ھەققىدىكى مۇنازىرىنى كۆپ ئۇچرىتىمىز. يېقىنقى دەۋرلەردە، ناتسىستلار ۋە فاشىستلار پارتىيىسى ئەزالىرىدىن باشقا ھېچكىم باراۋەرلىك ھەققىدە تالاش — تارتىش قىلىپ ئولتۇرمىدى.

«خىتابنامە» يازغۇچىلىرى باراۋەرلىك ئۇقۇمىنى تاسادىپىي ئوتتۇرىغا قويغان ئەمەس. ئۇلارنىڭ نەزەرىيە ئاساسى ئەنگلىيە پەيلاسوپى لوك ئوتتۇرىغا قويغان تەبىئىي ھوقۇقنىڭ ئۇقۇمى ۋە ئەركىنلىك باراۋەرلىك قارىشىدۇر. شۇڭا، بىز لوكنىڭ «ھۆكۈمەت توغرىسىدا» دېگەن ئەسىرىدىكى مۇنۇ سۆزلەرگە

قىزىقماي تۇرالمايمىز:

گەرچە مەن يۇقىرىدا، «ئادەملەر تۇغۇلۇشىدىنلا باراۋەر» دېگەن بولساممۇ، لېكىن بۇ ھەممە نەرسە چوقۇم «باراۋەر» بولۇشى كېرەك دېگەنلىك ئەمەس. ياش قورام ۋە ئەخلاق ئادەمنى مەزگىلداشلىرىدىن ھالقىتىدۇ، ماھىرلىق ۋە نەتىجە بىراۋنى ئالاھىدىلەشتۈرىدۇ... لېكىن، بارلىق ئادەملەر باراۋەر بولۇشتىن ئىبارەت ئاساسىي شەرت ئاستىدا، بىر - بىرىنىڭ قانۇنىي ھوقۇقى ۋە كىشىلىك ھوقۇقىنى ئۆزئارا ھۆرمەت قىلىشى كېرەك.

---

## 66. ئىلگىرىلەشنىڭ ماھىيىتى

يېقىندىن بېرى، ئالەم بوشلۇقىغا بولغان يۈرۈش بىزنى ئالاھىدە بىر دەۋرگە باشلاپ كىردى، ھەر كۈنى دېگۈدەك تېخىمۇ زور ئىلگىرىلەشنى كۆتىدىغان بولدۇق. لېكىن، ئەقىل، ئەخلاق، روھ جەھەتتىكى ئىلگىرىلەشلىرىمىز ئۆتمۈشتىكى ئۇلۇغ مەدەنىيەتلەردىن ھالقىيالىدىمۇ، يوق؟ ئىلگىرىلەش دېگەن بۇ ئىش راستتىنلا مەۋجۇتمۇ ياكى دەۋرىمىزدىكى يېڭى ئەپسانىمۇ؟

---

بىزنىڭچە، يېڭى ئۇقۇملار ئوتتۇرىغا چىقىشى ۋە تەرەققىي قىلىشى ئىلگىرىلەشنىڭ بەلگىسىدۇر. بۇ ئۇقۇمنى بىرىنچى قېتىم ئېنىق ئوتتۇرىغا قويغان كىشى 18 - ئەسىردىكى بىل. ئۆتكەن 200 يىلدىن بېرى، بىز ئىنسانلار ھەر جەھەتتە ھەقىقەتەن غايەت زور ئىلگىرىلىدۇق.

ئىلگىرىلەش دېمەك زامان مۇساپىسىدە تېخىمۇ ياخشى ئۆزگىرىشنىڭ بولۇشىدۇر. ئىلگىرىلەش تارىختا پەيدا بولغان

ئۆزگىرىشنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ئۆزگىرىشلەر ئەسلىدىكى سەۋىيىنىڭ تەكرارلىنىشى ئەمەس. ئىلگىرىلەش يەنە ئىنسانىيەت ئىشلىرىدىكى ئۆزگىرىش ۋە ناكامۇللۇقنى كۆرسىتىدۇ. ئىلگىرىلەشنىڭ نىشانى بەلكىم تەبىقىسىز جەمئىيەتكە، ئەبەدىي تىنچلىققا قەدەم قويۇش بولسا كېرەك. بەلكىم، ئۇ يەنە ئاخىرى يوق جەريان بولسا كېرەك.

قەدىمكىلەر «دەۋرىيلىك» تارىخىي نۇقتىئىنەزەرىنى قوللانغان. ئۇلار ئىنسانىيەتنىڭ ئىشلىرى خۇددى ماددىي دۇنياغا ئوخشاش گۈللىنىدۇ ۋە خاراب بولىدۇ دەپ قارىغان. تارىختىمۇ تەبىئەتتىكىدەك تۆت پەسىل بولىدۇ؛ گۈللىنىش، خاراب بولۇش، بۆلۈنۈش، بىرلىشىش قاتارلىق ھادىسىلەر ۋاقىتقا ئەگىشىپ بولۇپ تۇرىدۇ. شەھەرلەر بارلىققا كېلىدۇ، يەنە گۇمران بولىدۇ. مەدەنىيەتلەر راۋاجلىنىپ، يەنە چېكىنىدۇ، ھەتتا غايىب بولىدۇ. ئارىستوتېل ئىنسانلار سەنئەت ۋە پەن جەھەتتە توپلىغان بىلىملىرىنى يوقىتىپ قويۇپ، يەنە تېپىۋېلىشى مۇمكىن دەپ قىياس قىلغان.

يۇقىرىقى نۇقتىئىنەزەر بويىچە بولغاندا، ئىلگىرىلەش بىر خىل خام خىيالدۇر. ئىلگىرىلەش ھېكايىسىنىڭ يېرىمى بولۇپ، قالغان يېرىمى ئۇنىڭ ئەكس تەرىپىدۇر.

ئىلگىرىلەشكە ئىشەنگەنلەرنىڭ كۆرسىتىشىچە، ئىلگىرىلەش تارىختىن بۇيانقى كېرەكلىك قورال ۋە ئۈسكۈنىلەرنىڭ تەرەققىي قىلىشى، تۇرمۇشتىكى ماددىي شارائىتنىڭ ياخشىلىنىشى ھەم بىلىمنىڭ جۇغلىنىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن 300 يىلدىن بېرى، ئىنسانلار پەن - تېخنىكا، ئىستېمالىي سەنئەت ۋە بايلىق جەھەتتە كۆپ ئىلگىرىلىدى. بۇ ئىلگىرىلەش كۈنسايىن مۇقىملاشماقتا.

ئىلگىرىلەشنىڭ چېكى بارمۇ، يوق؟ ئەگەر بىز ۋەيران قىلغۇچى قوراللار بىلەن ئىلگىرىلەش شارائىتىنى بۇزمىساقلا ئىلگىرىلەشنىڭ چېكى يوق دەپ جاۋاب بېرەلەيمىز. بۇ بىزنى ئەخلاقىي، سىياسىي جەھەتتىن ئىلگىرىلەشنىڭ ھەقىقىي قىيىن

تېمىسىغا ئېلىپ بارىدۇ. كەلگۈسىدىكى ئادەملەر تېخىمۇ ئەقىللىق بولامدۇ؟ ئۇلارنىڭ ئەقىل - پاراسىتى ئورۇشنى ۋە ۋەيران قىلىش خاراكتېرىدىكى ئورگانلارنى يوق قىلالىغۇدەك دەرىجىگە بارالامدۇ؟

قانچىلىك سۆس بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئالامەتلەردىن مەلۇمكى، دەۋرلەرنىڭ چىنىقىشىغا ئەگىشىپ، ئىنسانلارنىڭ ۋىجدانى بارغانسېرى ياخشىلانماقتا. مۇشۇ ئەسىردىكى ئىنسان تەقدىرىگە قاراپ باقايلى، ئىنسانىيەتسىزلىك ۋە ياۋۇزلۇق قەدىمكى تارىخ خاتىرىسىدىكىدەك چەكتىن ئاشقاندى. ئەمدى كىشىلەر ئۇنداق ئەھۋالدىن بۇرۇنقىلاردىن بەكرەك چۆچۈشتى. بىز كىشىلىك ھوقۇقنى تونۇپ يەتتۇق، بىز شەخسنىڭ ئىززەت - غۇرۇرىنى ئەجدادلىرىمىزغا قارىغاندا ساغلام چۈشەندۇق.

گېگېل، ماركس قاتارلىقلارنىڭ دېيىشىچە، ئەخلاق ۋە سىياسىي جەھەتتىكى ئىلگىرىلەش مۇقەررەر بولىدۇ. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، تارىخنىڭ ئىلگىرىلىشىنى تۈزەيدىغان تۈپ قانۇن ئىلگىرىلەش قانۇنىدىن ئىبارەت بولۇشى كېرەك. ئەكسىچە، كانت ۋە مىللارنىڭ قارىشىچە، ئىلگىرىلەش ئىنسانلارنىڭ تىرىشچانلىقى ئارقىلىق ئېرىشىلىدۇ. ئىلگىرىلەش مۇقەررەر نەرسە ئەمەس، ئىنسانلار جەمئىيەتنىڭ ياخشىلىنىشى ياكى مەدەنىيەتنىڭ ئىلگىرى سۈرۈلۈشى ئىنسانلارنىڭ تاللىشىغا باغلىق.

ئىلگىرىلەشكە ئائىت چوڭقۇر مەسىلە كىشىلىككە بېرىپ تاقىلىدۇ. ئىلگىرىلەشلەر ئورگان، سەنئەت، پەن، ھاياتلىق دائىرىسى بىلەنلا چەكلىنەمدۇ؟ كىشىلىك تۇۋەن شەكىلدىن يۇقىرى شەكىلگە قاراپ يۈكسىلەمدۇ؟

گېرمانىيە پەيلاسوپى نىچشى كامىل ئىنساننىڭ بارلىققا كېلىشىدىن بېشارەت بەرگەن. ماركس ۋە «ئۇتوپىيىلىك» سوتسىيالىزمچىلار مۇكەممەل جەمئىيەتنىڭ يېتىپ كېلىپ، مۇنەۋۋەر ئىنسانلارنىڭ پەيدا بولۇشىنى ئەمۇرلىگەن. دىنىي

مۇتەپەككۇرلارمۇ مەنىۋى گۈللىنىش ئارقىلىق، يېڭى ئىنسانلارنى پەيدا قىلىشنى ئارزۇ قىلغان.

بىز ئەكسىچە بىر قاراشنى ياقلايمىز. بىزنىڭ قارىشىمىزچە، كىشىلىك ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان ئامىل بولۇپ، ئۇ ئىنسانلارنىڭ ئىلگىرىلەش قەدىمىنى چەكلەپ تۇرىدۇ. گەرچە بۇ چەكلىمە بولسىمۇ، يەنىلا يۇقىرىغا نىسبەتەن ئىلگىرىلەش ئىمكانىيىتىمىز بار. ھەربىر ئىلگىرىلىگەندە، ئادەم ئۆزىدىكى يوشۇرۇن كۈچنى تېخىمۇ تونۇيدۇ.

---

## 67. نوپۇسنىڭ پارتلىشى

*«نوپۇسنىڭ پارتلىشى» كۆپچىلىككە تونۇش گەپ، توغۇتنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەكمۇ، ئۆتنىڭ ئالدىنى قانداق ئېلىش كېرەك. بۇ ھەقتە نۇرغۇن مۇنازىرىلەر بولدى. يۇقىرىقى مۇتەپەككۇرلار نوپۇسنىڭ كۆپىيىپ كېتىشى ھەققىدە نېمىلەرنى دېگەن؟ ئۇلارنىڭ نۇقتىئىنەزەرى ھازىرقى قاراشلار بىلەن سېلىشتۇرغاندا قانداق بولىدۇ؟*

---

ئەنگلىيىلىك كاھىن ۋە ئىقتىسادشۇناس مالتۇس 1798 ـ يىلى ئېلان قىلغان «نوپۇس نەزەرىيىسى» دېگەن ئەسىرىدە، ھازىرقى زامان نوپۇس مەسىلىسى ھەققىدە مۇھاكىمە ئېلىپ بارغانىدى. مالتۇسنىڭ قارىشىچە، نوپۇسنىڭ ئاۋۇشى ئاشلىقنىڭ ئاۋۇشىدىن مەڭگۈ ئۈستۈن بولىدۇ. ئۇ ئۇرۇش، ئاچارچىلىق، ۋابا، نامرات تەبىقىلەر ئارىسىدىكى ئاپەتلەر، گۇناھلارنىڭ ئاجىزلاپ بېرىشى ئاشلىق بىلەن نوپۇس ئوتتۇرىسىدىكى بالانسنى ساقلايدۇ، دەپ ئىشىنەتتى. مالتۇس كېيىنچە بۇ خىل شەپقەتسىز قىياسقا تۈزىتىش كىرگۈزدى.

ئۇ كېچىكىپ توي قىلىشنى قاتتىق يۈرگۈزۈشنى تەۋسىيە قىلغان. ئۇنىڭچە، كېچىكىپ توي قىلىش نوپۇسنىڭ ئۆسۈشىنى ئاستىلىتاتتى. ئەمما، كىشىلەرنىڭ بۇ گەپكە قانچىلىك ئەمەل قىلىشى ھەققىدە ئۇنىڭ ئۈمىدى زور ئەمەس ئىدى.

مالتۇس ئاشلىقنىڭ كەمچىلىكىنى ھەممە ئادەم ھېس قىلالمايدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن جىددىيلەشمەيدۇ، دەپ دەلىللىدى. ئۇنىڭچە، مۇكەممەل جەمئىيەتكە يەتكىلى بولمايدۇ، تەبىئەت ھەممە ئادەمنى تەمىنلەپ بولالمايدۇ، شۇڭا ماسلاشقانلار ياشىيالايدۇ، ئادەملەر ئاپەت ۋە قىسچىلىقتىن ئامال قىلىپ ئۆزىنى قاچۇرىدۇ. دارۋىن 1859 - يىلى مەشھۇر ئەسىرى «تۈرلەرنىڭ كېلىپ چىقىشى» نى يازغاندا مالتۇسنىڭ «ياشاش ئۈچۈن كۈرەش» نۇقتىئىنەزەرىنى تەبىئەتكە جانلىق تەتبىقلىدى، نوقۇل جەمئىيەتتىكى نوپۇس مەسىلىسىنى بىر تەرەپ قىلىشقا تەتبىقلاش بىلەنلا چەكلەنمىدى.

سىبنىبىر قاتارلىق ئىقتىسادشۇناسلار دارۋىننىڭ شاللىنىش نەزەرىيىسى ئارقىلىق 19 - ئەسىردىكى سېلىشتۇرما ئىقتىساد سىستېمىسىنى دەلىللىدى. مالتۇسنىڭ ئىز باسارلىرىنىڭ قارىشىچە، تەبىئەتتە ناھايىتى چەكلىك ھايات مۇھىتى بار، ئارتۇقچە ئادەملەر (ماسلىشىش قولىدىن كەلمىگەنلەر) نىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئىزدەيدىغان ھوقۇقى يوق.

ھازىرقى زامان كوممۇنىزمىنىڭ ياراتقۇچىسى ماركس بىلەن ئېنگېلس مالتۇس ۋە «ئىجتىمائىي دارۋىنىزمچى» غا قاتتىق رەددىيە بېرىدۇ. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، مالتۇسنىڭ نەزەرىيىسى كاپىتالىزمنىڭ رەزىللىكىگە بولغان ئىپلاس ھەم ئىنسانىيەتسىز ئاقلاش ئىدى. ماركس بۇ نەزەرىيىنى «ئىنسان ۋە تەبىئەتكە نىسبەتەن ئەشەددىي ئاسىيلىق» دەپ ئەيىبلىدى. يەنە ئۇلارنىڭ قارىشىچە، مالتۇسنىڭ «سىرتقى» تەبىئەت قانۇنى (نوپۇسنىڭ ئاۋۇشى ئاشلىقنىڭ ئاۋۇشىدىن ئۆتۈپ كېتىدۇ) ئىسپاتتىن ئۆتمىگەن بولۇپ، پۇت تىرەپ تۇرالمايدۇ.

ماركس بىلەن ئېنگېلس ئەينى ۋاقىتتىكى ئاپەت ۋە

قىچىلىقنى نوپۇسنىڭ كۆپىيىشىدىن ئەمەس، ئىقتىسادىي سىستېمىنىڭ قالاق ۋە ئۈنۈمسىزلىكىدىن كۆرەتتى. ئۇلار ئادەم ھايۋان ئەمەس، ئۇ ئىستېمالچى بولۇش بىلەن بىرگە ئىشلەپچىقارغۇچى، يەيدىغان بىر ئېغىز كۆپەيسە، ئەمگەك قىلىدىغان بىر جۈپ قولمۇ كۆپىيىدۇ، دەيتتى. ماركس بىلەن ئېنگېلس كۆڭۈلدىكىدەك ئىشلەپچىقىرىش ۋە تەقسىمات سىستېمىسى ئارقىلىق ئاشلىقنىڭ كەملىكى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئاپەتنى داۋالاشنى ئويلايتتى ھەمدە بۇ جەھەتتىكى ئارزۇسىنى نوپۇس تىزگىنلەشكە باغلىمايتتى. باشلانغۇچ ئىقتىسادتا، ھەر بىر ئادەم بىر كۋادرات ئىنگلىز مىلى يەردە قىستالغاندەك ھېس قىلىدۇ، ئەمما ھازىرقى زامان سانائەت دەۋرىدىكى ئىقتىسادتا شۇنچىلىك يەر مىڭ ئادەمنى باقىدۇ.

مالتۇس ۋە ماركس، ئېنگېلسلار ئوتتۇرىغا قويغان بۇ سەۋەبلەرگە بۈگۈنكى نوپۇس مەسىلىلىرى مۇھاكىمىسىدىمۇ سەل قاراشقا بولمايدۇ. مەسىلەن، ھىندىستان ۋە جۇڭگو قاتارلىق ئەللەردە ئۆلۈم نىسبىتى ئازايدى. تۇغۇت نىسبىتى كۆپەيدى، ئاشلىق نىسبىتى ماس قەدەمدە ئۆسمىدى، مانا بۇ ئەھۋاللار مالتۇسنىڭ ۋەھىمىسىنى تەستىقلىغاندەك قىلاتتى. شۇڭلاشقا، جەمئىيەت ۋە بىئولوگىيە ساھەسىدىكى ئادەملەر ئاشلىق ئاز، ئادەم كۆپ بولۇشتەك بۇ ئەرۋاھنى تەگىدى. لېكىن، ئۇلار مالتۇسقا ئوخشىمىغان ھالدا، ئۆلۈم نىسبىتىنى ئۆستۈرۈشنى ئەمەس، بەلكى تۇغۇت نىسبىتىنى كېمەيتىشنى مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ يولى قىلماقچى بولۇشتى. ئۇلار نامراتلارنى قىيىن ۋە ئۆلۈمتۈك ھالەتتە قويۇشنى ئەمەس، بەلكى بۇلارنىڭ سالامەتلىكى ۋە غورۇرىغا يول ئېچىشنى ئىزدىدى.

بۈگۈنكى ئانتى مالتۇسچىلار ئىشلەپچىقىرىش تەشكىلىنى ياخشىلاش، باراۋەر تەقسىماتنى ئىزچىللاشتۇرۇش، تەبىئىي بايلىقلاردىن پايدىلىنىش ئارقىلىق مەسىلىنى ھەل قىلىشنى ئىزدەيدۇ. لېكىن، ئۇلار ماركسىزمچى ئەمەس، بەلكى كوممۇنىزمغا قارشى، ئۇلار بۇ چارىنى خۇسۇسىي تۈزۈم

ئاساسىدا يولغا قويۇشنى ئويلاپتتى. ئۇلار دىنىي سەۋەب بىلەن تۇغۇت چەكلىگەنلەرگە يول قوياتتى. مالتۇسقا قوشۇلىدىغانلار، بولۇپمۇ ھىندىستاندەك دۆلەتلەردە مالتۇسنىڭ تەكلىپى قارشى ئېلىنىپ، كېچىكىپ توي قىلىش ۋە كېچىكىپ پەرزەنت كۆرۈشنى قاتتىق قوللۇق بىلەن يولغا قويدى.

نۇرغۇن كىشىلەر مالتۇس ۋە ئۇنىڭ قارشى تۇرغۇچىلىرىنىڭ ئارىسىدىن ئوتتۇرانچى يول تاپماقچى بولۇشتى. ئۇلار ئىشلەپچىقىرىش بىلەن تەقسىماتنى ئۈنۈملۈك بىرلەشتۈرۈشنى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە تۇغۇت چەكلەشنى يولغا قويۇشنى ئۈمىد قىلدى. بىراق، قانداق ئۇسۇلدا چەكلەشكە كەلگەندە ئۇلارنىڭ پىكرى ھەر خىل ئىدى.

---

## 68. مودا دېگەن نېمە؟

*بىز كۆپچىلىكتىن مودىغا ماسلىشىشنى قاتتىق تەلەپ قىلمىز. ئۆزىنى گەۋدىلەندۈرۈشكە تىرىشىدىغان ئابرويلۇق كىشىلەر ئۆزىگە خاس بىر يۈرۈش كەسپىي ئىزام ۋە سۆز - ئىبارىلەرنى پەيدا قىلىشىدۇ. جەمئىيەت ۋە كوللېكتىپ ئەنئەنىلىرىنى بۇزغۇچىلار ئاغدۇرمىچىلار ۋە جاھىل ئۇنسۇرلار دەپ ئاتىلىدۇ. كىشىنى چۆچۈتىدىغان بۇنداق ئەھۋاللار ئەجەبلىنەرلىكمۇ ياكى باشقا دەۋرلەردىمۇ بولغانمۇ؟ يۇرۇقى ئۇلۇغ مۇتەپەككۇرلار بۇنداق مەسىلىگە دۇچ كەلگەنمۇ؟*

---

كۆپچىلىكنىڭ كەيپىيات، زوق ۋە پىكىر جەھەتتىكى بىردەكلىكنى ئىزدەش ھازىرقى زامان ھادىسىسىدۇر. فرانسىيە بۈيۈك ئىنقىلابىدىن كېيىن، كونا جەمئىيەت تەرتىپى تۈپ يىلتىزىدىن قومۇرۇپ تاشلاندى، ئاممىۋى تارقىتىشنىڭ

تەرەققىياتى ۋە جامائەتچىلىكنىڭ ئەۋزەللىكى «بىردەكلىك» نى بىر مەسىلىگە ۋە تەھدىتكە ئايلاندۇردى. بۇ مەسىلە ھەرگىزمۇ دۆلەت ياكى دىنىي جەمئىيەتنىڭ شەخسىي ئەركىنلىك ۋە جەمئىيەت نويۇزى ئۈستىدىكى تارتىشىش كۈچىگە ئوخشىمايتتى.

خۇددى كېركىگارد 100 يىل بۇرۇن ئېيتقاندەك، ھازىرقى «ئاۋام» نۇرغۇن شەخستىن تۈزۈلگەن رېئال ئورتاق گەۋدە ئەمەس، بەلكى ئۇ نۇرغۇن شەخستىن تۈزۈلگەن ئابستراكت گەۋدە. بىز «ئۆزىمىزنى يوقىتىپ قويۇۋاتقان دەۋردە تۇرۇۋاتىمىز»، يەنى بىر - بىرىمىزگە ئوخشاپ قېلىپ «سەن» بىلەن «مەن» نىڭ ھېچقانداق پەرقى قالمىغان. بىز پەقەت «كۆپچىلىك»، «ئاۋام»، «ئامما» ۋە «ئۇلار» دېگەن گەپلەرنىلا ھېس قىلالايدىغان بولۇپ قالدۇق. بىز بۇ تۇيغۇمىزنى راست دەپ ئىشىنىپ، ھە دېسىلا «ئۇلار» نىڭ ئىرادىسى بىلەن بىردەكلىشىشنى ئىزدەيدىغان بولۇپ كەتتۇق.

بۇرۇنقى يىراقنى كۆرەر يازغۇچىلار كۆلەڭگىگە ئوخشايدىغان ئامما بىلەن بىردەكلىكنى بىر تەرەپ قىلىپ باققان. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئاساسلىقى مىل بولۇپ، ئۇنىڭ نۇقتىئىنەزەرى «ئەركىنلىك توغرىسىدا» دېگەن ئەسىرىدە نۇقتىلىق ئىپادىلىنىدۇ. بۇ كىتاب 100 يىل بۇرۇن يېزىلغان بولۇپ، ئوقۇسىڭىز خۇددى بۈگۈن يېزىلغاندەكلا تۇيۇلىدۇ.

مىل كېركىگاردنىڭ قارىشىغا قوشۇلىدۇ: شەخس ئاۋامنىڭ ئىچىدە غايىب بولغان، ھەر بىر شەخس ئىدىيە، ھېسسىيات ۋە پائالىيەت جەھەتتە باشقىلار بىلەن ئوخشاش دەپ قىياس قىلىنىدۇ. بۇ خىل قاراش بىر خىل غايە دەپ قارالغانىدى. مىلنىڭ قارىشىچە، كۆپ ساندىكى ئادەم «ئوخشاش نەرسىنى ئوقۇماقتا، ئوخشاش نەرسىنى كۆرمەكتە، ئوخشاش جايغا بارماقتا، ئوخشاش ئارزۇ ۋە ئەندىشىدە بولماقتا» (خۇددى تېلېۋىزور ئالدىدا ئولتۇرغاندەك!).

مىلنىڭ قارىشى بويىچە بولغاندا، كۆپچىلىكنىڭ

ئىرادىسىگە رەھبەرلىك قىلالايدىغان ياكى ئۇنىڭغا قارشى تۇرالايدىغان بىرمۇ ئادەم يوق. كۆپچىلىكنىڭ ئوي - پىكرى ئوخشاش ئادەملەر — كۈندىلىك مەتبۇئات بۇيۇملىرى سىڭدۈرۈلگەن — دىن تەركىب تاپقان. ھەر قانداق بىر تەبىقە ياكى ئورگان يېڭى ھۆكۈمەتكە مۇتەدىللىك ئارقىلىق تاقابىل تۇرالمايتتى (كىيىن بۇنى پارتىيە مۆتىدىل سىياسەت دەپ ئاتىغان). بىردەك بولمىغانلار يېتىم قالدۇرۇلاتتى، ھەتتا ئىجتىمائىي ئورنى يۇقىرى ئادەملەرمۇ شۇنداق.

يېڭى تەرتىپتە، ئىجتىمائىي ئورنى يۇقىرى - تۆۋەن بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ھەممە ئادەم كۆپچىلىككە بويسۇنىدۇ. شەخسنىڭ ئىنتىلىشى ئەمەس، بەلكى «باشقىلار» نىڭ قويلىغانلىرى مودىغا ئايلىنىدۇ. مىل بۇ خىل بىردەكلىك بىزنىڭ مەلۇم بىرسىنى قوللىشىمىز يەنە مەلۇم بىرسىنى باستۇرۇشىمىزغا تەسىر كۆرسىتىپلا قالماي، يەنە بىزنىڭ خۇشاللىقىمىز ۋە ھېسسىياتىمىزنىڭ مۇقەددەس قەسرىگىمۇ تەسىر كۆرسىتىدۇ، دېگەن. «ھەتتا، خۇشاللىق ئىزدىمىگەندىمۇ، ئالدى بىلەن كۆپچىلىككە ماسلىشىشنى ئويلىشىدۇ. ئۇلار ئامىمىنىڭ ئىچىگە سىڭدىلىپ كىرىۋېلىشنى ياخشى كۆرىدۇ، ئۇلار پەقەت تەييار نەرسىلەرنىلا تاللايدۇ. ئەگەر بىراۋنىڭ زوقى ئالاھىدە، پائالىيىتى غەلىتە بولۇپ قالسا، كۆپچىلىك ئۇنىڭدىن جىنايەتچىنى كۆرگەندەك قېچىشقا ئالدىرايدۇ».

مىلىنىڭ قارىشىچە، «كىشىلەر ئامما ئارىسىغا سىڭدىلىپ كىرىۋېلىشنى ياخشى كۆرگەن» بولغاچقا، ئۇلاردا چىن خۇسۇسىي پىكىر ۋە ھېسسىيات بولمايدىغان بولۇپ كەتتى. ئۇلاردا چىن ئىنسانىيلىق ۋە خاراكتېرنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. چۈنكى، ئۇلاردا شەخسىيەت ۋە ئىگىمەنلىكنىڭ مەنبەسى قۇرۇپ كەتكەنىدى. ئىنسانىيلىق ۋە خاراكتېر پەرق ئېتىش، باھالاش ۋە تاللاش ئېلىپ بېرىشلارنىڭ ئۈستىگە قۇرۇلىدۇ. ئەگەر بىر ئادەم يۇقىرىقىلاردىن ۋاز كەچسە،

كۆيچىلىك بارغانسېرى گاللىشىپ، ئاخىرى سولىشىدۇ. بۇنداق ئەھۋال يۈز بەرگەندىكەن، ئادەم شەخسىيىتىنى يوقاتقان ماشىنىغا ئايلىنىپ قالىدۇ.

يەنە مىلىنىڭ قارىشىچە، خاسلىق (ئىندىۋىدۇئاللىق) ۋە ئىگىمەنلىك ئىنساني پارلاۋاتقان ئامىللىرى (مەيلى خۇسۇسىي ياكى ئىجتىمائىي بولسۇن)، بىر مىللەت پەقەت دوراشنىلا بىلسە ياكى بىرلا ئۇرۇپ - ئادەت جەمئىيىتىنى ئىزچىل ساقلىسا، ئۇنداقتا، ھەقىقىي ئىنساني جەمئىيەت بولماي قالىدۇ. ھەقىقىي ئۈيۈشچان گەۋدە شەخسنىڭ كۆپەيمىسىدىن ئەمەس، بەلكى شۇ شەخسنىڭ ھەقىقىي ئۆزىدىن تۈزۈلىدۇ. مىل شەخستە تېخىمۇ چىن ھاياتلىق بولىدۇ، ئۇلاردىن تۈزۈلگەن جەمئىيەتمۇ تېخىمۇ تولۇپ - تاشقان ھاياتلىققا ئىگە بولىدۇ.

مىل ھازىرقى زامان كىرىزىسىدىكى ئەخلاق ۋابلاسىغا شىپا بولىدىغان بىر رېتسېپنى كۆرسەتكەن. ئۇ بولسىمۇ، «باشقىلار قىلمىغان ئىشلارنى قىلىش» ياكى «باشقىلار قىلغان ئىشنى قىلماسلىق». مىل ئاددىي ئادەمگە ئايلىنىپ قالماسلىق بىزنىڭ مەسئۇلىيىتىمىز دېگەندى. «بۇ دەۋردە ئۆرۈپ - ئادەتكە تېز يۈكىنىدىغان ئالاھىدە تىپ بولۇش ئەڭ ئەھمىيەتلىك خىزمەتتۇر. باشقىلارغا ئوخشايدىغان ئادەمنىڭ ئاز بولۇشى دەل مۇشۇ دەۋرنىڭ ئەڭ چوڭ كىرىزىسى».

## 69. سېنزور تۈزۈمىنىڭ مەيدانى

*بىز ھەمىشە «ئەخلاقسىز»، «بەتقىلىق» ئەسەرلەرگە، دراممىلارغا كۆچىمىزنىڭ بارىچە قارشى تۇرىمىز، ھەتتا، كىتابلارنى چەكلەيمىز، كىنولارنى تەكشۈرىمىز، ۋەھاكازالار. بىز ئۆتمۈشتىكىلەر قانداق قىلغان بولغىيدى دېگەن ئويغا كېلىمىز. سەنئەت ئەركىنلىكى بىلەن ئاممىۋى توساق*

*ئوتتۇرىسىدا، «يۇرتتان»لارنىڭ بىرىسى بىلەن ئاقىلانە چەك ئوتتۇرىسىدا پاسىلنىڭ بولۇشىغا پەيلاسوپلار يول كۆرسىتىپ بېرەلەمدۇ؟*

---

سېنزور تۈزۈمى ھەققىدىكى مۇنازىرە ھازىرغا قەدەر تۈگىگىنى يوق. بەلكى، تېخىمۇ ئەۋج ئېلىپ كەتتى: ھۆكۈمەت دائىرىلىرىنىڭ ئاممىۋى ئەخلاققا تەسىر كۆرسىتىدىغان نەرسىلەرگە بولغان كونتىرولى شۇ قەدەر مۇرەككەپكى، بىر نەچچە ئېغىز گەپ بىلەن چۈشەندۈرگىلى بولمايدۇ. ئومۇمەن، بۇ مەسىلە ھەققىدە مۇنداق ئۈچ خىل مەيدان بار:

ئەپلاتون شائىرلار بىلەن دراماتورگلارنى (يازغۇچىلارنى دېمەكچى — ت) ئۆزىنىڭ غايىۋى دۆلىتىدىن چىقىرىۋەتكەن، چۈنكى ئۇلار چاتاقچىلار ئىدى. ئەپلاتون ھەر قانداق سەنئەت بېكىتىلگەن ئەخلاق ۋە سىياسىي نىشان ئۈچۈن خىزمەت قىلىشى كېرەك، دەپ قەتئىيلەشتۈرىدۇ. شۇڭا، ئۇ سەنئەتنى ھۆكۈمەتنىڭ كونتىرولىغا تاپشۇراتتى.

ھۆكۈمدارلار ئۆزلىرىنى ئەخلاقنىڭ نازارەتچىلىرى سۈپىتىدە ئەخلاقنى سۇسلاشتۇرىدىغان سەنئەت پائالىيەتلىرىنى چەكلەپ، ئەخلاققا پايدىلىق سەنئەتنى كۆتۈرۈش مەجبۇرىيىتىمىز بار، دەپ قارايدۇ. ئەپلاتوننىڭ قارىشى بىرىنچى خىل مەيدان بولۇپ، سەنئەت ۋە ئەسەرلەرنى ھۆكۈمەت باشقۇرۇشى زۆرۈر دەپ تەكىتلەيدۇ.

ئىككىنچى خىل مەيدان تامامەن يۇقىرىقىنىڭ ئەكسى بولۇپ، سەنئەتنى ئەركىن قويۇۋېتىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. كلاسسىكلاردىن مىلنىڭ مۇشۇ خىل مەيدانغا تەۋە ئىكەنلىكىنى بىلەلەيمىز.

مىلنىڭ كىشىلىككە بولغان ئەقىدىسى كۈچلۈك ئىدى. ئۇنىڭچە، كىشىلىك ئەپلاتون ئويلىغاندەك پاك ۋە ساغلام ئىدى. ئۇ ساغلام ئەخلاق تەربىيىسىنى قوبۇل قىلغان ئادەملەر

ياخشىلىق ۋە يامانلىقتا دۇچ كەلگەندە ياخشىلىقنى تاللايدۇ، دەپ قارايدۇ. ئۇنىڭچە ئەخلاق مۇشۇلار ئارقىلىق تاۋلىنىپ، تېخىمۇ ساغلام بولاتتى.

ئۈچىنچى خىل مەيدان مۆتىدىل مەيدان بولۇپ، دۆلەت قانداق سەنئەتنىڭ بولۇشى كېرەكلىكىنى بېكىتىپ بەرمەسلىكى، جەمئىيەتنىڭ سەنئەتكە نىسبەتەن ئارىلىشىشى ئاممىۋى ئارقىلىق بولۇشى كېرەك، دەيتتى. بۇ تەرەپ مىلدىن پەرقلىنىدۇ. ئامېرىكىنىڭ بۈگۈن قوللىنىۋاتقىنى دەل مۇشۇ خىل مەيدان.

سەنئەت پائالىيىتى مەقسىتىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئىنساننىڭ پاراۋانلىقىنى كۆپەيتىدۇ ياكى كېمەيتىدۇ. دېمەك، ئۇ سەنئەت ھەققىدە ئىجتىمائىي تەسىرگە ئىگە. لېكىن، بۇ ئەخلاقىي تەربىيە سەنئەتكارنىڭ ئالدىنقى ۋەزىپىسى دېگەنلىك ئەمەس.

ئاتا - ئانىلار ياكى ئوقۇتقۇچىلار سەنئەت ئەسەرلىرى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ مەقسىتىگە يېتىشى مۇمكىن. ئەمما، سەنئەتكارلاردىن ئەخلاقشۇناسلار، ئوقۇتقۇچىلار، ئاتا - ئانىلار ياكى باستېرلارنىڭ رولى تەلەپ قىلىنسا بولمايدۇ. سەنئەت ئىجتىمائىي تەسىرگە ئىگە بولغانىكەن، ئۇ باشقۇرۇلۇشى كېرەك.

بۇنداق چۈشەنچە بويىچە بولغاندا، سېنزۇر تۈزۈمى زۆرۈر. چۈنكى، ئۇ باشباشتاق، ئۇچۇپ چۈشۈشنى بىلمەيدىغان گول ئادەملەرنى ناچار ئادەملەرنىڭ ئېزىقتۇرۇشى ۋە زىيان - زەخمەتكە يولۇقتۇرۇشىدىن قوغدايدۇ. ئەمما، كۆپچىلىككە ئايانكى، ساغلام ئەقىل ۋە ئەخلاقىي ئادەتلەر كىشىلىكنى كۈچلەندۈرىدۇ. ئەگەر بىز بۇنىڭغا قادىر بولالىساق چەكلەشكە قارىغاندا ئۈنۈملۈك بولىدۇ.

نۇرغۇن كىشىلەرگە ئايانكى، سېنزۇر ناھايىتى ئاسانلا خاتا ئىشلىتىلىدۇ - دە، سەنئەتكە قول تىقىدۇ. سېنزۇر تالانتلىق سەنئەتكارلار پەيدا قىلغان ئەكس تەسىرگە ئىگە بولالمايدۇ. ياشلار، روھىي پەرىشانلار، نورمال ئادەملەرمۇ بەزى ۋاقىتلاردا

دراما، كىتاب ياكى كىنولاردىن ھاياجان ئىزدەيدۇ. ئەمما، ئۇلارنىڭ ئېرىشكەنلىرى ئەخلاقتا يات نەرسىلەر بولۇپ چىقىدۇ. بۇنداق ئەھۋال ئاۋام ياكى كىتابخانىنىڭ خۇسۇسىي ئامىلىغا باغلىق بولۇپ، ھەرگىزمۇ ئەسەرنىڭ ئۆزىدىكى گۇناھ ئەمەس.

جەمئىيەت كونتروللىنىڭ سەنئەتكە قارىتا يۈرگۈزۈلۈشىنىڭ توغرا ـ خاتالىقى ئۇنى ئىجرا قىلغان ئادەمنىڭ ئېھتىياتچان، ھەق ـ ناھەق قارىشىغا ئىگە، ئاقىلىق ئادەم بولۇشىغا باغلىق. ئەڭ ياخشىسى شەخس ۋە ئاممىنىڭ ئەخلاقىنى يۈكسەلدۈرۈپ سېنزورغا ئورۇن قويمىغان تۈزۈك.

## 70. جازانىڭ مەقسىتى

*بىزنىڭ پۈتكۈل قانۇن ۋە جازا سىستېمىمىز بارغانسېرى گۇمانغا ئۇچرىماقتا. ئۆلۈم جازاسىلا ئەمەس، بەلكى تۈرمىگە سولاش، جىنايى جازا سىستېمىلىرىمۇ تەنقىدكە ئۇچرىماقتا. ھەتتا، بەزىلەر تۈرمىنى بىكار قىلىپ، جىنايەت ئامىللىرىنى داۋالاش ئورۇنلىرىدا بىر تەرەپ قىلىش كېرەك دېيىشمەكتە. بۇرۇن جازالاشنىڭ ماھىيىتى ۋە مەقسىتى قانداق ئىدى؟ جازالاش ۋە جىنايى جازا دېگەنلەر قانداق ئۈنۈمگە ئېرىشىدۇ؟ بىز ئۇنى ئاقىلانە ھەم ئادىل ئۆلچەم بىلەن ئىسپاتلىيالامدۇق؟*

جازا جەمئىيەتنىڭ شەخسنىڭ خاتالىقىغا بەرگەن جاۋابى. مەلۇمكى، جازالاشنىڭ مەقسىتى خاتالىقنى تۈزىتىش، مۇنداقچە ئېيتقاندا، جازا خاتالىققا بېرىلگەن ئىنكاس، يەنى گۇناھقا دەككىدۇر. شۇنداق بولغاندا گۇناھكار ئۆزى ئۆتكۈزگەن خاتالىقلار بىلەن تەڭ ئازابنى تارتقاندىلا (جىسمانىي، ئىقتىسادىي، ئەركىنلىك جەھەتتىن) ئادالەت نامايان بولغان

بولىدۇ. ھەر قانداق جازا ئېلىپ كەلگەن باشقا ئۈنۈملەر شەخس ۋە جەمئىيەتكە نىسبەتەن بەربىردۇر. كانت بىلەن گېگېل مۇشۇنداق قاراشتا ئىدى.

يەنە بىر تۈزىتىشنەزەر بويىچە بولغاندا، جازا جازالانغۇچىنى يېڭى بىر ئادەمگە ئايلاندۇرۇش بولۇپ، ئۇز نۆۋىتىدە ئۇ باشقىلارغا نىسبەتەنمۇ ئاگاھلاندۇرۇش بولۇشى كېرەك. ئەپلاتوننىڭ دىئالوگلىرىدا پىروتاگوراس ئەگەر بىر گۇرۇھنىڭ بىراۋنىڭ ئەسلىگە كەلتۈرگىلى بولمايدىغان قىلمىشى ئۈچۈن قىساس ئېلىشى مۇۋاپىق ئەمەس، توغرىسى كېلەچەككە يۈزلىنىش بولۇپ، بىراۋنى جازالاش جازالانغۇچى ۋە باشقىلارنى قايتا خاتالىق ئۆتكۈزۈشتىن ساقىت قىلىشنى مەقسەت قىلىشى كېرەك.

يەنە بىر دىئالوگدا، سوقرات جازا ئارقىلىق داۋالاش ۋە ئۆزگەرتىش بىلەن، داۋاسى يوق گۇناھنى بىر - بىرىدىن پەرقلەندۈرىدۇ. كېيىنكىسىگە ئۆلۈم جازاسى مۇناسىپ كېلىدۇ دېگەن. ئەپلاتونغا نىسبەتەن، جازالاشنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى تۈزىتىش، يەنى گۇناھكار روھىنىڭ نورمال تەرتىپىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، ئۇنىڭچە، ئۆلۈم جازاسى داۋاسى يوق جىنايەتكىلا قارىتىلغان بولۇپ، باشقىلارنىڭ شۇنداق خاتالىقنى ئۆتكۈزمەسلىكى ئۈچۈن كۆرسىتىلگەن ئىبرەتتۇر. ئەپلاتوننىڭ جازانى ئۆزگەرتىش پاكىسى توسۇش ئۈچۈن دەپ قارىشى مەنپەئەتپەرەسلىك نۇقتىئىنەزىرىدۇر.

ئاكۋىنا قاتارلىق مۇتەپەككۇرلار جازا نۇقتىئىنەزەرى بىلەن مەنپەئەت نۇقتىئىنەزەرىنى بىرلەشتۈردى. ئاكۋىنانىڭ قارىشىچە، ئەخلاقىي تەرتىپنە گۇناھكارنىڭ خاتالىقىنى تۈزىتىش ئۈچۈن جازا مۇھىم. ئۇ جازالاش ئارقىلىق گۇناھكارنى قايتا خاتالىق ئۆتكۈزمەيدىغان يېڭى ئادەم قىلىش دەپ قارايتتى.

نۆۋەتتىكى قانۇن تۈزۈش سىستېمىسىز جازا، ئۆزگەرتىش، ئاگاھلاندۇرۇشتىن ئىبارەت ئۈچ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن ئىمكانقەدەر تىرىشىۋاتىدۇ. ئۇلار جازانى گۇناھكارنىڭ

قىلمىشقا لايىقلاشتۇرىدۇ، يەنى تۇنجى قېتىم جىنايەت ئۆتكۈزگۈچىلەر بىلەن بالا جىنايەتچىلەر كۆپ قېتىم جىنايەت ئۆتكۈزگۈچىلەرگە نىسبەتەن يېنىك جازالىنىدۇ. بىزدە «تەسىرلەندۈرۈش» ۋە «تۈۋە قىلدۇرۇش» ئورۇنلىرى بار. بىزدە «شەخس جەمئىيەتكە تۆلەم بېرىش» نۇقتىئىنەزەرى ۋە «قىساس ئېلىش » نۇقتىئىنەزەرى بار. بىزدە «يىلتىز تېپىش پوزىتسىيىسى» (جىنايەتنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشىنى نەزەرگە ئېلىش) ۋە «كەلگۈسىنى نەزەردە تۇتۇش پوزىتسىيىسى» (جىنايەتچىنىڭ كەلگۈسىدىكى تۇرمۇشىنى كۆزدە تۇتۇش) بار. جىددىي ئەھۋاللاردا، بالىلارنى گۆرۈگە ئالغانلارغا ۋە تىنچلىق مەزگىلىدىكى جاسۇسلارغا ئۆلۈم ھۆكۈم قىلىمىز.

جازا نۇقتىئىنەزەرى بىلەن مەنپەئەت نۇقتىئىنەزىرى ئوتتۇرىسىدىكى تالاش - تارتىش ھازىرغا قەدەر تۈگىگىنى يوق. «جىنايەت ئەزۋەيلىگەن» دەۋردە تېخىمۇ شۇنداق. تالاش - تارتىشنىڭ فوكۇس نۇقتىسى ئۆلۈم جازاسى بولۇپ، ھەركىم ئۆز پىكرىدە تۇرۇۋېرەتتى. بەزى ئورۇنلاردا جازالاش ئۈچ خىل ئۈنۈمگە تەڭ ئىگە بولالمايدۇ، چۈنكى ئۆلۈم جازاسىنىڭ قىساس ۋە ئاگاھلاندۇرۇش قىممىتى بولسىمۇ، ئۇ ئىللەتنى قۇرۇتۇش بىلەن بىرگە گۇناھكارنىڭ ھاياتىنىمۇ تەڭ قۇرۇتقان بولاتتى.

ئۆلۈم جازاسى ھەققىدىكى بۈگۈنكى تالاش - تارتىشلار ئىككى نۇقتىغا — ئاگاھلاندۇرۇش، قارشى تۇرۇش ۋە ئۆزگەرتىش بىلەن داۋالاش (پەرۋىش قىلىش) قا مەركەزلىشىۋاتىدۇ. ئەمما، قىساس نۇقتىئىنەزىرىدىكى كىشىلەر ئۆلۈم جازاسىنى تەكىتلەيتتى. ئەگەر تالاش - تارتىشنىڭ ھالقىسى ئاگاھلاندۇرۇشقا يۈزلەنسە قەستلەپ ئۆلتۈرۈشنىڭ جازاسى يەڭگىل توختىغان بولىدۇ.

روھ ئانالىزچىلىرى جازانى پىسخىك جەھەتتىكى تەبىئىي ئېھتىياج دەپ قارايدۇ. فروئىدچە بولغاندا، جىنايەتچىنىڭ جازالانغىنىنى كۆرۈش باشقىلارغا تەسەللىي ئېلىپ كېلەتتى. ئۇنىڭدا جىنايەتنىڭ ئوبيېكتىپ ئارقا كۆرۈنۈشى ۋە مۇۋاپىق

جازاغا بولغان تەقەززالىق بولۇشى مۇمكىن. بىنورمال پسىخىكىدىكى ئادەملەرنىڭ دېلولىرىدا، جىنايى ئىشلار بىر خىل خام خىيال ياكى مۇبالىغە بولۇشى مۇمكىن. بۇنداق ئادەملەر ئۆزىنىڭ جازالىنىش، تۇتۇلۇش، سولىنىش ئېھتىياجى ئۈچۈن جىنايەت ئۆتكۈزىدۇ. روھ ئانالىزچىلىرىنىڭ نۇقتىئىنەزىرى تەبئىي ئەخلاق مەسىلىسى ۋە جازانىڭ مەقسىتىگە ئېتىبار بەرمىگەن. نورمال پسىخىكىدىكى ئادەملەرنىڭ دېلولىرىدا روھ ئانالىزى جازا ۋە مەنپەئەت نۇقتىئىنەزەرىدىكىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇنازىرە ئۈچۈن روھىي ئىسپات تەمىن ئەتتى.

---

## 71. ئۆلۈم جازاسىنى قوللاش ۋە ئۇنىڭغا قارشى تۇرۇشتىكى سەۋەبلەر

*چاسمان (قاتىللىق جىنايىتى ئۈچۈن ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغان) دېلوسى كىشىلەرنىڭ ئەخلاق ۋە ئۆلۈم جازاسى قاتارلىق مەسىلىلەرگە بولغان غۇلغۇلىسىنى قوزغىدى. مۇنازىرىلەشكۈچى ئىككى تەرەپنىڭ ئۆزىگە خاس ئاساسلىرى بار، لېكىن بىر - بىرىنى قايىل قىلىدىغان ئورتاق پرىنسىپنى تېپىش تەس بولدى. بۇرۇنقى يازغۇچىلار مەيدانى روشەن ھالدا چېكىدىن ئاشقان جازاغا قارشى تۇرغانمۇ، يوق؟ چېكىدىن ئاشقان جازاغا قارشى ۋە قوشۇلۇشتىكى ئاساس نېمە؟*

---

جازا ھەققىدىكى قاراشلىرىمىز جازانىڭ ئىجرا قىلىنىشىغا زور تەسىر كۆرسەتمەكتە. بۇرۇنقى مۇتەپەككۇرلارنىڭ جازا ھەققىدە ئىككى خىل نۇقتىئىنەزىرى بار ئىدى. بىرى، «قىساس» (جازا) نۇقتىئىنەزەرى، يەنە بىرى «مەنپەئەت» نۇقتىئىنەزەرى.

قىساسنى ياقىلىغۇچى مۇتەپەككۇرلار جىنايەتچىلەرنى قەتئىي ئادالەت بىلەن جازالاشنى تەشەببۇس قىلاتتى، مەقسىتى ئۇلارنىڭ خاتالىقىنى تۈزىتىش ئىدى. ئادالەت پرىنسىپى — ھەق تەلەپ دەۋاسىدا تۆلەم بېكىتىش دېلولىرىدا ھەممىشە ئىشلىتىلەتتى، بۇ خاتالىقنى تۈزىتىش ئۈچۈن ئىدى. ئەگەر باشقىلارنىڭ ماشىنىسىنى سوقۇۋەتسە ياكى قاچاسىنى بىرى ئۆرۈۋەتسە، چوقۇم ئۇنىڭ ئىگىسىگە تۆلەم بېرىشى كېرەك. جىنايەتچىمۇ ئۆزىنىڭ جىنايىتىگە يارىشا جازالىنىشى كېرەك. شۇڭا، «كونا ئەھدە» دە مۇنداق دېيىلگەن: «سەن جانغا جان، كۆزگە كۆز، چىشقا چىش، قانغا قان قايتۇرۇشۇڭ ۋاجىپ».

قەدىمكى يۇنان تراگېدىيىلىرىدە ھەر بىر قاتىللىق دېلوسى قىساس ئېلىپ كېلەتتى. بۇنداق ئورۇنلاشتۇرۇش ئۇقتىسىئنەزەرىنى دراماتىك يوسۇندا گەۋدىلەندۈرەتتى. خرىستىئان ئىلاھىيەتشۇناسلىرى قىساسنى جازانىڭ ماھىيىتى دەپ قارايتتى، گەرچە ئۇ بىردىنبىر ماھىيەت بولمىسىمۇ، كانت بىلەن گېگېل ئادىل قىساس ئۈچۈن جازا زۆرۈر، دەپ تەشەببۇس قىلاتتى. كانت مۇنداق دېگەن:

*جىنايەتچىنىڭ ئۆزىگە ياكى ئىنسانىيەت جەمئىيىتىگە بولسۇن، جازاغا ھۆكۈم قىلىش باشقا بىر ياخشىلىقنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن ئەمەس. ھەر قانداق ئەھۋالدا، جىنايەت سادىر بولغانىكەن، ئۇ جازالىنىشى كېرەك.*

كانت جازانى قوشۇمچە بىر مەقسەت ئۈچۈن ئېلىپ بېرىشتەك ئۇقتىسىئنەزەرگە قارشى ئىدى. مەسىلەن، جىنايەتچىنىڭ تۈزۈلۈشى، كىشىلەرنىڭ ئاگاھلاندۇرۇلۇشى، جەمئىيەت تەرتىپىنىڭ ئامانلىقى دېگەنلەردەك. مەنپەئەت ئۇقتىسىئنەزەرىدىكىلەر جازا ئارقىلىق دەل مۇشۇ مەقسەتكە يەتمەكچى بولاتتى. ئۇلارچە جازادا مۇنداق مەقسەت بولمىسا، ئۇنىڭ مەنىسى بولمايتتى. ئۇ نۇقۇل قىساسقا قارشى بولۇپ، جازانىڭ قىممىتىگە پراگماتىك نەزەر (ئۇنۇمى ۋە ئاقىۋىتىگە قاراش) بىلەن مۇئامىلە قىلىشىمىزنى تەلەپ قىلاتتى.

ئەپلاتوننىڭ دىئالوگلىرىدا، پروتاگوراس بۇنداق مەنپەئەتپەرەسلىك نۇقتىئىنەزەرنى راسا كۆككە كۆتۈرگەن:

*خاتالىق سەۋەبىدىنلا جازالىنىدىغان ھېچكىم بولمىسا كېرەك، ئەگەر ئۇنداق بولۇپ قالسا بۇ ياۋايى ھايۋاننىڭ قائىدىسىز غەزىپىدەك بىر ئىش بولۇپ قالىدۇ. مۇۋاپىق جازالاشنى نىيەت قىلىش ھەرگىزمۇ ئورنىغا كەلمەيدىغان خاتا ئىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش (تۈزىتىش) ئەمەس. ئۇنىڭ كۆزدە تۇتىدىغىنى كەلگۈسى، ئۇ جازالانغان ئادەمنىڭ قايتا خاتالىق ئۆتكۈزمەسلىكىنى ئۈمىد قىلىدۇ.*

ھوببېس، لوك، رۇسسو، بېنتام قاتارلىق ھازىرقى زامان يازغۇچىلىرى بۇ خىل جازا قارىشىنى ياقىلايتتى.

18 ـ ئەسىردىكى جىنايەتشۇناس بىككارىيە جازانى مەنپەئەتپەرەسلىك نۇقتىئىنەزىرى بويىچە تەتقىق قىلاتتى. ئۆلۈم جازاسىغا ئۇزۇل ـ كېسىل قارشى تۇرىدىغان يازغۇچى ئىدى. ئۇ جىنايەتچىنى ھاياتىدىن مەھرۇم قىلىش ئارقىلىق باشقىلارنى شۇ خىل جىنايەتتىن ساقلىنىشقا ئۇرۇنۇشنىڭ ھاجىتى يوق. ئۇنىڭ ئۈستىگە سوت جىنايەتكە ھۆكۈم چىقارغاندا، خاتا ھۆكۈم چىقىرىدىغان ئەھۋاللار بولۇپ قالىدۇ، ئەگەر ھۆكۈم ئىجرا قىلىنىپ بولغان بولسا، قۇتقۇزۇشنىڭ پۇرسەتلىرىمۇ قولدىن كەتكەن بولىدۇ.

ئۆلۈم جازاسىغا قارشى تۇرۇشتىكى يەنە بىر سەۋەب، ھەر بىر ئادەم ئۆز ھاياتى ئۈستىدە دۆلەت سەل قارىسا بولمايدىغان تۇغما ھوقۇققا ئىگە. ئەمما، ئۆلۈم جازاسىنى ياقلىغۇچىلارنىڭ كۆرسىتىشىچە، جىنايەتچىنىڭ ئەركىنلىكىگە بولغان تەبىئىي ھوقۇقى يوق، چۈنكى ئۇ قامالغاندىن كېيىن تەبىئىي ھالدا بىربات بولغان بولىدۇ. ئۇلار جىنايەتچى ئۆزىنىڭ يۇقىرىقى تۇغما ھوقۇقلىرىنى ئۆز خاتالىقلىرى سەۋەبىدىن يوقاتقان بولىدۇ، دېيىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ نۇقتىئىنەزىرىنى ئاقلايدۇ.

مەنپەئەتپەرەسلىك نۇقتىئىنەزەردىكىلەرمۇ ئۆلۈم جازاسىغا تامامەن دېگۈدەك قارشى ئەمەس ئىدى. رۇسسونىڭ قارىشىچە،

بىز پۇقرالار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن «ئۆلۈۋالساق، ئۆلۈمگە قوشۇلغان بولىمىز». لېكىن، ئۇ «دۆلەتنىڭ تىرىك يۈرسىمۇ زىيىنى يوق ئادەملەرنى ئۆلتۈرۈش هوقۇقى يوق، ھەتتا باشقىلارغا ئىبرەت قىلىش هوقۇقىمۇ يوق» دېگەنىدى. رۇسسو گەرچە مەنپەئەتپەرەسلىك ئارقا كۆرۈنۈشىگە ئىگە بولسىمۇ، پايدىسىز ئۆلۈم جازاسىغا قارشى يۈزىتىسىدە ئىدى.

گېگېل بىكارىيەنىڭ ئۆلۈم جازاسىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش تەشەببۇسىغا قارشى ئىدى. لېكىن، ئۇ بىكارىيەنى ماختايتتى، چۈنكى، ئۇ بىزگە «قانداق جىنايەتكە ئۆلۈم جازاسى بېرىش، قانداق جىنايەتكە ئۆلۈم جازاسى بەرمەسلىك ھەققىدە ياردەم قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۆلۈم جازاسى ئازلاپ، دۆلەت ئىنتايىن ئاز دېلولاردا ئۆلۈم جازاسى بېرىدىغان بولدى.» گېگېل قىساس نۇقتىئىنەزەرىگە قوشۇلاتتى ۋە گۇناھقا يارىشا جازانى تەشەببۇس قىلاتتى.

## 72. ئائىلىنىڭ جەمئىيەتتىكى رولى

*2 - دۇنيا ئۇرۇشىدىن بېرى دۆلىتىمىز ئائىلىسىۋى تۇرمۇشنى ئىنچىل تەكشىلەپ كەلدى. ھەتتا، زىيالىيلار ۋە پاشالارمۇ ساغلام ئائىلە تۇرمۇشىنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈردى. ئائىلە تۇرمۇشى يۇرۇنمۇ مۇھىم دەپ قارالغانمۇ؟ ئائىلىنىڭ ئاساسلىق رولى نېمە؟*

ئۆتكەن دەۋر ۋە جايلاردا ئائىلە، تەشكىل، باشقۇرۇش ۋە ئىجتىمائىي رولى جەھەتتىن زور پەرقلىق ئىدى. لېكىن، قانچىلىك پەرق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئائىلىنىڭ ئورتاق بىر

رولى بار، ئۇ بولسىمۇ، پەرزەنت تەربىيىلەش. مانا بۇ ئائىلىنىڭ تەبىئىي ئاساسى ۋە مەقسىتى. پەرزەنتلەرنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك بېقىلىشى ئاتا ـ ئانىنىڭ مۇقىم ھەمدەمىگە موھتاج.

تارىختىكى دەسلەپتىكى ئائىلە ھازىرقىغا نىسبەتەن چوڭ ئىدى. ئۇ چاغلاردا ئائىلە نەچچە ئەۋلاد بىر تۇغقان ۋە قۇللارنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. ئۇ چوڭ ئائىلە باشلىقى ئەتراپىغا ئۇيۇشقان چوڭ جەمئىيەت ئىدى. بۇ ئائىلە خېلى چوڭ ئىجتىمائىي رولغا ئىگە ئىدى (ھازىر ئۇ روللارنى باشقا ئورگانلار ئۆتەيدۇ).

سانائەت تەرەققىي قىلىشتىن ئىلگىرى ئائىلىنىڭ ئاساسلىق رولى ئىقتىساد ئىدى. مال ـ مۈلۈك ئىشلەپچىقىرىش ۋە بايلىق توپلاش ئائىلىنىڭ ئىشى ئىدى. مانا بۇ سانائەت دەۋرىدىن بۇرۇنقى «ئائىلە باشقۇرۇش» ئىدى. ئائىلە بىئولوگىيىلىك بىرلىك ھەم ئىقتىسادىي بىرلىكتۇر. يېزا ئىگىلىك دائىرىسىدىن ئاشقىنى ھالدا، زاۋۇت سىستېمىسىنىڭ يېتىپ كېلىشىگە ئەگىشىپ، «ئائىلە ئىقتىسادى» (كونا مەنىدىكى) يىمىرىلدى.

ئەنئەنىۋى غەرب ئىدېئولوگىيىسىدە، ئائىلە پىلەن دۆلەتنىڭ مۇناسىۋىتى ئاساسلىق مۇھاكىمە تېمىلىرىنىڭ بىرى ئىدى. ئەپلاتون ئۆزىنىڭ غايىۋى دۆلەتتىكى لايىھىسىدە ئەپسىلىي بايان قىلىدۇكى، دۆلەت ئائىلىنى يوقۇتۇۋېلىشى كېرەك، ئاياللار ۋە بالىلار مال ـ مۈلۈككە ئوخشاشلا كۆپچىلىككە ئورتاق مەنسۇپ بولۇشى كېرەك، خەلق دۆلەتنىڭ ئىبارەت چوڭ ئائىلىنىڭ ئەزالىرى.

ئەپلاتونىنىڭ قارىشىچە، شۇنداق بولغاندىلا ئىتتىپاقلىق ۋە دۆلەتكە بولغان باقىۋەندىلىك ئېشىپ ئاشىدۇ. ئۇنىڭغا قارشى بولغىنى ئارىستوتېل. ئۇنىڭ قارىشىچە، ئائىلە ھەر بىر كىشىنىڭ ھاجىتىدىن چىققىدىغان ھەم پەرزەنت تەربىيىلەيدىغان بولغانلىقى ئۈچۈن ئۆزىدىن چوڭ سىياسىي گەۋدە ياكى دۆلەتتە ئۆزىنىڭ رولىنى ئۆتۈشى كېرەك. قانداقلا بولمىسۇن قەدىمكىلەرنىڭ قارىشى بويىچە بولغاندا، دۆلەت بالىلارنىڭ باناگاھى بولۇپ، ھۆكۈمرانلار ئۇلارنى تەربىيىلەش ۋە

چېنىقتۇرۇشنى ئۈستىگە ئېلىشى لازىم ئىدى.

خرىستىئان دىنى ئائىلىنىڭ تەبىئىي، مۇقەددەس بۇرچىنى قوغداپ، دۆلەتكە قارشى تۇراتتى. خرىستىئان تەلىماتىدا، نىكاھ مۇقەددەس ۋە ھىممەتلىك ئەھكاملارنىڭ بىرى (كاتولىك دىنىدا پاكلاش، ئىمان ئېيتقۇزۇش، ئېغىزلاندۇرۇش، تۇۋا قىلىش، سەكرات پەيتىدىكى ماي سۈرتۈش، مۇقەددەس ۋەزىپە، نىكاھ قاتارلىق يەتتە ئەھكام بار)، ئۇ ۋاپادارلىق ۋە پەرھىز ئارقىلىق ئائىلىنى قوغدايدۇ. دۆلەتنىڭ ئائىلە ئىشلىرىغا ئارىلىشىش ھوقۇقى بولمايدۇ. ئەمما، كۆپ ساندىكى دۆلەتلەر دۆلەتنىڭ نىكاھ ۋە ئاجرىشىشقا ھۆكۈم چىقىرىش ھوقۇقى بولىدۇ دەپ قارايدۇ ھەمدە بالىلارنى بېقىش ۋە تەربىيىلەشكىمۇ قول تىقىش لازىم دەپ قارايدۇ.

دىنىي تۇرمۇشتا ئائىلە يادرو ئورنىدا تۇرۇپ كەلدى. ئائىلە خۇددى دىنىي جەمئىيەتكە ئوخشاش، ئېتىقاد، دىنىي ئىشلار ۋە ئەخلاقىي پرىنسىپلارنى ئەۋلادمۇ ئەۋلاد داۋاملاشتۇرىدۇ. بەزى رايونلاردا، ئوچاقنىڭ ئالدى دىنىي مۇراسىم ۋە پائالىيەتنىڭ ئورنى بولدى. ھەتتا، بۈگۈنكى ئامېرىكىدىمۇ ئائىلىۋى تۇرمۇش بىلەن دىنىي تۇرمۇش سۇ بىلەن سۈتتەك قوشۇلۇپ كەتكەن.

فرويىد ئەنئەنىۋى ئائىلىۋى مۇناسىۋەتلەردىكى بەزى كەمچىلىكلەرنى قاتتىق تەنقىد قىلغان بولسىمۇ، پسىخىك ئانالىزمنىڭ بۇ پىرى ئائىلىنىڭ پەرزەنت تەربىيىلەشتە كەم بولسا بولمايدىغان رولىنى ئېتىراپ قىلاتتى. ئاتا - ئانا بىئولوگىيە جەھەتتىن زۆرۈر بولۇپ قالماي، پسىخولوگىيە جەھەتتىنمۇ زۆرۈر ئىدى. بۇ خىل تەبىئىي، يېقىن ھەمدەملىكتە بالىلار بارا - بارا پىشىپ يېتىلىپ، جەمئىيەتنىڭ ئەخلاقىي غايىسىگە سىڭىشىدۇ.

ھازىرقى جەمئىيەتتە (كوممۇنىستىك دۆلەتلىرىمۇ بۇنىڭ ئىچىدە) دۆلەت، دىنىي جەمئىيەت ۋە مۇتەخەسسىسلەر ئائىلىنىڭ مۇھىم رولىنى مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ. پەقەت

بوخېمىيىلىكلەر، پىتۇلار ۋە ئىسپانچى ياشلارلا ئائىلىگە قارشى تۇرىدۇ. ئالق فورمىسى ئۈستىگە قۇرۇلغان ئائىلە دېگەن بۇ گەۋدە بوران - چاپقۇنلارنىڭ ئىچىدە قالسىمۇ، ئۇزاق مەزگىل ئۆزىنى داۋام قىلدۇرىدىغاندەك قىلىدۇ.

---

## 73. نىكاھتىن ئاجرىشىش

*يېقىنقى خەۋەرلەرگە قارىغاندا، كالىفورنىيىدىكى ياتالىيەتچان بىر ئايال 14 - قېتىملىق ئاجرىشىش رەسمىيىتىنى بىجىرىۋېتىپتۇ. بۇنداق خەۋەرنى ئوقۇغان ئادەم توي قىلىش ۋە ئاجرىشىش ئويۇننىڭ ئورنىدىكى ئىش ئوخشىمامدۇ، دېيىشىدۇ. يۇرۇقى يازغۇچىلار مۇشۇنداق ئەھۋاللارغا دۇچ كېلىپ باققانمۇ؟ ئۇلار ئاجرىشىش ھەققىدە نېمىلەرنى دېگەن؟*

---

يازغۇچىلارنىڭ نىكاھتىن ئاجرىشىش مەسىلىسى ھەققىدىكى قاراشلىرى بىر دەك بولمىغان. خرىستىئان دىنىدىكى باش روھانىلار، رىمدىكى ئادۋوكاتلار، خرىستىئان دىنىدىكى ھۆكۈمالار، ھازىرقى زاماندىكى شەخسىيەتچىلەرنىڭ ھەممىسى نىكاھ ۋە ئاجرىشىش ھەققىدە بىرلىككە كېلەلمىدى. ئۇلار بىزنىڭ بۈگۈنكى نۇقتىئىنەزەرىمىزگە ئايلىنىپ كەتكەن قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويغان بولۇپ، بىزنىڭ بۇ مەسىلىنى نىسبەتەن تولۇق چۈشىنىشىمىزگە ياردەم قىلالايدۇ.

قىسقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، نىكاھ ھەققىدە مۇنداق ئىككى خىل قاراش بار: بىرى، نىكاھ مەڭگۈلۈك كېلىشىم ھەم ۋەدە بولۇپ، ئۇ دىن پاكى قانۇن ئارقىلىق كاپالەتكە ئىگە بولىدۇ؛ يەنە بىرى، نىكاھ ئىككى ئادەم ئوتتۇرىسىدىكى ئادەتتىكى كېلىشىم ۋە ئورۇنلاشتۇرۇش. يازغۇچىلار نىكاھ ھەققىدە ئەنە

شۇنداق ئوخشىمىغان قاراشتا بولغان، ئۇلارنىڭ ئاجرىشىش ھەققىدە قاراشلىرىمۇ ئوخشىمايدۇ.

نىكاھنى مەڭگۈلۈك كېلىشىم دەپ قارايدىغان يازغۇچىلار ئاجرىشىشقا قارشى تۇرىدۇ ياكى پەۋقۇلئاددە ئەھۋال ئاستىدا ئاجرىشىشقا قوشۇلىدۇ. ئىسپانىيە يازغۇچىسى سېرۋانتېس ئۆزىنىڭ قەھرىمانى دونكىخوتنىڭ ئاغزى ئارقىلىق ئايال كىشى خالىغانچە ئېلىپ ساتىدىغان ياكى ئەر كىشى ئايىنىپ قالسا قايتۇرۇۋېتىدىغان مۈلۈك ئەمەس، «نىكاھ ئۆمۈرلۈك مۇقەددەس ئىش» دېگەنىدى، باشقا نۇرغۇن يازغۇچىلارمۇ نىكاھ نوقۇل ئەر - خوتۇنلار ئوتتۇرىسىدىكى ئىش ئەمەس، دەپ قارايدۇ. ئەنگلىيىلىك مەشھۇر بىر ئەدىبىي تەنقىدچى مۇنداق دېگەن:

*نىكاھقا ئۈچىنچى تەرەپ (جەمئىيەت) مۇ قاتنىشىدۇ، قەسەم نۇقتىسىدىن ئالغاندا، خۇدامۇ قاتنىشىدۇ. دېمەك، ئىككى تەرەپ قوشۇلسىلا، نىكاھنى بىكار قىلغىلى بولمايدۇ.*

نىكاھنى ئىككى ئادەم ئوتتۇرىسىدىكى غەيرىي دىنىي كېلىشىم دەپ قارايدىغان يازغۇچىلار، ئىككى تەرەپ قوشۇلسا ياكى بىر تەرەپ ۋەدىسىنى بۇزسا، نىكاھنى بىكار قىلغىلى بولىدۇ، دەپ قارايدۇ. بۇ بويىچە بولغاندا، نىكاھ ئىككى ئادەم ئوتتۇرىسىدىكى قۇلايلىقنى مەقسەت قىلغان ئورۇنلاشتۇرۇش. ئەگەر بۇ مەقسەتكە يەتكىلى بولمىسا، ئۇنداق ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئەمەلدىن قالدۇرسا بولىدۇ. بۇنداق نۇقتىئىنەزەردىكىلەردىن لوك، كانت، گېگېل قاتارلىقلار مەشھۇر. ئەمما، بۇ پەيلاسوپلار بىردەك ھالدا شۇنداق قارايدۇكى، ئەر - ئاياللار ئىمكانقەدەر ئاجراشماسلىقى كېرەك. بولمىسا پەرزەنتلەر ياخشى پەرۋىشتىن مەھرۇم قالىدۇ.

ئاجرىشىشنىڭ يوللۇق سەۋەبلىرى ھەققىدىكى قاراشلارمۇ ھەر خىل. بۇرۇن ئاياللارنىڭ ساداقەتسىزلىكى ئاجرىشىشنىڭ يوللۇق سەۋەبى دەپ قارىلاتتى. ئەنگلىيە شائىرى مىلتون ئەر - خوتۇنلاردا بىر - بىرىگە مۇھەببەت قالمىسا، ئاجراشسا بولىدۇ، دېگەن. ئەنئەنىمىزدە مىلتون مۇشۇ خىل

يوزىتسىيىدىكى ناھايىتى ئاز ساندىكى يازغۇچىلارنىڭ بىرى. ئۇنىڭ ئۆزىمۇ ئاجرىشىشنى باشتىن كەچۈرگەن بولۇپ، ئاياللارمۇ ئەرلەرگە ئوخشاشلا ئاجرىشىش ھوقۇقىغا ئىگە بولۇشى كېرەك، دەپ قارايتتى (بۇ ئەينى ۋاقىتتا، رادىكال قاراش بولۇپ ھېسابلىناتتى).

ھازىر ئاجرىشىشنىڭ سەۋەبلىرى كېڭەيمەكتە. ساداقەتسىزلىككە ھېسسىيات جەھەتتە كېلىشەلمەسلىك، بىر - بىرىگە ئۆچ بولۇش قاتارلىقلارمۇ قوشۇلدى. خەلق كېلىشتۈرمىسىدىكى نىكاھ قارشى ئاخىر غەلىبە قىلىپ، ئەمدىلىكتە ئالەمدىن ئۆتكەن پەيلاسوپلارنىڭ قاراشلىرى كۆندىلىك ئەمەلىيەتكە ئايلىنىپ كەتتى. لېكىن، ئالدىراپ كېتىپ ئاشۇ نۇقتىشىنەزەردىكى پەيلاسوپلارنى نۆۋەتتىكى ئاجرىشىش ھادىسىلىرىگە تامامەن قوشۇلىدۇ دېمەك بولمايدۇ. ھازىرقى ئەھۋالدا ھەر بىر كىنو چولپىنى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 5 ـ 6 قېتىم توي قىلىۋاتىدۇ، بەزى بايلارنىڭ باللىرى ئۆمرىدە 10 قېتىمدىن ئارتۇق توي قىلىشتى.

بۇ ئىش نۇرغۇن مۇتەپەككۇرلارنىڭ دىققىتىنى قوزغىدى، ھەتتا، دىنىنىڭ چەكلىمىسىنى قوبۇل قىلمايدىغان يازغۇچىلارمۇ نىكاھتىن يەڭگىللىكچە ئاجراشماڭلار، دەپ ئاگاھلاندۇردى. ئەنگلىيە تارىخچىسى گىببون قەدىمكى رىملىقلارنىڭ نىكاھتىن ئاجرىشىشتىكى فورقۇنچلۇق ھالىتىنى سۈرەتلىگەنىدى. ئۇلار بىردەملىك خۇيى تۇتۇپ قالسا ياكى تاكاللىشىپ قالسىلا ئاجرىشاتتى. بەلكى، «ئامراق ئەر ـ خوتۇنلۇقنى تاسادىپىي تونۇشۇپ قېلىش ھېسسىياتىغا تېگىشىۋەتتى.» گىببون بۇنداق شاللاقلىقتىن بەخت ھەم پەزىلەتكە ئېرىشىشكە بولىدىغانلىقىدىن گۇمان قىلاتتى. ئۇ «بەش يىل ئىچىدە سەككىز ئەرنىڭ قويىنىغا ئۆزىنى ئاتقان ئاياللار» دا پاكلىق نېمە قىلسۇن دېگەنىدى. قارىغاندا، بىز باشتا ئېيتىپ ئۆتكەن كالىفورنىيىلىك ئايالنىڭ تەڭدىشى يوق ئەمەس ئىدى.

بىز كېيىمىزنى ئەنگلىيىلىك پەيلاسوپ بېكوننىڭ ئەقلىيە

سۆزى بىلەن چۈشۈرىمىز. ئۇ مۇنداق دېگەن: نىكاھتا بەختلىك بولالمىغان ئادەم ئاجراشقاندىمۇ بەختلىك بولالمايدۇ. ياكى:

*كىشىلەر ئائىلىنىڭ بۇزۇلۇشى ۋە پارچىلىنىشىدىن خاتىرجەملىك ۋە قانائەت تاپىمەن، دەپ ئارزۇ قىلىشىدۇ. ئەمما، ئۇلار بۇ ئارزۇ تەرىپىدىن ئالدىنىدۇ. چۈنكى، بۇ ئارزۇ تۇزۇپ كېتىدۇ.*

---

## 74. پەرزەنتلەرنى پەرۋىش قىلىش

*پەرزەنتلەرنى پەرۋىش قىلىش توغرىسىدا خىلمۇخىل گەپلەر بولۇپ، ھەر كىم ئۆزىنىڭ گېپىدە تۇردى. بىز ئاتا - ئانىلار قانداق قىلىشىمىزنى بىلمەيلا قالدۇق. بەزىلەر بالىلارغا بېسىم ئىشلەتمەي ئۆز مەيلىگە قويۇپ بېرىش كېرەك، شۇ چاغدىلا ئۇلارنىڭ ئۆزلۈك تەرەققىياتىغا توسالغۇ بولالمايمىز دەپ قارايدۇ. يەنە بەزىلەر بالىلارنى ئۆز مەيلىگە قويۇۋېتىش ئۇلارنى بۇزۇپ قويىدۇ، دەپ قارايدۇ. قانداقلا قىلماق ياخشى بولمايدىكەن. ئۇنداقتا، بۇرۇنقى مۇتەپەككۇرلار پەرزەنتلەرنى پەرۋىش قىلىش توغرىسىدا نېمىلەرنى دېگەن؟ ئۇلار باشقۇرۇشقا قوشۇلامدۇ ياكى ئۆز مەيلىگە قويۇۋېتىشكىمۇ؟*

---

مۇتەپەككۇرلار ئائىلە باشقۇرۇش ھەققىدە كۆپ توختالغان. ئۇلارنىڭ كۆپى «ئىنجىل» دىكى پەرھىزلەرگە قوشۇلاتتى ھەمدە قامچىنى ئايىمەن دەپ بالاڭنى بۇزۇۋەتمە دەپ تەكىتلەشكەن. بۇنداق تەربىيە مېتودى ھەققىدە تاكى يېقىنقىغا قەدەر باشقا قاراشلار مەيدانغا كەلمىدى. ئەمەلىيەتتە ئۇلۇغ يازغۇچىلار ئاتا - ئانىلار پەرزەنتلىرىنى تاكى ئۇلار پىشىپ - يېتىلگەنگە قەدەر قاتتىق باشقۇرۇشى كېرەك، دەپ تەكىتلىمىدى.

بۇ قاراشتا چوڭلارنىڭ جەمئىيەتكە نىسبەتەن ئېيتقاندا، دېموكراتىيە كەمچىل ئىدى. ئارىستوتېل ئۆزىنىڭ پولىتىكىسىدا ئاتا - ئانىنىڭ خوجايىنى بولۇپ، پەرزەنتلىرىنى مۇتلەق باشقۇرۇش ھوقۇقىغا ئىگە دېگەنىدى. ئەمما، ئۇ دادىسىنىڭ مۇتلەق باشقۇرۇشىنى زوراۋانلىق دەپ قارىمايتتى، چۈنكى بۇنداق باشقۇرۇش پەرزەنتلەرگە پايدىلىق ئىدى.

ھازىرغا قەدەر بىز نوپۇزلۇق قەدىمكى ئەسەرلەرنىلا تىلغا ئالدۇق. ئۇنداقتا لىبېرال مۇتەپەككۇرلار قانداق ئويلايدۇ؟ بىز لوكقا قاراپ باقايلى. لوك ئىنگلىز ئەللىرىدە لىبېرال ھۆكۈمەتنى تەشەببۇس قىلىدىغان پەيلاسوپ. بىز «مۇستەقىللىق خىتابنامىسى» دىكى باراۋەرلىك بىلەن كىشىلىك ھوقۇق دېگەن سۆزنى ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدىن ئالدۇق. ئائىلە باشقۇرۇش ھەققىدە ئۇ نېمىلەرنى دېگەن بولغىيدى؟

لوك ئاتا بىلەن پادىشاھنى بىر ئورۇنغا قويمايتتى، ئۇ پادىشاھنىڭ پۇقرالارنى خۇددى ئاتا - بالىلارنى باشقۇرغاندەك باشقۇرۇشىغا قارشى ئىدى. لوك ئاتا - ئانىنىڭ بىرلىكتە باشقۇرۇشىنى قوللايتتى. لوكنىڭ ئارىستوتېلغا ئوخشىمايدىغان يېرى، ئۇ ئاتا - ئانا تەڭ باشقۇرۇشى كېرەك، ئىككىسى بىرلىككە كېلەلمىگەندىلا ئاتا قارار چىقارسا بولىدۇ، دېگەن.

لوكنىڭ قارىشىچە، بىز بالىلارغا چوڭلاردەك مۇئامىلە قىلماسلىقىمىز كېرەك. بالىلار پەقەت ئاتا - ئانىلارنىڭ بېقىشى ۋە تەربىيىلىشى ئارقىلىقلا «چوڭ ئادەم» بولالايدۇ.

«بالىلارنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئاتا - ئانىلارنىڭ مەسئۇلىيىتى بولۇپ، بۇ مەسئۇلىيەت بالىلارنىڭ خاراكتېرىنى يېتىلدۈرۈش، ئۇلارنىڭ بالىلارچە قىلىقلىرىنى باشقۇرۇش قاتارلىقلاردۇر، بۇ تاكى بالىلار ئەقلىنى تېپىپ، نادانلىقنىڭ كاشىلىسىدىن قۇتۇلغانغا قەدەر داۋاملىشىشى كېرەك. بالىلار ئۆزىنىڭ ئىرادىسىنى چۈشىنىپ كېتەلمەيدۇ، شۇڭا ئۇلارنى چۈشىنىدىغانلار ئۇلارغا ئىگە بولۇپ، ئۇنىڭ ئىرادىسىنى يېتەكلەپ، ئىش - ھەرىكىتىنى تەرتىپكە سېلىپ بېرىشى

كېرەك. ئاتىنىڭ خېمىنىڭ تۈگىشى بالىلارنىڭ ئۆز ـ ئۆزىگە ئىگە بولۇشىدىن دېرەك بېرىدۇ».

لوك بۈگۈنكى ئامېرىكىلىقلاردەك «بالىلارغا كېرەكلىك نەرسىلەرنى بېرىش» كە قوشۇلاتتى. ئەمما، لوكنىڭ دېگىنى ھەرگىزمۇ بالىلار ئۆزىچە مەندە بولۇشى كېرەك دېگەن نەرسە بولماستىن، بەلكى بالىلاردا ھەقىقەتەن كەم بولغان نەرسىلەر ياكى بالىلار ئېھتىياجلىق بولغان نەرسىلەرنى كۆرسىتىدۇ. بالىلاردا تەجرىبە ۋە چۈشىنىش ئىقتىدارى كەم بولىدۇ، بۇ تەرەپلەرنى تولۇقلاش دەل ئاتا ـ ئانىلارنىڭ مەسئۇلىيىتىدۇر.

رۇسسو ھاكىممۇتلەق پادىشاھلىق تۈزۈمگە قارشى تۇرغۇچى ۋە باراۋەرلىكنىڭ باياناتچىسى. لېكىن، ئۇ لوككا تۈپ جەھەتتىن ئوخشىمايتتى. ئۇ بالىلارنى چوڭلارنىڭ ئەركىنلىكىگە تېز ماسلىشالايدىغان قىلىپ تەربىيىلەش كېرەك دەيتتى. چوڭلار ئۆزىنىڭ ھوقۇقى ۋە خاتىرجەملىكىنى دەپلا بالىلارنى باشقۇرسا ياكى بالىلار چوڭ بولۇپ، ئىش بىلىدىغان بولغاندىن كېيىنمۇ ئۇلارنى باشقۇرسا زوراۋانلىق بولىدۇ.

بىز بۇنى ھازىرقى زامان پسىخولوگىيىسى بىزگە تەلىم بېرىشتىن بۇرۇنقى تەربىيە دېيىشىمىز مۇمكىن. فروئىد ئاتا ـ ئانىلارنىڭ كونترول قىلىشى بالىلارنىڭ كەيپىياتىدا كېسەللىك پەيدا قىلىدۇ دېمىگەنمىدى؟ شۇنداق، لېكىن تامامەن شۇنداقمۇ ئەمەس. فروئىد ئاتا ـ ئانىلار بىلەن بالىلار ئوتتۇرىسىدىكى سۈركىلىش ۋە توقۇنۇشنى باشقا يازغۇچىلارغا نىسبەتەن ئوبدان چۈشىنەتتى. ئۇ قويۇۋېتىش بىلەن قاتتىق باشقۇرۇشنىڭ ھەر ئىككىسى ئوخشاشلا بالىلارغا زىيانلىق ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرەتتى. ئۇ «بالا ھەممىدىن ئەلا» دېگەن سۆزگە قوشۇلمايتتى ۋە بۇنداق قاراشنى ئاتا ـ ئانىلاردىكى خاملىقنىڭ ئىپادىسى ۋە بىخەتەرلىك تۇيغۇسىنىڭ يوقلۇقىنىڭ ئالامىتى دەيتتى. ئۇنداق قىلىش بالىلار چوڭ بولغاندىن كېيىنمۇ ساغلام تەسىر بەرمەيتتى. فروئىد مەدەنىيەت، غايە، قىممەت قارىشى، ھەق ـ ناھەق قاراشلىرىنىڭ ئاتا ـ ئانىلار ئارقىلىق ئەۋلادمۇ

ئەۋلادلارغا يېتىپ بارىدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلاتتى.

فروئىدنىڭ قارىشىچە، بالىلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىشتىكى ئاساسلىق مەسىلە ئۇلارنى مۇۋاپىق پەرۋىش قىلىش ۋە يېتەكچىلىك بىلەن تەمىنلەش بولۇپ، ھەرگىزمۇ ئۇلار يامىنىپ چىقالمايدىغان تام سوقۇپ قويۇپ، ئۇلارنىڭ مۇستەقىل يول ئاللىشىغا توسالغۇ پەيدا قىلىش ئەمەس. بالىلارنىڭ ۋەزىپىسى ئاتا ـ ئانىلاردىن ئايرىلىپ چىقىش.

*پەقەت ئاشۇنداق ئايرىلىپ چىقالىغاندىلا، بالا بىر كىچىك بالا ئەمەس، بەلكى جەمئىيەتنىڭ بىر ئەزاسىغا ئايلانغان بولىدۇ... مانا بۇ ھەر بىر كىشىنىڭ شىللىسىدىكى ۋەزىپە... روھىي كېسەللەر ھەرگىزمۇ ئاتا ـ ئانىسىدىن ئايرىلالمايدۇ.*

ئائىلە ۋە ئاتا ـ ئانا مەغلۇپ بولغانىكەن، ئۇنىڭدىن پەيدا بولغان روھىي كېسەللەرگە دوختۇرلار ئىگە بولۇشى كېرەك.

## 75. ياشانغانلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىش

*ياشانغانلار مەسىلىسى ھەممە ئادەم جىددىي كۆڭۈل بۆلۈپ كېلىۋاتقان، شۇنداقلا ئىجتىمائىي خىزمەتچىلەر، داھىيلار ۋە ياشقىلار تىلغا ئېلىپ كېلىۋاتقان ئىشلارنىڭ بىرى. مۇشۇنداق مەسىلە بۇرۇنمۇ بارمىدى؟ بۇرۇن ياشانغانلارنىڭ ئورنى قانداق ئىدى؟ بۇرۇنقى يازغۇچىلار بۇ ھەقتە بىزگە ئاقىلانە كۆرسەتمە بەرگەنمۇ؟*

ياشانغانلارغا تۇتۇلغان پوزىتسىيە ھەر خىل جەمئىيەت ۋە مەدەنىيەتتە ئۆزگىچە. ئومۇمەن، قېرىلار ھۆرمەتكە سازاۋەر بولۇپ كەلدى. بولۇپمۇ قەدىمكى جەمئىيەتتە شۇنداق. بېشى

چوڭلار پاراسەت ۋە روھىي كۈچىنىڭ سىمۋولى سۈپىتىدە كۆرۈلەتتى. سىياسىي ۋە دىنىي گۇرۇھلاردا «ئاقساقاللار» ئىدارىچىلىقى ئومۇمىيۈزلۈك ئەھۋال ئىدى.

ئۆۋەتتە، ياشانغانلار مەسىلىسى كۆپچىلىك بىردەك دۇچ كەلگەن مەسىلە. ئۇ 100 يىلدىن بۇياقى تېخنىكا گۈللىنىشى ۋە جەمئىيەت ئۆزگىرىشلىرىدىن كېلىپ چىققان. كىشىلەرنىڭ ئۆمرى ئۇزاردى، ئەمما، ئۆمۈرگە قوشۇلغان يىللار ئىقتىسادنىڭ تەرەققىياتىغا پايدىسىز ئىدى. جەمئىيىتىمىزدە ياشانغانلارنىڭ سانى ئىنتايىن كۆپىيىپ كەتتى. «ياشانغانلار تەتقىقاتى» «ياشانغانلار سىياسىيسى» (دۆلەتنى ياشانغانلارنىڭ ئىدارە قىلىشى) نىڭ ئورنىنى باستى.

بۇ ئالاھىدە مەسىلە ھەققىدە بۇرۇنقى يازغۇچىلار بىزگە ھېچنېمە دېمىگەن، چۈنكى ئۇلار بۇنداق ئىشلارغا دۇچ كېلىپ باقمىغان، ھەتتا بۇنداق گەپنىڭ مايىنىمۇ يوق ئىدى. 16 ـ ئەسىردە ئۆتكەن مۇنتەينى تۇرغۇن كىشىلەر 40 ياشتىن ئارتۇق ئۆمۈر سۈرەلمەيدۇ، ياشانغانلار چوڭ قاتلام بولۇپ كېتەلمەيدۇ، دېگەن.

قەدىمكى شائىرلارنىڭ ئەسەرلىرىدىن بىز ھازىر ياشانغانلارغا قىلغان مۇئامىلىگە ئوخشاپ كېتىدىغان تۇيغۇلارنى تاپالايمىز. سوفوكلېسنىڭ دراملىرىدىكى ناخشىچىلار ياشانغانلار «تۆھمەتخور، زەئىپ، كىشىگە ئارىلاشمايدۇ، چىقىشقاق ئەمەس» دېيىلەتتى. ئارىستوفانمۇ بىر دراممىدا «مۇزىكىسىنى يوقىتىپ قويغان بىز داشقاللار، كالۋالار ۋە غېرىبلار» دەپ ئاھ ئۇرغانىكەن.

مۇنتىننىڭ «گېرىشلىنىڭ ساياھەت خاتىرىسى» دە ياشانغانلار ھەققىدە خۇنۇك بىر تەسۋىر بار. سىرلىق رۇناگى ئارىلىدا ھەر بىر ئەۋلادتىن قېرىنچە ياشايدىغانلار ناھايىتى ئاز بولاتتى، بۇ ياشانغانلار «تولا گەپ قىلاتتى، غەلىتە ئىدى، ئاچ كۆز ئىدى، خاپىغان ئىدى، شۆھرەتپەرەس ئىدى، كوت ـ كوت

ئىدى، چىقىشقاق ئەمەس ئىدى، خۇدى يوق ئىدى»، ئۇلار پەقەت بۇرۇن ئۆتكەنلەرنىڭ نەرسىلىرىنى چالا - بۇلا تەسلىيەلەيتتى. 80 ياشقا كىرگەن ئادەمنى كىشىلەر تىرىك مۇردا، قېرىلىق تۇرمۇش كاپالىتى ئېلىشتىن باشقىغا يارىمايدۇ، دەپ ئويلايدۇ.

ئەپلاتون ۋە سىسېرو قاتارلىق قەدىمكى پەيلاسوپلار ياشانغانلار مەسىلىسى ھەققىدە ئۈمىدۋار قاراشتا ئىدى. ئۇلار قېرىلىقتا جىسمانىي كۈچ ۋە خۇشاللىقنىڭ ئورنىنى ئەقىل - پاراسەت ئالىدۇ، دېگەن. ئۇلار ھەتتا، ياشانغانلارنىڭ ھۆكۈمى ئەڭ توغرا بولۇپ، باشقىلارنى يېتەكلەشكە پايدىلىق دېگەن. ئەپلاتوننىڭ قارىشىچە، 50 ياشقا توشمىغان ئادەم پەلسەپە تەتقىق قىلماسلىقى كېرەك.

يەنە بىر جەھەتتىن، مۇنتەيىننىڭ قارىشىچە، 20 ياشتىن ئىلگىرى ئوقۇشىمىزنى تاماملىشىمىز كېرەك، 30 ياشتىن ئىلگىرى قىلىشقا تېگىشلىك خىزمەتلەرنى قىلىۋېلىشىمىز كېرەك، ئۇنىڭدىن كېيىن، ئادەمنىڭ ھالى كۈندىن - كۈنگە پەسلەيدۇ، ھەتتا، روھىمۇ چىرىشكە باشلايدۇ. ئەنئەنىۋى قاراشتا ياش چوڭايغانسېرى ئەقىل - پاراسەتمۇ كۆپىيىشكە باشلايدۇ. ئەمما، مۇنتەيىن ئادەم ياشانغانسېرى بىخۇدلىشىدۇ، دەپ ئىشىنەتتى. ئۇ پىسخىك تەدبىرلەر ئارقىلىق ئەقلىي ئاجىزلىشىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش تەكلىپىنى بەرگەن، ئۇ قېرىلىقتا ئالاھىدە زوقلىنىش ۋە كۆڭۈل ئېچىش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈشنى ئۈمىد قىلغان.

ئادەتتىكى ئادەملەرنىڭ قارىشىچە، ياشانغانلار ئەستە تۇتۇش، زەكىيلىك ۋە ھەۋەس جەھەتتە چېكىنىدۇ. ئەمما، كۆپلىگەن يازغۇچىلار ئۇنىڭدىن ساقلانغىلى بولىدۇ، دەپ قارايدۇ. جونسون روھىي ئۆتكۈرلۈكنى يوقىتىش قېرىلىقتىن ئەمەس، بەلكى ئىرادە جەھەتتىكى زەئىپلىك ۋە ھورۇنلۇقتىن بولىدۇ، دەپ تەكىتلىگەنىدى. يېتىز (ئىرلاندىيە شائىرى) ئۆزىنىڭ ئەڭ ياخشى شېئىرلىرىنى ياشانغان چاغلىرىدا يازغان،

ۋىليام ئۆزىنىڭ ئۆلمەس ئەسەرلىرىنى قېرىغان مەزگىلىدە يازغان. ياشانغانلار ھۆرمەتلەنمەيۋاتقان ھازىرقى دەۋردىمۇ ئامېرىكا، ئەنگلىيە، گېرمانىيە، فرانسىيە قاتارلىق ئەللەردە يېشى چوڭ يازىل كىشىلەر رەھبەرلىككە سايلانماقتا.

## ئاساسلىق ئەسەرلەر

柏拉图:《普罗泰戈拉篇》;《国家篇》;《法律篇》

ئەپلاتون: «پىروتاگوراس»، «غايىۋى دۆلەت»، «قانۇن ھەققىدە»

亚里士多德:《伦理学》;《政治学》;《修辞学》

ئارىستوتېل: «ئېتىكا»، «سىياسەتشۇناسلىق»، «ئىستىلىستىكا»

奥古斯丁:《上帝之城》

ئاۋگۇستىن: «تەڭرى شەھىرى»

霍布斯:《利维坦》

ھوببېس: «لېۋىتان»

蒙田:《随笔集》

مونتەينى: «خاتىرىلەر»

弥尔顿:《亚雷欧帕吉蒂卡》

مىلتون: «ئارىيوپاگىتىكا»

洛克:《论公民政府》

لوك: «پۇقرالار ھۆكۈمىتى توغرىسىدا»

孟德斯鸠:《法的精神》

مونتېسكيۇ: «قانۇن روھى توغرىسىدا»

卢梭:《论人类社会不平等的起源和基础》;《社会契约论》

رۇسسو: «ئىنسانلار جەمئىيىتىدىكى باراۋەرسىزلىكنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە ئۇنىڭ ئاساسلىرى»، «ئىجتىمائىي شەرتنامە»

康德:《权利的科学》

كانت: «ھوقۇق ئىلمى»

美国国家文件:《独立宣言》

ئامېرىكا ھۆججىتى: «مۇستەقىللىق خىتابنامىسى»

穆勒:《论自由》;《功利主义》

مىل: «ئەركىنلىك توغرىسىدا»، «مەنپەئەتپەرەستلىك»

黑格尔:《权利的哲学》;《历史哲学》

گېگېل: «ھوقۇق پەلسەپىسى»

达尔文:《物种起源》

دارۋىن: «تۈرلەرنىڭ كېلىپ چىقىشى»

马克思:《资本论》

ماركس: «كاپىتال»


## باشقا ئەسەرلەر


阿奎那:《反异教箴言隽语录》;《基督教箴言隽语集》

ئاكۋىنا: «غەيرىي دىنلارغا قارشى تۇرۇش ئەقلىيەلىرى»، «خرىستىئان ئەقلىيەلىرى»

培根:《论说文集》

بېكون: «مۇھاكىمىلەر توپلىمى»

C. B. 贝卡里亚:《犯罪与惩罚》

بېكارىيە: «جىنايەت ۋە جازا»

边沁:《惩罚的基本原理》

بېنتام: «جازانىڭ تۈپ پرىنسىپلىرى»

马丁·布伯:《人与人》

مارتىن بۇبېر: «ئادەم ۋە ئادەم»

J. B. 伯里:《进步的观念》

جۇن بۇرى: «ئىلگىرىلەش نۇقتىئىنەزەرى»

切斯特菲尔德伯爵第四:《致他儿子的信》
گراف چاستېرفىلد : «ئوغلىغا يېزىلغان خەتلەر»
F. 恩格斯:《家庭、私有财产与国家的起源》
F. ئېنگېلس: «ئائىلە، خۇسۇسىي مۈلۈك ۋە دۆلەتنىڭ كېلىپ چىقىشى»
A. C. 尤因:《惩罚的道德规范》
A. C ئېۋىڭ: «جازانىڭ ئەخلاقىي ئۆلچىمى»
弗洛伊德:《性欲理论的三篇导言》
فروئىد: «شەھۋەت ھەققىدە ئۈچ پارچە ئەسەر»
老年医学会议:《现代世界中的老年》
ياشانغانلار تېبابەت مەجلىسى: «ھازىرقى دۇنيادىكى ياشانغانلار»
菲利浦·M. 奥塞尔与O. D. 邓肯:《人口研究》
فىلىپ ۋە دۇنكان: «نوپۇس تەتقىقاتى»
H. M. 卡伦:《下九流与七艺》
خوراك كالىلىن: «تۆۋەن تەبىقە ۋە يەتتە سەنئەت»
索伦·克尔凯戈尔:《当今时代》、《视点》、《向基督教徒发难》、
سورېن كېركېگارد: «بۈگۈنكى دەۋر»، «نەزەر»، «خرىستىئان مۇخلىسلىرىغا ئىسيان»
大卫·H. 劳顿斯:《色情与淫秽》
داۋىد H. لاۋرېنس: «شەھۋانىيلىق ۋە بەتقىلىق»
卡尔·勒维特:《历史的意义》
كارل لوۋىت: «تارىخنىڭ مەنىسى»
托马斯·R. 马尔萨斯:《人口论》
توماس. R. مالتۇس: «نوپۇس نەزەرىيىسى»
R. L. 米克:《马克思与恩格斯论马尔萨斯》
روناللا مىك: «ماركس ۋە ئېنگېلس مالتۇس ھەققىدە»



## يەتتىنچى باب

# ئىقتىسادىي تۈزۈم مەسىلىسى

ئىقتىسادىي نەتىجىلەر كىشىلەرنىڭ تىرىشىپ قولغا كەلتۈرۈش نىشانى، لېكىن ئىقتىسادىي ئامىل تۇرمۇشتىكى ھەممە نەرسىگە بېسىم قىلىدىغان كۈچكە ئايلانغاندا، ئۇ پاجىئەلىك نەرسىگە، ھەتتا قورقۇنچلۇق نەرسىگە ئايلىنىدۇ.

# 76. بايلىق ۋە بەخت

*لوك كىشىلىك ھوقۇق ھەققىدە توختالغاندا، گەپنى «ھايات، ئەركىنلىك، مۈلۈك» قاتارلىق سۆزلەردىن باشلىغان. جېففېرسون «مۇستەقىللىق خىتابنامىسى»نى يازغاندا، بۇ ئۈچ سۆزنى «ھايات، ئەركىنلىك، بەخت ئىزدەش» دېگەن سۆزلەرگە ئۆزگەرتكەن. جېففېرسوننىڭ بۇنداق ئۆزگەرتىشىنىڭ باشقا مەقسىتى بارمۇ، يوق؟ مۈلۈك ھوقۇقى بىلەن بەخت ئىزدەش ھوقۇقى ئوتتۇرىسىدا قانداق باغلىنىش بار؟*

---

بۇ سوئال ئۇستىلىق بىلەن قويۇلغان بولۇپ، مال ـ مۈلۈك ھوقۇقى بىلەن ئىزدەش ھوقۇقى ئوتتۇرىسىدىكى باغلىنىشنى بىر قاراشتىلا كۆرەلەيدىغان ئادەملەر ناھايىتى ئاز. شۇڭا، بۇ كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان ئۆزگەرتىشتەك كۆرۈنىدۇ. بىز بۇ سۆزلەرنى تەكشۈرۈپ جېففېرسوننىڭ زادى نېمە دېمەكچى ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ باقايلى.

لوكنىڭ «بايلىق» دېگىنى ئىككى مەنىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: بىرى، تەبىئىي ھوقۇق ئىنسانغا ئاتا قىلغان ھايات، ئەركىنلىك، مال ـ مۈلۈك قاتارلىق نەرسىلەردۇر. لوكقا نىسبەتەن «بايلىقنى قوغداش» دېگەنلىك ھۆكۈمەتنىڭ ۋەزىپىسى.

لوكنىڭ «بايلىق»قا بەرگەن ئىككىنچى تەبىرى بىر قەدەر مۇتىنىزىم. ئۇ «مال ـ مۈلۈك»كە يېقىن مەنىدە بولۇپ،

ئەسلىدىكى مەنىسى زېمىنغا بولغان ئىگىدارلىقنى كۆرسىتىدۇ. ئىككىنچى خىل مەنىسى ئاسانلا كېڭەيتىپ ھەر خىل مال ـ مۈلۈككە تاقىشلىق بولىدۇ ھەم ئۇنىڭ مەنىسى بىرىنچى خىل مەنە بىلەن ئارىلىشىپ كەتمەيدۇ. مال ـ مۈلۈك ھوقۇق پاكىسى ئىگىدارلىق ھوقۇقى جېففېرسون تەرىپىدىن «بەخت ئىزدەش ھوقۇقى» دېگەنگە ئۆزگەرتىلگەن.

دىققەت قىلىش كېرەككى، جېففېرسون ئادەمنىڭ بەختكە نىسبەتەن ئارتۇقرۇپ قويسا بولمايدىغان ھوقۇقى بار دېگەنلىك ئەمەس. ئۇ پەقەت ئادەمنىڭ بەخت ئىزدەش ھوقۇقى بولىدۇ، دېگەنلىك خالاس. ھەر قانداق ھۆكۈمەت بەخت ھوقۇقىغا كاپالەتلىك قىلالمايدۇ، چۈنكى دۇنيادا پۇقرالارنىڭ بەختكە چوقۇم كاپالەتلىك قىلالايدىغان ئۇسۇل تېخى بارلىققا كەلمىدى. ھۆكۈمەت پەقەت پۇقرالارنىڭ بەخت ئىزدەشكە شارائىتلا تۇغدۇرۇپ بېرەلەيدۇ. ھۆكۈمەت پەقەت شۇنىڭغىلا قادىر بولالايدۇ. بەخت ئىزدەشتىكى باشقا ئامىللارنى ھۆكۈمەت قىلىپ بېرەلمەيدۇ.

ھۆكۈمەت ھەممە ئادەمنى پەزىلەتلىك قىلىشقا ئامالسىز پاكى ئۇ كىشىلەرگە كۆڭۈلدىكىدەك دوست تېپىپ بېرەلمەيدۇ، ياخشى ئائىلە قۇراشتۇرۇپ بېرەلمەيدۇ. ھۆكۈمەت كىشىلەرنىڭ ئاچ قالماسلىقىغا، يەرۋشسىز قالماسلىقىغا كۆڭۈل بۆلەلەيدۇ. ئەمما، كىشىلەرنىڭ ئىقتىسادچان بولۇشىغا پاكى ئۆلگۈدەك يەپ ـ ئىچىپ سالامەتلىكنى بۇزۇۋېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا كاپالەتلىك قىلالمايدۇ. ئوخشاشلا، ھۆكۈمەت ساۋارىپ ئەسلىھەلىرىنى تولۇقى بىلەن تەمىنلىيەلەيدۇ، لېكىن ھەممە ئادەمنى بۇ پۇرسەتتىن تولۇق پايدىلىنىدىغان قىلالمايدۇ.

ئومۇمەن، بەخت ئۈچۈن كېرەكلىك بەزى شەرتلەر

ئىنساننىڭ ۋۇجۇدىدا پاكى ئۆزىنىڭ خۇسۇسىي تۇرمۇشىدا بولىدۇ. ئىنساننىڭ بۇ خىل شەرتلەرگە ئىگە بولۇش - بولماسلىقى ئۆزىنىڭ ئۆزىگە باغلىق. ھۆكۈمەت بۇ شەرتلەرنى ھۆرمەت قىلىدۇ، پەقەت خۇسۇسىي تۇرمۇشنىڭ تاشقى شارائىتلىرى ئارقىلىق، ئىقتىسادىي، سىياسىي شارائىت يارىتىپ بېرىپ، پۇقرالارنىڭ بەخت ئىزدەشىنى ئىلھاملاندۇرىدۇ.

سىياسىي شارائىت توغرىسىدا ئاساسىي قانۇن ھەققىدىكى پاراگرافتا توختالغانىدۇق. ئەگەر جەمئىيەت ئادىل بولسا، ئىچكى - تاشقى ئىناقلىقنى بەرپا قىلالىسا، ئەركىنلىك ۋە پاراۋانلىق بېرەلىسە، بۇنداق جەمئىيەتنىڭ پۇقرالىرى بەخت ئىزدەشتىكى شارائىتلارغا ئېرىشكەن بولىدۇ. مانا بۇ 19 - ئەسىردىكى ئەھۋال بولۇپ، بۈگۈنمۇ شۇنداق.

گۈزەل تۇرمۇش يېتەرلىك ئىقتىسادىي شارائىتقا موھتاج. مەسىلەن، جان بېقىش، راھەت ۋە قولايلىقلىق، داۋالاش ۋە سالامەتلىك ئاسراش، كۆڭۈل ئېچىش ۋە ئارام ئېلىش دېگەنلەردەك. بۇ خىل ئىقتىسادىي شارائىت ھوقۇقلىرى ئېنىقكى، بەخت ئىزدەش ھوقۇقىنىڭ بىر قىسمى.

18 - ئەسىردىكى بەزى مۈلۈكدارلار ئۆزى ۋە ئائىلىسىدىكىلەر ئەنە شۇنداق شارائىتلارنى يارىتالىغانىدى. ئەگەر ھۆكۈمەت كىشىلەرنىڭ مۇقىم مال - مۈلۈكلىرىنىڭ ئامانلىقىغا كاپالەتلىك قىلالىسا، ئۇلار بەخت ئىزدەشنىڭ ئىقتىسادىي شارائىتىغا ئېرىشكەن بولىدۇ. مانا بۇ جېففېرسوننىڭ «مال - مۈلۈك» دېگەن سۆزنىڭ ئورنىغا «بەخت ئىزدەش» دېگەن سۆزنى قويۇشىنىڭ نېمە ئۈچۈنلۈكىنى چۈشەندۈرۈپ بەرسە كېرەك. بۇ سۆزنىڭ مەنىسى تېخىمۇ كەڭ: سىياسىي شەرت - شارائىت خۇددى ئىقتىسادىي شەرت - شارائىتقا ئوخشاشلا كەم بولسا قەتئىي بولمايدۇ.

# 77. يامراپ كەتكەن سوتسىيالىزم

*ئۆتكەنكى ئون يىلدا سوتسىيالىزم راسا ئەۋج ئالدى. بۇ شۇئارنى 1933 - يىلى يولغا قويۇلغان ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئىسلاھاتقا قارشى تۇرىدىغان كىشىلەر ئىشلىتىشنى ياخشى كۆرىدۇ. «يامراش» ئاشۇ ئىسلاھاتنىڭ تەدرىجىي تەرەققىياتىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇنداقتا، سوتسىيالىزم زادى نېمىنى كۆزدە تۇتىدۇ؟ جەمئىيەت ئامانلىقى ۋە ئەمگەك شارائىتى قاتارلىقلارنىڭ سوتسىيالىزم بىلەن قانداق مۇناسىۋىتى بار، بۇنى چۈشىنەلمىدىم. ئەگەر «يامراپ كەتكەن سوتسىيالىزم» دېگەن ئىبارە بىرەر مەنىگە ئىگە بولسا، ئۇ مەنە زادى نېمە؟*

20 - ئەسىردە، بولۇپمۇ يېقىنقى 30 يىلدا غەربتىكى دېموكراتىك دۆلەتلەر ئىشسىزلىق ئىستراخوۋانىيىسى، پاشانغانلارنى قۇتقۇزۇش، ئەڭ تۆۋەن ئىش ھەققى ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ھەر خىل ئىقتىسادىي ئىشلاردىكى شارائىتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي قانۇن لايىھىسىنى دادىللىق بىلەن يۈرگۈزدى، بۇ ئىشلار ھازىر بىزگە مۇقەررەر بولۇشقا تېگىشلىك ئىشتەك بىلىنىدۇ. بۇ يېڭى لايىھە بىزنىڭ ئىقتىسادىمىزغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتتى، بەزىلەر بۇنى قارشى ئالدى، بەزىلەر بولسا قارشى تۇردى.

بۇ يېڭى مۇئەسسەسەلەرنى ياقلىغۇچىلار ئىسلاھاتىمىز كاپىتالىستىك تۈزۈلمىمىزنى قۇتقۇزۇپ قالدى دېيىشتى. ئۇلارنىڭ دېيىشىچە، يېڭى سىياسەتلەر 19 - ئەسىر كاپىتالىزمىدىكى ئادالەتسىزلىك ۋە ئىنسانىيەتسىزلىكنى

تۈگەتتى. مەھسۇلاتلارنى سېتىۋېلىش كۈچىگە كاپالەتلىك قىلىپ، ئىقتىسادىي كونترولنى كۈچەيتىپ، ئاپەتنىڭ ئالدىنى ئالدى. بۇ ئىجتىمائىي پاراۋانلىق لايىھىسى كاپىتالىزمغا تېخىمۇ كۈچ قوشتى.

قارشى تۇرغۇچىلارنىڭ دېيىشىچە، بۇ يېڭى سىياسەت كىشىلەرنى ئۇيەۋرماي تۇرۇپ سوتسىيالىزم يولىغا باشلاپ قوياتتى. شۇڭا، بىز ئۇنى «يامراپ كەتكەن سوتسىيالىزم» دەپ ئاتىدۇق. ئۇلار بىزنىڭ ھازىر يولغا قويۇۋاتقىنىمىز كاپىتالىزم ۋە سوتسىيالىزمنى ئۆز ئىچىگە ئالغان «ئارىلاشما ئىقتىساد» تىن ئىبارەت دېيىشتى. ئۇلار بۇ خىل ئىقتىسادنىڭ ئاخىرى سوتسىيالىستىك ئىقتىسادقا ئايلىنىپ كېتىپ، دۆلەتنىڭ بارلىق ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرىغا ئىگە بولۇۋېلىشىدىن ئەنسىرەيتتى.

مۇرەسسەچى، دېموكراتىك سوتسىيالىزمچىلار ئىقتىسادىي پاراۋانلىق ۋە باشقۇرۇشنى تەدرىجىي يۈرگۈزۈپ، قوزغىلاڭ ۋە ئىنقىلابتىن خالىي سوتسىيالىزمغا يېتىشنى كۆزلىدى. بۈيۈك برىتانىيەدە قابىئان جەمئىيىتى (بۇرژۇئا سىياسىي ئېقىمى، بۇ ئېقىم پرولېتارىيات بىلەن بۇرژۇئازىيىنىڭ ھەمكارلىقى ئاساسىدا كاپىتالىزمنى تىنچ يول بىلەن سوتسىيالىزمغا كۆچۈرۈشنى تەرغىب قىلىدۇ) ۋە ئەمگەكچى ئىشچىلار پارتىيىسى بۇ ئۇسۇلنى قوللىغان. ئامېرىكىدا بولسا سوتسىيالىزم داھىيسى توماس ئوتتۇرىغا قويغان لايىھەلەر روزۋېلت تەرىپىدىن «يېڭى سىياسىي لايىھە» گە كىرگۈزۈلۈپ، 1932 ـ يىلىغا كەلگەندە، سوتسىيالىستلار پارتىيىسىنىڭ پروگراممىسىغا كىرگۈزۈلدى.

تەدرىجىي سوتسىيالىزمنى ئوتتۇرىغا قويغۇچىلار يېقىنغا قەدەر «يامراپ كەتكەن سوتسىيالىزم» ئاخىر مۇقەررەر ھالدا تەلتۆكۈس سوتسىيالىزمنىڭ يولىغا ماڭىدۇ، دېيىشتى، مەسىلەن، ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرىنى دۆلەت كونترول

قىلىدۇ، خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك يوقىلىدۇ، دېگەندەك. ئۆتكەن يىلى (1965 ـ يىلى) غەربىي ياۋروپادىكى نۇرغۇن سوتسىيالىستلار پارتىيىسى دۆلەت ئىگىدارچىلىقىدىكى سوتسىيالىزم نىشانى دېگەن نۇقتىئىنەزەردىن ۋاز كەچتى، ئەمەلىيەتتە ئۇلار ئەھۋالغا قاراپ ئىش كۆرۈپ، دېموكراتىك دۆلەتلەر يولغا قويغان ئارىلاشما ئىقتىسادنى قوبۇل قىلدى. شۇنداق بولسىمۇ ئۇلار يەنە بىر قەدەم ئىلگىرىلىگەن ئىقتىسادىي ئىسلاھاتنى تەكىتلەپ، ئۆزىنىڭ غايىسىدىكى ئىجتىمائىي پاراۋانلىق دۆلىتىگە تېخىمۇ يېقىنلاشنى ئويلىدى.

يەنە بىر جەھەتتىن، كاپىتالىزمنىڭ نۇرغۇن ھىمايىچىلىرىمۇ ئىجتىمائىي پاراۋانلىق دۆلىتىنىڭ سىياسىتىنى قوبۇل قىلدى. ئەنگلىيە كونسېرۋاتىپلار پارتىيىسى ھۆكۈمىتى ئەركىن ئىشچىلار پارتىيىسى يولغا قويغان ئىجتىمائىي پاراۋانلىق تەدبىرلىرىگە قوشۇلۇپلا قالماستىن، بەلكى كېڭەيتتى. ئامېرىكىدا جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيىسى ھاكىمىيەتكە چىققاندىن كېيىن دېموكراتلار پارتىيىسى 1932 ـ 1952 ـ يىللار ئارىلىقىدا يولغا قويغان نۇرغۇن چارىلەرنى قوبۇل قىلدى. تارىخ ئىككى باشلىق بىر مەخلۇقنى ئاپىرىدە قىلدى، سوتسىيالىزمچىلار خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك ۋە خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىكتىن كەلگەن پايدىنى قوبۇل قىلدى، كاپىتالىزمچىلار پايدىغا زىيان سالىدىغان ئىجتىمائىي پاراۋانلىق چارىسىنى قوبۇل قىلدى.

تۆۋەندىكىسى ئادەمنى قىزىقتۇرىدىغان مۇنازىرە:

(1) ئۆتكەن 30 يىلدىن بۇيانقى «تەدرىجىي سوتسىيالىزم» سۈپىتچە ئۆزۈل ـ كېسىل سوتسىيالىزمغا بېرىپ قېلىشتىن ساقلىنالامدۇ؟ ئەركىنلىك ۋە دېموكراتىيىگە چېقىلماسلىققا ھۆددە قىلالامدۇ؟ بەزى ئارىلاشما ئىقتىساد تەرەپدارلىرى مۇمكىن دەپ قارايدۇ. ئەمما، يەنە بەزىلەر ئەنسىرىگەن ھالدا،

ئارىلاشما ئىقتىساد مۇقەررەر ھالدا كوممۇنىزمغا ئايلىنىپ كېتىدۇ دەيدۇ.

(2) ھەقىقىي دېموكراتىك كاپىتالىزم سوتسىيالىستىك خاھىشقا ئىگە ئارىلاشما ئىقتىسادنىڭ ئورنىنى باسالامدۇ؟ ئەگەر مال ـ مۈلۈك ھوقۇقىنى ئەسلىگە كەلتۈرسەك، شۇنداقلا خۇسۇسىي مۈلۈكنى ئىمكانقەدەر ئومۇملاشتۇرساق، مۇمكىن بولىدۇ. بارلىق پۇقرالار يېتەرلىك مەبلەغ، ئىقتىسادىي ھوقۇق ۋە مۇستەقىللىققا ئىگە بولسا، دېموكراتىيە ۋە ئەركىنلىكىمىزنى قۇتقۇزالايمىز.

---

## 78. ئىجتىمائىي پاراۋانلىق دۆلىتى

*كونسېرۋاتىپلار ۋە ھەققانىيەتچى ئاتىقلار، يارغۇچىلار ئاتالمىش «ئىجتىمائىي پاراۋانلىق دۆلىتى» نى دائىم ئەيىبلىشەتتى. ئۇلار بەزى تەرسىلەر دۆلىتىمىزنىڭ نۆۋەتتىكى سىياسىتىگە زىيان يەتكۈزۈۋاتقاندەك قىلىدۇ، دېمەكچىدى. «ئىجتىمائىي پاراۋانلىق» نىڭ قانداق زىيىنى بار؟ سىياسىي جەھەتتە، ئۆز يولىنى تاپالمىغان ھەر بىر دۆلەت ئاممىۋى پاراۋانلىقنى ئۆزىنىڭ نىشانى قىلالامتىغۇ؟ ئۇلار «ئىجتىمائىي زىيانكەشلىك دۆلىتى» نى تەرغىب قىلماقچىمۇ؟ ياكى ئۇلار ئاممىۋى پاراۋانلىق ئىزدەشنىڭ ئۇسۇلىغا قارشىمۇ؟*

---

«ئاساسىي قانۇن» ىمىزنىڭ مۇقەددىمىسىدە ھۆكۈمەتنىڭ ئاساسلىق خىزمىتى «بىر پۈتۈن پاراۋانلىق» نى ئىلگىرى سۈرۈش دەپ كۆرسىتىلگەن. لېكىن، فېدېراتسىيە ھۆججەتلىرى

ۋە باشقا «ئاساسىي قانۇن» شەرھلىرىدىن مەلۇمكى، دۆلىتىمىزنىڭ قۇرغۇچىلىرى بىر پۈتۈن پاراۋانلىقنى ئىقتىسادىي نۇقتىدىن ئويلىشىپ كۆرمىگەن، ھۆكۈمەتنىڭ ئىمكانقەدەر ھەر بىر ئادەمنىڭ تۇرمۇشىنى باياشاد قىلىشى كېرەكلىكىنىمۇ ئويلاشمىغان.

دۆلەت خەلقنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىشى كېرەك دېگەن بۇ خىل قاراش پەقەت 20 ـ ئەسىردىلا مۇنازىرە كەتمەيدىغان سىياسىي پرىنسىپقا ئايلاندى. مەلۇم مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، «مۇستەقىللىق خىتابنامىسى» دىمۇ بۇنداق پرىنسىپ بار ئىدى، ئۇنىڭدا ھەر قانداق ئادەمنىڭ «ھايات، ئەركىنلىك، بەخت ئىزدەش» تىن ئىبارەت تەبىئىي ھوقۇق بولىدۇ. ھۆكۈمەت قۇرۇشنىڭ مەقسىتى دەل شۇ خىل ھوقۇقلارنى قوغدا كەلتۈرۈشتۇر دەپ جاكارلانغان. ئىقتىسادىي باياشادلىق بەخت ئىزدەش ئۈچۈن زۆرۈردۇر (ئەلۋەتتە، ھايات، ئەركىنلىك ئۈچۈنمۇ شۇنداق). ھۆكۈمەت چوقۇم ئىقتىسادىي پاراۋانلىقنى ياخشىلاپ، خەلقنى ئاشۇ خىل تۇپ ھوقۇقتىن بەھرىمەن قىلىشى كېرەك. شۇنداق قىلالىغان ھۆكۈمەت بىز دەۋاتقان «ئىجتىمائىي پاراۋانلىق دۆلىتى» نى قۇرۇپ چىقتى.

كەڭ دائىرىدە ئېيتقاندا، ئىجتىمائىي پاراۋانلىقنى ياخشىلاشنىڭ ئىككى خىل شەرتى بار:

(1) ئىشلەپچىقىرىش مەھسۇلاتلىرىغا بولغان ئىگىدارچىلىقنى ئامالنىڭ بارىچە كېڭەيتىش.

(2) ئىشلەپچىقىرىلغان مۈلۈكلەرنىڭ مۇۋازىنىتىنى ئامالنىڭ بارىچە تەڭشەش. بۇ «مۇۋازىنەت» مائاش، يىللىق كاپالەت، ھەر خىل ئىستراخوۋانىيە، داۋالىنىش، تەربىيىلىنىش پۇرسىتى، كۆڭۈل ئېچىش ئەسلىھەلىرى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بولۇپمۇ ئارام ئېلىش ئۈچۈن بېتەرلىك ئەركىن ۋاقىتنىڭ بولۇشى ناھايىتى مۇھىم.

بىرىنچى خىل ئۇسۇلدا بىر پۈتۈن ئىقتىسادىي پاراۋانلىقنى ياخشىلىغىلى بولىدۇ، بۇ دەل كاپىتالىزمنىڭ غايىسى. بۈگۈنكى باي ھەم تېخنىكا تەرەققىي قىلغان سانائەت دۆلەتلىرىدە يولغا قويۇلۇۋاتقىنى ئىككىنچى خىل ئۇسۇل بولۇپ، ئۇ «ئىجتىمائىي پاراۋانلىق دۆلىتى» دۇر. بۇ شۋېتسىيە ئىقتىسادشۇناسى ۋە جەمئىيەتشۇناسى مىداللى يېقىندا ئېلان قىلغان «ئىجتىمائىي پاراۋانلىق دۆلىتىدىن ھالقىش» دېگەن ئەسىرىدە كۆرسىتىلگەن.

ناھايىتى تېز بېيىغان سوۋېت ئىتتىپاقىدا، خەلقنىڭ ئىقتىسادىي پاراۋانلىقى ھەر خىل ئىشلەپچىقىرىش ھوقۇقى ۋە باشقۇرۇشقا بولغان دۆلەت مونوپولىغا تايانغان. ئامېرىكا، ئەنگلىيە قاتارلىق دېموكراتىك دۆلەتلەردە ئارىلاشما ئىقتىساد يولغا قويۇلغان بولۇپ، بايلىق دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي قانۇنى بويىچە ئاممىغا ئومۇملىشىدۇ.

ئۇزۇل — كېسەل سوتسىيالىزم ۋە ئارىلاشما ئىقتىسادتا، خەلق ئىشلەپچىقىرىشتىن كەلگەن بايلىققا تەڭشەلمە ھالدا ئېرىشمەكتە. ئەمما، ئۇلار شەخسنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتىكى مۇستەقىللىقىغا يېتىپ بارالمىدى ۋە مەڭگۈ يېتەلمەسلىكى مۇمكىن. ئىقتىسادىي مۇستەقىللىق خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىكنىڭ ئەڭ زور شاپائىتى. بۇ خىل ئىقتىسادتا ماۋاشلىق ئادەم گەرچە كىرىم كاپالىتىگە ئىگە بولسىمۇ، ئۇ يەنىلا دۆلەت بىرلەشمە تىجارەت ياكى ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىغا تايىنىپ نەپكە ئېرىشىدۇ.

---

## 79. ئاپتوماتلىشىش — ھەممەتمۇ ياكى ئاپەتمۇ؟

*يۈكسەك تەرەققىي قىلغان ئىشلەپچىقىرىش دەۋرىدە، بۇرۇنقىغا قارىغاندا تېخىمۇ كۆپ ئاۋار ئىشلەپچىقىرالايدىغان*

*بولىدۇق. ئىشچىلار ئىستاتىستىكا ئىدارىسىنىڭ دوكلاتىدىن قارىغاندا، سانائىتىمىزدە ئاپتوماتلىشىش تۈپەيلىدىن ھەر يىلى كېلىپ چىققان ئىشسىزلارنىڭ سانى 2 مىليون 30 مىڭدىن ئېشىپ كەتكەن. بۇ يەردە دېيىلىۋاتقان «ئىشسىزلىق» ۋاقىتلىق ھادىسىمۇ؟ ئەگەر شۇنداق بولسا ئىشلەپچىقىرىش ۋە يېڭى خىزمەتنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ ئىشسىزلىقمۇ ئازايغان بولاتتى. ئاپتوماتلىشىش ئىشقا ئورۇنلىنىش پۇرسىتىنى ئازايتمايدۇكى، كۆپەيتىدۇ ياكى «ئاپتوماتلىشىش تۈپەيلى كېلىپ چىققان ئىشسىزلىق» كۈنسېرى ئېشىۋاتقان ئىقتىسادىي خادىملارنىڭ قىسقىرىشىدىن دېرەك بېرەمدۇ؟ ئەگەر شۇنداق بولسا «ئىشسىز» قالغانلار قانداق قىلىشى كېرەك؟*

---

پەيلاسوپ ئارىستوتېل 15 ئەسىر ئىلگىرىلا يېتەرلىك ئاپتوماتلاشقان ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرى بار بولغاندا، ئادەم كۈچىنىڭ قول تىقىشىغا ئورۇن قالمايدۇ، دېگەنىدى. «ئەگەر ھەر بىر قورال ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇلغاندا ياكى ئازراق قول تەككۈزۈپ قويۇلغاندا ئاپتوماتىك خىزمەت قىلسا. . . مەسىلەن، قول مەشغۇلاتى بولمىغاندا موكا ئۆزى ئىشلىيەلىسە، سازلار ئۆزى كۈي چىقىرالىسا خوجايىنغا چاكار ياكى قۇلنىڭ لازىمى بولمايدۇ». تولۇق ئاپتوماتلىشىش ھەققىدىكى بۇ بايان ئەمەلىيەتتە كۆپلىگەن ساھەلەردە ئەمەلگە ئاشتى. بىراق، كىشىنى مەپتۇن قىلغان كونۇپكا بىلەن ئىشلەپچىقىرىش كىشىنى ئەندىشىگە سالماقتا.

بۇ بېشارەتنىڭ ئاساسلىرى ئاپتوماتلىشىش تۈپەيلى كېلىپ چىققان ئىشسىزلار بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. 18 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىكى سانائەت ئىنقىلابىدىن بۇيان ئەنە شۇنداق بىر مەسىلە ئىزچىل كۆرۈلۈپ تۇرىدۇ. توقۇمىچىلىق سانائىتىنىڭ

يېڭى كەشپىياتلىرى ۋە سۇ ئېنېرگىيىسىنىڭ ئېچىلىشى ئىنسانىيەتنىڭ تۇرمۇشىدا غايەت زور بۇرۇلۇش ياسىدى، نەتىجىدە، بۈگۈنكى شەھەرلىشىش ، ماشىنىلىشىش، يۈكسەك ئىشلەپچىقىرىش ۋە نوپۇس زىچلىقى كېلىپ چىقتى. يېڭى كەشپىياتلار تۈپەيلى ئاماق قاچىدىن مەھرۇم بولغان ھۈنەرۋەن، كاسىپلار بۇ گۈزەل دۇنيادىن ئانچە خۇرسەن بولۇپ كەتمىدى. ئۇلار كۆيدۈرۈش، ماشىنىلارنى پاچاقلاش ، كەشپىياتچىلارنى قەستلەش قاتارلىق قىساس ئالدى.

خۇددى بىز مەكتەپلەردە ئۆگەنگەندىكىدەك يۇقىرىقىلار ۋاقىتلىق ئىنكاس بولۇپ قالدى. «ئاخىرقى» كۆز قاراشتىن قارىغاندا، ماشىنا كەلتۈرۈپ چىقارغان خىزمەت پۇرسىتى ئۇنىڭ يوقاتقانلىرىدىن كۆپ ئىدى. 19، 20 ـ ئەسىرلەردىكى تېخنىكا تەرەققىياتىدىمۇ بۇ خىل ھالەت يۈز بەردى. يېڭى كەشپىيات ئىقتىسادنى جانلاندۇرغاچقا، ھەر خىل «مۇلازىمەت» تىپىدىكى كەسىپلەردە پەيدا بولغان ئورۇنلار شاللانغان ئورۇنلارغا قارىغاندا كۆپ بولدى.

بۇ تەرەققىيات كىشىلەردىكى خىزمەتكە مۇۋاپىق كېلەرمۇ دېگەندەك ئەندىشىلەرنى يوقىتالمىدى. روشەنكى، مەشغۇلاتچى يېڭى ماشىنا ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم بولۇپ، ئۇ «ئىشچى» دېگەن سۆز بىلەن مەنداش بولۇپ قالدى. ئادەملەر بىر ھۈنەرۋەن ماشىنىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالغۇچىغا ئايلاندى.

يەنە بىر جەھەتتىن، ئاپتوماتلىشىش ماشىنىدىن خەۋەر ئالغۇچىلارغا بولغان ئېھتىياجنى يوقاتماقتا. چۈنكى، كومپيۇتېر ماشىنىنى باشقۇرالايدىغان بولدى. ئاپتوماتلاشقان بارلىق ساھەلەردە ئىشتىراك قىلمىسا بولمايدىغانلاردىن پەقەت مۇتەخەسسىلەرنىڭ كاللىسىلا قالدى، ئۇلار كومپيۇتېرنى ئىشلىتىدۇ، باشقۇرىدۇ، بۇيرۇقلىرىنى كىرگۈزىدۇ.

ئاپتوماتلىشىش داۋاملىشىۋەرسە قانداق ئورۇندا قانداق

خىزمەت ئورنىنىڭ يوقالغان ئورۇنىنى تولۇقلىشىنى قىياس قىلىش تەس. ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئېشىشىنى تېخىمۇ ئاز ئىشچىلار ئەمەلگە ئاشۇرالايدۇ. يېزىقچىلىق ۋە مۇلازىمەتنىڭ ئاپتوماتلىشىشى «بوشىغان» ئىشچىلارنىڭ باشقا بىر ساھەگە يۆتكىلىشىگە ئىمكانىيەت ھازىرلىمايدۇ. چەك دەپتىرىمىز بىلەن ھېسابات دەپتىرىمىز شۇنى كۆرسىتىدۇكى، ئىنسانلارنىڭ قولى ۋە مېڭىسى ئاساسلىق يېزىقچىلىق خىزمىتىدىن ئايرىلماقتا.

ئەگەر ئىشسىزلىق ئەھۋالىدا ئۆزگىرىش بولمىسا، كۈنسېرى كۆپىيىۋاتقان ئىشسىزلار قانداق جان باقىدۇ؟ ستوئان قىلغۇدەك خىزمەت قالمايۋاتقان جەمئىيەت يېڭى بىر تەقسىمات تۈزۈمىگە موھتاج بولغاندەك قىلىدۇ، دېگەنىدى. مەسىلەن، ئېھتىياجلىق نەرسىلەرنى ئۆز ئارا ئالماشتۇرۇش ئۈچۈن ھەر بىر ئادەمگە ماتاش كاپالەتنامىسى تارقىتىش. يەنە بىر لايىھە شۇكى، خىزمەت ۋاقتىنى قىسقارتىپ، ئاشقان ۋاقتىنى باشقا بىر ئەمگەك كۈچىگە تەقسىملەپ بېرىش.

## 80. پۇلنىڭ توغرا ئىشلىتىلىشى

*ھازىرغا قەدەر ئېيتىلىپ كېلىۋاتقان «پۇلپەرەسلىك جىنايەتنىڭ ئانىسى» دېگەندەك كەپلەردىن پۇلغا بولغان ئەيىبلەشلەرنى كۆرىمىز. «ئىنجىل» دىكى مۇنۇ سۆز زامانىمىزغا تېخىمۇ باپ كېلىدۇ: «بەختنى پۇل بىلەن كەلتۈرەلمەيمەن.» گەرچە بىز بۇ سۆزنى ئەقىل نۇقتىسىدىن قوبۇل قىلالايمىز، لېكىن ئۇ گەپتە ھېسسىيات ئامىلى كۆپتەكمۇ ھېس قىلىمىز. كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزدا پۇل بەخت ئۈچۈن*

زۆرۈر ئەمەسمۇ؟ ئۇلۇغ مۇتەپەككۇرلار پۇل ۋە ماددىي جەھەتتىكى بايلىققا قارشىمۇ؟

---

ئارىستوتېل ئېنىق ھالدا بايلىقنى «تەبىئىي» ۋە «سۈنئىي» دەپ ئىككى تۈرگە بۆلگەن. ئۇنىڭچە بولغاندا، تەبىئىي بايلىق ئاشلىق، كىيىم - كېچەك، تۇرالغۇ ۋە مۇشۇ خىل تۈرلەرنى ئىشلەپچىقىرىدىغان قوراللارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇنىڭ ئەكسىچە پۇل سۈنئىي بايلىق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. پۇل قورال خاراكتېرلىك رولغا ئىگە بولۇپ، ئۇ بىر خىل ئالماشتۇرۇش ۋاسىتىسى ۋە ھەقىقىي بايلىقنى ئۆلچەيدىغان ئۆلچەم. بىز ھازىر «ھەقىقىي» قورالنى ئالماشتۇرۇش كۈچى ئارقىلىق ئۆلچەيمىز، مانا بۇ ئاشۇ خىل ئايرىش ئۇسۇلىدىن كەلگەن.

ئارىستوتېل چەكلىك ئېھتىياج ئۇقۇمىنى تەكىتلەيتتى. ئۇ ئىقتىسادىي پائالىيەتنىڭ مۇۋاپىق مەقسىتى ھەقىقىي بايلىققا ئېرىشىپ، ئائىلە ياكى دۆلەتنىڭ ماددىي ئېھتىياجىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىشتىن ئىبارەت، دېگەنىدى. بۇ خىل ئېھتىياج چەكلىك بولۇپ ، ئۇنى چەكلىك بايلىق ئارقىلىق قاندۇرغىلى بولىدۇ. ئەكسىچە، بايلىق ئۈچۈنلا بايلىق قوغلاشسا، ئۇنىڭ چېكى بولمايدۇ. ئۇ ئادەتتە پۇلنىڭ جۇغلانمىسى بولۇپ، پۇل ھەقىقىي بايلىققا نىسبەتەن كۆپ قۇلايلىق.

بايلىقنىڭ تەبىئىي ۋە سۈنئىي دەپ ئايرىلىشى بەزى ئېنىكلىق ئامىللارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. پۇلنىڭ ئىشلىتىلىشى سودا ۋاسىتىسى ۋە قىممەت ئۆلچىمىدۇر، ماددىي بايلىقنىڭ رولى ھاياتلىقنىڭ ئۆزىنى داۋام ئەتتۈرۈشتە بولۇپ، ئۇ ياخشى تۇرمۇشنىڭ كاپالىتى. شۇڭا، بايلىق ئۈچۈنلا بايلىق

ئىزدەش يولى قوغلىشىشقا ئايلىنىپ قالغان.

ئەنئەنىۋى ئەخلاق پەلسەپىسى پۇلنى قاتتىق قامچىلايتتى، ئۇنى رەزىللىك تۇغدۇرغۇچى ئامىل دەيتتى. بەزى يازغۇچىلار پۇلنىڭ ئەكسىچە مەيداندا ئىدى. مەسىلەن، كولۇمبۇ: «ئالتۇن ئاجايىپ نەرسە، كىمدە ئالتۇن بولىدىكەن شۇنىڭ ھاجىتى راۋا بولىدۇ. ئالتۇن بولسا روھنىڭ ئەرشكە كۆتۈرۈلەلەيدۇ» دېگەنىدى. دوكتور جونسون «مەدەنىيەتلىك جەمئىيەتتە، پۇلدارلار نامراتلاردىن خۇشال ئۆتىدۇ» دەپ تەكىتلىگەنىدى. بۇ بايلىق ياخشىلىقتۇر، نامراتلىق ئەسكىلىكتۇر، دېگەنلىك ئىدى.

بۈگۈنكى ئىقتىسادىي پاراۋانلىق ۋە تەرەققىياتنىڭ پرىنسىپى مەبلەغنىڭ پايدىسى ياكى ماڭاش كىرىمىنى كۆرسەتمەستىن «پۈتكۈل دۆلەتنىڭ ئىشلەپچىقىرىشى»نى كۆرسىتىدىغان بولدى. بۇ ئادام سىمىسنىڭ نۇقتىئىنەزەرىنى ئېسىمىزگە سالىدۇ. ئۇنىڭ قارىشىچە، دۆلەتنىڭ بايلىقى «يەر ۋە ئەمگەك بىلىنىڭ تېجىلىشى» دە بولۇپ، بۇ ئومۇمىي مىقدار ئۆسۈشى ياكى قىسقىرىشى مۇمكىن ياكى يىل بويى ئۆزگەرمەسلىكى مۇمكىن. دۆلەتنىڭ ئىشلەپچىقىرىشى دېگەن ئۇقۇم مۇنۇ ھۆكۈمگە ماس بولىدۇ: ئىشلەپچىقىرىش كۆپەيسە، بۇ دۆلەتنىڭ ئىجتىمائىي پاراۋانلىقىغا پايدىلىق.

گويا بۇ «ئىشلەپچىقىرىش قانچە كۆپ بولسا شۇنچە ياخشى» دېگەنلىكتەك قىلاتتى. پۈتكۈل دۆلەت ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ كېڭىيىشىدۇر، بۇ ياخشى ئىش، ئۇنى قوغلىشىش كېرەك دەپ قارىلىدۇ. نۆۋەتتە پۇلنىڭ جۇغلىنىشى ئەمەس، بەلكى ئىشلەپچىقىرىش بىلەن ئىستېمال تەكىتلىنىۋاتىدۇ. لېكىن، بىز بىر ئەخلاقىي مەسىلىگە دۇچ كەلدۇق: ماددىي بايلىقنى مەقسەت قىلىش ياكى ئۇنى بەختنىڭ ئالامىتى قىلىۋېلىش توغرىمۇ، خاتامۇ؟

## 81. سىرتقا ياردەم قىلىش مەبلىغىنى ئاقلاش

*2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن بۇيان بىز چەت ئەللەرنىڭ قايتا قۇرۇلۇشى ۋە تەرەققىياتىغا ياردەم بېرىش توغرىسىدىكى لايىھەلەرنى يۈرگۈزۈش ـ يۈرۈشلەپ تۈزدۇق. بۇ لايىھەلەرنىڭ كۆپىنچىسى كېيىن قايتۇرۇلىدىغان قەرز ئامانەت بولماستىن، بەلكى بىۋاستىلا بېرىۋېتىلگەن ياردەم ئىدى. بىزنىڭ بۇنداق ساخاۋەتلەرنى قىلىشىمىزدا پېتەرلىك ئىقتىسادىي سەۋەب بارمۇ؟ ياكى ئىقتىسادىي جەھەتتىكى مۇزاكىرىلەرنىڭ كورنىسىنى باسالايدىغان ھەم شۇنداق قىلمىساق بولمايدىغان ئالاھىدە ئەخلاقىي سەۋەبلەر بارمۇ؟*

ئۆتمۈشتىكى ئۇلۇغ يازغۇچىلار چەت ئەلگە سېخىيلىق بىلەن ياردەم بېرىش توغرىسىدا ئالاھىدە كۆرسەتمىلەرنى بەرمىگەن. بىراق، چەت ئەلگە ياردەم بېرىش ئۆزىچە پەيدا بولۇپ قالغان ئىش بولماستىن، بەلكى قەدىمكى دىنىي ئەنئەنىلەردىكى ئۆزگىلەرگە ياردەم قىلىشنى ئورتاق بەھرىمەن بولۇشنى ئىبارەت نۇقتىئىنەزەردىن كەلگەن. «كونا ئەھدى» ، «شەرىئەت» لەردە كۆرسىتىلىشىچە، نامراتلار ئائىلىسىنىڭ ئېھتىياجىنى ئۈچۈن بايلارنىڭ ئېتىزلىرىدىن يېتەرلىك ئاشلىق يىغىۋېلىشقا ھوقۇقلۇق (بۇ ھەرگىزمۇ ھازىرقى مۇكاپات مەنىسىدىكى «شەپقەت» ئەمەس) . ئادالەتمۇ بايلارنىڭ شۇنىڭغا ئەمەل قىلىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. خۇدادىن ھەممە نەرسىگە ئېرىشكەن

كىشى بىتەرەپ قېرىنداشلىرى بىلەن ئورتاق بەھرىمەن بولۇشى كېرەك.

ئەمما، بۇنداق شەرىئەت پەقەت بىر رايوندا ياشاۋاتقان كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشىغا ماس كېلەتتى. كېيىنچە دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت سودا، ھەمكارلىق ۋە قوراللىق توقۇنۇشقا ئاساسلىنىدىغان بولۇپ كەتتى. ھازىرقى زامان چوڭ دۆلەتلىرىنىڭ پەيدا بولۇشىغا ئەگىشىپ باشقا دۆلەتلەرگە قوندى شەكلىدىكى ياردەم قىلىشلارنى كۆرۈۋاتىمىز، لېكىن بۇ ياردەملەر قېرىنداشلارچە مېھرىبانلىقتىن كەلگەن بولماستىن، بەلكى ئۇزاق مۇددەتلىك ئىستراتېگىيە ۋە ئىقتىسادىي پىكىردىن كەلگەن. قەدىمكى قانۇننامىلەردە چوڭ كەچۈرۈم بولىدىغان ھەر بىر ئارام يىللىرىدا (يەھۇدىيلار ھەر يەتتە يىلدا بىر يىل تېرىقچىلىقنى توختىتىدۇ) قەرزلەرنى كەچۈرۈم قىلىۋېتىش بۇيرۇلغانىدى. دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى پرىنسىپلىق مۇئامىلىلەرنى كېرىزنىڭ ياساھەتلىك بىر سۆزى بىلەن يەكۈنلىگىلى بولىدۇ. ئۇ 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنكى ئىتتىپاقداش دۆلەتلەرنىڭ بىزگە قەرزدار بولغانلىقىغا قارىتا ئوبزور ئېلان قىلىپ، «ئۇلار پۇلنى ئىجارىگە ئالدى، شۇنداق ئەمەسمۇ» دېگەنىدى.

ھازىر ئادەم بىلەن ئادەم، دۆلەت بىلەن دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتتە «ھەركىم ئۆز ـ ئۆزىگە» ۋە «كىم قالاق بولسا شۇنى پالاكەت باسىدۇ» دېگەنلى يېتەكچى قىلىدىغان ئادەملەر ئادام سىمىت ياكى دارۋىننىڭ نۇقتىئىنەزەرىنى ئارقا تېرەك قىلىشماقتا. ئادام سىمىت شۇنداق دەپ ئىشىنىدۇكى، ئەركىن بازاردا شەخسنىڭ ئۆز مەنپەئىتىنى قوغلىشىش پىرافىنى ئويلىغاندا، پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ پاراۋانلىقىغا پايدىلىق. ئەمما،

ئۇ يەنە دۇنيادىكى ھەر قايسى دۆلەتلەرنىڭ ئىقتىسادى بىر – بىرى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، شەخسنىڭ پائالىيىتى ۋە ئىنكاسىمۇ دۆلەتنىڭ پايلىقىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ، دەپ كۆرسەتكەن.

ئوخشاشلا، دارۋىن ياشاش ئۈچۈن كۈرەش قىلغانلار ۋە ماسلاشقانلار مەۋجۇت بولالايدۇ دەپ تەكىتلەپ، تۈرلەرنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە تەرەققىياتىنى شەرھلىگەن. ئەمما، ئۇ يەنە ئۆزئارا ياردەم بېرىش ۋە ھېسداشلىقنى تەكىتلەپ ، بۇمۇ ھايۋانلار ۋە ئىنسانلارنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىدىكى ئاساسلىق ئامىل دېگەنىدى. خۇددى ئوخشاش بىر مۇھىتتا ياشاۋاتقان ھەر خىل جانلىقلاردەك ئادەملەرمۇ ئۆزئارا ھەمكارلىشىشقا موھتاج. بىراق، «ئىجتىمائىي دارۋىنىزمچىلار» دارۋىننىڭ نەزەرىيىسىنى ئىنسانلارنىڭ ئىقتىسادىي مۇناسىۋىتىگە تەتبىقلىغاندا، مۇشۇ تەرەپلەرگە سەل قارىغان.

2 – دۇنيا ئۇرۇشىدىن بېرى، ئامېرىكا سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى دەۋرىدىكى ئىستراتېگىيىلىك ئورنىنى ساقلاپ تۇرۇش ئۈچۈن باشقا دۆلەتلەرنى ياردەم بىلەن تەمىنلىدى، نوقۇل ئىستراتېگىيە نۇقتىسىدىنلا ئەمەس، بەلكى نامرات رايونلارغا ۋە قۇتقۇزۇش نۇقتىسىدىن ئىقتىساد ئاجراتقان تەرەپلەرمۇ يوق ئەمەس. مارشالل پىلانى دەل ياۋروپانىڭ ئىقتىسادىي گۈللىنىشىگە ياردەم بېرىش پىلانى بولۇپ، پرىنسىپ جەھەتتىن، ياۋروپادىكى ھەر قانداق بىر دۆلەت ياردەمگە ئېھتىياجلىق بولسىلا ئىلتىماس سۇنسا بولاتتى. ئەنگلىيىلىك لىبېرال ئىقتىسادچى ۋارد ئۆزىنىڭ «باي دۆلەت ۋە نامرات دۆلەت» دېگەن يېڭى كىتابىدا ئەركىن دۇنيادىن تەلەپ قىلىنغان جاۋاب دەل «ماشالل روھى» ئىدى.

ۋارد خېلىم چوڭقۇر ئىشىنىدۇكى، باي تۇرۇپمۇ نامراتلار بىلەن كارى بولماسلىق شەخس ۋە دۆلەت ئۈچۈن ئېيتقاندا، روھىي بىخودلۇقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئۇنىڭ قارىشىچە، باي دۆلەتلەر نامرات دۆلەتلەرگە ياردەم قىلىپ، تۇرمۇشىنى موللاشتۇرسا، بۇ ئەخلاقىي جەھەتتىن قىلىشقا تېگىشلىك ئىش بولۇپلا قالماي، بەلكى پاراۋانلىق جەھەتتىمۇ ئۆزىگە ياردەم قىلغانلىقتۇر. چۈنكى، دۆلەتلەرنىڭ مەنپەئەتى بىر ـ بىرىگە كىرىشىپ كەتكەن. ئۇ غەرب ئەللىرىنىڭ سىياسىي پرىنسىپ ۋە ئىقتىسادىي ئەركىنلىكىنى ئۇل قىلىپ بىر دۇنياۋى ئائىلە قۇرۇشقا، بۇ ئارقىلىق كوممۇنىزم لاگېرىنىڭ ئاتالمىش قېرىنداشلىقىغا تاقابىل تۇرۇشقا چاقىرغان.

بىز بلاكېرنىڭ مىسالى ئارقىلىق كاپىتالىزم بىلەن قېرىنداشلىق مۇھەببىتىنىڭ بىر ـ بىرىگە زىت ئەمەسلىكىنى بىلەلەيمىز. ئۇ گېئورگىيە شتاتىنىڭ ئاتلانتا شەھىرىدىكى كونسېرۋاتىپ مەبلەغچى بانكىر بولۇپ، ئۇ دۇنيا بانكىسىنىڭ باش لېدېرى بولغان مەزگىلدە، خەلقئارا ئىجتىمائىي ۋىجداننى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا كۆپ كۈچ سەرپ قىلغانىدى. «نيۇيورك ۋاقىت گېزىتى» دىكى ناستوننىڭ مەلۇمات بېرىشىچە، بلاكېر ئۇزاقتىن بېرى «دۆلەتلەر ئارا باي ـ كەمبەغەللىك پەرقىنىڭ زىيادە چوڭ بولۇپ كېتىشى تەسىر قىلغىلى بولمايدىغان بىر ئىش» دەپ كەلگەنىكەن. بەلكى، باي دۆلەتلەر «سانائەت ئىنقىلابى» نى قالاق ئەللەرگە يەتكۈزۈش مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك ئىدى. شۇڭا، قەدىمكى پەيغەمبەرلەر ئويغاتقان ئىجتىمائىي ۋىجدان خەلقئارا بانكا بىلەن شېرىك ھەرىكەتكە كەلدى. مانا بۇ 19 ـ ئەسىردىكى كاپىتالىزمغا قارشى تۇرغۇچىلار مەڭگۈ تەسەۋۋۇر قىلالمايدىغان ئىش.

# مۇھىم ئەسەرلەر

阿里斯托芬:《女公民大会》

ئارىستوفان: «ئايال پۇقرالار قۇرۇلتىيى»

柏拉图:《国家篇》;《法律篇》

ئەپلاتون: «غايىۋى دۆلەت»، «قانۇن ھەققىدە»

亚里士多德:《伦理学》;《政治学》

ئارىستوتېل: «ئېتىكا»، «سىياسەتشۇناسلىق»

爱比克泰德:《语录》

ئېپىكتېت: «ئۇزۇندىلەر»

霍布斯:《利维坦》

ھوببېس: «لېۋىئاتان»

洛克:《论公民政府》

لوك: «پۇقرالار ھۆكۈمىتى توغرىسىدا»

孟德斯鸠:《法的精神》

مونتېسكيۇ: «قانۇن روھى»

卢梭:《论人类社会不平等的起源和基础》;《论政治经济》

رۇسسو: «ئىنسانلار جەمئىيىتىدىكى باراۋەرسىزلىكنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە ئۇنىڭ ئاساسلىرى»، «سىياسىي ئىقتىساد ھەققىدە»

亚当・斯密:《国富论》

ئادام سمىت: «دۆلەتنى بېيىتىش نەزەرىيىسى توغرىسىدا»

康德:《权利的科学》

كانت: «ھوقۇق ئىلمى»

汉密尔顿、麦迪逊与杰伊:《联邦党人》

خامىلتون مادىزون بىلەن جاي: «فېدېرالىستلار»

穆勒:《代议制政府》

مىل: «ۋاكالەتلىك تۈزۈمدىكى ھۆكۈمەت»

黑格尔:《权利的哲学》

گېگېل: «ھوقۇق پەلسەپىسى»

马克思:《资本论》

ماركس: «كاپىتال»

马克思与恩格斯:《共产党宣言》

ماركس ۋە ئېنگېلس: «كومپارتىيە خىتابنامىسى»

弗洛伊德:《文明及其不满》;《心理分析新论》

فروئىد: «مەدەنىيەت ۋە ئۇنىڭ كەمتۈكلۈكى»، «روھ ئانالىزى ھەققىدە يېڭى تونۇشتۇرۇش»

## باشقا ئەسەرلەر

阿奎那:《反异教箴言隽语录》

ئاكۋىنا: «غەيرىي دىنغا قارشى ئۇرۇش ئەقلىيەلىرى»

培根:《论说文集》

بېكون: «مۇھاكىمىلەر توپلىمى»

克劳德·P.巴斯特拉:《经济诡辩》;《政治经济学的和谐》

باستىرا. P. كلائۇد: «ئىقتىسادىي نەيرەڭۋازلىق»، «سىياسىي ئىقتىساد گارمونىيەسى»

J.边沁:《为高利贷辩护》

بېنتام: «جازانىخورلۇقنى ئاقلاش»

N. A. 别尔嘉耶夫:《基督教与阶级战争》;《俄国共产主义的起源》

N. بېردىيايېۋ: «خرىستىئان دىنى ۋە سىنىپلار ئۇرۇشى»، «رۇسىيە كوممۇنىزمىنىڭ پەيدا بولۇشى»

马丁·布伯:《乌托邦的道路》

مارتىن بۇبېر: «ئۇتوپىيە يولى»

艾米丽·彭斯:《什么是马克思主义》

ئېمىل بۇرنىس: «ماركسىزم دېگەن نېمە؟»

约翰·加尔文《基督教教义》

جون كالۋىن: «خرىستىئان تەلىماتى»

恩格斯:《社会主义、乌托邦与科学》;《家庭、私有财产与国家的起源》

ئېنگېلس: «سوتسىيالىزم، ئۇتوپىيە ۋە پەن»، «ئائىلە، خۇسۇسىي مۈلۈك ۋە دۆلەتنىڭ كېلىپ چىقىشى»

A. 范范尼:《天主教、新教与资本主义》

A. فانفانى: «كاتولىك دىنى، پروتېستان دىنى ۋە كاپىتالىزم»

亨利·乔治:《进步与贫困》

ھېنرى جورجى: «ئىلگىرىلەش ۋە نامراتلىق»

P. A. 克鲁鲍特金:《无政府主义》

P. A. كروپاتكىن: «ئانارخىزم»

马丁·路德:《论贸易与高利贷》

مارتىن لۇتېر: «سودا ۋە جازانىخورلۇق توغرىسىدا»

马克思:《<政治经济学批判导言>》

كارل ماركس: «‹سىياسىي ئىقتىساد تەنقىدى› گە كىرىش سۆز»

罗伯特·欧文:《社会的新观点》
روبېرت ئوۋېن: «جەمئىيەتكە دائىر يېڭى نۇقتىئىنەزەر»
J. A. 熊彼得:《资本主义、社会主义与民主》
J. A. شامپوتېر: «كاپىتالىزم، سوتسىيالىزم ۋە دېموكراتىيە»
R. H. 托尼:《可获取的社会》;《宗教与资本主义的兴起》
R. H. تونى: «ئېرىشكىلى بولىدىغان جەمئىيەت»، «دىن ۋە كاپىتالىزمنىڭ گۈللىنىشى»
T. B. 凡勃伦:《商业企业论》、《有闲阶级论》
T. B. ۋېبلېن: «سودا كارخانىلىرى توغرىسىدا»
马克斯·韦伯:《新教伦理与资本主义精神》
ماكس ۋېبېر: «پروتېستانتىزم ئېتىكىسى ۋە كاپىتالىزم روھى»



## سەككىزىنچى باب

# گۈزەللىك ۋە سەنئەت

گۈزەللىك بىلەن سەنئەت پەقەت تىل يۈكسەكلىكى بولغان جايدىلا ئادەم، تارىخ ۋە مىللەتنى ئۆزىگە يېقىنلاشتۇرىدۇ ۋە ئۇچراشتۇرىدۇ.

# 82. سەنئەتنىڭ ماھىيىتى ۋە شەكلى

*بىز سەنئەت ھەققىدىكى نۇرغۇن مۇھاكىمىلەرنى ئوقۇغان، لېكىن بۇلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك رەسىم، ھەيكەلتىراشلىق، ئويمىكارلىق ۋە مۇزىكا قاتارلىقلارغا مەركەزلەشكەن. «سەنئەت» دېگەن بۇ نامنى تېخىمۇ كېڭەيتكىلى بولامدۇ؟ مەسىلەن، بىز «ئاشپەزلىك سەنئىتى» دېگەندەك كىتابلارنى ئۇچرىتىمىز. بۇ ئاتالغۇ توغرىمۇ؟ ئۇستا بىر ياغاچچىنى سەنئەتكار دېيەلەك بولامدۇ؟*

---

«سەنئەت» دېگەن سۆز تاكى 18 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىغىچە بارلىق ماھارەتلەرنى ۋە ھۈنەر ئارقىلىق ئىشلەپ چىقارغان بارلىق نەرسىلەرنى بىلدۈرەتتى.

ئەپلاتون بىلەن ئارىستوتېل تۈرلۈك سەنئەت ھەققىدە دەل مۇشۇ خىل مەنىدە توختالغان. رىم شائىرى لۇكرېتىئوس پرومېتېينىڭ ئىنسانلارنىڭ ماددىي تۇرمۇشىنى ئۆزگەرتىشكە تۈرتكە بولغان تۈرلۈك ماھارەتلەرنى ئۆگەتكەنلىكىنى مۇشۇ خىل مەنىدە تىلغا ئالغان. نۇرغۇن ئەسىرلەردىن كېيىن رۇسسو كىمياگەرلىك (مېتال تاۋلاش) ۋە يېزا ئىگىلىك ھەققىدە دەل مۇشۇ مەنىدە توختالغان بولۇپ، ئۇنىڭ قارىشىچە، ئۇلار ئىپتىدائىي تۇرمۇشنى مەدەنىيەتلىك تۇرمۇشقا ئېلىپ كىرگەن ئىككى خىل سەنئەت ئىدى. ئوخشاشلا 18 ـ ئەسىردىكى ئادام سىمىتمۇ ماددىي بۇيۇملارنى ئىشلەپچىقىرىشقا مۇناسىۋەتلىك سەنئەتلەرنى تىزىپ كۆرسەتكەنىدى.

19 ـ ئەسىرگە كەلگەندە «سەنئەت» دېگەن سۆز مەلۇم تىپتىكى سەنئەتنى، يەنى «گۈزەل سەنئەت»نى بىلدۈرىدىغان بولدى. قەدىمكىلەر ھېيكەلتىراشلىق ۋە ئويمىكارلىقنى، مۇزىكا ۋە شېئىرىيەتنى سەنئەت قاتارىدىن چىقىرىۋەتكەنمۇ ئەمەس، ئەمما بۇ تۈرلەرنى رەسمىي سەنئەت قاتارىدا كۆرۈۋېمۇ كەتمەيتتى. ئىنسانلارنىڭ باشقا ئىشلەپچىقىرىشىنى ئۇنىڭ سىرتقا چىقىرىۋەتكەن. ئۇلارنىڭ سەنئەت ئۇقۇمى ئىنسانلاردىكى ھەر بىر ماھارەت ۋە ئۇسۇللار ئارقىلىق ئىشلەپچىقىرىلغان نەرسىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى.

ئەمەلىيەتتە بىز بۇ سۆزنى ناھايىتى تار مەنىدە ئىشلىتىدىغان بولدۇق. بىز ھەمىشە سەنئەتنىڭ ئادەمدىكى ھۈنەرنىڭ ئۆزى ئىكەنلىكى، سەنئەت بۇيۇملىرىنىڭ بولسا ئۇنىڭ قوشۇمچە مەنىسى ئىكەنلىكىنى ئەستىن چىقىرىپ قويىمىز. يەنە بىز ناھايىتى ئاسانلا سەنئەتنى «ئېتى ئۇلۇغ سۈيرىسى قۇرۇق» نەرسە بىلەن ياكى ئېستېتىكا بىلەن بىر دەپ قاراپ قالىمىز. بەزىدە شېئىر بىلەن مۇزىكىنى گۈزەل سەنئەت نامى ئىچىگە كىرگۈزىمىز ۋە بەزىدە «سەنئەت» دېگەن سۆزنى تېخىمۇ تار دائىرىدە چۈشىنىپ ئۇنى پەقەت مۇزېيلاردىكى رەسىم، ھېيكەلتىراشلىق ۋە ئويمىكەشلىككىلا ۋەكىل قىلىمىز.

يەنە بىر جەھەتتىن، بىز بۇ سۆزنى كەڭ مەنىدىمۇ چۈشىنىۋېرىمىز. بىز «سانائەت سەنئىتى» ھەققىدە گەپ ئاچىمىز، مۇنەۋۋەر ئىشچىلارنى سەنئەتكار دەپ ماختايمىز. بىز كىتاب ئوقۇش سەنئىتى، ئوقۇتۇش سەنئىتى، داۋالاش سەنئىتى دېگىنىمىزدە سەنئەتنىڭ ماھارەت ئىكەنلىكىنى نامايان قىلغان بولىمىز. ئەمما، بۇنداق ئەھۋالدا سەنئەت بۇيۇمى بولالايدىغان ماددىي مەھسۇلاتلار مەۋجۇت بولمايدۇ. سۈنئىي بىلەن تەبىئىي دېگىنىمىزدە، ھۈنەر ئارقىلىق ئىشلەپ چىقىرىلغان نەرسىلەر بىلەن دۇنيادىكى باشقا نەرسىلەر ئوتتۇرىسىغا بىر چېگرانى

سىزغان بولىمىز.

بىز بۇ سۆزنىڭ ئەتىەنۋى، كەڭ مەنىسىنى تىرىلدۇرۇپ، ھەر قايسى تىپتىكى ھۈنەر ۋە ئۇ ھۈنەر تەسىر كۆرسەتكەن شەيئىلەرنى ئىپادىلىشىمىز لازىم. بىز مۇشۇنداق كەڭ دائىرە ئىچىدىلا ھەر خىل شەكىلدىكى سەنئەتلەرنى پەرقلەندۈرەلەيمىز ھەمدە ھەر خىل سەنئەت ئوتتۇرىسىدىكى ئورتاق ئالاھىدىلىكلەرنى تېپىپ چىقالايمىز. گەرچە ئۇلارنىڭ ماھىيىتى ۋە مۇرەككەپلىكى ئۆزگىچە بولسىمۇ يەنىلا ئاشپەزلىك، ياغاچچىلىق سەنئىتى بىلەن شېئىر، رەسىم سەنئىتى ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنى ئاجرىتالايمىز.

سەنئەتنى تۈرگە ئايرىشنىڭ ئۇسۇللىرى كۆپ، مەن ئاساسلىق ئۇسۇللارنى ئوتتۇرىغا قويماقچى.

ئاشپەزلىك، ياغاچچىلىق تىپىدىكى سەنئەتلەرنى «ئىستېمالىي سەنئەت» دەيمىز. چۈنكى، بۇلار بىز ئىشلىتىدىغان ۋە سەرپ قىلىدىغان نەرسىلەرنى ئىشلەيدۇ. ئەكسىچە، بىز رەسىم ۋە شېئىر تىپىدىكى سەنئەتلەرنى «گۈزەللىك سەنئىتى» دەيمىز، چۈنكى بۇلار بىز بىلىشكە ۋە ئويلاشقا ئىنتىلگەن نەرسىلەرنى ئاپىرىدە قىلىدۇ. فرانسىيىلىكلەر بۇلارنى «گۈزەل سەنئەت» دېگەن تېخىمۇ ياخشى نام بىلەن ئاتىغان. «گۈزەل سەنئەت» دېگەن گەپ كىشىلەر زوقلىنىدىغان نەرسىلەرنى ئىشلەپ چىقىرىدىغان سەنئەت دېگەنلىكتۇر.

ئۈچىنچىسى «ئەركىن سەنئەت» (ئەدەبىيات ـ سەنئەت). قەدىمكىلەرنىڭ قارىشىچە، بەزى سەنئەت بېقىندى بولىدۇ، يەنە بەزىلىرى ئەركىن بولىدۇ، ئۇنىڭ ماھىيىتى ماددىي ياكى مەنىۋى ئىكەنلىكىگە قاراپ ئايرىلىدۇ. شۇنداق ئىكەن، ئۇي بېقىندى سەنئەت بۇيۇمى، شېئىر ئەركىن سەنئەت بۇيۇمى. يەنىمۇ ئەركىن سەنئەت تۈرىگە كىرىدۇ. مۇشۇ سەۋەبتىن گرامماتىكا،

لوگىكا، ماتېماتىكا قاتارلىقلار ئەركىن سەنئەت دائىرىسىگە كىرىدۇ.

ئاخىرقىسى، دېھقانچىلىق، تېبابەت ۋە ئوقۇتقۇچىلىقتىن ئىبارەت ئۈچ خىل ئالاھىدە سەنئەتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇلارنى «ھەمكارلىق سەنئىتى» نامغا جۇغلايمىز، چۈنكى بۇ ساھەدە سەنئەتكارلار نەتىجىنى ياخشى تەرەپكە تەرەققىي قىلدۇرىدۇ. مەسىلەن، مېۋە بىلەن ئاشلىق دېھقان بولمىسىمۇ ئۆسۈۋېرىدۇ، لېكىن، ياخشى ئۆسەلمەيدۇ. كېسەللىك دوختۇر بولمىسىمۇ ساقىيىشى مۇمكىن، لېكىن تېز ساقىيىشى ناتايىن. بۇلارنىڭ ھەممىسى تەبىئىي جەريان بولۇپ، دېھقان بىلەن دوختۇر پەقەت ياردەمچىلىك رولىنى ئوينايدۇ.

---

## 83. شېئىرنىڭ جەۋھىرى

*شېئىرنىڭ جەۋھىرىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى كۆپىنچىمىز بىلمەيمىز. ئۇنى باشقا ژانىرلاردىن پەرقلەندۈرۈپ تۇرىدىغان ئامىل قايسى؟ تۈپ مەسىلە بوغۇم، سۆز، مىسرالاردىكى ئاھاڭ ۋە ۋەزىننىڭ ئۇزۇن - قىسقىلىقىمۇ؟ ياكى شېئىرنىڭ جەۋھىرى شەيئىلەر بولغان ھېسسىيات، تۇيغۇ ۋە پوزىتسىيەمۇ؟*

---

كۆپچىلىك شېئىر بىلەن قاپىيىلىك تېكىست (نەزم) نى بىر نەرسە دەپ قارايمىز. بىزنىڭ قارىشىمىزچە، شېئىر مۇقىم ۋەزىندىكى مىسرالاردىن ھاسىل بولۇپ، شەخسنىڭ ھېسسىياتى ۋە تەسىراتىنى ئىپادىلەشنى ئاساس قىلىدىغان ئەسەر. بىز

شېئىر ۋە نەسر دەپ ئايرىيمىز، نەسر كۈندىلىك تۇرمۇشتىكى سۆزلەرنىڭ ئۆزىدۇر.

لېكىن، شېئىر ھازىرقىدىنمۇ كەڭ مەنىگە ئىگە. بۇ سۆز يۇنانچە سۆز بولۇپ، «ئىجادىيەت» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. شېئىر باشتا ئىنسانلارنىڭ بارلىق ئىجادىيەت ھەرىكىتىنى كۆرسەتكەن بولسىمۇ، ئۇزاق ئۆتمەي مەخسۇس ئەدەبىي ئىجادىيەتكىلا قارىتىلىدىغان بولدى. شۇنىڭ بىلەن ھەيكەلتىراشلار ۋە ئويمىكارلار، رەسساملار ۋە باشقا سەنئەتكارلاردىن پەرقلەندۈرۈش يۈزىسىدىن شائىر دېگەن نام كېلىپ چىققان.

ئارىستوتېل ئۆزىنىڭ «پوئېتىكا» (شېرىيەتشۇناسلىق) دېگەن مەشھۇر ئەسىرىدىن شېئىر ئىنسانلارنىڭ پائالىيىتىگە بولغان تەقلىددۇر. ئۇ تىلغا تايىنىپ ئىپادىلەيدۇ. ئاھاڭ ۋە ۋەزىننىڭ ياردىمىدىن پايدىلىنىدۇ دېگەنىدى. ئۇ دەۋاتقان «تەقلىد» نەق شەيئىلەرنىڭ ئۆزىنى ئۈنئالغۇ ياكى ئاپپاراتقا ئوخشاش ئەينەن كۆچۈرۈشنى كۆرسەتمەيدۇ. ئۇ ئىنسانىيەتنىڭ تەجرىبىلىرىدىكى ئومۇملۇقنى تەسۋىرلەيدۇ. شائىر بۇلارنى ئېنىق تونۇپ، ئۇلارنى كونكرېت ئوبراز، ۋەقە ۋە دىئالوگلار ئارقىلىق ئىپادىلەپ چىقىدۇ.

شۇنداق بولغاندا، شېئىرنىڭ چوقۇم قاپىيىلىك بولۇشى ناتايىن. تەسەۋۋۇر قىلىشقا بولىدۇكى، گومېرنىڭ داستانلىرىنى نەسرىي يول بىلەن يېزىشقىمۇ بولاتتى، تارىخ ۋە پەنگە ئائىت ئەسەرلەرنى نەزمىي يول بىلەن يېزىشقىمۇ بولاتتى. ئۇلارنىڭ تۈپ پەرقى توقۇلما قىلىشقا ۋە ئەمەلىي بولۇشتا. ئارىستوتېلنىڭ نەزەرىدە شائىر ماھىيەت جەھەتتە قىسسىچى، ئەپسانە ياراتقۇچى، پىروزىچى ئىدى.

ئارىستوتېل لىرىك شېئىر ھەققىدە ناھايىتى ئاز توختالغان بولۇپ، ئۇنى دىققىتىمىزنى ئىگىلىۋالىدىغان شېئىر دېگەنىدى.

ئۇ ئاساسەن ئېپىك شېئىر ( ۋەقەلىك يېزىلغان شېئىر) ھەققىدە توختالغان. ئۇ شەكىل جەھەتتىن «ئىلىئادا»، «ئودىسسا» غا ئوخشاش ئېپوسلار (قەھرىمانلىق ھەققىدىكى داستان) غا ياكى سوفوكلېسنىڭ «پادىشاھ ئودىپۇس»، «ئانتىگونې» دېگەن ئەسەرلىرىدەك دراممىلارغا ئوخشاپ كېتىدۇ. ئارىستوتېلنىڭ نەزىرىدە ئاھاڭ ۋە ۋەزىننىڭ ئالاھىدە شەكىللىرى، ژانىر ۋە شېئىر قائىدىلىرى ئانچە مۇھىم ئەمەس ئىدى. مۇھىمى شېئىرنىڭ مەزمۇنى ۋە ئومۇمىي جەھەتتىن ئۆز ئارا ماسلاشقان ۋەقەلەردىن ئىبارەت.

يەنە بىر ئېقىمدىكى تەنقىدچىلەر بۇرۇندىن تارتىپلا شېئىرنىڭ گراماتىكىلىق، ئىستىلىستىكىلىق رولىنى تەكىتلىگەن. رىم يازغۇچىسى خوراتىئۇس شېئىر ھەققىدە توختالغىنىدا ئاھاڭ، ژانىر ۋە پېئىللارنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشىغا ئالاھىدە دىققەت قىلغان. يېقىندىن بېرى باش كۆتۈرگەن «يېڭى تەنقىد ئېقىمى» قەدىمكى مۇشۇ مەزھەپكە تەۋەدۇر. ئۇلار شېئىرنىڭ تىلىنى تەھلىل قىلىش بىلەن مەشھۇر.

ئارىستوتېلنىڭ ئۆگۈتلىرى بويىچە شېئىرنىڭ ماھىيىتىگىلا دىققەت قىلساق، ھېكايە، نەسر، كومېدىيە دېگەنلەرمۇ شېئىر بولۇپ چىقىدۇ. ئۇنداقتا سېرۋانتېس، فىيلدىڭ، مېرۋىل قاتارلىقلار ئۆزلىرىنى شائىر دەپ ئاتىسا ھەيران قالمايمىز. زامانىمىزدىكى تەنقىدچى سكوت «ۋىشىل» ناملىق ھېكايىلەر توپلىمىنى شېئىر دەپ ئاتىغانىدى. بىز ھېمىڭۋاي، فولكنېر، ئارتۇر مىللېر، تېنناسى ۋىليام قاتارلىقلارنى شائىر دېسەكمۇ قالتىس توغرا بولغان بولىدۇ.

بىزنىڭ شېئىرغا تۇتقان پوزىتسىيىمىز قانچىلىك دەرىجىدە قاتتىق بولۇشى كېرەك دېگەن مەسىلە ھەققىدە ئۇزۇندىن بېرى تەنقىدچىلەر ئوخشىمىغان قاراشلاردا بولدى. بەزىلەر شېئىر خۇشاللىق لەززەت ۋە يەڭگىللىك ئاتا قىلىدۇ، دەيدۇ. بۇ

خۇراسىنىڭ قارشىدىن كەلگەن. باشقىلار شېئىرنىڭ ئەخلاق ۋە بېشارەت رولى بولۇشى كېرەك. ئۇنىڭ شادلاندۇرۇش قىممىتى بولۇشتىن تاشقىرى تەربىيىلەش قىممىتىمۇ بولۇشى كېرەك، دەپ تەشەببۇس قىلىدۇ. يەھۇدىي پەيلاسوپى مىمىنىندا پانىيەتچىل شېئىرلارنىڭ تەربىيىۋى ئەھمىيىتى يوق دەپ قارىسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدىكى تەسەۋۋۇر كۈچىنىڭ دىنىي بېشارەتتە ئىنتايىن مۇھىملىقىنى بايقىغان. ئىتالىيىلىك پەيلاسوپ ۋىكونىڭ قارىشىچە، شېئىر دىنىي ئىپادىلەشتىكى ئانا شەكىل.

ئەپلاتون شائىرلارنىڭ ئەخلاق ۋە دىن ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىشتىكى ئۇسۇللىرىنى ھېس قىلىپ، ئۇلارنى ئۆزىنىڭ غايىۋى دۆلىتىدىن ھەيدەپ چىقاردى. ئارىستوتېل ئوتتۇرىدىن چىقىپ شېئىر زوق ۋە ھېسسىي تەسەللىي ئېلىپ كېلىدۇ، ئۇ مەۋجۇدىيەتنىڭ ئومۇمىيلىقىنى تەسۋىرلەيدۇ، دەپ قارىغانىدى. ئارىستوتېل ئۇچۇن ئېيتقاندا، شېئىردىكى تەسەۋۋۇر توپ رېئاللىققا قارىتا بىر تەرەپ قىلىش ئۇسۇلى بولۇپ، ئۇنىڭغا ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىش كېرەك ئىدى.

## 84. شائىر ھۇنەرۋەنمۇ ياكى بېشارەتچىمۇ؟

*كلاسسىك ئەنئەنىلەرنى ئاساس قىلغان مۇتەپەككۇرلار شېئىر ھەققىدە توختالغاندا، شېئىرنى بىر خىل ئىشلەپچىقىرىش سەنئىتى، شائىرنى بولسا پىشقان ھۇنەرۋەن دەيتتى. بىز شائىرنىڭ راستتىنلا شۇنداق ياكى شۇنداق ئەمەسلىكىنى بىلمەيمىز. بەزى دەۋرلەردە شائىرلار ئالاھىدە ھۆرمەتكە سازاۋەر بولۇپ، شائىرلار بىزگە شەيئىلەرنىڭ جەۋھىرىگە ئىچكىرىلەپ*

*كىرىدىغان ئالاھىدە بىۋاسىتە سېزىم ۋە پىكىرلەرنى ئاتا قىلىدۇ، دەپ قارالغان ئەمەسمىدى؟ ھەقىقىي بىر شائىرنى موزدۇزغا ئوخشايدۇ دېگەندىن كۆرە، بېشارەتچىگە ئوخشايدۇ، دېگەن تۈزۈك ئەمەسمۇ؟*

---

قەدىمدىن تارتىپ شېئىر ھەققىدىكى نەزەرىيىلەر شائىر چېۋەر ھۈنەرۋەنمۇ ياكى سەزگۈر ئەۋلىيامۇ ۋە ياكى بۇ ئىككىسىنىڭ ئارىلاشمىسىمۇ دېگەندەك سوئاللارنى چۆرىدەپ كەلگەندى. بۇرۇن «شېئىر» دېگەن سۆز «ئىجادىيەت» دېگەن مەنىنى بىلدۈرەتتى، ئۇ ئىنسانلارنىڭ ھەر خىل ئىشلەپچىقىرىش پائالىيىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. لوڭقا ياساش بىلەن شېئىر يېزىشنىڭ پەرقى يوق ئىدى. ئۇزاق ئۆتمەي ئۇ پەقەت ئەدەبىي ئىجادىيەتنىلا كۆرسىتىدىغان بولدى، بۇ تىل ئارقىلىق ئىنسانلارنىڭ پائالىيىتى، خاراكتېرى ۋە كەيپىياتىنى كومېدىيە، تراگېدىيە، ئېپوس، دراممىلارنى ۋە بىز «شېئىر» دەپ ئاتايدىغان لىرىك شېئىرلارنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى.

شېئىرنىڭ قەدىمكى مەنىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، قاپىيىلىك جۈملىلەر ۋە ۋەزىن بىرەر پارچە ئەسەرنىڭ شېئىر بولۇشىغا كۇپايە قىلمايدۇ، چۈنكى تارىخ، پەن - تېخنىكا جەھەتتىكى ئەسەرلەرنىمۇ قاپىيە بىلەن يېزىش مۇمكىن، لېكىن ئۇ شېئىر دەپ ھېسابلانمايدۇ. ئۇلار ئەمەلىيەتنىڭ تەسۋىرىدۇركى، ھەرگىزمۇ تەسەۋۋۇر ئىجادىيىتى ئەمەس. ئۇ ئىنسانىيەت پائالىيىتىگە تەقلىد قىلىشى كېرەك، ئارىستوتېلنىڭ قارىشى بويىچە بولغاندا، بۇ شېئىرنىڭ ئاساسلىق فۇنكسىيىسى.

شېئىرنى نەسرىي ياكى نەزمىي يول بىلەن ئايرىغىلى بولامدۇ، يوق دېگەن مەسىلىنى قايرىپ قويساق، بىز دەۋاتقان «شېئىرىي

مەنە» ۋە «شېئىر» دېگەنلەر ئالاھىدە خاس نەرسىنى كۆرسىتىدۇ. قەدىمكى پەيلاسوپلار بۇ نۇقتىنى ئېتىراپ قىلغان، بەلكى بۇ ئالاھىدە خاسلىقنىڭ نېمىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقى ھەققىدە ئىزدەنگەن. گەرچە ئەپلاتون ۋە ئارىستوتېلنىڭ بايانلىرىدا شائىر «ياسىغۇچى» (ھۈنەرۋەن) دېيىلگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇ مۇزدۇز، كېمىسازلىق ۋە باشقا ھۈنەرۋەنلەر بىلەن ئارىلاشتۇرۇۋېتىلگەن ئەمەس.

شائىر سارائىمۇ پاكى ئىلھامغا ئىگە خام خىيالچىمۇ دېگەن بۇ پىكىر ئەپلاتوندىن كەلگەن. ئارىستوتېلدەك سەگەك مۇتەپەككۇرلارمۇ شائىر ئۆزىدىن مۇستەسنا ھالدا، ئۆزى توقۇپ چىققان پېرسوناژلارنىڭ خاراكتېرىنى جانلىق ھېس قىلالايدۇ، دەپ ئېتىراپ قىلغان. بۇ «تەبىئەتنىڭ كۆڭۈللۈك سوۋغىسى» دىن ئەمەس، بەلكى «ئەسەب» دىن كېلىدۇ. بۇ پەردىكى «ئەسەب» بىز دەۋاتقان «ئىلھام» غا ئوخشاپ كېتىدۇ. ئەمما، دىققەت قىلىشىمىز كېرەككى، «ئىلھام» ۋە بۇنىڭغا مەنىداش «قىزغىنلىق» تەبىئەتتىن تاشقىرى ئالاھىدە كۈچتىن كەلگەن.

سەنئەتكار ئەۋلىيامۇ پاكى ئالىي ھۈنەرۋەنمۇ دېگەن مەسىلىنى يېقىنقى زامان پەيلاسوپى مارىتائىنمۇ تەتقىق قىلغان. مارىتائىننىڭ ئاساسىي نەزەرىيىسى شۇكى، سەنئەتكار پاكى شائىرلار «ياسىغۇچى»، ئۇلارمۇ باشقا بۇيۇملارنى ياسايدىغانلارغا ئوخشاش ھۈنەرۋەن بولۇپ، بىر نەرسە ئىشلەپ چىقىرىدىغان ماھارەتكە ئىگە. روشەنكى، شېئىرنىڭ باشقا مەنىسىمۇ بار بولۇپ، ئۇ قول ھۈنەر سەنئىتى ئەمەس، روھ سەنئىتى. ئۇ ئىنسان روھىنىڭ ئالاھىدە پائالىيىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

شۇڭلاشقا، مارىتائىن تەكىتلەپ، سەنئەت ۋە شېئىر «ئىجادىي خاراكتېرلىك بىۋاسىتە سېزىم» ئامىلىغا ئىگە دېگەنىدى. بۇ ئاتالغۇ ئىنسانلار روھىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدىكى

ئالاھىدە خاسلىق ئىقتىدار ۋە سىجەز ھالىتىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇنىڭچە، مۇتلەق تەبىئىي ھەم ئىنسانىي جەريان بولۇپ، ئۇ شائىرلارنىڭ ئۆز - ئۆزىنى ئالاھىدە چۈشەنچىگە ئىگە، يىراقنىكى سىرلىق نەرسىلەرنى كۆرەلەيدىغان بېشارەتچى دەپ ئاتىۋېلىشىغا قارشى ئىدى. ئۇ ئاللان پوئې، بودلېر، لىنبارە كەبى شائىرلارنىڭ مۇشۇنداق كۆرەڭلىكىنى ئەيىبلىگەنىدى.

تەنقىدچى روزېنبورگ بۇنىڭغا رەددىيە بېرىپ، بۇ شائىرلار ئۆزلىرىنى ئالاھىدە قىلىۋالغان ئەمەس، ئۇلار تېخنىكا ئىسلاھاتچىلىرى ۋە سىستېمىنى ئۆزگەرتكۈچىلەر بولۇپ، ئۆزلىرىنىڭ زېھنىي كۈچى ئارقىلىق «ئىلھامىي» كەيپىيات پەيدا قىلىشقا تىرىشقان، شېئىر دەل شۇ ئارقىلىق تاماملانغان دېگەنىدى. ئۇلار ئۆزىنى سىزىش ماھارىتى، لايىھىسى ۋە مەشىقىنى تەكىتلەپ، سىستېمىلاشقان شېئىرىي مىزان تىكلەشنى سىناق قىلغان. روزېنبورگ يېقىنقى زامان شائىرلىرى «ياسىغۇچى» بىلەن «ئەۋلىيا» نى يېڭى ئۇسۇل بىلەن بىرلەشتۈرگەن ئۆتكۈر تېخنىكلار دەپ ئاتىغان.

## 85. مۇزىكىنىڭ رولى

ئەپلاتون قاتارلىق قەدىمكى يۇنان يازغۇچىلىرى پەزىلەتنى مۇزىكىغا باغلاپ چۈشەندۈرىدۇ، شۇڭا مۇزىكىنى تەربىيە جەريانىنىڭ مۇھىم بىر قىسمى دېگەن. بۇ بىزنىڭ مۇزىكا ۋە ئۇنىڭ ماھىيىتىكى ئورنى ھەققىدىكى قارىشىمىز بىلەن خېلىلا ئوخشىمايدۇ. شۇڭا، ئۇلارنىڭ مۇزىكا چۈشەنچىسى بىزنىڭكى بىلەن ئوخشىمايدۇ ياكى بىزنىڭ چۈشەنچىمىزدىن تېخىمۇ كەڭ

*دەپ قىياس قىلىمىز. قەدىمكى يۇنان مۇتەپەككۇرلىرىنىڭ «مۇزىكا» دېگىنى زادى نېمە؟ ئۇلارنىڭ مۇزىكا ئىدىيىسى كېيىنكى مۇتەپەككۇرلارنىڭ مۇزىكا ئىدىيىسى بىلەن ئوخشامدۇ؟*

---

قەدىمكى يۇناندا، «مۇزىكا» دېگەن سۆز توققۇز نەپەر مۇسې باشقۇرىدىغان بارلىق سەنئەتنى كۆرسىتەتتى. بىر تۈرلۈك ئالاھىدە سەنئەت سۈپىتىدە ئېيتقاندا، مۇزىكا ناخشا بىلەن ئۇسسۇلنى كۆرسىتىدىغان سەنئەت بولۇپ، شېئىر ۋە درامىنى ئورۇنلاش بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. يۇنان پەيلاسوپلىرىنىڭ نەزەرىدە، مۇزىكا كائىنات ۋە ئىنسان روھىدا نامايان بولغان تەرتىپ ۋە تەرتىپسىزلىكنىڭ كونكرېت ئىپادىسى. ئۇلارچە ماتېماتىكا بىلەن ئاسترونومىيەمۇ مۇزىكا سەنئىتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇلار ئاۋاز سەنئىتى سۈپىتىدىكى مۇزىكا ۋە كاتېگورىيە سۈپىتىدىكى مۇزىكا ھەققىدە توختالغان.

شۇڭا، مۇزىكا ئافلاتوننىڭ مائارىپ پىلانىدا مۇھىم ئورۇن تۇتاتتى. خۇددى ئەدەبىيات ئىدراكنى يېتىلدۈرگەندەك، تەنتەربىيە بەدەننى تەرەققىي قىلدۇرغاندەك، مۇزىكىمۇ كەيپىيات ۋە ئەخلاقنى يېتىلدۈرىدۇ. ئەپلاتون ئۆزىنىڭ غايىۋى دۆلىتى ئۈچۈن ئوتتۇرىغا قويغان مائارىپ پىلانىدا، مۇزىكىنىڭ ئەخلاقىي تەربىيىدىكى رولىنى تەكىتلىگەن.

ئەپلاتون مۇزىكىدىكى گارمونىيە ۋە مېلودىيە كائىنات ۋە ئىنسان روھىدىكى تۈپ شەكىللەردىن دېرەك بېرىدۇ، دەپ تەشەببۇس قىلىدۇ. ئۇنىڭ قارىشىچە، ئۆسۈۋاتقان باللار ئۆزلىرى ئاڭلىغان مۇزىكىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ، ئاھاڭلاردىكى ھېسسىيات ۋە خاراكتېر ئالاھىدىلىكىنى ئۆزىگە جەم قىلىدۇ. بەزى مۇزىكىلار ئېسىل، يېقىملىق، قەيسەر خاراكتېرنى يېتىلدۈرىدۇ، يەنە بەزى مۇزىكىلار دۆت، سۆيۈق،

زەئىپ خاراكتېرنى يېتىلدۈرىدۇ. دېمەك، مۇزىكىنىڭ روھقا كۆرسەتكەن تەسىرى تەنھەرىكەتنىڭ بەدەنگە كۆرسەتكەن تەسىرىگە ئوخشاپ كېتىدۇ.

«مۇزىكىنىڭ تاۋلىشى ھەر قانداق قورالنىڭكىدىن كۈچلۈك» دەپ يازىدۇ ئەپلاتون. «گارمونىيە ۋە مېلودىيە روھنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىغا ئاسانلا سىڭىپ كىرەلەيدۇ» دە، توغرا تەربىيە كۆرگەن ئادەملەرنىڭ روھىنى ئالىيجاناب، خاتا تەربىيە كۆرگەن ئادەملەرنىڭ روھىنى پەس قىلىدۇ... ياش ۋاقتىدا ۋە سەۋەبلەرنى بىلىپ يېتىشتىن بۇرۇنقى چاغلىرىدا بۇ خىل ئىچكى، چىن تەربىيىنى قوبۇل قىلغاندىلا سەنئەت ۋە تەبىئەتتىكى كەمچىلىك ھەم سەۋەنلىكلەرنى زېرەكلىك بىلەن تونۇپ يېتەلەيدۇ، ئالىيجاناب زوق ئىقتىدارىغا ئىگە بولالايدۇ. ئەقلىگە يەتكەندە، ئۇ مائارىپ ئۆزىگە يېقىشلىق تۇيۇلدۇرغان دوستلىرىنى تاپالايدۇ.

ئارىستوتېل مېلودىيە مۇھىم ئەخلاقىي تەربىيە ئۇسۇلى دېگەننى ئېتىراپ قىلىدۇ، لېكىن ئۇمۇ مۇزىكىنىڭ ئېستېتىكا ۋە پسىخىكا جەھەتتىكى قىممىتىنى تەكىتلەيدۇ. ئۇنىڭچە، مۇزىكا ئەخلاقىي تەربىيىگە ئالاھىدە ماس كېلىدىغان سەنئەت. چۈنكى، ئەخلاقنىڭ ماھىيىتىدىن بېشارەت بېرىدىغان ئالاھىدە ئىقتىدارغا ئىگە. ئۇنىڭ يەنە بىر مۇھىملىقى كىشىگە ئارامبەخش كەيپىيات ئاتا قىلىدىغانلىقىدا. مۇزىكا ئىدراكى زوق بېغىشلاپ ئادەتتىكى ئالىي مائارىپنىڭ بىر قىسمى بولالايدۇ. مۇزىكا ھېسداشلىق، ۋەھىمە، قىزغىنلىق كەبى ھېسسىياتلارنى قوزغايدۇ، شۇڭا پاكلاش ۋە شىپالاش رولىنىمۇ ئۆتىيەلەيدۇ.

ئارىستوتېلنىڭ قارىشىچە، مۇزىكىدىن ھۇزۇرلىنىش ئېھتىياجى ئورۇنلاش جەھەتتىكى بەلگىلىك ماھارەتنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇڭا، بالىلار ساز چېلىش مەشقىنى ئېلىپ بېرىشى كېرەك. ئەمما، بۇ كەسپىي تەربىيە ئەمەس، ئەركىن

تەربىيەدۇر. ساز مەشىقىدىكى مەقسەت ئوقۇغۇچىلارنى مەشھۇر مۇزىكانت قىلىش ئەمەس، بەلكى مۇزىكىنى چۈشىنەلەيدىغان قىلىش.

يېقىنقى زامان پەيلاسوپلىرىدىن كانت مۇزىكىنى شېئىر، رەسىم ۋە باشقا سەنئەتتىن تۆۋەن قويىدۇ. چۈنكى، ئۇ سەزگۈگىلا تايىنىدىغان پائالىيەت بولۇپ، ئوبيېكتىپ ئۇقۇم ۋە شەكىللەرگە ئايانمايتتى. ئۇ مۇزىكىنىڭ زوقلاندۇرۇش ۋە شادلاندۇرۇش جەھەتتىكى قىممىتىگە ئېتىبار بېرەتتى، لېكىن مۇزىكىنىڭ ئەقىل تەربىيىلەش جەھەتتىكى رولىنى ئىنتايىن چەكلىك دەيتتى. ئەكسىچە، شوپېنخائېر ۋە نىچشى مۇزىكىنى يۈكسەك سەنئەت دەپ تونۇيتتى، چۈنكى ئۇ باشقا سەنئەت ئىپادىلىيەلەيدىغان چوڭقۇر ھەقىقەتلەرنى ئىپادىلىيەلەيتتى.

---

## 86. «دراما» دىكى مۇئتىزملىق

*غەرب مەدەنىيىتى ياكى مەشھۇر ئەسەرلەر ئوقۇشلۇقىدا دراما ئەسەرلىرى (تراگېدىيە ۋە كومېدىيە) نى ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىلىدۇ. كۆپ ساندىكى ئوقۇغۇچى ياكى كىتابخانلار بۇ ئەسەرلەردىن زوق ئالغىنىمىزدا، باشقا بىرىك ئەسەرلەرنى ۋاقتىنچە قويۇپ تۇرغان بولىمىز. كۆپلىرىمىزدە بىر خىل خىجالەت ھەم ئېغىر گۇناھ تۇيغۇسى بار بولۇپ، مەدەنىيەت مىراسلىرىمىزنى مۇئتىزم تەتقىق قىلىشىمىز كېرەك ئىدى. بىز پەقەت «دراما» غىلا دىققەت قىلىپ، يەڭگىلتەكلىك قىلىۋاتىمىز دەپ ھېس قىلىمىز. قەدىمكى پەيلاسوپلار دىرامىغا ئەستايىدىل قارامتى ياكى ئۇنى بىر خىل كۆڭۈل ئېچىش دەپ قارامتى؟*

---

بۇ ھادىسىنى ھەقىقەتەن مۇھاكىمە قىلىشقا ئەرزىيدۇ. بىز ھەمىشە درامىنىڭ ئاممىۋى چوقۇنۇش ئاملى ئىكەنلىكىگە سەل قارايمىز. قەدىمكى ئافىنادا دراما شاراپ ئىلاھى سوپىسىنى مەركەز قىلغان ئۇستى ئوچۇق تىياتىرخانىلاردا ئوينىلاتتى. يۇنان تراگېدىيىلىرىنىڭ تېمىلىرى ئىلاھلار ۋە قەھرىمانلار ھەققىدىكى ھېكايىلەردىن كەلگەن بولۇپ، قەتئىي يوزۇنىسىدە بىر تەرەپ قىلىناتتى.

يۇنان كومېدىيىلىرى شاراپ ئىلاھىنى خاتىرىلەش پائالىيىتىدىن كېلىپ چىققان. ئارىستوفان دەۋرىگە كەلگەندە دراما ھازىرقىدەك ھەجۋى دراما، كومېدىك ئوپېرا ۋە لەتىپىلەر بىلەن بىرلىشىپ كەتتى. ئۇ قوپال چاقچاق ۋە ھەجۋى ئويۇنلارنى، جەمئىيەت ۋە سىياسىينىڭ ئاجىز تەرەپلىرىگە بولغان ئۆتكۈر مەسخىرىلەرنى ئۆزىگە مۇجەسسەم قىلدى.

كلاسسىك كومېدىيىلەر ۋە تراگېدىيىلەر مۇتىزىم ئەخلاقىي، ئىجتىمائىي مەزمۇنلارغا ئىگە بولغاچقا، قەدىمكى پەيلاسوپلار درامىنىڭ ئورۇندىلىشىنى چەكلەشنى تەشەببۇس قىلغان (ئاممىۋى ئەخلاق قوغدىغۇچىلىرى ۋە مەۋجۇت سىياسىي ھالەتنى قوغدىغۇچىلارمۇ شۇنداق قىلغان). ئەپلاتوننىڭ ئادەتتىكى ئەدەبىي ئەسەرلەرگە بولغان ئەيىبلەش پوزىتسىيىسى دراماغا كەلگەندە تېخىمۇ كەسكىن تۈس ئالغان. چۈنكى، دراما ئوچۇق - ئاشكارا ئوينىلىدىغان بولغاچقا، تەسىرى چوڭ بولاتتى.

ئارىستوتېلنىڭ قارىشىچە، دراما بىر خىل تەسەۋۋۇر سەنئىتى بولۇپ، ئەخلاقىي تەربىيە بېرىشنى مەقسەت قىلىدۇ. ئۇنىڭچە، دراما ئىنسانلار پائالىيىتىنىڭ توقۇلما تەسۋىرى بولۇپ، سۇژېت، رول (پېرسوناژ)، تىل قاتارلىقلارنى جانلىق ئىشلىتىپ ئۆز مەقسىتىگە يېتىدۇ. بىز ئۇنىڭدىن ھۇزۇرلانغان چېغىمىزدا دراماتورگ قۇرۇپ چىققان توقۇلما دۇنياسىدىكى

پېرسوناژ ۋە سۇژىتلارنىڭ چىن بولغان - بولمىغانلىقىغا قارايمىز.

ئارىستوتېل ياخشى درامىدا ماھارەت ۋە ئوبيېكتىپ كۆرۈنۈش بولغاندىن سىرت سۇبيېكتىپ پىخىك بولىدۇ، دېگەنىدى. دراما كەيپىيات، ھېسسىيات، شادىمانلىق قاتارلىقلارنى ئىپادىلەپ تاماشىبىنلارغا تەسىر كۆرسىتىدۇ. كومېدىيىدە تاماشىبىنلار ھېسداشلىق، قورقۇش قاتارلىق ھېسسىياتلارنىڭ گاھ ئۆرلەپ، گاھ پەسىيىشى داۋامىدا ھېسسى «پاكلىنىش» ياكى ئازادلىق جەريانىنى باشتىن كەچۈرىدۇ. دراماتورگلار توقۇپ چىققان ئەدەبىي ھەم ئازابلىق سۇژىتلارغا بىز ھېسداش قەلبىمىز بىلەن سىڭىپ كىرگەنلىكىمىز ئۈچۈن ئۇنىڭدىن زوق ئالىمىز ھەم ھېسسىياتىمىزنى قويۇۋېتىمىز، شۇ ئارقىلىق ھاياتلىقنىڭ ئاساسلىق تەرەپلىرىنى تونۇپ يېتىمىز.

بۇ ئارىستوتېل درامىنى نوقۇل كۆڭۈل ئېچىش دەپ قارايدۇ دېگەنلىك ئەمەس. ئۇنىڭ قارىشىچە، دراما ئىنسانلارنىڭ خاراكتېرى، روھى ۋە ھەرىكىتىنىڭ ھەر قايسى تەرەپلىرىنى ئېچىپ بېرىدۇ. ئۇنىڭ قۇدرىتى ئىنسانلار تۇرمۇشىدىكى ئومۇملۇققا ئىگە تەسەۋۋۇرنى بىر تەرەپ قىلىشىدا. پەيلاسوپلار ئومۇملۇقنى ئابستراكت پىكىرلەر ئارقىلىق بىر تەرەپ قىلىدۇ.

كومېدىيىگە كەلسە، ئۇ ئارىستوتېلنىڭ قارىشىچە، ئۆلچەمدىن تۆۋەن مۇقامدىكى كىشىلەرنىڭ كۈلكىلىك، چاكىنا ھەرىكەتلىرىنى تەسۋىرلەيدۇ. بۇ ئارقىلىق ئۇ كومېدىيىنى كەمسىتكىنى يوق، ئەكسىچە، كومېدىيىنىڭ ئومۇملۇق ئالاھىدىلىكى تراگېدىيىدىكىدىن روشەن بولىدۇ، دەيدۇ. كومېدىيە ئىنسانلار پائالىيىتىنىڭ ساختا، يالغان ، زەئىپ تەرەپلىرىگە بولغان تەنقىدى چۈشەنچىسىنى ئىپادىلەيدۇ. ئارىستوتېل كومېدىيىنىڭ شادلاندۇرۇش ئالاھىدىلىكىنى تىلغا ئالغان، ئەمما ئۇنىڭ «پاكلاش» رولىنى تىلغا ئالمىغان. بۇ

تەرەپنى بىز ئاكا ـ ئۇكا ماكسلار، ۋايلد قاتارلىق ئۇلۇغ كومېدىكلارنىڭ ئەسەرلىرىدىن ھېس قىلالايمىز.

---

## 87. گۈزەللىكنىڭ تەبىرى

*«گۈزەللىك ھەقىقىدىكى ھۆكۈم» دەك كەڭ مۇنازىرە قوزغىغان بىرەر كاتېگورىيە بولمىسا كېرەك. گۈزەللىك پەقەت كۆزەتكۈچىنىڭ نەزەرىدىلا مەۋجۇتمۇ؟ ئۇ پەقەت سۇبيېكتىپ ھۆكۈم مەسىلىسىمۇ؟ ماددىنىڭ ئۆزىدە بىزگە گۈزەل تۇيغۇ ئاتا قىلىدىغان ئالاھىدىلىك بولامدۇ؟ بىز بۇ ھەقتە ئۇلۇغ يازغۇچىلارنىڭ نېمە دېگەنلىكىگە قىزىقماي تۇرالمايمىز.*

---

گۈزەللىككە تەبىر بەرمەكچى بولغان كىشىلەرنىڭ قارىشىچە، گۈزەللىك شادىيانە ئىنكاس بىلەن مۇناسىۋەتلىك. مەلۇم نەرسە ئالاھىدە شەكىل ئارقىلىق بىزنى خۇشاللاندۇرغاندا، بىز ئۇنى گۈزەل دەيمىز. بىزدە بۇنداق ئىنكاس پەيدا قىلغان ئامىل نېمە؟ ماددىنىڭ ئۆزىدىكى ئالاھىدىلىكتىن كەلگەنمۇ ياكى بىزنىڭ سۇبيېكتىپ ئىنكاسىمىزمۇ ۋە ياكى ئىككىسىنىڭ ئارىلاشمىسىمۇ؟

تەجرىبىلەردىن مەلۇمكى، ئوخشاش بىر نەرسىنى ھەممە ئادەمنىڭ گۈزەل دەپ كېتىشى ناتايىن. بەزىلەرنى خۇشال قىلغان نەرسە يەنە بەزىلەرنى خۇشال قىلالمايدۇ. بۇنىڭدىن قارىغاندا، گۈزەللىك كۆزەتكۈچىنىڭ نەزەرىدەك قىلىدۇ. لېكىن، بىر ئادەمنىڭ گۈزەللىك قارىشى يېتىلگەندىن كېيىن،

ئۇ شەيئىلەردىكى باشقىلار زوق ئالالمىغان نەرسىلەردىن زوقلىنالايدىغان بولىدۇ، چۈنكى باشقىلار بۇ خىل گۈزەللىكتىن زوقلىنىشنى تېخى ئۆگەنگىنى يوق.

ئۇلۇغ ئەسىرلەردىن ئىككى خىل گۈزەللىك نەزەرىيىسىنى بايقايمىز. بىرى، ئوتتۇرا ئەسىر خرىستىئان ئىلاھىيەتشۇناسى ئاكۋىناسنىڭ نەزەرىيىسى، يەنە بىرى، گېرمانىيە پەيلاسوپى كانتنىڭ نەزەرىيىسى. ھەر ئىككىسىنىڭ باياندا، گۈزەللىكتە ئوبيېكتىپ ھەم سۇبيېكتىپ ئامىللار تەڭ مەۋجۇت. بەزى نەرسىلەرنىڭ بىزگە گۈزەللىك زوقى ئاتا قىلىشى ئۇنىڭ ئىچكى ئالاھىدىلىكى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك.

ئاكۋىناسنىڭ گۈزەللىك ھەققىدىكى تەبىرى «گۈزەللىك بىز ئۇنى كۆرگەندە خۇشاللىق ئاتا قىلىدىغان نەرسە» دېگەندىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇ گۈزەللىكنىڭ سۇبيېكتىپ تەرىپىنى كۆتۈرۈپ چىققان. بۇ يەردىكى «كۆرگەندە» دېگەن سۆز كۆز بىلەن كۆرۈشنى ئەمەس، روھ بىلەن كۆرۈشنى كۆرسىتىدۇ، يەنى گۈزەللىك ھەققىدىكى پىكىر ۋە تەجرىبىدىن كېيىن ئايرىم شەيئىلەرگە قارىتا شەكىللەنگەن بىۋاسىتە سېزىمنى كۆرسىتىدۇ. بۇ گۈزەل شەيئىلەرنىڭ بىزنى قانائەتلەندۈرۈشى ۋە خۇشاللاندۇرۇشى شۇ شەيئىنىڭ بىلگىلى بولىدىغانلىق تەبىئىتىدە بولىدۇ، يەنى شۇ شەيئىنىڭ شۇ خىل قۇرۇلما ۋە ئالاھىدىلىك بىلەن بىزنى جەلپ قىلغانلىقىدا.

بۇ نۇقتا ئاكۋىناسنى گۈزەللىكنىڭ ئوبيېكتىپ تەرىپىگە باشلاپ بارىدۇ. ماددىدىكى قايسى ئامىل ئۇنى بىلگىلى بولىدىغان، بىزنى ئۇنىڭدىن شۇ قەدەر خۇشاللىنىدىغان ۋە قانائەتلىنىدىغان قىلىدۇ؟ ئاكۋىناسنىڭ جاۋابى شۇكى، گۈزەل نەرسىلەردە ئۈچ خىل ئالاھىدىلىك بولىدۇ: مۇكەممەللىك، مۇۋازىنەت، يارقىنلىق.

بۇ ئۇقۇملارنى چۈشىنىشتىكى ئەڭ ئاددىي ئۇسۇل مەكتەپتە ئۆگەنگەن ياخشى ماقالە يېزىشنىڭ قائىدىلىرىنى ئەسلەش. بىر پارچە ياخشى ئەسەردە بىردەكلىك بولۇشى، ھەر قايسى بۆلەكلەر زىچ باغلانغان بولۇشى كېرەك، دەپ ئۆگەنگەنىدۇق. ئۇ بىر مۇرەككەپ گەۋدە بولۇپ، ئۇنىڭدىكى ھەربىر جۈزئى بۆلەكلەرمۇ مۇۋاپىق باغلانغان بولۇشى، بىر پۈتۈن گەۋدىنىڭ قۇرۇلمىسىمۇ ئېنىق گەۋدىلىنىشى كېرەك. بىر پارچە ماقالىنىڭ ياخشى بولۇشىدىكى پرىنسىپ بىلەن بىر پارچە رەسىم ياكى بىر كۆينەكنىڭ ياخشى بولۇشىدىكى پرىنسىپ ئۆزئارا ئوخشاپ كېتىدۇ. بەدىئىي ئەسەرنىڭ «ياخشى» بولغىنى ئۇنىڭ «گۈزەل» بولغىنىدۇر. ئۇ يۇقىرىقىدەك ئەۋزەللىكلەرنى ھازىرلىغاندا، ئۇ «بىلگىلى بولۇش خاراكتېرى» گە ئىگە بولىدۇ ۋە كۆرۈرمەنلەرگە شادلىق بېغىشلايدۇ.

كانت ئۆزىنىڭ گۈزەللىك نەزەرىيىسىنى بىر ئاز ئۆزگىچە يول بىلەن ئىپادىلىگەن. ئۇ ئاكۋىناغا ئوخشاشلا گۈزەللىككە تەبىر بېرىپ، «كۆرگۈچى پايدا ـ زىياندىن خالىي خۇشاللىق ئاتا قىلغان نەرسە گۈزەللىك بولىدۇ» دېگەنىدى. ئۇ ئۆزىمىز بىلمەكچى بولغان شەيئىنى بىلىشتىن كېلىپ چىققان خۇشاللىقنىڭ ئۆزى گۈزەللىك بولىدۇ، دېمەكچىدى.

ئاكۋىنا گۈزەللىكنىڭ ئوبيېكتىپ ئامىللىرىنى تەھلىل قىلدى، كانت روھىيەتتىكى ئومۇمىي ئالاھىدىلىك ئۈستىدە توختالدى ۋە ئۇنى گۈزەللىك ھەققىدىكى چىن ئىلھامنىڭ نەزەرىيىۋى ئاساسى قىلدى. ئۇمۇ ئاكۋىناغا ئوخشاشلا ياخشى گۈزەللىك نۇقتىئىنەزەرىنى تەربىيە ئارقىلىق يېتىلدۈرگىلى بولىدۇ ۋە بۇنداق تەربىيىگە ئىگە بولغان ئادەم ھەقىقىي گۈزەللىكتىن راۋۇرۇس ھۇزۇرلىنالايدۇ، دەپ قارايتتى.

# 88. گۈزەللىك قارىشىدىكى پەرق

*كىشىلەر بەدىئىي ئەسەرنىڭ قىممىتى ھەققىدە مۇنازىرە قىلغاندا قەدىمكى ماقال ـ تەمسىللەرنى ئىشلىتىپ، گۈزەللىك قارىشى ھەققىدە مۇنازىرە قىلغىلى بولمايدۇ، دېيىشىدۇ. لېكىن، بەزىلەر، بولۇپمۇ سەنئەت تەنقىدچىلىرى ئۆزلىرىنى سەنئەتكە دائىر ئوبيېكتىپ باھا بىلەن شۇغۇللىنىۋاتىمىز، يېتەرلىك تەجرىبە ئاساسىمىز بار دەپ ھېسابلايدۇ. گۈزەللىك نۇقتىئىنەزەرى ھەققىدە مۇنازىرە قىلساق بولامدۇ؟ بەدىئىي ھۆكۈم پەقەت شەخسنىڭ ئىشتىياقىدىنلا ئىبارەتمۇ؟*

كىشىلەرنىڭ گۈزەللىك قارىشى ئوخشىمايدۇ. بۇ مۇنازىرە كەتمەيدىغان بىر ئەمەلىيەت. ھېرىس بىلەن ئۇنىڭ نېمىنى ياخشى كۆرۈش ـ كۆرمەسلىكى ھەققىدە تالاش ـ تارتىش قىلىشنىڭ ئەھمىيىتى يوق. ئەمما، بىراۋنىڭ گۈزەللىكنى تونۇش ئىقتىدارىنى ناچار دېگىلى، ئۇنىڭ ياخشى كۆرگەن نەرسىسىنى ئانچە ياخشى ئەمەس دېگىلى بولىدۇ. بۇ يەرگە كەلگەندە مۇنازىرە قىلغىلى بولىدۇ.

گۈزەللىك قارىشى ھەققىدە مۇنازىرە قىلغىلى بولمايدۇ دېگۈچىلەر نوقۇل بۇ تەرەپىنىلا كۆزدە تۇتقان ئەمەس. بىزنىڭچە، خاتالىق ئۇلارنىڭ سۆزىنىڭ ئۆزىدە بولماستىن، بەلكى، شۇ سۆزنىڭ سىرتىدا. ئۇلار كىشىلەرنىڭ بىر نەرسىنى ياخشى كۆرۈش ـ كۆرمەسلىكنى چىقىش قىلىپ، بۇ ئىش شۇنداق دېگەندەك خۇلاسىنى چىقىرىدۇ. مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئۇلارنىڭ خۇلاسىسى شۇكى، بەدىئىي ئەسەر ياكى گۈزەل نەرسىلەرنى

مۇھاكىمە قىلغانىدى، كىشىلەرگە تونۇش مۇنداق بىر ئىپادىنى نامايان قىلىدۇ: «مەن ئۇنىڭ گۈزەل ياكى گۈزەل ئەمەسلىكىنى بىلمەيمەن، لېكىن ئۇنى ياخشى كۆرىدىغىنىمنى بىلىمەن».

بۇ خۇلاسە گۈزەللىكنى تامامەن سۇبيېكتىپ قاراشقا ياكى نەقلەن ئېيتقاندا، تامامەن خاس بولغان گۈزەللىك قارىشىغا ئايلاندۇرۇپ قويغان. كىشىلەر بەزىدە چىنلىق ۋە ياخشىلىققا قارىتا ئاشۇنداق مەيداندا بولىدۇ. ئۇلار مېنىڭ نەزىرىمدە ھەقىقەتكە ئوخشىغان نەرسىلەرنىڭ بارى ھەقىقەت، ماڭا مۇۋاپىق كەلگەن نەرسىلەرنىڭ بارى ياخشى دېيىشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار چىنلىق (ھەقىقەت) ۋە ياخشىلىقنى مۇنازىرە كەتمەيدىغان دەرىجىدىكى بەدىئىي زوق مەسىلىسىگە كەلتۈرۈپ قويغان.

بىز ئەمدى ئۇلارنىڭ خاتالىقىنى چۈشەندۈرۈپ ئۆتەيلى. ئەگەر بىرسى ماڭا «مېنىڭ نەزىرىمدە ئۇ نەرسە قىزىل» دېسە بۇ ھەقتە مۇنازىرە قىلىپ ئولتۇرۇش ئەخمەقلىق. ئۇ نەرسىنىڭ ماڭا كۆك رەڭ كۆرۈنۈشىدىن ئىبارەت بۇ ئەمەلىيەت ئۇنىڭ كىشىلەرنىڭ نەزەرىدىكى ھالىتى بىلەن مۇناسىۋەتسىز. بەلكىم مەن ئۇنىڭغا ئۇنىڭ ئۈستىگە چۈشكەن قىزىل شولىدىن ئالدىنىپ قالدىڭ، ئەمەلىيەتتە، ئۇ نەرسە قىزىل ئەمەس، كۆك رەڭ دەپ ئەسكەرتىشىم مۇمكىن. ھەتتا، مەن فىزىكىلىق تەجرىبە ئارقىلىق بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلاپ بەرگەندىن كېيىنمۇ، ئۇ نەرسە ئۇنىڭغا قىزىل كۆرۈنۈشى مۇمكىن، ئەمما ئۇ سىرتقى قىياپەت بىلەن ئەمەلىيەتنىڭ پەرقىنى تونۇپ يېتىدىغان بولىدۇ.

مەلۇمكى شەيئىلەرنىڭ تاشقى ھالىتى ھەققىدە تالاش ـ تارتىش قىلىشنىڭ ئەھمىيىتى يوق، شەيئىلەرنىڭ ماھىيىتى ھەققىدە تالاش ـ تارتىش قىلىش پايدىلىق. ئوخشاشلا، ئەگەر بىرسى سېنىڭ ئالدىڭدا بەدىئىي ئەسەرلەرنىڭ ئىچىدە مەلۇم بىرىنى ياخشى كۆرىمەن ياكى ياخشى كۆرمەيمەن دېسە، ئۇ مۇنازىرە كەتمەيدىغان سۇبيېكتىپ پىكىرنى ئىپادىلىگىلى

بولىدۇ. ئەمما، ياخشى تەنقىدچى بىر پارچە ئەسەرنىڭ ئارتۇقچىلىقى ۋە كەمچىلىكى ھەققىدىكى ئوبيېكتىپ ھۆكۈمنى ئىپادىلەشكە تىرىشىدۇ. ئۇلار ئۆزى ھەققىدە ئەمەس، ماددىي نەرسە ھەققىدە توختىلىۋاتىدۇ.

ياخشى ھۈنەر بىلەن ناچار ھۈنەرنىڭ پەرقىنى ھەممىمىز دېگۈدەك بىلىمىز. ئەگەر بىز بىر ياغاچچىغا شىرە ياساپ بېرىشنى بۇيرۇساق، ياغاچچى شىرەنى ناچار ياسىسا، بىز بۇ شىرە لىڭشىپ تۇرىدىكەن، پۇتلىرى ئاجىز بولغاچقا، ئۆز ئېغىرلىقىنى كۆتۈرەلمەيدىكەن دەپ ئۇنىڭ ناچار تەرەپلىرىنى كۆرسىتىشىمىز مۇمكىن. ياغاچچىلىقتىكى قائىدە بىلەن باشقا سەنئەتتىكى قائىدىلەر تامامەن ئوخشاش بولۇپ، گۈزەل سەنئەت ئەسەرلىرىنىڭمۇ ياخشىسى ۋە ناچىرى بولىدۇ. ياخشى ياسالغان نەرسىنىڭ مەلۇم ئوبيېكتىپ ئالامەتلىرى بولىدۇ، ئالاھىدە بىر سەنئەتنىڭ ياخشى - يامىنىنى تونۇيدىغان ئادەم ئۇنى بايقىيالايدۇ.

بىر كۈينىڭ ئارتۇقچىلىقىنى بىلىش ئۈچۈن مۇزىكا ھەققىدىكى بىلىمگە ئىگە بولۇشى كېرەك. ئەگەر بىراۋدا بۇنداق بىلىم كەمچىل بولسا، ئۇ بۇ مۇزىكىنى ياخشى كۆرىمەن ياكى ياخشى كۆرمەيمەن دېيەلەيدۇ، خالاس. شۇنداق دېگەن ئادەم ئۆزىنىڭ مۇزىكا ساھەسىدە بىلىمسىز ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلغان بولىدۇ. ئۇ پەقەتلا مۇزىكىنى ياخشى كۆرىمەن ياكى ياخشى كۆرمەيمەن دېيىشى مۇمكىن. ئۇ بۇ جەھەتتە بىلىمسىز بولغانىكەن، بۇ ھەقتە ئاساسى بار باشقىلارنىڭ ئوبيېكتىپ ھۆكۈم چىقىرىشقا ھوقۇقلۇق ئىكەنلىكىنى تەن ئېلىشى كېرەك.

بەدىئىي ئەسەرنىڭ گۈزەللىكىنى تامامەن شەخسىي گۈزەللىك قارىشى مەسىلىسى دېگەن پىكىردە چىڭ تۇرىدىغانلارغا قويىدىغان سوئاللىرىمىز بار: بەزىلەرنىڭ گۈزەللىك دىتى يەنە بەزىلەردىن يۇقىرى بولامدۇ؟ بەزىلەرنىڭ بەدىئىي زوقى ياخشى

بولۇپ، يەنە بەزىلەرنىڭ ناچار بولامدۇ؟ بىر ئادەم ئۆزىنىڭ بەدىئىي زوق ئىقتىدارىنى ياخشىلىيالامدۇ؟

بۇ سوئاللارغا بېرىلگەن مۇئەييەنلەشتۈرۈش خاراكتېرلىك جاۋاب بىزگە شۇنى ئېنىق قىلدۇرىدۇكى، بەدىئىي ئەسەر ھەققىدىكى تەنقىدىي ھۆكۈمدە ئوبيېكتىپ ئۆلچەم بولىدۇ. ياخشى گۈزەللىك قارىشى ئوبيېكتىپ جەھەتتە نىسبەتەن ياخشى بولغان نەرسىلەرنى ياخشى كۆرۈشتىن ئىبارەت. مەلۇم بىر سەنئەتكە ياخشى قاراشتا بولۇش ئۈچۈن شۇ ساھەدە بىلىمگە ئىگە بولۇش كېرەك ھەم ئەسەردىكى ئارتۇقچىلىقنى بايقاشنى ئۆگىنىۋېلىش كېرەك.

ئەسەرنى گۈزەل ياكى خۇنۇك قىلىدىغان ئوبيېكتىپ ئۆلچەم بولمىسا كىشىلەرنىڭ گۈزەللىك قارىشىنى ياخشى ياكى يامان دەپ ئايرىغىلى بولمايدۇ، شۇنداقلا شەخسنىڭ گۈزەللىك قارىشىنى ياخشىلاش ئۈچۈن تىرىشىشنىڭ ھاجىتى بولمايدۇ.

---

## 89. ئىجادىيەت ئىقتىدارى ئادەمنىڭ ئۆزىدىن كېلەمدۇ ياكى ئىلاھتىن كېلەمدۇ؟

ئۇرغۇن ھازىرقى زامان يازغۇچىلىرى «ئىجادىيەت ئىقتىدارى» دېگەن سۆز ئارقىلىق ئىنسانلارنىڭ ھەممە پائالىيىتىنى چۈشەندۈرىدۇ. گويا بۇ سۆز بىزنىڭ ھەممە ئىشلىرىمىزنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدىغان ئاجايىپ، سىرلىق كۈچتەك ئىدى. بۇ سۆزنىڭ تېخىمۇ ئېنىق، ئەقىلگە ئۇيغۇن مەنىسى بارمۇ؟ بىز ئۇنى شائىرلار ۋە سەنئەتكارلارنىڭ پائالىيىتى بىلەن چەكلەپ قويۇشىمىز كېرەكمۇ ياكى ئىجادىيەت كۈچىنىڭ مەنىسى ئۇنىڭدىنمۇ كەڭمۇ؟ ئىجادىيەت ئىقتىدارى

نەدىن كېلىدۇ؟ ئۇ ئىنسانلارنىڭ ئۆزىدىن كېلەمدۇ ياكى خۇدادىن كېلەمدۇ؟

---

ئىنسانىيەتنىڭ ئىجادىيەت ئىقتىدارى ئىنسانلار ئاپىرىدە قىلىشتىن ئىلگىرى مەۋجۇت بولمىغان نەرسىلەرنى ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللىنىش ئىقتىدارىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ ئۆي، قار قۇر، كېمە، رەسىم، ھەيكەل ياكى شېئىر قاتارلىق تۈرلۈك سەنئەتلەرنى ئىجاد قىلىش جەريانىدا نامايان بولىدۇ. ئەڭ كەڭ مەنىدىكى ئىجادىيەت ئىقتىدارى ئىنسانىيەت پائالىيىتىنىڭ بارلىق ساھەلىرىدىكى يارىتىش ئىقتىدارىدىن ئىبارەت بولۇپ، شەھەر لايىھىلەشتىن تارتىپ پەلسەپىۋى پىكىرگە قەدەر ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

«ئىجادىيەت ئىقتىدارى» دېگەن سۆز شۇ قەدەر ئومۇملاشتىكى، ھەتتا بىز ئۇنىڭ ئەسلىدىكى دىنىي مەنىسىنى نەزەردىن ساقىت قىلىۋەتتۇق. بىر نەرسە ئىجاد قىلىش ئىقتىدارى ئەسلىدە خۇداغىلا تەئەللۇق ئىدى. بۇ ئىبارە بىلەن ئىنسانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىنى تەسۋىرلەش بىر خىل ئىستىئارە (مەجاز) بولۇپ، ئىنسانلارنىڭ سەنئىتى بىلەن خۇدانىڭ يارىتىشىنى سېلىشتۇرۇشقا ئاساسلانغان. بۇنداق سېلىشتۇرۇش يەھۇدىي - خرىستىئان دىنى ئەنئەنىلىرىدە نامايان بولۇپ قالماستىن، ئەپلاتوننىڭ پەلسەپىسىدىمۇ نامايان بولىدۇ. ئەپلاتون خۇدانى «مۇقەددەس سەنئەتكار» دېگەنىدى. ئەپلاتوننىڭ قارىشىچە، ئىجادىيەت ئىقتىدارى ئىككى خىل بولىدۇ: بىرى، ئىلاھى؛ يەنە بىرى، ئىنسانىي. بىرىنچىسى، تەبىئەت دۇنياسىنى پەيدا قىلغان ئىلاھىي كۈچنى كۆرسىتىدۇ؛ ئىككىنچىسى، ئىلاھىي كۈچتىن پەيدا بولغان ئىقتىدارنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن، ئىنسانلار تەبىئەتتىكى ماددىلاردىن

پايدىلىنىپ سەنئەت بۇيۇملىرىنى ئىجاد قىلىدۇ. قەدىمكى يۇنان ئەپسانىلىرىدە يېرىم ئىلاھى پرومېتى ئىلاھلارنىڭ ئىجادىيەت ئىقتىدارىنى ئوغرىلاپ ئىنسانلارغا يەتكۈزۈپ بېرىدۇ. ئەنگلىيە پەيلاسوپى سىر شاپتىسبورى «ھەقىقىي شائىر ئىككىنچى ياراتقۇچى بولۇپ، ئۇ ئىلاھنىڭ قولى ئاستىدىكى پرومېتى» دېگەنىدى.

يۇنان ئەنئەنىلىرىدە بەدىئىي ئىجادىيەت ئىقتىدارى مەشىق، ئىختىيارىيلىق ۋە ماھارەت بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك ئىدى. ئۇ تەدرىجىي ھەم مېھنەتلىك جەريان. ھازىرقى زامان كىشىلىرى بىئىختىيار تەبىئىي ئىجادىيەت مەنبەسىگە بەكرەك كۆڭۈل بۆلىدۇ. كېيىنكى غەيرىي ئەقلى، ئاڭسىز ئىجادىيەت مەنبەسى ھەققىدىكى ئىدىيىنىڭ پېشۋاسى ئەپلاتون ئىدى.

ئەپلاتون ئاساسەن سەنئەت ئاڭلىق، ئەقلىي ماھارەت دېگەن ئۇقۇمنى قوبۇل قىلاتتى. لېكىن، ئۇ بەزى شېئىرلارنىڭ قېتىرقىنىشنىڭ مەھسۇلى بولماستىن، بەلكى ئىلاھىي ۋەھىينىڭ مەھسۇلى ئىكەنلىكىنى بايقىغان. شۇنداق ئىكەن، شائىر پەيغەمبەر ياكى بېشارەتچىگە ئوخشايدۇ. ئىلاھە مۇسې ئۇنىڭ ئېغىزىدىن سۆزلەيدۇ. ئەپلاتون يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ كۆرسەتتىكى، ئىنسانلارنىڭ ئىجادىيەت ئىقتىدارى مۇھەببەتنىڭ قۇدرىتىدىن كەلگەن — مۇقەددەس مۇھەببەت ئىلاھى ئىنسانلارنى «گۈزەللىك يارىتىش» قا ئۈندەيدۇ. ئۇ ئىنسانلارنىڭ ئىجادىيەت ئىقتىدارىنى ئاشىقلارنىڭ گۈزەللىك ۋە ياخشىلىقتىن ئورتاق بەھرىمەن بولۇش ئىستىكى بىلەن زىچ باغلايدۇ.

دەۋرىمىزگە كەلگەندە، فرويد باشقا بىر نۇقتىدىن چىقىپ يۇقىرىقىغا ئوخشاش خۇلاسىگە كەلدى. ئۇنىڭ قارىشىچە، بەدىئىي ئىجادىيەتنىڭ مەنبەسى ئىنسانلارنىڭ يوشۇرۇن ئېڭىدا بولۇپ، كەيپىياتتىكى ھەيدەك كۈچنىڭ ئىپادىلىنىشىدۇر.

بەزىدە فروئىد سەنئەتنى ئارزۇنىڭ ئەمەلىيلىشىشى ياكى رېئاللىقتىن قېچىشى دەپ قارايدۇ. ئۇ يەنە بەدىئىي ئىجادىيەتتە ئاكتىپ ماھارەت ئامىلىنىڭ بولىدىغانلىقىنىمۇ تەكىتلەيدۇ. ئومۇ ئەپلاتوندەك ئىجادىيەتنى مۇھەببەت ئىلاھىنىڭ ئەسىرى، يەنى كىشىلىكنىڭ ئاكتىپ، ئىجابىي كۈچ بىلەن سەلبىي، قورۇتقۇچى كۈچ ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇشنىڭ مەھسۇلى، دەپ چۈشىنىدۇ.

ئۇرغۇن كىشىلەر ئىجادىيەت ئىقتىدار ھەققىدە ئىزدىنىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ گويا بىزنىڭ ئىگىلىشىمىزگە كۆنمەيدىغان نەرسىدەك قىلاتتى. مەكتەپلىرىمىز ئەۋلىيا - ئەنبىيالارنى تەربىيىلەشكە قادىر بولالمىغاندەك ئىجادىيەتچىلەرنى تەربىيىلەشكىمۇ قادىر بولالمايدۇ. ئىجادىيەت ئىقتىدارى ھەمىشە دېگۈدەك ياخشى شارائىتتا يېتىلەپ قېلىپ، ناچار شارائىتتا، چېچەك ئېچىپ مېۋە بېرىدۇ . ئىجادىيەت ئىقتىدارى بىز خالىغىنىمىزچە پەيدا قىلالايدىغان نەرسە ئەمەس.

ئىجادىيەت ھەققىدە قاراشلىرىمىزدا دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك بىر ئۆزگىرىش بولدى. ئۇ يېقىنقى دەۋرلەرگە قەدەر ئۇلۇغ ئىجادىيەتچى ۋە سەنئەتكارلارغا ئوخشاش تالانت ئەركىلىرىگە مەنسۇپ دېيىلەتتى. ئەمەلىيەتتە بىز ئىجادىيەت ئىقتىدارىنى ئىنسانلاردا ئومۇمىيۈزلۈك مەۋجۇت بولغان ئىقتىدار بولۇپ، ھەممە ئادەمدىن ئاز - تولا تېپىلىدۇ، دەپ قارايدىغان بولدۇق.

## ئاساسلىق ئەسەرلەر

爱斯齐勒斯:《被缚的普罗米修斯》

ئېسخىلوس: «بەنت قىلىنغان پرومېتېي»

柏拉图:《菲多篇》;《国家篇》;《法律篇》

ئەپلاتون: «فېدو ھەققىدە»، «غايىۋى دۆلەت»، «قانۇن ھەققىدە»

亚里士多德:《诗学》;《修辞学》;《政治学》;《伦理学》;《形而上学》

ئارىستوتېل: «شېئىرىيەتشۇناسلىق»، «ئىستىلىستىكا»، «سىياسەتشۇناسلىق»، «ئېتىكا»، «مېتافىزىكا»

卢克莱修:《物性论》

لۇكرېتسىي: «ماددا توغرىسىدا»

普罗提诺:《恩尼阿德》

پلوتىنۇ: «ئېننېئادېس»

阿奎那:《基督教箴言隽语集》

ئاكۋىنا: «خرىستىئان ئەقلىيەلىرى»

霍布斯:《利维坦》

ھوببېس: «لېۋىتان»

蒙田:《随笔集》

مونتەينى: «خاتىرىلەر»

培根:《新工具》

بېكون: «يېڭى قورال»

卢梭:《论人类社会不平等的起源和基础》

رۇسسو: «ئىنسانلار جەمئىيىتىدىكى باراۋەرسىزلىكنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە ئۇنىڭ ئاساسلىرى»

康德:《判断力批判》

كانت: «ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارى ئۈستىدە تەنقىد»

黑格尔:《历史哲学》

گېگېل: «تارىخ پەلسەپىسى»

弗洛伊德:《文明及其不满》

فروئىد: «مەدەنىيەت ۋە كەمتۈكلۈك»

# باشقا ئەسەرلەر


L. 阿伯克龙比:《艺术论》、《诗论》

ئابېركرومبى: «سەنئەت ھەققىدە»، «شېئىر ھەققىدە»

马休·阿诺德:《评论集》

ماتى ئارنولد: «ئوبزورلار»

培根:《论说文集》

بېكون: «مۇھاكىمىلەر توپلىمى»

亨利·伯格森:《笑:论喜剧的意义》

ھېنرى بېرگسون: «كۈلكە: كومېدىيىنىڭ مەنىسى»

布尔克哈德:《意大利文艺复兴时期的文化》

J. بوركخارد: «ئىتالىيە ئەدەبىي گۈللىنىش دەۋرىدىكى مەدەنىيەت»،

爱德蒙·伯克:《关于崇高与美的观念起源的哲学探讨》

ئېدموند بۇركى: «يۈكسەكلىك ۋە گۈزەللىكنىڭ مەنبەسى ھەققىدە پەلسەپىۋى ئىزدىنىش توغرىسىدا»

S. T. 格勒律治:《传记文学》

S.T . كلورىدگې: «بىئوگرافىيىلىك ئەدەبىيات»

B. 克罗齐:《作为表现科学与一般语言学的美学》、《美学的本质》

B . كىروچې: «ئىپادىلەش ئىلمى ۋە ئومۇمىي تىلشۇناسلىق ئېستېتىكىسى»

约翰·杜威:《经验的艺术》

جون دېۋېي: «تەجرىبە سەنئىتى»

T. S. 艾略特:《散文选:诗歌与批评的用途》

T.S . ئېلئوت: «نەسرلەر توپلىمى: شېئىر ۋە تەنقىدنىڭ رولى»

弗洛伊德:《论创造力与无意识》;《智慧以及它与无意识的关系》

فروئىد: «ئىجادىي قابىلىيەت ۋە ئاڭسىزلىق»، «پاراسەت
ۋە ئۇنىڭ ئاڭسىزلىق بىلەن مۇناسىۋىتى»

艾里克·R. P. J. 吉尔:《艺术、谬论及其他论文》、《美会料理自己》

ئېرىك گىلل: «سەنئەت، سەپسەتە ۋە باشقىغا ئائىت
ماقالىلەر»، «گۈزەللىك ئۆز ـ ئۆزىدىن خەۋەر ئالالايدۇ»

威廉·黑兹利特:《概要与随笔》

ۋىليام ھازلىت: «يەكۈنلەر ۋە خاتىرىلەر»

贺拉斯:《诗论》

خوراتىئۇس: «شېئىرىيەت سەنئىتى»

亨利·詹姆斯:《小说艺术》

ھېنرى جامىس: «پروزا سەنئىتى»

S. 克尔凯戈尔:《非此即彼》、《人生道路的诸阶段》

S. كېركىگارد: «ئۇ ياكى بۇ»، «كىشىلىك ھاياتىنىكى
باسقۇچلار»

G. E. 莱辛:《拉奥孔》

G. E. لېسسىڭ: «لائوكون»

隆吉诺斯:《论崇高》

لانگىنۇس: «يۈكسەكلىك ھەققىدە»

P. 卢伯克:《虚构的艺术》

P. لۇبوك: «توقۇلما قىلىش سەنئىتى»

雅克·马利丹:《艺术与经院哲学》

جاككۇيس مارىتائىن: «سەنئەت ۋە مەدرىسە پەلسەپىسى»

乔治·梅瑞狄斯:《论喜剧与喜剧精神的用途》

جورجى مېرېدىس: «كومېدىيە ۋە كومېدىيە روھىنىڭ ئىشلىتىلىشى»

威廉·莫里斯:《艺术的目标》,《艺术与社会主义》,《艺术的希望与恐惧》

ۋىليام موررىس: «سەنئەتنىڭ مەقسىتى»، «سەنئەت ۋە سوتسىيالىزم»، «سەنئەتتە ئۈمىد ۋە ۋەھىمە»

尼采:《悲剧的诞生》

نىچشى: «تراگېدىيىنىڭ كېلىپ چىقىشى»

G. 奥尔特基:《艺术的非人性》

گاسست ئورتېگى: «سەنئەتنىڭ غەيرىي ئىنسانىيلىشىشى»

奥托·兰克:《艺术与艺术家》

ئوتتو رانك: «سەنئەت ۋە سەنئەتكار»

赫伯特·E. 里德:《艺术与工业》;《艺术的意义》;文学的本质

ھېربېرت رىد: «سەنئەت ۋە سانائەت»، «سەنئەتنىڭ مەنىسى»، «ئەدەبىياتنىڭ ماھىيىتى»

J. 雷诺:《艺术论》

J. رىنو: «سەنئەت ھەققىدە»

I. A. 理查德:《修辞学的哲学》;《文学批评的原则》;《实用批评》

I. A. رىچارد: «ئىستىلىستىكا پەلسەپىسى»، «ئەدەبىي تەنقىد پرىنسىپلىرى»، «ئەمەلىي تەنقىدچىلىك»

J. 罗斯金:《现代画家,威尼斯的石头》,《芝麻与百合》

جون رۇسكىن: «ھازىرقى زامان رەسساملىرى»، «ۋېنېتسىيىنىڭ تېشى»، «كۈنجۈت ۋە پىياز گۈلى»

乔治·桑塔亚那:《美的感觉》;《艺术中的理性》;《诗与宗教的诠释》

جورجى سانتايانا: «گۈزەللىك تۇيغۇسى»، «سەنئەتتىكى ئىدراك»، «شېئىر بىلەن دىنىنىڭ شەرھى»

萧伯纳:《戏剧主张与论文》

بېرنارد شاۋ: «دراما تەشەببۇسى ۋە ماقالىسى»

托尔斯泰:《什么是艺术》

لېۋ. تولستوي: «سەنئەت دېگەن نېمە؟»

M.凡多伦:《高贵的声音—对十首诗歌的研究》

ۋان دورېن: «ئالىيجاناب سادا — 10 پارچە بۈيۈك شېئىر ئۈستىدە تەتقىقات»



## توققۇزىنچى باب

# مۇھەببەت ۋە دوستلۇق

مۇھەببەت كۆرسەتكەن نىشانغا توغرا يولنى بويلاپ ماڭغان ئادەم يولنىڭ مەلۇم بىر چېكىگە بارغاندا، بىر گۈزەللىكنى بايقاپ قالىدۇ، مانا بۇ بىزنىڭ ئۆمۈر بويى ئىزدىشىمىزنىڭ سەۋەبى.

## 90. مۇھەببەتنىڭ تۈرلىرى

مۇھەببەت دۇنيانى مۇكەممەل قىلىدۇ، مۇھەببەت ھەممىنى بويسۇندۇرىدۇ، دەيدۇ شائىر بىرى. لېكىن، «مۇھەببەت» دېگەن نېمە؟ قىزغىنلىق، رىشتە، زوقمەنلىكمۇ؟ مۇھەببەتنىڭ تۈرلىرى كۆپ، ئۇلاردىكى ئورتاق نەرسە نېمە؟

---

«مۇھەببەت» دېگەن سۆزنى ئاڭلىغىنىمىزدا، قىز ـ ئوغۇللار مۇناسىۋىتى ئېسىمىزگە كېلىدۇ. روشەنكى، بۇ مۇھەببەتنىڭ ئىنتايىن ئەمەلىي ھەم روشەن شەكلى. ئۇ ئۇلۇغ دراممىلارنىڭ، ھوللىۋۇدتىكى كىنولارنىڭ، رومانتىك ھېكايىلەرنىڭ كېلىش مەنبەسى بولۇپلا قالماستىن، نىكاھ ۋە مەڭگۈلۈك قوشۇلۇشنىڭ ئالدى تۈپ شەكلى.

لېكىن، بۇ پەقەت مۇھەببەتنىڭ بىرلا شەكلى. مۇھەببەت داۋىدنىڭ بازىقا بولغان مۇھەببىتىلا بولۇپ قالماستىن، داۋىد ئەلەيھىسسالام بىلەن يۇناسەن ئوتتۇرىسىدىكى مۇھەببەتنىمۇ كۆرسىتىدۇ. داۋىدنىڭ «ئابسالوم، بالام، بالام» دەپ يىغلىنىشلىرىدىمۇ مۇھەببەت بار. يەنە ھەر خىل مۇھەببەت بار، مەسىلەن، ئەپلاتوننىڭ سوقراتقا بولغان مۇھەببىتى، ئېيسا بىلەن ئۇنىڭ مۇرىتلىرى ئوتتۇرىسىدىكى مۇھەببەت، بىر دىنغا ئەۋە مۇخلىسلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇھەببەت قاتارلىقلار. يەنە كىشىلەرنىڭ يۇرتىغا ياكى تۇرۇشلۇق ئورنىغا، ئائىلىسىگە، غايىسىگە ۋە خۇداغا بولغان مۇھەببىتىمۇ بار.

ئەنە شۇنداق كۆپ خىل مۇناسىۋەتنى ئوخشاش بىر ئىبارە

بىلەن ئىپادىلىگەنلىكىمىز ئۈچۈن قىيىنىلىمىز. يۇنانلىقلار ئېنىق بىر نېمە دېمىگەن بولۇپ، ھەمىشە دېگۈدەك ئۈچ سۆز بىلەنلا يەكۈنلەيتتى. بىز بۇ سۆزلەرنى «دوستلۇق»، «ھەۋەس»، «مېھرىبانلىق» دەپ ئاتىمىز. دوستلۇق يۇناشەن، داۋىدلار ئوتتۇرىسىدىكى پاكى ھەمراھلىق مۇھەببىتىدۇر، گەرچە تامامەن شۇنداق بولىدۇ دېمىگەندىمۇ، دوستلۇق ئومۇمەن ئوخشاش جىنسلار ئوتتۇرىسىدا بولىدۇ. ھەۋەس بىر خىل تەشنالىق بولۇپ، بۇ خىل تەشنالىق ئارزۇ قىلىنغان نەرسىگە ئېرىشىلگەندىلا قانىدۇ. بۇ ئادەتتە ئەر - ئاياللار ئوتتۇرىسىدىكى جىنسىي مۇھەببەتتە بولىدۇ. مېھرىبانلىق دىنىي تۈستىكى مۇھەببەت بولۇپ ئۇ ئادەم بىلەن ئىلاھ ۋە ئادەم بىلەن ئادەم ئوتتۇرىسىدىكى مۇھەببەتنى كۆرسىتىدۇ. «ئىنجىل» دا كۆرسىتىلگەن مۇھەببەت ئىلاھنىڭ بەندىلىرىگە قىلغان ھىممىتىگە تەققاس ھالدا، ئىلاھ ۋە قوشنىلارنى سۆيۈشتىن ئىبارەت. بۇ خىل مۇھەببەت ساخاۋەت، پىداكارلىق، خىزمىتىدە بولۇش قاتارلىقلارغا كۆڭۈل بۆلۈپ، مەلۇم بىر مەقسەتنى چىقىش قىلمايدۇ.

بۇ ئۈچ خىل مۇھەببەت، ھەتتا، جىنسىي ھەۋەس باشقا ئادەم پاكى ئىشلارغا قارىتا بولىدۇ. شۇڭا، مۇھەببەت باشقىلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك دېيەلىمىز بولىدۇ. ئۇنداقتا، ئۆزىنى سۆيۈشنى نېمە دەيمىز؟ قوشناڭنى ئۆزۈڭنى سۆيگەندەك سۆي دېگەن نەسىھەتتە ئۆزىنى سۆيۈشتىن بېرىلگەن بېشارەت بارغۇ؟ ئەخلاقشۇناسلار ۋە روھ ئانالىزچىلىرى ئۆزىنى مەركەز قىلغان مۇھەببەتكە كۈچىنىڭ بارىچە قارشى تۇراتتى. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، بۇ بىر خىل جاھىللىق ۋە خاملىق ئىدى. دېمەك چاكىنا جاھىللىقتىن ۋاز كېچىشىمىزگە دالالەت قىلىدۇ. بەلكىم، ئۆزىنى سۆيۈشنىڭ توغرىسى ۋە خاتاسى بولۇشى مۇمكىن، بىز ئۆزىمىزنىڭ ئاجىز تەرەپلىرىنى ياخشى كۆرمەسلىك،

ئۆزىنى ئۇنتۇۋېلىش ھەققىدىكى نەسىھەتلەرنى ئاڭلاپ تۇرىمىز. بىزدىكى چىنلىق ۋە ياخشىلىق زادى قايسى؟

يۇقىرىقى ئۈچ خىل مۇھەببەتنى پەرقلەندۈرۈش ئۇنداق ئاسان ئىش ئەمەس. مەسىلەن، فرانسىيىدە ئاشىق ـ مەشۇقلار بىر ـ بىرىنى «دوست» دەپ ئاتىشىدۇ ھەم ئۇلار ئوتتۇرىسىدا ھەقىقىي دوستلۇقنىڭ شەكىللىنىدىغانلىقىنى ھېچكىم ئىنكار قىلالمايدۇ. رومانتىك مۇھەببەتتىمۇ ئۆزىنى ھەقىقىي بېغىشلاش ۋە قۇربان قىلىشلار يۈز بېرىشى مۇمكىن. شەھۋانىي مۇھەببەتنى تېزگىنلەش دىنىي مۇھەببەتكە نىسبەتەن تەسىرەك. چۈنكى، ئۇ گويا ئادەمدىن يۇكسەككىچە، كىچىك بالىنىڭ چوكا كەمپۈت يېيىشىدىن ئىككى ياشنىڭ قەسىمىگە قەدەر ھەممە ئىشنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى.

فرويدنىڭ قارىشىچە، جىنسىي ئالاقە پاكى شەھۋانىي نەپسىدىكى مۇھەببەت ھايۋاننىڭ ئۆزى (تەبىئىي ئىقتىدارى) دىن كەلگەن بولۇپ، ئۇ مۇھەببەتنىڭ ئەڭ ئاساسلىق شەكلى ئىدى. باشقا شەكىللەر بولسا ئۇنىڭ ئالىيجاناب ئىپادىلىنىشى ئىدى. بىز بۇ پىكىرگە قارشىمىز. ئىشىنىمىزكى مۇھەببەت تۈپ جەھەتتىن ياخشىلىق ئىرادىسى بولۇپ، ئۇ باشقىلارغا ياخشى ئىشلارنىڭ بولۇشىنى ئۈمىد قىلىدۇ. مۇھەببەت بىر خىل ھايۋانىي ھېسسىيات ئەمەس، بەلكى بىر خىل ئىرادە ھالىتى. ئۇ ئەڭ ئاددىي شەكىللەردىمۇ بىر خىل بەدەلدۇر. بەدەل تۆلەشنىڭ نېمىلىكىنى بىلمەيدىغان ئادەم مۇھەببەتنىڭ ھەقىقىي مەنىسىنى مەڭگۈ چۈشەنمەيدۇ.

جىنسىي مۇھەببەت مەسىلىسى ھايۋانىي ھاياجان بىلەن گۈزەللىك تۇيغۇسى، مۇھەببەت قاتارلىقلارنىڭ غەلىتە ئارىلاشمىسىدۇر. بەلكى، ئادەم (غەلىتە ئارىلاشما مەخلۇق) — جىنسىنىڭ يەنە بىر سىرى بولسا كېرەك. جىنسىي مۇھەببەت كىشىلىكتىكى ئالاھىدە ئىش، ئادەم جىنسىي مۇھەببەتتە

تېخىمۇ چوڭقۇر مۇھەببەت ۋە چىنلىقنى ئىزدەيدۇ. جىنسىي مۇھەببەت ئىنسانىيەت بەختىنىڭ تۇسالغۇسى ئەمەس، بەلكى ئىشىكى.

---

## 91. مۇھەببەت ۋە ئىستەك

*مۇھەببەت بىلەن ئىستەكنىڭ قانداق پەرقى بار؟ بىزنىڭچە پەرق «بېرىش» بىلەن «ئېلىش» نىڭ قايسىسىنىڭ بەكرەك ئارتۇق ئىكەنلىكىدە. بىز دەۋاتقان مۇھەببەت مۇناسىۋىتى ئېھتىياج ۋە تەشنالىقنى قاندۇرۇش خۇشاللىقىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇمۇ؟ ئەر ـ ئاياللار ئوتتۇرىسىدىكى مۇھەببەت مۇناسىۋىتى ئۆچۈن ئېيتقاندا، ھەقىقەتەن شۇنداق. ئەر ـ ئاياللار ئوتتۇرىسىدىكى باردى ـ كەلدى «مۇھەببەت» مۇ، «ئىستەك» مۇ ياكى بۇ ئىككىسىنىڭ ئارىلاشمىسىمۇ؟*

---

بىرسى ئاۋگۇستىندىن: «ۋاقىت دېگەن نېمە؟» دەپ سوراپتۇ. ئاۋگۇستىن: «سورىمىغان چېغىمدا بىلەتتىم، چۈشەندۈرۈشكە كەلگەندە ئەقلىم لال بولۇپ قالىدۇ» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. مۇھەببەتنىمۇ چۈشەندۈرۈشمۇ ئەنە شۇنداق تەس. فروئىد ھاياتىنىڭ ئاخىرقى پەيتلىرىدە مۇنداق دەپ ئېيتىپتۇ: «ھازىرغا قەدەر مۇھەببەتنىڭ ماھىيىتىدىن گەپ ئاچالمايمەن. بىزنىڭ بىلىملىرىمىز ئۇنىڭغا يېتەلمەيدۇ...» روشەنكى بىزنىڭ مۇھەببەت ھەققىدە بىلىدىغانلىرىمىز ناھايىتى ئاز.» بىراق، پەيلاسوپلار، شائىرلار ۋە روھىي كېسەللىك دوختۇرلىرىنىڭ ئۇقتىسىزلىرى ئارقىلىق، مۇئەييەن چۈشەنچە ھاسىل

قىلالايمىز. چۈنكى، ئۇلار «مۇھەببەت دېگەن نېمە» دېگەن مەسىلىگە جاۋاب بېرىش ئۈچۈن تىرىشماقتا (ھەل قىلىشتىن تېخى يىراق بولسىمۇ) دېگەنىدى.

قىز ـ ئوغۇللار مۇھەببەتكە قەدەم قويغاندىن كېيىن، بىر ـ بىرىنى ئۆزئارا سېغىنىدۇ. بۇ سېغىنىش سۇ ۋە يېمەكلىكنى سېغىنىشقا ئوخشىمايدۇ. ئىنساننىڭ ئېھتىياجى ئىككى خىل بولىدۇ: بىرى، مۇھەببەتلىك ئېھتىياج؛ يەنە بىرى مۇھەببەتسىز ئېھتىياج. بىراۋ يەنە بىر كىشىنى خۇددى يېمەك ـ ئىچمەكنى سېغىنغاندەك سېغىنسا، بۇ نەپس بولىدۇ، ئۇ يۇتۇنلەي خۇسۇسىي بولىدۇ. جىنسىي مۇھەببەت روھ بىلەن تەننىڭ ئىجىللىقى بولۇپ، ئۇنىڭ ئىزدەيدىغىنى ئۆزئارا تونۇشۇش، چۈشىنىش، ھېسداشلىق قىلىش ۋە قۇربان بېرىشلەردە نېمىلىدىغان ئۆزىنىڭ قىممىتى.

«ياخشى كۆرۈش» ئاۋۋالمۇ، «ئېھتىياج» ئاۋۋالمۇ، ئېھتىياج مۇھەببەتنى پەيدا قىلامدۇ ياكى مۇھەببەت ئېھتىياجنى پەيدا قىلامدۇ، بەلكىم بىز بۇ سوئالغا ئېنىق جاۋاب بېرەلمەسمىز. ئارىستوتېلنىڭ قارىشىچە، مېھىر بۇرۇن بولىدۇ. فروئىدنىڭ قارىشىچە، جىنسىي مۇھەببەت ئېھتىياجتىن تۇغۇلىدۇ. قارىماققا بۇ مەسىلە ھەل بولمايدىغاندەك قىلاتتى، ئەمما بىز مۇھەببەتنىڭ پەيدا بولۇش شەكلىنى كۆزىتىپ باقساق بولىدۇ. ھەۋەس ئاۋۋال تۇرغان ئەھۋالدا قىز ـ ئوغۇلنىڭ بىرلىكى ئاسانلا بۇزۇلۇپ كېتىدۇ. مۇھەببەت ئاۋۋال تۇرغان ئەھۋالدا قىز ـ ئوغۇلنىڭ بىرلىكى ئۇزاققىچە مۇقىم بولىدۇ. چۈنكى، ئۇ ئاقىلانە تاللاش ئىدى.

شائىرلارنىڭ كۆزىتىشلىرى روھ ئانالىزى ۋە روھىي كېسەللىك دوختۇرلىرىنىڭ كلىنىكىلىق تەجرىبىلىرى گويا بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلىغاندەك قىلاتتى. مەشھۇر روھىي كېسەللىك دوختۇرى رېك مۇنداق يازىدۇ: «مۇھەببەت بىر ـ بىرىنى شەرت

قىلىدۇ. لېكىن بۇ ئۇلارنى بىردەك دېگەنلىك ئەمەس. . . شۈبھىسىزكى، بەزى روھ ئانالىزى دوختۇرلىرىنىڭ قارىشىچە، دۇنيادا مۇھەببەتتىن خالىي توقۇل شەھۋەت مەۋجۇت. ئۇلار شەھۋەتتىن خالىي مۇھەببەتنىڭ بارلىقىنى كەسكىن ئىنكار قىلىدۇ.» يەنە بىر روھىي كېسەللىك دوختۇرى فروم («مۇھەببەت سەنئىتى» دېگەن ئەسىرى بار) بىزنى مۇنداق ئاگاھلاندۇرىدۇ:

شەھۋەت باشتا ئادەمنى ئالدايدىغان ھالەت. . . شۇڭا، شەھۋەتكە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ھەقىقىي مۇھەببەت بىلەن جىنسىي مۇھەببەتنى پەرقلەندۈرۈش ئىنتايىن مۇھىم. ئەگەر بىرلىشىش قېرىنداشلارچە مۇھەببەت بولماي قالسا، ئۇ سۆيۈزۈق ھەم ۋاقىتلىق ئىش بولۇپ قالىدۇ.

ئۇلۇغ شائىرلار بۇ پىكىرنى قوللايتتى. ئۇلار بۇ تېمىغا بەك بېرىلگەچكە پسىخولوگلارنىڭ بايقاشلىرىغا ئاساس بولۇپ بەرگەن. گەرچە ئۇلار ئېنىق تەبىر بېرەلمىگەن بولسىمۇ، كىشىلىكتىكى مۇھەببەتنىڭ ئالاھىدىلىكىگە يېقىندىن كۆڭۈل بۆلگەن.

مۇھەببەتتىكى ھاياجان ھەققىدە شائىر مىلتونى قولدىن كەتكەن جەننەت دېگەن ئەسىرىدە مۇنداق يازىدۇ:

*يېگى شاراب مەست قىلسۇن مۇھەببەت ھەم رىشتىمنى،*
*سەيلە قىلسۇن ۋە شادلىقتا ئۇلار گويا جۇش كەبى.*
*ئىلاھلىق كۆكلىسۇن قانات بولۇپ ئۆتىشغا،*
*پەرۋازىدىن بۇ دۇنيا پەستە قالسۇن ئەبەدىي.*

مۇھەببەتنىڭ ئەبەدىيلىكى ھەققىدە شېكىسپىر مۇنداق يازىدۇ:

ئالالىسا بىر نەرسە مۇھەببەتنىڭ گۈزەللىكى،
ئۇ مۇھەببەت بولالماس ھەقىقىي ـ چىن مۇھەببەت.

جىسمانىي ۋە روھىي بىرلىككە كەلگەندە، دانتې مۇنداق يازىدۇ:

سۆيگۈ سىرى روھ ئىچىدە يېتىلگەي،
ھەم ۋۇجۇدنىڭ قاتلىرىغا پۈتۈلگەي.

قەدىمكى يۇنان ئەپسانىلىرىدە ئادەم ئەڭ باشتا ئۈنىۋېرسال گەۋدە بولۇپ، يېرىمى ئەر، يېرىمى ئايال ئىدى. بەتقىلىق بىر ئىلاھ ئادەمنى ئىككىگە ئايرىۋەتكەن بولۇپ، ئايرىلغان ئەر ـ ئاياللار تاكى ئۆز پۈتۈنلۈكىنى ياراتقانغا قەدەر ئۆزىنىڭ مۇناسىپ يېرىمىنى ئىزدەيدىغان بولغان. ھازىرقى زامان پسىخولوگلىرىمۇ شۇنىڭغا ساقرى بىر تېمىلەرنى دېگەن. مەسىلەن، «ئىنساننىڭ تۈپ ئېھتىياجى ھىجرانىي يېڭىپ، تەنھالىقنىڭ تۈرمىسىدىن قۇتۇلۇش» دېگەنلەردەك.

## 92. مەخلۇقنى سۆيۈش ۋە ئىنساننى سۆيۈش

روشەنكى، مۇھەببەتنىڭ نىشانىسى كۆپ. «سۆيىمەن قەھۋەنى، سۆيىمەن چاينى». بەزى مودا ناخشىلار ئەنە شۇنداق باشلانغان بولۇپ، ئەرلەرنىڭ ئاياللارنى سۆيۈشى ھەققىدە گەپ يوق ئىدى. ئىچكۈنى، تاماكىنى، پۇلنى، شان ـ شەرەپنى ياخشى كۆرۈش بىلەن ئادەمنى ياخشى كۆرۈش ئوتتۇرىسىدا ماھىيەتلىك پەرق يوقمۇ؟ ئۇ نوقۇل خۇسۇسىي ياخشى كۆرۈش بىلەن ھېسسىيات جەھەتتىكى ئۆزئارا تەپ يەتكۈزۈش ئوتتۇرىسىدىكى پەرقمۇ؟ ئۆزئارا مۇناسىۋەتكە قارىغاندا،

*نەرسىلەرنى ياخشى كۆرۈش پەقەت بىر تەرەپلىمە ياخشى كۆرۈشمۇ؟ «مۇھەببەت» دېگەن زادى نېمە؟*

---

دېكارت «روھىيەتتىكى ھاياجان» دېگەن ئەسىرىدە، «مۇھەببەت» نى مۇنداق بايان قىلىشقا بولىدۇ دەپ قارىغان: «مۇھەببەت، شۆھرەتپەرەسلەرنىڭ شەرەپ ئالدىدىكى، ھاراقكەشنىڭ ھاراق ئالدىدىكى، ئىشقۋازنىڭ ئايال ئالدىدىكى، كىشىلەرنىڭ دوست ياكى خوجايىن ئالدىدىكى، دادىنىڭ پەرزەنتلىرى ئالدىدىكى ساداقىتىدۇر.» دېكارت مۇھەببەتنى مەلۇم نەرسە ياكى ئادەم بىلەن بىللە بولۇش ئىرادىسىدىن ئىبارەت دەپ چۈشەندۈرگەن. شۇڭا، شۇنىڭغا ئائىت ھېس ـ ھاياجانلارنى مۇھەببەتنىڭ شەكلى دەپ قارىغان. ئەمما، ئۇ ماھىيەتلىك پەرقىنىڭ بارلىقىنىمۇ كۆرسەتكەن.

دېكارت ئېيتقانكى، شۆھرەتپەرەسلەر، بېخىللار، ھاراقكەشلەر، ئىشقۋازلار پەقەت ئۆزلىرىنىڭ خۇشاللىقىنىلا ئىزدەيدۇ، ئۆزىنىڭ ئوبيېكتىنى ھۆرمەت قىلمايدۇ. ئۇ ئوبيېكتىنى ئۆزىنىڭ قىلىۋېلىشىنىلا ئويلايدۇ. بۇ خىل مۇھەببەت ئادەمنى شادلىق قورالىغا ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ. ئەكسىچە، دوستلار، ئاشىقلار ۋە ئانىلار ئۆزلىرى سۆيگەن كىشىلىرىگە بەخت تىلەيدۇ، ئۇلار ئۇچۇن ئۆز مەنپەئەتىنى قۇربان قىلىدۇ.

دېكارت ئەنئەنىدىكى «شەھۋەت» بىلەن «مۇھەببەت» نى ئايرىۋېتىشكە قارشى ئىدى. ئۇنىڭ قارىشىچە، بۇ ئىككىسىنى ئەمەلىيەتتە ئېنىق ئايرىغىلى بولمايدۇ. بىز ئۆزىمىز ئىنتىلگەن ۋە يېقىنلىشىشنى ئىزدىگەن ئوبيېكتقا نىسبەتەن مۇھەببەت ھېس قىلىمىز. «ئەگەر بىز ئېرىشىشنىڭ مۇۋاپىق ياكى مۇۋاپىق ئەمەسلىكىنى خالىشىمىز يوق ھالدا ھۆكۈم قىلساق» بۇ خىل

جىمائ مۇناسىۋىتىدە ھەقىقىي مۇھەببەت بولمايدۇ، پەقەت مەنىسىز شەكىللا بار.

ئاشىنىدارچىلىق بىلەن بولۇپ كەتكەن مۇھەببەت شەھۋانىيلىقتىن باشقا نەرسىلەر ئەمەس. نۇرغۇن ئادەملەر بۇ خىل مۇھەببەتنى چەكلەنگەن دائىرىدىكى مۇھەببەت، باشقىلىرىنى بولسا ياپيا مۇھەببەت ۋە يۈكسەلمە مۇھەببەت دەپ ئاتايدۇ. باشقا بىر تۈركۈم كىشىلەرنىڭ قارىشىچە، بۇ خىل مۇھەببەت ئۆزىنى قاناﺋەتلەندۈرۈش بولۇپ، ھەقىقىي مۇھەببەت بولۇپ ھېسابلانمايدۇ. تولستوي ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە ھاۋايى - ھەۋەسكە قارشى تۇرغان. ئۇ «بۇنداق ساختا مۇھەببەتنى مۇھەببەت دېيىشكە توغرا كەلسە، ئادەم بىلەن ھايۋاننىڭ نېمە پەرقى قالىدۇ» دېگەن.

جىنسىي مۇھەببەتنى ئۆزىنى قاناﺋەتلەندۈرۈش دەيدىغان نۇقتىئىنەزەر كۆپ تالاپەتلەرگە ئۇچرىدى. بىرىنچىدىن، مۇھەببەت ئەر - خوتۇنلۇق مېھرىنىڭ ئامىللىرىغا ئىگە بولۇپ، رىشتە بىرلىكىنىڭ تىپى بولمىش ئائىلىنىڭ ئاساسى. ئىككىنچىدىن، تەن ۋە گۈزەللىك ئۆلچىمىدىن ئېيتقاندىمۇ، ئۆزئارا مۇھەببەت كۆڭۈلدىكىدەك شېرىن تۇرمۇشنىڭ ئاسلى. ئۈچىنچىدىن، يېقىن كىشىلىك مۇناسىۋەتتە تەن بىلەن روھنى ئايرىش مۇمكىن بولمىسىمۇ، ئىنتايىن تەس.

«ئىنجىل» دا بۇنداق ئايرىغىلى بولماسلىقتىن ئاز - تولا بېشارەت بېرىدىغان بىر سۆز بار، ئۇ بولسىمۇ «تونۇش». ھەقىقىي مۇھەببەت مۇناسىۋىتىدە ئىككى تەرەپ بىر - بىرىنى ۋايىغا يەتكۈزۈۋاتقان ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈۋاتقان جەريان ئارقىلىق بىر - بىرىنى تونۇيدۇ ۋە ئۆزىنىمۇ تونۇيدۇ. ئادەم سۆيگەن ۋە سۆيۈلگەن چېغىدىلا ئۆزىنىڭ قىممىتى ۋە ماھىيىتىنى تونۇشقا باشلايدۇ.

كوڭزىچىلار ۋە ھىندى دانىشمەنلىرى ۋۇجۇدى

ھەۋەسلەردىن ھالقىغان ئادەملەرنى «ئارىپ» دەيدۇ. ئۇنى مۇھەببەتنىڭ «غايىۋىلىشىشى» ۋە «يۈكسىلىشى» دەپ قارايدۇ. لېكىن، ئۇلار ئېيتقان «غايىۋىلىشىش» سۆيۈلگۈچىگە يوشۇرۇنغان بولۇپ، مۇھەببەت ئارقىلىق ئۆزىنى نامايان قىلىشى مۇمكىن. سىرتقى گۈزەللىك ئۈچۈنمۇ شۇنداق. «لەيلىنىڭ گۈزەللىكىنى تونۇش ئۈچۈن مەجنۇننىڭ كۆزى بولۇشى كېرەك» دېگەن ئىبارە ئىنسانىيەتكە ئورتاق تەجرىبە.

ماللامى «يېڭى ھايات» دېگەن ھېكايىسىدە بىر ئىشنى بايان قىلىدۇ. ئەسەردىكى قەھرىمان كۆكسى تولۇق يېتىلمىگەن بىر ئايالنى ياخشى كۆرۈپ قالىدۇ (ئاياللارنىڭ كۆكسى ئۇلاردىكى گۈزەللىكنىڭ مۇھىم بىر ئېلېمېنتى). ئەمما، ئۇ ئايالنىڭ تاختايدەك تۈپتۈز كۆكسىدىن گۈزەللىكنى بايقىغان، چۈنكى ئۇ ئۆزى سۆيگەن ئايالنىڭ بىر قىسمىنى ئىدى.»

---

## 93. نىكاھ

*نىكاھ گەرچە ھازىرقى زامان جەمئىيىتىنىڭ تۈرلۈك بېسىمى ۋە تەقىبلىشىگە ئۇچراۋاتقان بولسىمۇ، ئۇمىدلىك كەيپىيات داۋام قىلىۋەرمەكتە. بىز بۈگۈندىن نىكاھنىڭ ماھىيىتىنى چۈشىنەلەمدۇق؟ بۇرۇنقى جەمئىيەتتە نىكاھ مۇكەممەل كىشىلىك ھاياتنىڭ ئامىلى دەپ قارىلىپ، بويتاقلىق نورمالسىزلىق دەپ قارىلاتتى؟ ئۇلارمۇ بىزدەك مۇھەببەت بىلەن نىكاھنى باغلاپ چۈشىنەمتى؟*

---

قەدىمكى زامان كىشىلىرىنىڭ قارىشىچە، نىكاھ ھايات ۋە

ماماتقا ئوخشاشلا كىشىلىك ھاياتتىكى ھالقىلىق پەيت. شۇڭا، ئۇلار دەبدەبىلىك دىنىي مۇراسىم ئۆتكۈزۈپ، بويتاقلىقتىن خوشلىشىشتەك بۇرۇلۇش پەيتىنى خاتىرىلەيتتى. پۇختا ئەھدە ئۈستىگە قۇرۇلغان نىكاھ ئارقىلىق شەخسىي ئائىلە بەرپا قىلىشقا ئاتلىنىدۇ، چۈنكى ئىرقىي گەۋدىنىڭ ھاياتىنى داۋام قىلدۇرۇشقا قاتنىشىدۇ.

بىز نىكاھ ئۈستىدە ئۇنىڭ پەيگى تورمۇشقا كۆرسەتكەن تەسىرى نۇقتىسىدىن ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ ئەمەلىيىتى نۇقتىسىدىن مۇھاكىمە قىلىشنى خالايمىز. نىكاھ مۇراسىمى ۋە نىكاھقا دائىر چاقچاقلاردىن ئۇنىڭدىكى يوشۇرۇن ئۆزگىرىشلەرنى ھېس قىلالايمىز. نىكاھ رەسمىدە دەۋر بولۇپ، زامانىمىزدا ئەركىن ئېقىپ يۈرمەكتە، لېكىن كىشىلىك بۇ خىل ئۆزگىرىشكە قارشىلىق قىلماقتا.

ھۆرمەت قىلىشىمىزغا تېگىشلىك بولغان دىنىي ئەنئەنىمىزنىڭ كېلىپ چىقىشىدا، ئەر بىلەن ئايالنىڭ بىرلىشىش ئىرقىنىڭ داۋاملىشىشىدا مۇھىم بولغاندەك، كىشىلىك ھاياتنى ۋايىغا يەتكۈزۈشتىمۇ مۇھىم سانىلىدۇ. «خۇدا ئادەمنى ياراتقاندا، ئەر بىلەن ئايالنى ياراتتى، ئۇلارغا قۇت تىلىدى، ئۇلارنىڭ نامىنى ئادەمئاتا ۋە ھەۋۋائانا دەپ ئاتىدى.» بۇنداق توپ نۇقتىئىنەزەردىن كۆپىيىش ئۇقۇمىنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇقەددەس نىكاھقا بولغان بىر خىل دەلىل خۇدا ئىنسانلارغا بۇيرۇغان تۇنجى پەرز.

قەدىمكى يەھۇدىي دىنىنىڭ قارىشىدا، نىكاھسىزلىق نورمالسىزلىق ۋە خاتالىقتۇر. «يەھۇدىيلار شەرىئىتى»دە «ئۆيلەنمىگەن ئەر ھەقىقىي ئەر ئەمەس» دېيىلگەن. قەدىمكى يۇنان ۋە رىمدىمۇ شۇنداق قاراش بار ئىدى. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، بويتاقلىق ئائىلە ئىلاھىغا بولغان بىھۆرمەتلىك ۋە ئاسىيلىق. قەدىمكى رىمدا، سپارتا ۋە باشقا يۇنان شەھەر دۆلەتلىرىدە

بويتاقلىق ئېنىق چەكلەنگەنىدى. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، شەخسنىڭ ئۆزىگە يۈكلەنگەن ئائىلە ۋە ئىرقنىڭ ھاياتىنى داۋام قىلدۇرۇش بۇرچىنى تاشلىۋېتىش ھوقۇقى بولمايتتى.

ئەمەلىيەتتە بۇنداق كوللېكتىپ ياكى ئورتاق قاراشنى قوبۇل قىلىشىمىز تەس. بىز نىكاھنى ئىككى ئادەمنىڭ ئالاقىسى، خاھىشى ۋە قارارىنىڭ بىرلىكى، ھەرگىزمۇ مەلۇم بىر گۇرۇھنىڭ مۇقەددەس ئىشى ئەمەس، دەپ قارايمىز. خۇددى بىر ناخشىدا: «مۇھەببەت بىلەن نىكاھ ئات بىلەن ھارۋىدەك بىللە» دەپ ئېيتىلغاندەك، بىز نىكاھنى رومانتىك مۇھەببەت بىلەن بىرلەشتۈرۈپ قارايدىغان بولدۇق.

كىشىلەرنىڭ قارىشىچە، رومانتىك مۇھەببەت نورمال نىكاھ مۇناسىۋىتىدە قانائەت تېپىشى كېرەك ئىدى. بۇ غەرب جەمئىيىتىدە كېيىن شەكىللەنگەن ئۇقۇم بولۇپ، ئۇ پەقەت يېقىنقى بىر قانچە ئەسىرلىك ئىش. دەرۋەقە مۇھەببەتنى ھاياتلىقنىڭ نېگىزى دەپ قارىمايدىغان ياكى نىكاھنىڭ سىرتىدىن قانائەتلىنىش ئىزدەيدىغان قەدىمكىلەرنىڭ نەزەرىدە، بۇ ئۇقتىئىنەزەر تولىمۇ ئەجەبلىنەرلىك.

گېرمانىيە پەيلاسوپى گېگېل ھەممە ئىشنى ئىنتايىن جايىدا بىر تەرەپ قىلاتتى، ئۇ مۇھەببەت ۋە نىكاھ ھەققىدىمۇ ناھايىتى توغرا قاراشنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇنىڭ قارىشىچە، قىز - يىگىتلەردە بىر - بىرىگە ھېرىس پەيدا بولۇپ، «مۇھەببەت، ئىشەنچ ۋە ئورتاقلىق» ئەۋجىگە چىققاندا، ئىرقنى داۋام قىلدۇرىدىغان بىرلىشىش نىكاھنىڭ ئەخلاقىغا يەتكەن بولىدۇ. نىكاھنىڭ چېتىلىدىغان دائىرىسى ناھايىتى كەڭ، ئۇ پەقەت شەخس بىلەنلا يۈتمەيدۇ، نىكاھ ئائىلە تەشكىلىنىڭ ئۇنجى قەدىمى، ئىنسانىي جەمئىيەتنىڭ ئىپتىدائىي ھالىتى. گېگېل نىكاھ ئەخلاقى بىلەن ئۆزى دەۋاتقان «ئەخلاق سۆيگۈسى» نى بىرلەشتۈرۈپ، سۇبيېكتىپ ھېسسىيات، ئارزۇ ياكى

ئىشتىياقلار( بىز ئۇنى «مۇھەببەت» دەپ ئاتايمىز) بىلەن سېلىشتۇرما قىلدى. ئۇنىڭ قارىشىچە، ھەقىقىي نىكاھ مۇراسىمى ھەقىقىي نىكاھنىڭ كەم بولسا بولمايدىغان بىر قىسمى. بۇ يەردە دېيىلىۋاتقان نىكاھ شەكلەن ئەرسە بولماستىن، بەلكى زۆرۈر بولغان ئىجتىمائىي ئېتىراپ.

---

## 94. دوستلۇقنىڭ ئۆلچىمى

*دوستلۇقنىڭ ئەزىزلىكى ۋە ئۇنىڭ خۇشاللىقى ھەققىدە نۇرغۇن ئادەملەر توختالغان. دوستلۇقنىڭ سالام ـ سەھەت قىلىشتىن باشقا ھەقىقىي مەنىسى ھەققىدە چوڭقۇر ئويلانغان ئادەملەر بارمۇ، يوق. بىز بۇنىڭدىن گۇمانلىنىمىز. نۇرغۇن كىشىلەر يۈزەكى ئارىلىشىش بىلەنلا توختاپ قالىدۇ، ئۇنىڭ سەۋەبى نېمە؟ نېمە ئۈچۈن ھەقىقىي دوست بىزنىڭ جاھاندارچىلىق ئىشلىرىمىزدا شۇنچە مۇھىم؟*

---

بىز ھەمىشە دوستلۇققا ئىنتىزار بولىمىز، لېكىن دوستقا ئېرىشىش ئاسان ئەمەس. نۇرغۇن پەيلاسوپلار ئوخشاشلا شۇنى چوڭقۇر ھېس قىلىپ يەتتىكى، ھەقىقىي دوستقا ئېرىشىش ناھايىتى تەس. نۇرغۇن تونۇش ئادەملەر بىزگە دوستتەك كۆرۈنگىنى بىلەن، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ ئاستا ـ ئاستا غايىب بولىدۇ. بۇ ئاتالمىش «زۆرۈر شەرت» نىڭ كەملىكىدىن بولغان. شەرتلەرنى بېكىتىشتىن ئاۋۋال «تاسادىيىلىك»، «ۋاقىتلىق» دېگەن گەپ بىلەن «ماھىيەتلىك»، «ئۇزاق» دېگەن گەپ ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنى ئېنىق ئايرىۋېلىشىمىز كېرەك.

ئارىستوتېل بۇ مەسىلىنى ماھىيەتلىك ھەل قىلغان. ئۇنىڭچە، دوستلۇق ئۈچ خىل بولىدۇ: 1. پايدا ـ مەنپەئەتكە ئاساسلانغان دوستلۇق؛ 2. خۇشاللىقنى مەقسەت قىلغان دوستلۇق؛ 3. پەزىلەتنى ئاساس قىلغان دوستلۇق.

پايدا ـ مەنپەئەت ۋە خۇشاللىقنى ئاساس قىلغان دوستلۇق بىر ـ بىرى بىلەن گىرەلىشىپ كەتكەن بولۇپ، كۆپ ئۇچرايدۇ، ھەر بىر ئادەمنىڭ بېشىدىن ئۆتكەن بولىدۇ. كىشىلەر سودا جەھەتتە ياردى ـ كەلدى قىلىشىدىغان ئادەملەرگە، قوشنىلىرىغا، ماشىنا باشقۇرغۇچىلارغا، ھەتتا، پويىز، پاراخوت، ئايروپىلانلاردا تاسادىپىي تونۇشۇپ قالغان ئادەملەرگە «دوستانە» مۇئامىلە قىلىشىدۇ. مانا بۇ ئۆز ئارا مەنپەئەتلىنىش ئاستىدىكى دوستلۇق. كىشىلەر يەنە گولف توپ شېرىكلىرىگە، كوكتېيىل زىياپىتىدىكى مېھمانلارغا ياكى خۇشاللىق ئاتا قىلغۇچىلارغا «دوستانە» مۇئامىلە قىلىشىدۇ. بۇمۇ بىر خىل دوستلۇق بولۇپ، خۇشاللىقنى ئاساس قىلىدۇ.

بۇنداق تۆۋەن دەرىجىلىك دوستلۇقنىڭ ناچار بولۇشى ناتايىن، لېكىن ئۇ يېتەرلىك ئەمەس. بۇنداق دوستلۇق مۇھىتنىڭ ئۆزگىرىشىگە قاراپ ئۆزگىرىدۇ، مانا بۇ ئۇنىڭ ئاسان يوقىلىپ كېتىشىنىڭ سەۋەبى. «ھېكمەتنامە» دە قەيت قىلىنغان «مەڭگۈلۈك دوستلۇق» مۇھىتنى شەرت قىلمىغان ئالىي دوستلۇقنى كۆرسىتىدۇ. ۋاقىت ۋە تاسادىپىيلىكنىڭ سىناقلىرىدىن ئۆتۈشى ئۈچۈن دوستلۇق قەلبىدىن چىققان بولۇشى كېرەك. مۇستەھكەم دوستلۇق ۋاقىت ۋە ئورۇنغا قاراپ ئاينىپ كەتمەيدۇ.

ھەقىقىي دوستلۇق مۇقەررەر ھالدا مەنپەئەت ۋە خۇشاللىقتىن ھالقىپ كەتكەن بولىدۇ (گەرچە بەزىدە شۇ نەرسىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ). ئارىستوتېلنىڭ قارىشىچە، بۇنداق دوستلۇق پەزىلەت ۋە ياخشى خاراكتېرنىڭ ئۈستىگە

قۇرۇلىدۇ. شۇنداقلا ئۇ ئۇزاق داۋام قىلىدۇ، ھەقىقىي دوستلۇق ئالدىرىماي تەرەققىي قىلىدۇ، چۈنكى ئۇ تونۇشۇش، چۈشىنىش ۋە ئۆزئارا ئىشىنىشنى ئالدىنقى شەرت قىلىدۇ.

ئارىستوتېل مۇنداق دېگەن: «ئۇزاقلىق ۋە باشقا تەرەپلەردىن ئېيتقاندا، دوستلۇق مۇكەممەل بولىدۇ. نېمە بەدەل قىلساڭ شۇنىڭغا ئېرىشىسەن، مانا بۇ دوستلۇقنىڭ يولى.»

مۇكەممەل دوستلۇق باراۋەرلىكنى ئاساس قىلىدۇ. مۇنتەينى ئىنسانلارنىڭ مۇناسىۋەتلىرى ھەققىدە توختالغاندا، مۇنداق دېگەن: «پەرزەنتلەر باشتىن ـ ئاخىر ئاتا ـ ئانىنى ھۆرمەت قىلىدۇ، دوستلۇق ئارىلاشقانسېرى يېتىلىدۇ. بۇ ئىككى خىل مۇناسىۋەتنىڭ پەرقى چوڭ بولۇپ، ئۇنداق دوستلۇقنى پەرزەنتلەر بىلەن ئاتا ـ ئانا ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەردە كۆرگىلى بولمايدۇ».

ئاتا ـ ئانىلار ئۆز پەرزەنتلىرىنىڭ دوستى بولالمايدۇ، خۇددى ئوقۇتقۇچى ئوقۇغۇچىسىنىڭ دوستى بولالمىغاندەك. چۈنكى، دوستلۇقنىڭ ماھىيىتى ئۆزئارا تەڭ ئېلىش، يەنى مۇۋاپىق دەرىجىدىكى بېغىشلاش ۋە ئېرىشىش. ئاتا ـ ئانىلار بالىلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا دىققەت قىلىدۇ، ئوقۇتقۇچىلار ئۆز ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ مەنىۋىيىتىنى تەربىيىلەيدۇ. ئەمما، پەرزەنتلەر بىلەن ئوقۇغۇچىلار بۇ خىل ئەجىرگە باراۋەر ھالدا جاۋاب قايتۇرالمايدۇ.

بىز نېمە ئۈچۈن ھەقىقىي دوستلۇققا ئورتاقلىقنىڭ شۇنچە زۆرۈرلۈكىنى چۈشىنىپ يەتتۇق. قانداق ئورتاقلىق بولسا شۇ خىل دوستلۇق بولىدۇ. ھەقىقىي دوستلۇق ساغلام ئەخلاقىي ـ پەزىلەتكە موھتاج بولىدۇ. شۇنداقلا ئادەم ياخشى تەسىر بېرەلەيدۇ ياكى ئالالايدۇ. بېغىشلاش كۆيۈيگەنلىرى شەخسىيەتچىلىكتىن خالىي سەممىيلىكنى شۇنچە ھېس قىلغىلى بولىدۇ، نەتىجىدە، تېخىمۇ ياخشى دوست بولغىلى بولىدۇ.

ياخشى ئادەم دوستلىرىغا ئۆزىگە مۇئامىلە قىلغاندەكلا مۇئامىلە قىلىدۇ، زۆرۈر تېپىلغاندا ئۇنىڭدىنمۇ ئاشۇرۇۋېتىدۇ. بۇ خىل زۆرۈر شەرتلەر ھازىرلانمىسا، ھەقىقىي دوستلۇقمۇ پەيدا بولمايدۇ.

شۇڭا، ھەقىقىي دوستقا ئېرىشىش كىشىلىك ھاياتتىكى مۇۋەپپەقىيەت. مۇنتەدىنى پارسلار شاھى سىلوس ھەققىدىكى بىر ھېكايىنى بايان قىلغان. بىرسى شاھتىن سىلى بايا بەيگىدە ئۇتۇۋالغان قىممەتلىك ئاتلىرىنى بىرەر ئەلگە تېگىشەملا دەپ سورىغاندا، شاھ «ياق، ئەگەر ھەقىقىي دوستۇم بولسا، بۇ ئاتنى ئۇنىڭغا ھەدىيە قىلغان بولاتتىم» دەپ جاۋاب بەرگەن.

---

## 95. پاراڭ قىلىش سەنئىتى

*ئاغدىن - باغدىن پاراڭ سېلىش ۋاقتى ئۆتكەن بىر ئىش بولۇپ قالدى، كىشىلەر بىر - بىرى بىلەن ئۆزىنى قويۇۋېتىپ پاراڭلىشالماس بولۇپ كەتتى، ھەتتا كۆڭلىدىكى سۆزلىرىنى رادىئو ياكى تېلېۋىزورلاردىمۇ ئېيتالمايدىغان بولۇپ قالدى. گويا ئۆزىگە ئۆزى سۆزلەيدىغان بولۇپ قالدى. قانداق پاراڭلىشىش توغرۇلۇق مۇتەپەككۇرلار سۆز قالدۇرغانمۇ؟ قانداق قىلغاندا سۆزمەن بولغىلى بولىدۇ؟*

---

سۆز چېۋەرلىرىنىڭ ئاز بولۇشى ھەققىدە كىشىلەر شۇنداق قارايدۇ، سۆزمەنلىك تۇغما بولىدۇ، بىزدە ئۇنداق قابىلىيەت بولمىغاندىكىن سۆزلىمىگىنىمىز تۈزۈك دەپ قاراپ كىشىلەر سۆزلىمەي تۇرۇۋالىدۇ. ئەمەلىيەتتە پاراڭمۇ بىر خىل سەنئەت

بولۇپ، ئۇمۇ مەشىق ئارقىلىق ماھارەت يېتىلدۈرۈشكە باغلىق. پاراڭ داۋامىدىكى خاتالىققا دىققەت قىلىپ بەرگەندە ئۇنى ياخشىلىغىلى بولىدۇ. ئەگەر تۆۋەندىكى مەسىلىلەرگە ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلساق، پاراڭ ئىقتىدارىمىزنى ئۆستۈرۈشىمىزگە زور ياردىمى تېگىدۇ:

1) نېمە توغرۇلۇق پاراڭلىشىمىز؟ ھەر قانداق پاراڭنىڭ بىر تېمىسى بولىدۇ. ئەگەر تېما ئېنىق بولمىسا، پاراڭ باشقا تەرەپكە ئېغىپ كېتىدۇ. ئۇلى پۇختا بولمىغان بىنامۇ ئاسانلا غۇلاپ چۈشىدۇ. شۇڭا، بىز بۇ پرىنسىپقا دىققەت قىلىپ، پاراڭنى باشلىغان ھامان نۇقتىنەزەرنى قويۇش كېرەك. ئەگەر قارشى تەرەپ سىزنىڭ نۇقتىنەزەرىڭىزنى تىلغا ئالسا، سەنمۇ ئۇنىڭ نۇقتىنەزەرىنى شۇنداق قىل. مۇشۇنداق پرىنسىپ چىڭ تۇتۇلسا، سۆھبەت باشتىنلا روشەنلىشىشكە باشلايدۇ. تاغدىن ـ باغدىن چېقىپ يۈرمىسگەندىلا تېمىنى يوقىتىپ قويمايمىز.

2) كىم بىلەن پاراڭلىشىمىز؟ ھەر بىر ئادەمنىڭ ئۆزىگە لايىق قىزىقىشى بولىدۇ. قارشى تەرەپ بىلەن ئورتاق قىزىقىشتا بولۇش ئىنتايىن ياخشى بولغىنى. ئەگەر ئۇنداق بولماي قالسا، ئىمكانقەدەر ئورتاق تەرەپلەرنى تېپىش كېرەك. سەن تىرىشقانىدىمۇ، قارشى تەرەپ ئىنكاس بىلدۈرمىسە، بولدى قىلىشىڭ كېرەك، بولمىسا ۋاقىتنى ئىسراپ قىلىسەن.

3) قانداق ئەھۋال ئاستىدا پاراڭلىشىمىز؟ مۇنتىزىم تېمىلاردا پاراڭلىشىش كېرەكمۇ، يېنىك تېمىلاردا پاراڭلىشىش كېرەكمۇ ياكى سۈكۈت قىلىش كېرەكمۇ، بۇلار ۋاقىت ياكى ئورۇن تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. نۇرغۇن ياخشى پاراڭلار ئەپلەشمىگەن بىر قانچە لوقمىلار بىلەن بۇزۇلىدۇ، شۇڭا پاراڭغا تەسىر كۆرسىتىدىغان سىرتقى ئامىللارنى ياخشى مۆلچەرلەش كېرەك. پايدىسى بولمىغان گەپلەرنى قىلماسلىق لازىم. سەن ئەستايىدىل قۇلاق سېلىشىڭ كېرەك، كۆڭلۈڭدە بايان بولسا

ئاسانلىقچە خاتالاشمايسەن.

4) نېمىشقا پاراڭلىشىمىز؟ كۆپ سۆزلەشتىنمۇ بەكرەك كىشىنى بىزار قىلىدىغان ئىش يوق. ئۇنداق ۋالاقتەككۈرلەر «سۆزلىگەنگە پۇل ئالامتى» دەپ چۈشىنىدۇ. ئەمەلىيەتتە، ۋاقىت دۇنيادىكى ئەڭ قىممەتلىك نەرسە. پەقەت قارشى پىكىرنى بىلدۈرۈشلا پاراڭ بولالمايدۇ. ئەگەر بىز مەسىلىلەرگە كۈلۈپلا قويساق ياكى قارشى تەرەپنى زاڭلىق قىلساق، تەپسىلاتىنى ئىگىلىمەي تۇرۇپلا قوشۇلساق ياكى قارشى چىقساق، مۇزاكىرىنى ئوتتۇرىدا ئۈزۈۋەتسەك، بۇ پاراڭلىشىش بولۇپ ھېسابلانمايدۇ. ئېرىشكەنلىرىمىز تايىنى يوق بىر نەرسە بولۇپ چىقىدۇ.

5) كۆڭۈلدىكى گەپنى قانداق ئېيتىمىز؟ سۆزمەنلەرنىڭ ئۆزىگە خاس ئۇسلۇبى بولىدۇ. ئۇلار سۆزلىگەنسېرى ئۇسلۇبىمۇ شۇنچە ئايان بولىدۇ. ئۇنىڭغا مەلۇمكى، ئادەملەرنىڭ سۆز ئىشلىتىشىدە، تەجرىبىلىرىدە، كورلۇقلىرىدا، ھەۋەس ھەم ئېتىقادلىرىدا روشەن پەرقلەر بولىدۇ. ئۆزىنى چۈشەندۈرۈش توغرا كەلگەندە، سۆزنى ئادەمگە قاراپ تەڭشەش كېرەك، شۇندىلا يىتەپ ئەھۋالغا چۈشۈپ قالمايمىز.

6) ئېيتىشقا تېگىشلىك گەپلەرنى قانداق چاغدا دەيمىز؟ پاراڭدا ئۇسلۇپتەكلا مۇھىم بولغىنى ۋاقىت تاللاش. ھەممە ئىشنى توغرا قىلىپ، پەيتنى توغرا مۆلچەرلىيەلمىسەڭ، ئىشىڭ سۇغا چىلىشىدۇ. پاراڭدا پەيتنى بايقاش ئاسان ئەمەس. بۇ شۇنىڭ ئۈچۈن تەسكى، سەن قارشى تەرەپنىڭ گېپىنى زېھىن قويۇپ ئاڭلىشىڭ كېرەك بولىدۇ.

دۇنيادا تۇغما ناتىق يوق. ئاغزىنى ئاچسىلا ھېكمەت تامىدىغان، سۇدەك راۋان سۆزلەيدىغان كىشىلەردە ئالاھىدە ئىلھاممۇ بولمايدۇ. ئۇ ياخشى ئاڭلاش ئادىتىنى يېتىلدۈرۈپ، پاراڭدىكى گۈزەل ئادەتلەرنى ئۆز ھاياتىنىڭ بىر قىسمىغا

ئايلاندۇرۇشى كېرەك. ئەگەر سەن ناتىقلاردىن تەلىم ئالماقچى بولساڭ، ئۇلار ساڭا بىشى جاپالىق بولۇپ، نېمىنى سۆزلەش، كىم بىلەن سۆزلىشىش، قانداق ئەھۋالدا سۆزلىشىش، نېمىشقا سۆزلىشىش، قانداق سۆزلىشىش، قانداق ۋاقىتتا سۆزلىشىش ھەققىدە قاتتىق ئويلىنىش كېرەك، دېگەن بولار ئىدى.

## ئاساسلىق ئەسەرلەر

柏拉图:《吕西斯篇》、《斐多篇》、《会饮篇》、《国家篇》

ئەپلاتون: «لۇشىس ھەققىدە»، «فېدو ھەققىدە»، «زىياپەت سۆزى ھەققىدە» «غايىۋى دۆلەت»

亚里士多德:《伦理学》;《修辞学》

ئارىستوتېل: «ئېتىكا»، «ئېستېتىستىكا»

卢克莱修:《物性论》

لۇكرېتسىي: «ماددا توغرىسىدا»

爱比克泰德:《语录》

ئېپىكتېت: «ئۆزۈندىلەر»

普罗提诺:《恩尼阿德》

پلوتىنو: «ئېننئادىس»

奥古斯丁:《忏悔录》

ئاۋگۇستىن: «تۆۋىنامە»

阿奎那:《基督教箴言隽语集》

ئاكۋىنا: «خرىستىئان ئەقلىيەلىرى»

马基雅维利:《君主论》

ماكياۋېللى: «ھۆكۈمدارلار دەستۇرى»

霍布斯:《利维坦》

ھوببېس: «لېۋىئاتان»

蒙田:《随笔集》

مۆنتەينى: «خاتىرىلەر»

斯宾诺莎：《伦理学》

سپىنوزا: «ئېتىكا»

达尔文：《人类的起源》

دارۋىن: «ئىنسانلارنىڭ كېلىپ چىقىشى»

詹姆斯：《心理学原理》

جامېس: «پسىخولوگىيە پرىنسىپلىرى»

弗洛伊德：《心理分析的起源与发展》，《关于歇斯底里的论文选集》，《儿童的性启蒙》，《梦的解析》；《本能及其变迁》，《心理分析总及其不满》，《心理分析新论》

فروئىد: «روھ ئانالىزىنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە تەرەققىياتى»، «ئىستېرىيە ھەققىدە ماقالىلەر»، «بالىلار ئۈچۈن جىنسىي مەرىپەت»، «چۈش شەرھى»، «تەبىئىي تۇيغۇ ۋە ئۇنىڭدىكى ئۆزگىرىش»، «روھ ئانالىزى ھەققىدە»، «شادلىق پرىنسىپلىرىدىن ھالقىش»

《群体心理与自我分析》

«كوللېكتىپ پسىخىكا ۋە ئۆزلۈك ئانالىزى»

《自我与本我》，《文明及其不满》

«ئۆزلۈك ۋە تەبىئىي تۇيغۇ»، «مەدەنىيەت ۋە كەمتۈكلۈك»

《心理分析新论》

«روھ ئانالىزى ھەققىدە يېڭى نەزەرىيە»

## باشقا ئەسەرلەر

阿奎那：《论亚里士多德的爱与友谊》

ئاكۋىنا: «ئارىستوتېلنىڭ مۇھەببەتى ۋە دوستلۇقى ھەققىدە»

培根:《论说文集》

بېكون: «مۇھاكىمىلەر توپلىمى»

马丁·布伯:《我与你》;《人与人》

مارتىن بۇبېر: «مەن ۋە سەن»، «ئادەم ۋە ئادەم»

但丁:《新生活》;《宴会》

A. دانتې: «يېڭى ھايات»، «زىياپەت»

M.C. 达西:《心灵与爱心》

مارتىن C. دارسى: «روھ ۋە سۆيگۈ»

H. 埃利斯:《性心理研究》;《论生命与性》

H. ئېلىس: «جىنس پسىخولوگىيىسى تەتقىقاتى»، «ھاياتلىق ۋە جىنس»

弗洛伊德:《性欲理论的三篇引论》

S. فرويىد: «شەھۋەت ھەققىدە ئۈچ ئەسەر»

R. 古尔蒙:《爱的自然哲学》

R. گورمۇن: «مۇھەببەتنىڭ ناتۇرال پەلسەپىسى»

M.M. 亨特:《爱的自然史》

M.M. فونتى: «مۇھەببەتنىڭ ناتۇرال تارىخى»

S. 克尔凯戈尔:《非此即彼》、《人生道路的诸阶段》、《爱情作品》

S. كېركېگارد «ئۇ ياكى بۇ»، «كىشىلىك ھاياتنىڭ باسقۇچلار»، «سۆيگۈ نامە»

A.C 金赛等:《人类女性的性行为》;《人类男性的性行为》

A.C. كىنسى: «ئاياللارنىڭ جىنسىي پائالىيىتى»؛ «ئەرلەرنىڭ جىنسىي پائالىيىتى»

D.H. 劳伦斯:《性、文学与审查》

D.H. لاۋرېنس: «جىنس، ئەدەبىيات ۋە سېنزۇر»

C.S. 刘易斯:《爱的寓言》

C.S. لېۋىس: «سۆيگۈ تەمسىلى»

B. 马利诺夫斯基:《野蛮社会的性与压抑》

B. مالىنوۋسكىي: «ياۋايىلار جەمئىيىتىدىكى جىنس ۋە بۇرۇقتۇرمىلىق»

玛格丽特·米德:《男性与女性》

مارگارېت مىد: «ئەر ۋە ئايال»

A. 米格伦:《惊讶与爱神》

A. K. مىگرىن: «ئەئەججۇپ ۋە سۆيگۈ ئىلاھى»

J. 奥尔特加·加西特:《论爱情》

ئورتىگارى گاسسېت: «مۇھەببەت ھەققىدە»

欧维德:《爱的艺术》

ئوۋىد: «مۇھەببەت سەنئىتى»

T. 赖克:《论爱与欲望》

T. رېك: «مۇھەببەت ۋە ئىستەك»

D. 鲁热蒙:《西方世界的爱情》

D. روجىمنت: «غەرب دۇنياسىدا مۇھەببەت»

B. 罗素:《婚姻与道德》

رۇسسېل: «نىكاھ ۋە ئەخلاق» («نىكاھ ئىنقىلابى» دېگەن ئۇيغۇرچە تەرجىمە نۇسخىسى بار)

M. H. B. 司汤达:《论爱情》

ستېندال: «مۇھەببەت ھەققىدە»

I. D. 苏蒂:《爱与恨的起源》

I. D. سۇتى: «مۇھەببەت ۋە نەپرەتنىڭ كېلىپ چىقىشى»

G. 蒂邦:《上帝参与的事物》

G. تىربىون: «خۇدا ئىشتىراك قىلغان ئىشلار»

J. 瑟伯与 E. B. 怀特:《性是必要的吗?》

سۇبىر ۋە ۋايىت: «خۇدا ئىشتىراك قىلغان ئىشلار»




# ئونىنچى باب

# ئادەم ۋە دۇنيا

ئادەم دېگەن نېمە؟ بۇ ئىككىسىنىڭ مۇناسىۋىتى قانداق؟ بەلكىم بۇ ئەڭ مۇھىم سوئالدۇر، چۈنكى ئۇنىڭغا بولغان تونۇش بىزنىڭ بۇ دۇنيايىمىزنىڭ خۇسۇسىيىتىنى بەلگىلەيدۇ.

# 96. كىشىلىكنىڭ ئۆزگەرمەسلىكى

رېئالىزمچىلار ۋە كوڭزىچىلار ھەمىشە «كىشىلىكنى ئۆزگەرتكىلى بولمايدۇ» دېگەن قاراش بىلەن دۇنيا تىنچلىقى ۋە ئىجتىمائىي ئادالەت بەرپا قىلىشقا قارشى تۇرىدۇ. ھەر خىل ئىدىيىۋى ئېقىملارنىڭ كىشىلىكنى ئۆزگەرتىشكە بولۇش - بولماسلىق ھەققىدىكى قارىشى قانداق؟ كىشىلىكنىڭ ئۆزگەرمەسلىكى جەمئىيەتنىڭ ئىلگىرىلىشىنىڭ مۇمكىنسىزلىكىدىن دېرەك بېرەمدۇ؟

---

كىشىلىكنىڭ مەڭگۈلۈكى ياكى ئۆزگەرمەسلىكى ھەققىدە غەرب مۇتەپەككۇرلىرى ئۈچ خىل قاراشنى ئوتتۇرىغا قويغان:

بىرىنچىسى، ئەنئەنىۋى قاراش بولۇپ، ئادەم ماھىيەتتىن ئېيتقاندا، ئەۋلادمۇ ئەۋلاد ئوخشاش بولىدۇ، دەپ ھېسابلايدۇ. بۇ قاراش بويىچە بولغاندا، ئادەمنىڭ بىئولوگىيە ۋە پسىخولوگىيە جەھەتتە شەكىللەنگەن كىشىلىكى ئۆزگەرمەي كەلگەن ھەم ئۆزگەرمەيدۇ. ئەقلىي ئادەمنىڭ پائالىيىتى مەلۇم شەكىلگە بويسۇنىدۇ، بۇ كىشىلىكنىڭ ئۆزگەرمەسلىكى تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن (ئوخشاش ئەقىل، ئوخشاش كەيپىيات قۇرۇلمىسىنى كۆزدە تۇتىۋاتىدۇ). ئادەم ئۆزىنىڭ ھاياتىدا ئۆزىنىڭ ئېرسىيەت تەركىبىنى ئۆزگەرتەلىشى مۇمكىن، لېكىن ھەربىر ئادەم ئوخشاش تۈپ بىر تەركىبتىن كەلگەن.

ئىككىنچىسى، 19 - ئەسىردە پەيدا بولۇپ، غەرب

ئىدېئولوگىيىسىنى تىزگىنلەپ كەلگەن تەدرىجىي تەرەققىيات تەلىماتى. بۇ تەلىمات، كىشىلىك 80 مىڭ يىللىق تەدرىجىي تەرەققىياتنى باشتىن كەچۈرگەن. ئادەمنىڭ ئىپتىدائىي تۈزۈلۈشى ئاللىبۇرۇن ئۆزگەردى. بۇ ئۆزگىرىش ئادەمنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ۋە روھىدىكى ئۆزگىرىشنى كەلتۈرۈپ چىقاردى، دەپ قارايدۇ. بۇ قاراشنىڭ بەزى ۋەكىللىرىنىڭ قارىشىچە، ئىنسانىيەت تارىخىنىڭ يېقىنقى مەزگىلىدە مەلۇم ئۆزگىرىشلەر يۈز بەردى ۋە بۇ ئۆزگىرىش داۋام قىلماقتا.

ئۈچىنچىسى، تارىخشۇناسلىق ياكى جەمئىيەتشۇناسلىق قارىشى بولۇپ، ئىنسان ئۆزى ياشاۋاتقان مەدەنىيەت ۋە جەمئىيەتكە ئەگىشىپ ئۆزگىرىدۇ، دەپ قارايدۇ. بۇ نۇقتىئىنەزەردىكىلەرنىڭ قارىشىچە، كىشىلىكنى ئىجتىمائىي مۇھىت شەكىللەندۈرگەن، شۇڭا ئادەم دەۋرنىڭ مەھسۇلى. باشقا بىر تۈركۈم كىشىلەرنىڭ قارىشىچە، ئادەم ئۆزىنى ۋە ئۆزىنىڭ جەمئىيىتىنى ئۆز ئىرادىسى بويىچە ئاپىرىدە قىلىدۇ. مانا بۇ «ئادەمنىڭ ئۆز - ئۆزىنى بەرپا قىلىشى». مەۋجۇدىيەتچى پەيلاسوپلار ئادەمنىڭ ئۆز - ئۆزىنى بەرپا قىلىش ئىقتىدارىنى تەكرار - تەكىتلىدى. بۇ يۇقىرىقى ئىدىيىۋى ئېقىملارغا يېقىن ئىدى. بۇ قاراشتىكىلەر ئەزەلدىن بېرى ئادەمدە تۇغما ياكى مۇستەقىل، مەڭگۈ ئۆزگەرمەيدىغان خاراكتېر بولمايدۇ. ئادەم تارىخ ۋە ھەر ۋاقىت ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان بىر خىل مەۋجۇدىيەت. بۇ نۇقتىئىنەزەر ماركسىزمنىڭ ئادەم ھەققىدىكى تەلىماتىنىڭ نېگىزى بولۇپ قالغان.

«كىشىلىك ئۆزگەرمەيدۇ» دېگەن قاراش مۇجمەللىككە ئىگە. ئاددىي قىلىپ ئېيتقاندا، ئەنئەنىۋى نۇقتىئىنەزەردىكىلەر ئادەمدە خۇددى باشقا تۈرلەرگە ئوخشاش تۈپ بىر ئالاھىدىلىك

بولىدۇ، بۇ ئالاھىدىلىك ئادەملەرنىڭ مەۋجۇدىيىتىدە ئەۋلادمۇ ئەۋلاد داۋام قىلىدۇ، دېيدۇ. بۇ خىل تۇغقىتىشتەرنى كونسېرۋاتىپ چۈشكۈن قاراش دېيىشكە بولىدۇ. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، ئۇرۇش، قۇللۇق ۋە نامراتلىق قاتارلىق ئىجتىمائىي ئىللەتلەرنى داۋالىغىلى بولمايدۇ. ئۇلار بۇ ئىللەتلەر ئالدىدا ئامالسىز بولۇپ، مەسىلىنى كىشىلىككە دۆڭگەپ قويىدۇ. دېۋېي ئۆزىنىڭ «كىشىلىك ۋە پائالىيەت» دېگەن ئەسىرىدە بۇ خىل قاراشقا قاتتىق قارشى تۇرىدۇ. ئۇنىڭ قارىشىچە، جەمئىيەتتىكى ئىللەتلەرنى تۈپ يىلتىزىدىن يوقاتقىلى بولىدۇ، بىزنىڭ قىلىشقا تېگىشلىك ئىشىمىز كىشىلەرنىڭ ھاياجىنىغا يېڭى بىر تەمۇنە تىكلەپ بېرىش، شۇ ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ پائالىيىتىنى يېڭى بىر يۆنىلىشكە بۇراش.

بىز دېۋېينىڭ قارىشىغا ئاساسىي جەھەتتىن قوشۇلىمىز. ئىشىنىمىزكى، ئۇرۇشقا ئوخشاش كونا ئىجتىمائىي ئىللەت كىشىلىكتىكى ئىرسىيەتتىن كەلگەن ئەمەس. بىز مۇنۇ قاراشقا قوشۇلىمىز: ئىنسانىيەتنىڭ ئىلگىرىلىشى كىشىلىكنىڭ يۈكسىلىشىدىن ئەمەس، تۈزۈمنىڭ ياخشىلىنىشىدىن بولىدۇ. ئىنسانىيەتنىڭ ئىلگىرىلىشى ئادەمنىڭ ئىلگىرىلىشى ئەمەس، جەمئىيەتنىڭ ئىلگىرىلىشىنى كۆرسىتىدۇ. جەمئىيەت مۇئەييەن دائىرە ئىچىدە ناكامۇللىشالايدۇ، لېكىن كىشىلىكتىكى ئۆزگەرمەسلىكنىڭ چەكلىمىسى بۇ دائىرىنى چەكلەپ قويغان.

مەسىلەن، كىشىلىك ھايات ئىجتىمائىي بولىدۇ. دېمەك، ئادەم جەمئىيەتتىن خالىي بولالمايدۇ. خامىلتون ئېيتقاندەك، ئادەم پەرىشتە ئەمەس، شۇڭا ئۇنىڭ ھۆكۈمىتى بولۇش كېرەك. مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئادەم زېمىندىلا ياشايدىكەن ھۆكۈمەتسىز قالسا بولمايدۇ . ئاش ـ نانسىز ۋە ماشىنىسىز قېلىشقا قارىغاندا، ھۆكۈمەتسىز قېلىش تېخىمۇ چىدىغۇسىز بىر ئىش.

## 97. ئادەم بىلەن ھايۋاننىڭ پەرقى

*ئادەم بىلەن ھايۋان ئوتتۇرىسىدا قانداق ماھىيەتلىك پەرق بار؟ ئادەم باشقا ھايۋانلارغا ئوخشامدۇ؟ بەزىلەر ئادەم تەپەككۇر قىلالايدىغان ۋە ئۆگىنىش قىلالايدىغان بىردىنبىر ئىجادكار دەيدۇ. لېكىن، بىزنىڭ قارىشىمىزچە، بۇ ھەقىقىي پەرق ئەمەس. چۈنكى، بىئولوگلار ۋە پسىخولوگلار ھايۋانمۇ بىر نەرسىنى ئويلىيالايدۇ ۋە مەسىلە ھەل قىلالايدۇ، دەپ ئىسپاتلىغان. بىز يەنە تەپەككۇرى يوق دېگۈدەك ئادەملەرنىمۇ كۆرىمىز. زادى ئادەم بىلەن ھايۋاننىڭ تۈپ پەرقى نەدە؟*

تاكى يېقىنقى قەدەر، بەزى پەيلاسوپلار ئادەم بىلەن ھايۋاننىڭ تۈپ پەرقىنىڭ قەيەردىلىكى مەسىلىسىگە گۇماندا بولۇشقان. غەرب ئىدىيە تارىخىدا، ئەپلاتوندىن تارتىپ 19 ـ ئەسىرگىچە بىردەك ھالدا، ئادەم بىردىنبىر ئەقلىي ھايۋان دەپ قارىلىپ كەلدى. بۇ نۇقتىئىنەزەر «ئىنجىل» دىكى خۇدا ئادەمنى ئۆزىنىڭ ئوبرازىغا ئاساسەن ياراتقان دېگەن نۇقتىئىنەزەر بىلەن بىردەك.

دارۋىن دەۋرىدىن بۇيان بۇ نۇقتىئىنەزەرگە قارشى تۇرغۇچىلار ئالىملارنىڭ ئىچىدىلا ئەمەس، ئادەتتىكى مائارىپ قاتلىمىدىمۇ كۆپەيگەنىدى. خۇددى بىزگە مەلۇم بولغاندەك، دارۋىننىڭ «ئىنسانلارنىڭ كېلىپ چىقىشى» دېگەن ئەسىرىدە دېيىلىشىچە، ئادەم ۋە ئادەمسىمان مايمۇننىڭ ئەجدادى بىر ئىدى. ئادەم ھەقىقىدىكى تەدرىجىي تەرەققىيات نەزەرىيىسىگە

ئەگىشىپ پەيدا بولغان قاراش شۇكى، ئادەم بىلەن يۇقىرى دەرىجىلىك سۈت ئەمگۈچى ھايۋانلار پەقەت تەرەققىيات دەرىجىسى جەھەتتىلا پەرقلىنىدۇ. تەدرىجىي تەرەققىيات نەزەرىيىچىلىرى ئادەمنى بىردىنبىر ئەقلىي ھايۋان دەپ قارىمايدۇ. چۈنكى، باشقا ھايۋانلاردىمۇ ئادەمگە ئوخشاش ئەقلىي ئالامەتلەر بار. ئادەمدىكى ئەقىل بىرئاز ئارتۇقتۇر، خالاس.

يۇقىرىقى دەلىللەردە، ئادەمنىڭ ئالاھىدىلىكىدە ئاجىزلىق بولىدۇ، چۈنكى ئادەم بىلەن ھايۋان ئوخشاشلا دەلىللەش ئېلىپ بارالايدۇ، ئىش قىلالايدۇ. بىزنىڭچە، بۇ نۇقتىئىنەزەرنى ئويلاپ كۆرۈشكە ئەرزىيدۇ.

ئەڭ كۈچلۈك ئاساس شۇكى، ئادەمدىكى بەزى ئىقتىدار باشقا ھايۋانلاردا يوق. كۆپ ھاللاردا، ئادەم قىلالىغان ئىشلارنى ھايۋان قىلالمايدۇ. مەسىلەن، ئادەم خىزمەتلەرنى بىر تەرەپ قىلالايدۇ، ھايۋانلار بولسا ئۇنداق ئەمەس.

بىر ھەسەل ھەرىسىنىڭ كۆنەك ياسايدىغانلىقىنى، قۇشلارنىڭ ئۇۋا سالىدىغانلىقىنى، دېڭىز قامىسىنىڭ توسما ياسايدىغانلىقىنى بىلىمىز. بۇ ئىقتىدارلار ئۇلاردىكى تۇغما ئىقتىدارنىڭ بىر قىسمى. قۇشلار ئۆزىنىڭ ئۇۋىسىنى ئەۋلادمۇ ئەۋلاد ئوخشاش ئۇسۇلدا ياسايدۇ. بۇ شۇنى بىلدۈرىدۇكى، قۇش ئۇۋىسى بىر خىل تۇغما ئىقتىدارنىڭ مەھسۇلى، ئۇ ئەقلىي ئامىل ۋە ئەركىن ئىرادە سەنئىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ. ئىنسانلار ئۆي سېلىشنى، كۆۋرۈك سېلىشنى ۋە باشقا ھۈنەر ـ سەنئەتلەرنى ئىجاد قىلدى. ئۇلار ھەقىقىي سەنئەتكار بولۇپ، بۇ ھايۋانلارنىڭ قولىدىن كەلمەيدۇ.

ئۇنىڭ ئۈستىگە، پەقەت ئىنسانلارلا ماشىنا ئىشلەپچىقىرالايدۇ، ھايۋانلار بولسا قوپال قوراللارنى ئىشلىتىش بىلەن چەكلىنىدۇ. ھېچقانداق ھايۋان مەتبە قىلىپ قويۇپ، ماتېرىيالنى قويسىلا نۇرغۇن نەرسىلەرنى بېسىپ چىقىرىشتەك

ئىشلارنى قىلالمايدۇ. مانا بۇ ئادەمدىكى ئالاھىدە ئىقتىدار ۋە ئىجادكارلىقنىڭ يەنە بىر دەلىلى.

بەزىلەر باشقا ھايۋانلار دەلىللەش ئېلىپ بارالايدۇ، دەپ قارايدۇ. بىزنىڭ قارىشىمىزچە، باشقا ھايۋانلار بىئولوگىيىلىك مەسىلىلەرگە دۇچ كەلگەندە، ئۇلار بۇ مەسىلىنى بەزى ئالاھىدە يوللار بىلەن ھەل قىلماقچى بولىدۇ. كۆپچىلىك «تەپەككۇر قىلالايدۇ» دەپ قارىغان ھايۋانمۇ ئاساسەن ئاشۇ سەۋىيىدە تۇرۇپ قالىدۇ. ھېچقانداق ھايۋان ئادەمگە ئوخشاش ئولتۇرۇپ تۇرۇپ پىكىر قىلمايدۇ. بىر پەيلاسوپ ياكى بىر ماتېماتىك ھەرگىزمۇ بىئولوگىيىلىك ئېھتىياج ئۈچۈن پىكىر قىلمايدۇ.

ئەمەلىيەتتە، ئىنسانلارنىڭ تەپەككۇرى ئەقلىي خۇلاسىدىن ئىبارەت (ئۇ تىل بىلەن ئالاقىدار). مانا بۇ ئىنسانلارنىڭ مەسىلىنى ھەل قىلىشىنىلا ئويلايدىغان باشقا ھايۋانلاردىن بولغان پەرقىنىڭ دەلىلى. ئەلۋەتتە، ھايۋانلار ئاۋاز چىقىرالايدۇ، ھېسسىيات ۋە ھاياجانلىرىنى بىلدۈرەلەيدۇ. ئەمما، ھايۋانلار ئىدىيە ئالماشتۇرمايدۇ، ئىشلارنىڭ راست ـ يالغانلىقىنى يېزىق ياكى جۈملە بىلەن ئايرىپ باققان ئەمەس. پەقەت، ئەقلىي بولغان ئىنسانلارلا شۇنداق قىلالايدۇ.

بىز يەنە نۇرغۇن دەلىللەرنى كۆرسىتىپ، ئىنساندىكى بەزى ئىقتىدارلارنىڭ ھايۋانلاردا ئەڭ تۆۋەن دەرىجىدىمۇ مەۋجۇت ئەمەسلىكىنى ئىسپاتلىيالايمىز.

ئادەم تارىختا ئەگىشىپ تەرەققىي قىلىدىغان بىردىنبىر ھايۋان. باشقا ھايۋانلار تالاي ئەسىرلەردىن كېيىنلا ئۆزىنىڭ بىئولوگىيىلىك تۈزۈلۈشىنى ئۆزگەرتىشى مۇمكىن. لېكىن، بۇ ئۆزگىرىش تامامەن دېگۈدەك تۇرەلمە پلازمىسىنىڭ ئۆزگىرىشىدىن كېلىپ چىققان بولۇپ، تۇرەلمە پلازمىسى ئەۋلادمۇ ئەۋلاد داۋام قىلىدىغان ماددا. ئادەملەر ئۆزىنىڭ ئەنئەنىسى، نۇقتىئىنەزىرى ۋە تۈزۈلمىلىرىنى ئەۋلادمۇ ئەۋلاد

داۋام قىلدۇرىدۇ، بۇ ھەقتە تارىخنىڭ خالىغان بىر نۇقتىسىدىن دەلىل تاپالايمىز.

بىزنىڭ قارىشىمىزچە، تەجرىبىدىن كەلگەن دەلىل ئادەمنىڭ ھايۋاندىن بولغان پەرقى ھەققىدىكى نۇقتىئىنەزەر ئۈچۈن ئەڭ پايدىلىق. بىرتۇغۇچلارمىز ھايۋان بولسىمۇ ئەقلى ئادەمگە يېتەلمەيدۇ. ئەلۋەتتە، بۇ خىل ھۆكۈم يۈز تىرەپ تۇرالىسا، بىز دارۋىننىڭ «ئىنسانلارنىڭ كېلىپ چىقىشى» دېگەن ئەسىرىنى ئىنكار قىلالايمىز. نەزەرىيە ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كېلىشى لازىمكى، ھەرگىزمۇ ئەمەلىيەت نەزەرىيىگە بويسۇندۇرۇلماسلىقى لازىم.

---

## 98. ھاياتلىقنىڭ مەقسىتى

*بىزگە نىسبەتەن ئەڭ مۇھىمى ھاياتلىقنىڭ مەقسىتىدۇر. بىز بۇ يەر يۈزىدە نېمە قىلىمىز؟ بىزنىڭ تەقدىرىمىز نېمە؟ مۇتەپەككۇرلار جىددىي ھەم مۇرەككەپ بۇ مەسىلە ھەققىدە قانداق ئىزدەنگەن.*

---

بىز كېيىنى ھاياتلىقنىڭ مەقسىتى ۋە بۇ ھەقتىكى سوئالنىڭ مەقسىتىدىن باشلايلى. كىشىلەر نېمە ئۈچۈن بۇنداق سوئال سورايدۇ؟ مۇشۇنداق سوئال قويۇش ئىنساندىكى ئالاھىدە ھادىسە. باشقا شەيئىلەر ئۆزلىرىنىڭ تەبىئىي نىشانىنى سوئالسىز ھالدا قوغلاشماقتا (بىر تۈپ دەرەخ، بىر قۇش ياكى بىر تاش بولۇشنى قوغلاشماقتا). پەقەت ئىنسانلار ئۆزىنىڭ نېمە ئۈچۈن مەۋجۇت بولىدىغانلىقىدىن ئىبارەت بۇ سوئالنى ئىزچىل

سوراپ كەلمەكتە، مانا بۇ ئىنسانلارنىڭ بەختسىزلىكى ياكى شان - شەرىپى.

ئۇنداقتا، ئىنسان بۇ سوئال ئارقىلىق نېمىنى بايقىماقچى؟ ئۇ خۇدا ئاتا قىلغان تەقدىر ھەققىدە سورىماقچىمۇ؟ ئىنسانلارنىڭ پانىي دۇنيادىكى مەۋجۇتلۇقىدىن باشقا ئاداققى مەقسىتى بارمۇ؟ ئەگەر بار بولسا، ئۇنىڭغا قانداق قىلىپ يېتەلەيدۇ؟ خۇدالىق ئالەمدە خرىستىئان تەلىماتىنى ئىنسانىنىڭ ئاداققى تەقدىرى دەپ بىلىش بۇ مەسىلىگە بېرىلگەن جاۋابنىڭ بىرى.

بەلكىم، بەزىلەر ئادەملەرنى تۇرمۇشى ياخشىلىنىشقا قاراپ ماڭغانسېرى ئۇلارنىڭ ھاياتلىقى تېخىمۇ مەنىلىك بولامدۇ، دەپ سورىشى مۇمكىن. ئارىستوتېلنىڭ پەلسەپىسىدە شەيئىلەر ماھىيەت جەھەتتىن ياخشىلىققا مايىل كېلىدۇ. شۇڭا، ھاياتلىقنىڭ مەقسىتى ئىنسان ئۈچۈن ئېيتقاندا، بەخت بەرپا قىلىدىغان پەزىلەتكە يېتىش.

ئىلاھىيەت ۋە پەلسەپىدىكى تەقدىرچىلىكنى قايرىۋەتسەك، ماددىي دۇنيادىكى مەقسەتسىزلىكتىن كىشىنى ئاشلىيالايمىز. دۇنياغا قارايدىغان بولساق ۋاكۇئۇمدىكى ئاتوم قاينىمىدىن باشقا نەرسىنى كۆرەلمەيمىز. بىز كۆرگەن بۇ ماددىي دۇنيا تەرتىپسىز ھەم مەۋھۇممۇ؟ ئۇمۇ مۇئەييەن تەرتىپتىكى گارمونىيە بولۇپ، ئىنسانىنىڭ ھاياتلىقى مەنىسىزلىك ۋە قىممەتسىزلىك ئىچىدە تۇرامدۇ؟ ماددىي ھالەت ئىنسانىنىڭ روھى ۋە ئىرادىسىدىكى مەسىلىگە جاۋاب بېرەلمەيدۇ. كىشىلەر «مەن زادى نېمە؟ نەدىن كەلدىم؟ نەگە بارىمەن، ھاياتىمنىڭ مەنىسى نەدە؟» دەپ سورىغاندا، بارلىق پەن ئالىملىرى تەڭقىسلىقتا قالىدۇ.

ئادەمنىڭ بېشىنى قاتۇرىدىغان بۇ مەسىلىگە كەلگەندە، زامانىمىزدىكى نۇرغۇن مۇتەپەككۇرلار ئۆتمۈشتىكى ئىلاھىيەت ۋە پەلسەپىلەرگە بۇرالدى. ئۇلار ئۆزىنىڭ نىشانىنى

ئورۇنلاشتۇرالايدۇ ھەم شۇنداق قىلىشى كېرەك. ئۇ ئۆزىنىڭ ماھىيىتىنى يارىتىش ۋە ئۆزگەرتىش جەھەتتە ئىزدىنىشى كېرەك، دەپ تەشەببۇس قىلاتتى. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، ئىنسان شۇنىڭ ئۈچۈن ئىنسانكى، ئۇ ئۆزى ئۈچۈن ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئەنئەنىۋى نىشان دائىرىسىدە ھەرىكەت قىلىشى كېرەك. ئۇنداق بولمايدىكەن ئۇ ھاياتلىقنىڭ مەنىسىزلىكىدىن كەلگەن ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە قالىدۇ.

ھاياتلىق مەسىلىسى ھەققىدە جىددىي جاۋاب تېپىش كېرەك دەپ قارايمىز. بۇ مەسىلىنى چۈشىنىش ئۈچۈن، بىز خۇدا، ئالەم ۋە ئىنسان ھەققىدە كەڭ نۇقتىئىنەزەرگە ئىگە بولۇشىمىز، ئادەم ۋە كىشىلىكنىڭ زۆرۈرىيىتىنى چۈشىنىشىمىز كېرەك. ئەمما، بۇ ئىنساننىڭ مەۋجۇدىيىتىنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىشتە يېتەرلىك ئەمەس. بۇ نۇقتىنى چۈشىنىش ئۈچۈن ئادەمنىڭ كائىناتتىكى ئورنىنى ۋە ئۇنىڭ باشقا بارلىق مەۋجۇدىيەت بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى چۈشىنىشىمىز كېرەك. بىز يەنە ئادەم ۋە كائىناتتىكى ئىدارە قىلغۇچى ئۇزۇل - كېسىل كۈچ ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى بايقىيالايمىز. ئادەم ئاشۇ كۈچنىڭ باشقۇرۇشىدا بولۇشى كېرەك، چۈنكى ئادەم كائىناتتىكى بىردىنبىر مەۋجۇدىيەت ئەمەس. شۇڭا، بىز ئۆزىمىزنى باشقا مەۋجۇدىيەتتىن مۇستەسنا ھالدا چۈشىنىشكە قادىر بولالمايمىز.

بەس - مۇنازىرىلەر ئىزچىل رەۋىشتە خۇددى ھاياتلىقنىڭ ئۆزىگە ئوخشاشلا داۋام قىلىپ كەلدى. ئۇنى تەلتۆكۈس ھەل قىلىش ئۈچۈن ئىلاھىيەت، مېتافىزىكا، پسىخولوگىيە ۋە ئېتىكىغا دائىر تەتقىقاتلارنى ئېلىپ بېرىش كېرەك. ھاياتلىق ۋە تىرىشچانلىقلىرىمىزدىن كەلگەن نۇرغۇن ئەقىل - پاراسەت ۋە تەجرىبىلەر كېرەك.

باشنى قاتۇرىدىغان يۇقىرىقى مەسىلە جىددىي جاۋابقا موھتاج بولسىمۇ، سەۋرچانلىق ۋە ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئۆمۈر

بۇنى ئويلىنىشقا تېخىمۇ موھتاج. بىز شۇنى بىلەلەيمىز: «ھاياتلىق» ۋە «ئادەم» بولۇش ھەرگىزمۇ ئاسان ئىش ئەمەس.

## 99. كىشىلىك ھاياتتىكى پۇرسەت

*كىشىلەر ھەمىشە ئالاھىدە نەتىجىلەرنى تەلەي ياكى پۇرسەتكە باغلاپ چۈشىنىدۇ. بىزگە مەلۇمكى، تۇرمۇشتا ئامەت ۋە تەتۈر قىسمەت بولۇپ تۇرىدۇ. پۇرسەت ھەمىشە ئۆمۈرلۈك دوستلۇق ۋە نىكاھنى بەلگىلەيدۇ. تارىخ تاسادىپىي ئىشلار تۈپەيلىدىن ئۆزگىرىپ كېتىشى مۇمكىن، پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويغان تېلېكامېرالىق رازۋېدكىچى ئايروپىلانى نەچچە يىللىق تەييارلىقتىكى «ئالىي دەرىجىلىك» يىغىننى ئەمەلدىن قالدۇرۇۋېتىشى مۇمكىن. قېنى ئېيتىپ بېقىڭ، ئۇلۇغ مۇتەپەككۇرلار پۇرسەت ياكى تەلەي ھەققىدە نېمىلەرنى دېگەن؟*

ئۆتمۈشتىكى مۇتەپەككۇرلارنىڭ كۆپىنچىسى ئاتالمىش پۇرسەت دېگەن گەپكە قوشۇلمايدۇ. ئەمما، بىر نۇقتىنى ئورتاق ئېتىراپ قىلىدۇ: تەلەينى ئېنىق بىلەلمەيمىز ھەم ئۇنى خالىغانچە تىزگىنلىيەلمەيمىز. «ئامەت» دېگەن نەرسە نامەلۇم سان.

قەدىمكىلەرنىڭ قارىشىچە، تاسادىپىي ۋەقەلەر تەبىئىي، مۇقەررەر، قانۇنىيەتلىك ۋەقەلەر بىلەن ياكى ئىنسان كۆزلىگەن نەتىجە بىلەن ئوخشىمايدۇ. ئادەم تۇغما تەبىئىتى تۈپەيلى مۇقەررەر ھالدا ئۆلىدۇ. كۆلگە ئاپتاپ چۈشسە سۇ پارلىنىدۇ. بۇ ئىشلارنىڭ يۈز بېرىشى پۇرسەت تۈپەيلى ئەمەس، بەلكى شۇ

ئىشلارنىڭ ئۆزىدىكى خۇسۇسىيەت تۈپەيلى بولغان. سەن ماگىزىنغا مەقسەتلىك ھالدا بارساڭ بۇ پۇرسەت بولۇپ سانالمايدۇ. ئەمما، سەن يولدا كېتىۋېتىپ بىر دوستۇڭ بىلەن تاسادىپىي ئۇچرىشىپ قالساڭ ، بۇ ئارىستوتېلنىڭ قارىشى بويىچە پۇرسەت بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

قەدىمكىلەرنىڭ قارىشىچە، بايلىق، نام، شەرەپ ۋە ھوقۇق قاتارلىقلار ئامەت بولۇپ سانىلىدۇ. ئۇلارغا ئېرىشىش ياكى ئېرىشەلمەسلىك پۇرسەتكە باغلىق، بىلىم ۋە پەزىلەت ئۇلارغا ئوخشىمايدۇ. ئۇلار ئېھتىيات بىلەن تاللاشقا توغرا كېلىدۇ. قانداقلا بولمىسۇن، ئارىستوتېلنىڭ قارىشىچە، ئامەت ئىنساننىڭ بەختى ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم. يەنە بىر جەھەتتە، ستوئىكچىلارنىڭ قارىشىچە، ئامەت قىممەتلىك نەرسە بولمىسۇ، ئىنسان ئۇنىڭغا يېتەلمەيدۇ.

ئورفۇن مۇتەپەككۇرلار بۇنداق پۇرسەتنىڭ راستتىنلا بارلىقىنى ئىنكار قىلىدۇ. ئۇلار مۇنداق دەيدۇ: بىز پۇرسەت دەۋالغان نەرسە بىزنىڭ ئىشنىڭ سەۋەبىگە قارىتا بىلمەسلىكىمىزنىڭ ئىپادىسى. بىر ئىشنىڭ يۈز بېرىش سەۋەبىنى بىلمىگەن چېغىمىزدا، بىز ئۇنى پۇرسەت دەۋالىمىز. سپىنوزانىڭ قارىشىچە، پۇرسەتتىن تۇغۇلىدىغان ھېچ بىر ئىش يوق، چۈنكى ھەممە نەرسە ماھىيەت جەھەتتە بەلگىلەپ بولۇنغان. ئورفۇن خرىستىئان روھانىيلىرىنىڭ قارىشىچە، خۇدانىڭ ئىرادىسى، ھەتتا قۇشقاچنىڭ ئۇچۇشى ۋە قونۇشىغىمۇ تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئۇلار ئاۋگۇستىنىنىڭ: «دۇنيادا ئۆزىچە يۈز بېرىدىغان بىرەر ئىش يوق» دېگەن كېپىگە ئاساسەن قوشۇلىدۇ. ھەر قانداق ئىش، ھەتتا پۇرسەتمۇ خۇدانىڭ ئىرادىسى.

جامبىس سپىنوزانىڭ مۇتلەق مۇكەممەللىك ئالەم قارىشىدىن چۈچۈيتتى. ئۇنىڭچە، كىشىلىك ھاياتتىكى بەزى

تاللاش ھەرگىزمۇ ئەقلىي سەۋەب تۈپەيلىدىن ئەمەس، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ خىل تاللاش ئۆزىمىز بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك ئىدى. مەسىلەن، بەزىدە بىر ئۇ خىل ياكى بۇ خىل ئۇسۇل بىلەن تەۋەككۇل قىلىشقا قارار چىقىرىشىمىز كېرەك. ئەلۋەتتە، بۇ ئىككىسىنىڭ قايسىسى ئەقىلگە مۇۋاپىق، بۇنى نەتىجىدىن كېيىن بىلگىلى بولاتتى. لېكىن، جامېس مۇنداق دەيدۇ: بۇنداق مەسىلىلەرگە ھەمىشە كونكرېت سەۋەب كۆرسىتەلمەيمىز - دە، تامامەن پۇرسەتكە تايىنىمىز.

ئىقتىسادشۇناسلار بۇ ئىشقا جىددىي پوزىتسىيە تۇتىدۇ، ھەتتا قىمارغىمۇ ئۈمىدسىز پوزىتسىيىدە بولىدۇ. كېينىس «ئېھتىماللىق توغرىسىدا» دېگەن ئەسىرىدە مۇنداق يەكۈن چىقىرىدۇ: ئەقىل ۋە ئەخلاق جەھەتتە، چوڭ تەۋەككۇلچىلىكتىن ساقلىنىشىمىز كېرەك، ئېھتىماللىقنى ھېسابلاپ ئىش كۆرۈشىمىز كېرەك. ئۇ بىزگە نەسىھەت قىلىپ، قارتا ياكى پاي چېكى سودىسىدا چوڭ زىيانغا چىداشقا كۆزۈڭلار يەتمىسە قىمار ئوينىماڭلار، دەيدۇ.

ئادام سىمىت ئۆزىنىڭ «دۆلەتنى بېيىتىش نەزەرىيىسى» دېگەن ئەسىرىدە، پۇرسەت ھەققىدە تېخىمۇ ئۈمىدسىز پوزىتسىيىنى ئىپادىلىگەن. لاتارىيە بېلىتىنىڭ نىسبىتى جەزىمخورغا ئەبەدىي پايدىلىق بولىدۇ.

دۇنيادا تامامەن ئادىل لاتارىيە بېلىتى يوق. ئادەملەرنىڭ لاتارىيە تارتىشى زىيانغا ئېلىپ بارىدۇ، ئۇنداق بولمىسا لاتارىيەچى ھېچنېمىگە ئېرىشەلمىگەن بولاتتى. . . لاتارىيە ئويۇنىدا پۇل تاشلاپ ئامەت ئىزدىگەنلەرنىڭ زىيانىمۇ زورىيىپ بارىدۇ. ماتېماتىكىدا بۇنىڭدىنمۇ مۇقەررەر پۇرسەت بولمايدۇ. لاتارىيە بېلىتى تارتقىنىڭ ئۇتتۇرۇشتىن نىشان.

ئادام سىمىت «چورتلا ئۇتالمايمەن» دېمىگەن. ئىرېلاندىيە

بەيگە لاتارىيىسىدىن بىر پارچە ياكى مەلۇم مىقداردا بولسىلا، زور مىقداردا پۇلغا ئېرىششىڭىز مۇمكىن. بىراق، تېخىمۇ تەلەيلىك بولمىغان دەيدىكەنسىز، تېخىمۇ كۆپ زىيانغا تەييارلىق قىلىپ قويۇشىڭىز كېرەك.

---

## 100. كەسىپنىڭ خۇسۇسىيىتى

*ئۇزۇن «كەسىپ» دېگەن سۆز قانۇن، تېبابەت ۋە ئاممىۋى خىزمەت دائىرىسىدىلا چەكلىنەتتى. ھازىر گېزىت ـ ژۇرنالچىلىق، ئېلان (داۋراڭ)، مۇقىم مۈلۈك ۋە باشقا نۇرغۇن خىزمەتلەر كەسىپ دېيىلىدىغان بولدى. كەسىپ بىلەن ئادەتتىكى خىزمەت ئوتتۇرىسىدا ئېنىق پەرمان بارمۇ؟ كەسىپ مائارىپ، ئەخلاق ۋە باشقىلارغا باغلىقمۇ؟*

---

«كەسىپ» دېگەن سۆز ئادەتتە بىر ئادەمنىڭ تاپشۇرۇلغان خىزمەتنى بېجىرىش ئىقتىدارىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ مەنىدىن ئالغاندا، ئۇ «پىششىق» دېگەن گەپكە مەنىداش كېلىدۇ. «كەسىپ» نىڭ ئەسلىدىكى مەنىسى بولسا، كەسىپ ئەھلىنىڭ ئۆز خىزمىتىنى پۇختا بېجىرىپ، جەمئىيەتكە پايدا يەتكۈزۈش مەقسىتىگە يېتىش دېگەنلىك بولىدۇ.

مەشھۇر ئەنگلىيە ئىقتىسادشۇناسى تايلور كەسىپ ھەققىدە ئىنتايىن چۈشىنىشلىك بىر تەبىرلى بەرگەنىدى: «كەسىپ بىر تۈركۈم كىشىلەرنىڭ ئۆز خىزمىتىنى قائىدە ـ مىزان بويىچە ئىشلىشى، ئەزالارنىڭ بىر ـ بىرىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىشى ۋە جەمئىيەتكە مۇلازىمەت قىلىشقا پايدىلىق بولۇشى ئۈچۈن

بەزى ئۆلچەملەرنى ساقلاپ قېلىشىدىن ئىبارەت» . كۆپچىلىككە مەلۇمكى، جەمئىيەت بەزى پائالىيەتلەرگە ئېھتىياجلىق بولۇپ، بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ ئالاھىدە بىلىم ۋە ماھارەت بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، ئورتاق تىرىشىشنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ ئېھتىياجلار بىردەك بولغاندىلا ئەنئەنىۋى كەسىپ تەرەققىي قىلالايدۇ. ئەڭ بۇرۇنقى ئېھتىياج، بەلكىم، ھەربىي ئىشلار بولسا كېرەك، ئۇزۇن تارىختا ئىگە باشقا كەسىپلەردىن ئىلاھىيەت، شەرىئەت، تېبابەت ۋە مائارىپ قاتارلىقلار بار.

بۇ كەسىپلەرنىڭ ھەممىسى جەمئىيەتتە پايدىلىق بولۇپ، كەسىپ ئەھلىلىرى ئۆز خىزمىتى ئارقىلىق جەمئىيەت پۇقرالىرىغا نەپ يەتكۈزىدۇ. ھەربىيلەرنىڭ ئىشى دۆلەتنى قوغداش، قانۇنچىلارنىڭ ۋەزىپىسى جەمئىيەت ۋە ھۆكۈمەتكە خىزمەت قىلىش، دوختۇرنىڭ ۋەزىپىسى ساغلاملىقنى ئاسراش، مائارىپنىڭ ۋەزىپىسى بىلىم تارقىتىش. ئەلۋەتتە، يېڭىدىن پەيدا بولغان باشقا كەسىپلەرمۇ بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئۆزىگە خاس رولى بار. ئۇلارنىڭ كونكرېت قىممىتى جەمئىيەتكە مۇلازىمەت قىلىش نىشانى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ.

كەسپىي پائالىيەت باشقا شەكىلدىكى خىزمەتلەرگە ئوخشىمايدۇ، بۇ مۇلازىمەت نىشانىدىلا بولۇپ قالماي، خىزمەت ئۇسۇلىدىمۇ كۆرۈلىدۇ. تىجارەت، سانائەت ياكى سودىدا كىشىلەر ھەمىشە باشقىلار ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. ئۇرۇشتا بولسا شەخس كاپىتان ئۈچۈن، كاپىتان گېنېرال ئۈچۈن خىزمەت قىلمايدۇ، بەلكى ئۇرۇشتىكى بارلىق خىزمەتلەرنىڭ مەقسىتى غەلىبە. ئوخشاشلا دوختۇرخانىدا سېسترا ۋە لاباراتورلار تاشقى كېسەللىكلەر دوختۇرى ئۈچۈن خىزمەت قىلمايدۇ، ئۇلارنىڭ بارلىق خىزمىتى بىمارلارنىڭ سالامەتلىكى ئۈچۈندۇر.

بىر خىل كەسىپتىكىلەر ئادەتتە ئەخلاقىي مىزان

تۇرغۇزۇپ جەمئىيەتتە ئۆز خىزمىتىنى قانداق ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى بېكىتىدۇ. ئۇلارنىڭ ئەزالىرى بۇ نىزاملارنى پرىنسىپ دەپ بىلىدۇ. مەسىلەن، دوختۇرلاردىن بىمارلارنىڭ داۋالىنىش ھەققىدىكى ئەھۋاللارنى باشقىلارغا سۆزلىمەسلىكى تەلەپ قىلىنىدۇ، بۇ بىر ئەقەللىي ئەخلاق بولۇپ، دوختۇرلۇق كەسپىنىڭ بىر پرىنسىپى. «ھىپپوكراتنىڭ قەسىمى» دېگەن مەشھۇر ئەسەرنىڭ بېشىدا مۇنداق دېيىلگەن:

*كەسپىم بىلەن ئالاقىدار بولۇش - بولماسلىقىدىن قەتئىينەزەر، بىر ئادەمنىڭ ھاياتىغا دائىر كۆرگەن - بىلگەنلىرىمنى باشقىلارغا ھەرگىز دېمەيمەن. مەخپىيەتلىك تەرىقىسىدىكى ھەر قانداق نەرسىنى ئاشكارىلىمايمەن. مۇشۇ قەسىمگە ئەمەل قىلسام‌لا خۇشال ھايات ۋە ھۈنەر كەسپىگە ئىگە بولۇپ، كىشىلەرنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشەلەيمەن. ئەكسىچە، قەسىمگە خىلاپلىق قىلسام، تەقدىرىم مۇشكۇل بولىدۇ.*

كەسپ ئەھلى خۇددى باشقىلاردەك ئۆز تۇرمۇشىنى پۇلغا تايىنىپ قامدىسىمۇ، ئۇلارنىڭ خىزمىتىنىڭ قىممىتىنى تاپقان پۇلى بىلەن ئۆلچىگىلى بولمايدۇ. ئۇلارنىڭ كەسپىي خىزمىتىدە ھەق ئاساس ئەمەس، شۇڭلاشقا، ئۇلارنىڭ خىزمىتىگە بېرىلگەن ھەقنى «مائاش» دېمەي، «مىننەتدارلىق سوۋغىسى» دەيمىز. مانا بۇ دوختۇر بىلەن ئادۋوكاتنىڭ ھەقسىز ئىشلىشىدىكى سەۋەب.

تايلورمۇ بۇ نۇقتىنى تەكىتلەيتتى، چۈنكى ئۇنىڭ قارىشىچە، كەسپنىڭ ماھىيىتى مۇنداق ئىدى:

*بىر ئادەمنىڭ بىرەر كەسپ بىلەن شۇغۇللىنىشى تىرىكچىلىك ئۈچۈن بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى تاپاۋىتى بىلەن ئەمەس، قىلغان خىزمىتى بىلەن ئۆلچىنىدۇ. ئۇلار كۆزگە كۆرۈنگەن بىر دوختۇرغا ئوخشاش باي بولۇشى مۇمكىن.*

ليكىن، ئۇلارنىڭ كەسپىي مەقسىتى پۇل بولماستىن، ساغلاملىق، ئامانلىق، بىلىم ياكى ياخشى قانۇن بەرپا قىلىشتۇر. ئۇلار شۇ ئارقىلىق ئاز ـ تولا نەپكە ئېرىشكەن، ئەمما ئۇلار كىرىمنى كۆپەيتىدىغان ئىشلارنى ئويلاشمايتتى، شۇڭا ئۇلارنىڭ ھەرىكىتى ياخشىلىق دەپ ئاتىلىدۇ. مۇنداقچە ئېيتقاندا، كەسپىنىڭ توپ ئالاھىدىلىكى كەسىپ ئەھلىنىڭ ئۆزىنى بېغىشلاش روھىدا.

---

## 101. ئەر ـ ئاياللار باراۋەرلىكى

ئۇرغۇن چەت ئەللىكلەر ۋە بىر قىسىم ئامېرىكىلىقلار ئامېرىكا ئاياللىرىنىڭ مۇستەقىل ۋە باراۋەر ئورنىنى كۆرۈپ ھەيران قالىدۇ. قانداقلا بولمىسۇن، باشقا دۆلەتلەردىكى ئاياللارمۇ ئامېرىكا ئاياللىرى ئېرىشكەندەك ئىجتىمائىي ئورۇن ئۈچۈن كۆرەش قىلماقتا. ئاياللارنىڭ ئورنىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشى سودا، ھۆكۈمەت ۋە ھەر خىل كەسىپ ساھەلىرىدە ئۆز تەسىرىنى كۆرسەتتى. بۇرۇنقى يازغۇچىلار بۇ ھەقتە قانداق ئويلىغان؟ ئۇلار ئەرلەر ئاياللارنى ئىدارە قىلىشى كېرەك، دەپ قارىغانمۇ ياكى ئەر ـ ئاياللار تامامەن باراۋەر بولۇشى كېرەك دەپ قارىغانمۇ؟

---

بۇرۇنقى يازغۇچىلارنىڭ ئاياللارنىڭ ئورنى ھەققىدىكى پوزىتسىيىسى زور دەرىجىدە ئوخشىمايتتى. بەزىلەرنىڭ قارىشىچە، ئاياللار تەبىئىي ھالدا ئەرلەردىن تۆۋەن تۇرىدۇ، چۈنكى پەقەت ئەرلەرلا ئىنسان نەسلىنىڭ ئاكامۇللۇقىنى

كونكرېتلاشتۇرالايدۇ. يەنە بەزىلەرنىڭ قارىشىچە، ئاياللار ھەر جەھەتتىن ئەرلەر بىلەن تەڭ تۇرالايدۇ، ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى پەرق پەقەت ئاز - تولا فىزىئولوگىيىلىك پەرقتىن ئىبارەت. ھەتتا، بەزىلەرنىڭ قارىشىچە، ئاياللار بەزى تەرەپلەردە ئەرلەردىنمۇ ئۈستۈن تۇراتتى.

شۈبھىسىزكى، نۇرغۇن ئادەملەر يەنىلا ئائىلە ئاياللار ئۈچۈن ئەڭ مۇۋاپىق جاي دەپ قارايدۇ. «ئىنجىل» - («يېڭى ئەھدە»، «كونا ئەھدە») دا، ئاياللار قوشۇمچە ئورۇنغا قويۇلغان. كۆپ سانىدىكى بۈيۈك پەيلاسوپلار ئاياللارنى كەمسىتىدۇ. ھەتتا، جەننەتتىمۇ ئاياللار ئەرلەرنىڭ ياردەمچىسى. ئادەمئاتا جەننەتتىن قوغلانغاندىمۇ، ھەۋۋائانا ئادەمئاتىنىڭ باشقۇرۇشىغا تاپشۇرۇلغان. سان پائول ئاياللارغا نەسىھەت، ئەرلىرىڭلارغا چوقۇم بويسۇنۇڭلار دېگەن، دىنىي جەمئىيەت ۋە دىنىي تەرغىباتلاردىمۇ ئاياللار سۈكۈت قىلىپ تۇرۇشقا بۇيرۇلغان.

ئەپلاتون ئاياللارنىڭ جەمئىيەتتىكى ۋە سىياسىيدىكى باراۋەر ئورنىنى كۆككە كۆتۈرگەن، بۇ قەدىمكىلەردىكى ئاياللارنىڭ باراۋەر ئورنىغا قارشى تۇرغۇچىلار لاگېرىغا نىسبەتەن مەشھۇر بۆسۈش بولۇپ قالغان. ئەپلاتون «غايىۋى دۆلەت» دېگەن ئەسىرىدە، سوقراتنىڭ ئاغزىدىن مۇنداق دەيدۇ: «بىر دۆلەتنى باشقۇرۇش ئۈچۈن ئالاھىدە ئىقتىدار كەتمەيدۇ، ئاياللاردا شۇ خىل ئىقتىدار بار، چۈنكى ئۇ ئايال. ئەرلەردىمۇ شۇ خىل ئىقتىدار بار، چۈنكى ئۇ ئەر. ئەرلەرنىڭ ئىزدەيدىغىنى بەرىبىر ئاياللارنىڭ ئىزدەيدىغىنىدۇر. ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى فىزىئولوگىيىلىك پەرقنىلا ئويلىشىش كېرەك.»

سوقرات بەزى تەرەپلەردە ئاياللار ئەرلەردىن تۆۋەن تۇرىدۇ، دەپ ئېتىراپ قىلاتتى. ئەمما، ئۇنىڭ ئاياللارنىڭ ئۆزئارا پەرقىگە بولغان قىزىقىشى ئەر - ئايال ئوتتۇرىسىدىكى پەرققە

بولغان قىزىقىشتىن ئۈستۈن ئىدى.

ئارىستوتېل قەدىمكى قاراشلارغا ۋەكىللىك قىلغان ھالدا ئەپلاتوننىڭ قارىشىنى رەت قىلاتتى. ئۇنىڭ قارىشىچە، ئەرلەر تەبىئىي ھالدا ئاياللاردىن ئۈستۈن ئىدى. ئۇنىڭچە، ئاياللار كەمتۈك ئەرلەردىن ئىبارەت بولۇپ، دەل مۇشۇنداق تۇغما ئاجىزلىقى تۈپەيلىدىن زەربىگە ئۇچرايدۇ.

ھازىرقى زامان يازغۇچىلىرىدىن مىل ئەپلاتوننىڭ ئاياللارنىڭ سىياسىي ھوقۇق باراۋەرلىكى ھەققىدىكى تەشەببۇسىغا قوشۇلاتتى. رۇسسونىڭ قارىشىچە، ئاياللارنىڭ ئەڭ مۇناسىپ ھوقۇقى ئائىلىدە بولىدۇ، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئاتلىق مېھرى بىلەن، جەسۇر ئەرلەرنى مەسئۇلىيەت ۋە پەزىلەتكە دالالەت قىلىدۇ.

ھازىرقى زامان يازغۇچىلىرىنىڭ كۆپىنچىسى ئاياللار بەزى ئالاھىدە تەرەپلەردە ئەۋزەللىككە ئىگە دەيدۇ. مەسىلەن، دارۋىن ئاياللارنىڭ ئەپۋچانلىقىدىن كەلگەن يۇمشاق، قىزغىن، كەڭ قورساق خىسلەتلىرىنى مەدھىيىلىگەن. بۇنىڭغا زىت ھالدا ئەرلەردە رىقابەتتە ئىپادىلىنىدىغان ئۆزلۈك ئېڭى كۈچلۈك بولىدۇ. ئۇ يەنە ئاياللاردا ئۆتكۈر بىۋاستە سېزىم ۋە ئىدراكىي سېزىم بار دېگەنىدى. جامېسنىڭ قارىشىچە، ئاياللار ئەرلەرگە نىسبەتەن بالدۇر يېتىلىدۇ. ئۇ بىر ئايال 20 ياشقا كىرگەندە پىسخىكا جەھەتتىن تامامەن يېتىلىدۇ، ئۇنىڭ بىلەن تەڭ ياشتىكى ئەرلەر بولسا ئۇنداق ئەمەس.

بەلكىم، ئەڭ قىزغىن ئاياللار ئەلاچىلىقى تەرەپدارى سىرۋانتېسنىڭ دونكىخوت دېگەن قەھرىمانى بولسا كېرەك ( بۇ ئىنتايىن كونا مىسال) . ئىللىق بۇ چەۋەنداز ئاياللارنى پەزىلەت بابىدىكى مۇكەممەل بەندە دەپ تەسەۋۋۇر قىلىدۇ:

*ئاياللارغا خاتىرە بويۇمغا مۇئامىلە قىلغاندەك مۇئامىلە*

قىلىش كېرەك. ئۇلارنى ھۆرمەت قىلىش كېرەككى، قول تەگكۈزۈشكە بولمايدۇ.

ئاياللارنى قوغداش ۋە ئەتىۋارلاش كېرەك، خۇددى خۇشپۇي گۈلزارنى قوغدىغاندەك ئاسراش كېرەك. گۈلزارنىڭ خوجايىنى باشقىلارنىڭ گۈل ئۈزۈشىگە يول قويمايدۇ، باشقىلار پەقەت تۆمۈر رىشاتكىنىڭ سىرتىدا تۇرۇپ، گۈللەرنىڭ گۈزەللىكىدىن زوق ئالسا بولىدۇ.

ئەرلەر ئاياللارغا چەۋەندازلىق روھى بىلەن مۇئامىلە قىلىمۇ، ئەمما جىنسلار ئوتتۇرىسىدىكى باراۋەرلىكنى ئىلگىرى سۈرەلمىدى. ئاياللار ئەپسۇس ئىلكىدە شۇنى بىلدۈككى، جىنسلار دۇنياسىنىڭ مۇكەممەللىكىگە يېتىش راستىنلا مۇمكىن ئەمەس.

---

## 102. ئاياللارنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنى

ھازىرقى ئاياللار، بولۇپمۇ ئامېرىكا ئاياللىرى مۇستەقىللىقنى قولغا ئېلىپ، ئەرلەر بىلەن باراۋەر بولدى. بەزىلەر (بولۇپمۇ ئەرلەر) بۇ بىر بولمىغۇر ئىش بولۇپ، ئاياللارنىڭ تەبىئىي رولىغا خىلاپ دەپ ۋايساشتى. بۇرۇنقى مۇتەپەككۇرلار بۇ مەسىلە ھەققىدە قانداق قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويغان؟ ئۇلار ئاياللار ئەزەلدىن ئەرلەرگە يەتمەيدۇ، دەپ قارامتى؟ ياكى بەزىلەر تېخىمۇ «ئاقىلانە» قاراشتا ئىكەنمىدى؟

---

غەرب مەدەنىيىتى جەمئىيەتنىڭ قەبىلە باشلىقلىق تۈزۈمى مەزگىلىدە روياپقا چىقىشقا باشلىغان. ئەرلەر ئائىلە ۋە

جەمئىيەتتە ئەۋزەل مۇئامىلىدىن بەھرىمەن بولۇپ كەلدى. قەدىمكى ئەسەرلەر ئاياللارنىڭ ئورنى ھەققىدە توختالغاندا، جەمئىيەتنىڭ قەبىلە باشلىقلىق ھالىتىنى ئەكس ئەتتۈرگەن. ھەتتا، قەدىمكى مۇتەپەككۇرلارنىڭ ئاياللارنىڭ ئورنى ھەققىدىكى يەكۈنى ئادەتتىكى ئەھۋاللار بىلەن زىت ئىدى.

قەدىمكىلەرنىڭ ئىچىدە ئاياللارنىڭ ئورنى ھەققىدە سۆز ئاچقانلاردىن ئەپلاتون ئەڭ مەشھۇر. ئۇ ئۆزىنىڭ «غايىۋى دۆلەت» دېگەن ئەسىرىدە، ئاياللار سىياسىي جەھەتتە ئەرلەر بىلەن باراۋەر ئورۇندا تۇرۇشى كېرەك، دەپ تەكلىپ بەردى. ئەپلاتوننىڭ تەشەببۇسىچە، ئەرلەر قىلغان ئاممىۋى ئىشلارنى ئاياللارمۇ قىلالايدۇ. ئۇ بەزى تەرەپلەردە ئاياللار ھامان ئاياللىقنى قىلىپ، بولۇپمۇ سىياسىي ئىشلاردا ئەرلەردىن تۆۋەن تۇرىدۇ، دەپ ئېتىراپ قىلاتتى. لېكىن، ئۇنىڭ قارىشىچە، شەخسلەر (ئەر ياكى ئايال) ئوتتۇرىسىدىكى پەرق جىنسلار ئوتتۇرىسىدىكى پەرقتىن مۇھىم. ئەقىللىق، ئىقتىدارلىق بىر ئايال ئەقلى كەم بىر ئەردىن مۇتلەق ئۈستۈن تۇرىدۇ، ئەگەر ئاياللار دۆلەت ئىشلىرىغا قاتناشتۇرۇلمىسا، بۇ ئىنسانلار ئىقتىدارىدىكى ئىسراپچىلىق بولىدۇ.

ئەپلاتون دەۋرىدىن 2000 يىل كېيىن، ئەنگلىيە پەيلاسوپى مىل ئاياللارنى يەنە بىر قېتىم ئاقلىدى. ئۇ «ئاياللارنىڭ ئىتائىتى» ناملىق بروشۇرىسىدا ئەر ـ ئاياللار ئوتتۇرىسىدىكى ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي، سىياسىي باراۋەرسىزلىكنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتى ئۈستىدىن يەتكۈچە شىكايەت قىلدى. ئۇ «پارلامېنت ھاكىمىيەت تۈزۈلمىسى» دېگەن ئەسىرىدە، ئاياللارنىڭ ئاۋاز بېلىتى تاشلاش مەسىلىسى ھەققىدە توختىلىپ، خۇددى ئەرلەرنىڭ سىياسىيغا ئارىلىشىش ھوقۇقى بولغاندەكلا ئاياللارمۇ بۇ جەھەتتە تۇغما ھوقۇققا ئىگە دېگەنىدى.

نەچچە ئەسىر ئۆتۈپ، بۈگۈنگە كەلگەندە، ئاياللارنىڭ ئاۋاز

بىرىش ھوقۇقى يەنىلا مۇنازىرە قىلىنماقتا. ئەپلاتون بىلەن
مىلىتنىڭ تەشەببۇسى يەنىلا ئاز سانلىقلارغا تەۋە. ئەپلاتوننىڭ
داڭلىق ئوقۇغۇچىسى ئارىستوتېل بۇ قاراشقا قارشى
پىكىردىكىلەرنىڭ ۋەكىلى. ئۇ ئەرلەر ئىنسانىيەتنىڭ غايىسىنىڭ
كونكرېت ئىپادىسى، ئاياللار بىر خىل تۆۋەن دەرىجىلىك
مەۋجۇدىيەت دېگەنىدى. ئارىستوتېل ھازىرقى ئامېرىكا
جەمئىيىتىدىكى ئاياللار ھەرىكىتىنى كۆرسە ۋەھىمىلىنىپ
كېتىشى مۇمكىن. ئۇمۇ سان پاتۇلغا ئوخشاشلا سۈكۈت قىلىش
ۋە بويسۇنۇش ئاياللارنىڭ شان ـ شەرىپى دەپ قارايتتى.

ئەمەلىيەتتە، ئىجتىمائىي، سىياسىي جەھەتتىكى
باراۋەرلىك مەسىلىسىنى قايرىپ تۇرغاندىمۇ، رىتسارلار دەۋرىدە
ئاياللارنى ئېرسىيەت جەھەتتە باراۋەر يارىتىلغۇچى دەپ
قارايدىغان غايىۋىلەشكەن ئاياللار ئۇقۇمى ئوتتۇرىغا چىققان.
بۇنداق رومانتىك ئايال ئۇقۇمى دانتېنىڭ ئەسىرىدىكى بىياتلىس
ئوبرازىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن. بىياتلىس غەرب ئەدەبىياتىدىكى
غايىۋى ئاياللار ئوبرازىنىڭ چوققىسى. «ئىلاھ كومېدىيىسى»
دىكى بىياتلىس دانتېنىڭ ئىشقا ئاشمىغان مۇھەببىتىنىڭ
نامايەندىسى بولۇپلا قالماستىن، يەنە يەۋقۇلئاددە ئەقىل ـ
پاراسەتنىڭ سىمۋولى، بۇ جەھەتتە ئۇ پەيلاسوپلاردىنمۇ ھالقىپ
كەتكەن. ئاياللار ھەققىدىكى رومانتىك ئۇقۇم سېرۋانتېسنىڭ
«دونكىخوت» ناملىق ئەسىرىدە تېخىمۇ ئىلگىرى سۈرۈلگەن.
ئۇنىڭدا ئاياللار نازۇك گۈلگە ئوخشايدۇ، ئۇ ئاۋايلاشقا ۋە
قوغداشقا موھتاج دېيىلگەن.

ھازىرقى ئەسەرلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئاياللارنىڭ باراۋەرلىكى
ھەققىدىكى تەشەببۇسقا ئېرەن قىلمايدۇ. بۇ ئەسەرلەرنىڭ
ئاپتورلىرىنىڭ قارىشىچە، ئاياللار ئەسلىدىكى ئەرلەرگە تەۋە
پائالىيەت ۋە ئورگانلارغا ئارىلىشىۋالغانلىقى ئۈچۈن،
ئۆزلىرىنىڭ ئەسلىدىكى نازاكىتى، سېھرى ۋە شېرىنلىكىنى

يوقىتىپ قويغان. ئۇلار يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ، ئاياللار مىللنىڭ تەشەببۇسىدىن بۇرۇنقى ئىجتىمائىي ئورنىغا قايتىشى كېرەك، دەپ تەكلىپ بېرىشتى.

مىل مۇنداق يازغان: «ھازىر ھېچكىم ئاياللارنى ئىدىيىسىز، ئارزۇسىز ياكى كەسپسىز خۇسۇسىي قۇل دەپ قارىمايدۇ. ئەكسىچە، ئاياللار ئېرى، ئاتىسى ياكى قېرىنداشلىرى ئۈچۈن قىزغىن مۇلازىمەت قىلىدىغان خىزمەتچى». ئۇ ھېچكىم ئاياللاردا مۈلۈك بولسا بولمايدىغان، ئەرلەرگە ئوخشاش پۇل ۋە سودىغا قىزىقسا بولمايدىغان ئاشۇ كۈنلەرگە قايتىشنى خالىمايدۇ، دېگەنىدى.

---

## 103. ئەركىنلىكنىڭ مەنىسى

*بىز باللىقىمىزدىن تارتىپلا «ئەركىن دۆلەت» دە ياشاشنىڭ پەيزىنى بىلىشكە باشلىغان، لېكىن بەزى دۆلەتلەر پۇقرالىرىمىزغا «ئەركىنلىك» بېرىمىز دەپ تەشەببۇس قىلىشىمۇ، ئۇلار دەۋاتقان ئەركىنلىكنىڭ مەنىسى بىزنىڭكىگە ئوخشىمايتتى. ئەركىنلىكمۇ ھەر خىل بولامدۇ؟ ئەركىنلىكنىڭ مەنىسىدە سىياسىي مەنىسىدىنمۇ ئاساسلىق مەنە بولامدۇ؟ ئەركىنلىكنىڭ خۇسۇسىيىتى ۋە تۈرلىرى ھەققىدىكى ئاساسلىق ئۇقتىم نەزەرلەر قانداق؟*

---

كىشىلىك ھاياتقا چوڭقۇر مەنە ئاتا قىلغان ئەركىنلىك ئۇقۇمىنى چۈشىنىشتىن ئاۋۋال، بەزى ئۇقۇملار ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتۈشىمىز كېرەك. غەرب ئىدىيە تارىخىدا،

ئەركىنلىك تۈرلۈك مەنىگە ئىگە بولغان، ئەھۋال تۆۋەندىكىچە:

1) بىر ئادەمنى ئەركىن بولدى دېگىنىمىزدە، سىرتقى مۇھىتنىڭ ئۇنىڭ ئۆز مەنپەئىتى ئۈچۈن خالىغان ئىشلارنى قىلىشقا يول قويغانلىقىنى كۆزدە تۇتىمىز. بۇ گەپچە بولغاندا، كىشەنلەنگەنلەر، تۈرمىگە سولانغانلارنىڭ ئەركىنلىكى يوق ھېسابتا بولىدۇ. چۈنكى، ئۇلارنىڭ ۋاقتى مەھرۇملۇقتا ئۆتىدۇ. بىر ئادەم ئۆزى خالىمىغان ئىشلارغا مەجبۇرلانسا، ئۇ جىسمانى بېسىم ياكى ۋەھىمە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇ ئەركىن ئەمەس. بۇ گەپ بويىچە بولغاندا، جەمئىيىتىمىزدىكى كۆپ ساندىكى ئادەملەرنىڭ ئەركىنلىكى بار.

2) بىر ئادەمنى ئەركىن بولدى دېگىنىمىزدە، ئۇنىڭ يېتەرلىك پەزىلەت ۋە پاراسەتكە ئىگە بولۇپ، قىلىشقا تېگىشلىك ئىشنى مۇستەقىل بېجىرىپ، ئەخلاق ۋە قائىدىگە بويسۇنغان ھالدا نورمال كىشىلىككە ئۇيغۇن كېلىدىغان كۆڭۈلدىكىدەك تۇرمۇشنى ياشىيالىغان ئادەمنى كۆزدە تۇتىمىز. بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، تۈرمە ۋە كىشەن بىراۋنىڭ ياخشى ئادەم بولۇش ئەركىنلىكىنى تارتىۋالالمايدۇ. ئەركىنلىكنى تىرىشچانلىق ئارقىلىق قولغا كەلتۈرگىلى بولىدۇ، ئۇ ھەر بىر ئادەمنىڭ روھىي ۋە خاراكتېرىدە مەۋجۇت. ئۇ تاشقى مۇھىتتىن مۇستەسنا ھالدا تۇرىدۇ. بۇ خىل قاراشتىكى پەيلاسوپلاردىن سىپىنوزا قاتارلىقلار رەزىللەردە ئەركىنلىك بولمايدۇ، ئۇلار ھاۋايى - ھەۋەسنىڭ قۇللىرى دەپ قارايدۇ. سان پائۇل «ھەقىقەتنى تونۇغىنىڭنىڭ ئۆزى ئەركىنلىكتۇر» دېگەنىدى.

3) ھەممە ئادەم ئەركىندۇر، چۈنكى ئۇلار تۇغۇلۇشىدىنلا ئەركىن تاللاش ھوقۇقى ئاتا قىلىنغان، يەنى ئۇلاردا نېمىنى قىلىش - قىلماسلىقنى ئۆزلىرى قارار قىلىش ھوقۇقى بولىدۇ. بۇ ئەنئەنىدىكى ئاتالمىش ئەركىن ئىرادە، ئۇ كىشىلىكتىن ئۇدۇملانغان ئەركىنلىك بولۇپ، ھەممە ئادەمدە بار بولىدۇ. كۆپ ساندىكى پەيلاسوپلارنىڭ قارىشىچە، بۇنداق ئەركىنلىك

پەقەت ئادەمدىلا بار، باشقا ھايۋانلاردا يوق.

يۇقىرىقى ئۈچ خىل ئاساسلىق ئەركىنلىك ئۇقۇمىدىن باشقا، يەنە نىسبەتەن ئالاھىدە بولغان ئىككى خىل قاراش بار. ئۇنىڭ بىرى، جۇمھۇرىيەت تۈزۈمىدىكى خەلقلەر ئىگە بولغان سىياسىي ئەركىنلىك ئۇقۇمى. ئۇلار سىياسىيغا ئارىلىشىش ھوقۇقىنى ئىشلەتكەنلىكى ئۈچۈن، ئاۋاز بېرىش ئاساسىدا شەكىللەنگەن قانۇننىڭ ئاستىدا ياشايدۇ. سىياسىي ئەركىنلىك خۇددى بىز چۈشەنگەندەك پەقەت ئەركىن سىياسىي تۈزۈمدە، بولۇپمۇ سايلام تۈزۈمىدە مەۋجۇت بولىدۇ.

يەنە بىر ئالاھىدە قاراش ماركس، ئېنگېلس، لېنىنلار تەشەببۇس قىلغان كوللېكتىپ ئەركىنلىكتىكى كوممۇنىزم قارىشىدىن ئىبارەت. بۇ ئالاھىدە ئۇتوپىيىلىك شەرت ئاستىدا ئادەمنى قانۇن ياكى ھۆكۈمەت كىشەنلىرىدىن خالاس قىلىش بولۇپ، بۇ ئىنتايىن يىراق كەلگۈسىدىكى بەھرىمەنلىك ئىدى.

ئەركىنلىك ئۇقۇمىنىڭ قانچىلىك مۇھىم ئىكەنلىكىگە يۇقىرىقى ئۈچ ئاساسلىق ئۇقۇم جاۋاب بېرەلەيدۇ. بۇ ئەركىنلىكلەر بىز دەۋاتقان ئىنسانىي قەدىرىيەت بىلەن زىچ ئالاقىدار. چۈنكى، ئىنسانلار قۇللۇق ياكى كىشەندە قالغاندا، ئۇلارنىڭ قەدرى دەپسەندە بولغان بولىدۇ. ئىنسانلار ئۆزىنىڭ ئىرگىنىنى ئەقىلگە ئەمەس، ھەۋەسكە تاپشۇرغاندا، ئۇلارنىڭ قەدىر - قىممىتى زىيان - زەخمەتكە ئۇچرايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئادەم تەبىئىي مەيل بويىچە ياشاپ، تۇراقلىق تۇرمۇش شەكلىگە باقىمەندە بولۇپ قالىدىغان ھايۋانلاردىن ئەمەس. ھەر بىر ئادەم ئۆزىنىڭ ئەركىن ئىرادىسى بويىچە ئۆزىنىڭ شەخسىي تۇرمۇش ھوقۇقىنى يۈرگۈزسە بولىدۇ، ئۇ ئۆزىگە خاس خاراكتېرنى يارىتسا بولىدۇ.

يۇقىرىقى ئۈچ خىل ئەركىنلىك ئېتىكا ۋە مەسئۇلىيەت بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك، ئۇلارنىڭ ئىككىنچىسى بولسا، ياخشى ئادەم بىلەن ئەركىن ئادەمنى ئەخلاق جەھەتتىن بىرلىكتۈرۈپ

تونۇيدۇ. قالغان ئىككىسىنى ئەخلاقىي مەسئۇلىيەتنىڭ ئاساسى دەپ قاراشقا بولىدۇ. بىزنىڭ قارىشىمىزچە، مەجبۇرلانغان قىلمىش ياكى ياخشى ئويلىنىش ۋە ياكى ئەركىن تاللاشتىن ئۆتمىگەن ھەرىكەتلەر ئادالەتسىزلىك بولىدۇ.

---

## 104. ھەزارەت ۋە مەدەنىيەت

*بەزىلەرنىڭ قارىشىچە، ھەزارەت ۋە مەدەنىيەت ئىنتايىن قىممەتلىك، بىز سىياسىي ئاتىقلارنىڭ غەرب ھەزارىتىنى ۋە مەدەنىيىتىنى قوغداش توغرىسىدىكى چاقىرىقىنى ئاڭلاپ تۇرىمىز. ئەمما، «ھەزارەت» دېگەن نېمە؟ «مەدەنىيەت» دېگەن نېمە؟ ئۇلار ئوخشاپ كېتەمدۇ؟ ھەزارەت ۋە مەدەنىيەت تېخنىكىلىق ۋە ئىقتىسادىي ئىلگىرىلەش مەسىلىسىمۇ؟ ياكى ئۇ نوقۇل روھىي، مەنىۋى جەريانمۇ؟*

---

«ھەزارەت» دېگەن سۆزنىڭ تۈپ مەنىسى تەبىئەتنىڭ ياخشىلىنىشى ياكى ۋايىغا يېتىشنى بىلدۈرىدۇ. دېھقانچىلىقتىكى تۇپراقنى ياخشىلاش ۋە ماددىي ھەزارەت بەدەننى تەرەققىي قىلدۇرىدۇ. شۇڭا، ئىنسانىيەتنىڭ ھەزارىتى كىشىلىك، ئەخلاق، ئەقىل، جەمئىيەتتىكى بارلىق ھادىسىلەرنىڭ تەرەققىياتى.

ھەزارەت كەڭ مەنىدىن ئېيتقاندا، روھىي ۋە ماددىي كاتېگورىيىگە ئىگە بولۇپ، ئۇ ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ ياخشىلىنىشىنىڭ مۇجەسسەمى. بەزى مۇتەپەككۇرلارنىڭ قارىشىچە، ھەزارەت بىر خىل دەسلەپكى روھىي ھالەت بولۇپ، تەربىيە ئارقىلىق ئېرىشىلىدۇ، پەلسەپە، ساپ پەن ۋە گۈزەل

سەنئەتتە ئىپادىلىنىدۇ. يەنە بەزىلەرنىڭ قارىشىچە، ھەزارەت ئىجتىمائىي تۈزۈمنىڭ بىر خىل ھالىتى ھەمدە ئېتىقاد، ئۆرپ - ئادەت، تېخنىكا ۋە ماددىي مەھسۇلات قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. ھازىرقى ئاتالغۇ بويىچە ئېيتقاندا، بۇلار ئانتروپولوگىيە ۋە ئىنسانشۇناسلىق نۇقتىئىنەزەرلىرىدۇر.

بۇ ئىككى نۇقتىئىنەزەر قەدىمكى ئەسىرلەردە تازا ئېنىق ئايرىلمىغانىدى. قەدىمكى يۇنان ئەپسانىلىرىدە پرومېتېي ئىنسانلارنىڭ ئەلچىسى سۈپىتىدە تەسۋىرلەنگەنىدى. بۇ ھەزارەت مىخانىكا، ئەدەبىيات - سەنئەت ۋە ئىجتىمائىي تۈزۈملەرنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. ئۇلۇغ گرېك تارىخچىسى ھېرودوت ھەر خىل ھەزارەتلەرنى سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق تۈرلۈك جەمئىيەتتىكى ئۆرپ - ئادەت، ھۈنەر - سەنئەت، ئىجتىمائىي تۈزۈم ۋە دىنلارنى تەسۋىرلىگەنىدى. ئارىستوتېل سىياسىي گەۋدىلەرنى تەھلىل قىلغاندا، ئىقتىساد ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ مۇھىملىقىنى تەكىتلىگەن ھەمدە ئۇلارنى مەنىۋى ھەزارەت ئىزدەش ۋە ماددىي بايلىق بىلەن تەمىنلەشنىڭ ئاساسى.

ئارىستوتېلنىڭ ھەزارەتكە بولغان نۇقتىئىنەزىرى كەسكىن قىلىپ ئېيتقاندا، ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ كېيىنكى باسقۇچىدىن كەلگەن دېيىشكە بولىدۇ. ئۇ ھازىرقى ئۇقۇم بىلەن ئوخشاپ كېتىدۇ. (مەدەنىيەت دېگىنىمىز ھەزارەتنىڭ كېيىنكى مۇرەككەپ باسقۇچى). «مەدەنىيەت» دېگەن سۆز لاتىنچىدىكى Civil ۋە Citg دېگەن سۆزلەردىن كەلگەن بولۇپ، ئۇ ئىجتىمائىي، سىياسىي تەشكىلاتنىڭ تەرەققىيات ھالىتى. بىز دەۋاتقان «ئىپتىدائىي ھەزارەت» ئىنسانلارنىڭ ئېچىلمىغان باسقۇچىدىكى تەرەققىيات ھالىتىنى كۆرسىتىدۇ. ھەزارەت تەرەققىي قىلىپ، مەلۇم باسقۇچقا يەتكەندىن كېيىن، بىز ئۇنى «مەدەنىيەت» دەپ ئاتايمىز.

مەدەنىيەت ھەزارەتنىڭ تەرەققىياتى دېگەن قاراشقا ھەممە

مۇتەپەككۇرلار قوشۇلغانمۇ ئەمەس. بەزىلەرنىڭ قارىشىچە، ھەزارەتنىڭ دەسلەپكى باسقۇچى ھاياتىي كۈچ ۋە ئىجادىيلىق بىلەن تولغان بولۇپ ئۇنىڭ «سۇنئىي» تەشكىلاتلار، ئەقىلغا ئۇيغۇن پرىنسىپلار ۋە مۇتلەق مۇناسىۋەتلەردىن قانائەتلەنگەندىن كۆرە، «تەبىئىي» بىۋاسىتە سېزىم، ئەنئەنە ۋە ئورتاق تەشكىلاتلار ئىچىدە تۇرۇپ قالغىنى تۈزۈك ئىدى. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، مەدەنىيەت ھەزارەتنىڭ بۇزۇلۇشى ۋە ئاجىزلىشىشى. مەدەنىيەتنىڭ پەيدا بولۇشى ھەزارەتنىڭ خاراب بولۇشىنىڭ مۇقەددىمىسى.

مەدەنىيەتنىڭ ھازىرقى زامان ئۆقتىسىنەزەرى بىر خىل چۈشكۈنلۈك بولۇپ، ھەرگىزمۇ ئىنسان مەۋجۇتلۇقىنىڭ گۈللىنىشى ئەمەس. 18 ـ 19 ـ ئەسىرلەردىكى رومانتىزمچى مۇتەپەككۇرلارنى ئەسلىمەك رۇسسو ھاياتلىقنىڭ تەبىئەتكە يېقىنلىقىدىكى ساقلاملىقى بىلەن مەدەنىيەتلىك جەمئىيەتنىڭ چىرىكلىكىنى سېلىشتۇرغان. ھازىرقى نۇرغۇن مۇتەپەككۇرلار ھەزارەتنىڭ تەبىئەتتىكى ناكاملۇللۇق ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتەلمىگەن. ئەكسىچە، ئۇلار بايقىدىكى، ئىنسانلارنىڭ تۇرمۇشىدا ھەزارەت بىلەن تەبىئەت توختاۋسىز توقۇنۇشۇپ تۇرماقتا.

فرويد بۇ ئۆقتىسىنەزەرگە نىسبەتەن تەسىرى زور چۈشەندۈرۈشلەرنى بەردى. ئۇنىڭ يىرىك ئەسىرى «مەدەنىيەت ۋە كەمتۈكلۈك» مۇنداق بىر قىياسقا ئاساسلانغان، ئىنسانلارنىڭ بىئولوگىيە ۋە كەيپىيات جەھەتتىكى ھاجىتى مەدەنىيەتلىك جەمئىيەتنىڭ بوغۇشلىرىغا ئۇچرىدى، ھەزارەت بۇنداق ئوڭۇشسىزلىق كەلتۈرۈپ چىقارغان ئازاب ۋە بەختسىزلىككە دۇچ كەلدى.

ۋاھالەنكى، فرويد رۇسسو قاتارلىق رومانتىزمچى مۇتەپەككۇرلارغا ئوخشاش ھەزارەت ۋە مەدەنىيەتنى چەتكە قېقىپ، «تەبىئەتكە قايتىش» نى تەرغىب قىلمايتتى. ئۇنىڭ

قارشىچە، روھ ئاتالمىشنىڭ كۆزىتىشلىرى ئادەملەرنى ئۆز ئوغۇشسىزلىقنى يېڭىلەيدىغان قىلىدۇ، سەنئەت ۋە پەن جەھەتتە ئۆزلىرىنىڭ ئۇسۇلىنى بېكىتىشىگە ياردەم قىلىدۇ.

## ئاساسلىق ئەسەرلەر

阿里斯托芬:《女公民大会》

ئارىستوفان: «ئايال پۇقرالار قۇرۇلتىيى»

柏拉图:《菲多篇》;《国家篇》

ئەپلاتون: «فېدۇ ھەققىدە»، «غايىۋى دۆلەت»

亚里士多德:《形而上学》;《论主题》;《论灵魂》;《动物的历史》;《伦理学》;《政治学》

ئارىستوتېل: «مېتافىزىكا»، «باش تېما توغرىسىدا»، «روھ توغرىسىدا»، «ھايۋانلار تارىخى»، «ئېتىكا»، «سىياسەتشۇناسلىق»

卢克莱修:《物性论》

لۇكرېتسىي: «ماددا توغرىسىدا»

爱比克泰德:《语录》

ئېپىكتېت: «ئۇزۇندىلەر»

马可·奥勒留:《沉思录》

مارك ئاۋرېلىئۇ: «چوڭقۇر خىياللار»

普罗提诺:《恩尼阿德》

پلوتىنو: «ئېننېئادس»

奥古斯丁:《忏悔录》;《上帝之城》

ئاۋگۇستىن: «تۆۋنامە»، «تەڭرى شەھىرى»

阿奎那:《基督教箴言隽语集》

ئاكۇئىنا: «خرىستىئان ئەقلىيىلىرى»

马基雅维利:《君主论》

ماكىياۋېللى: «ھۆكۈمدارلار دەستۇرى»

霍布斯:《利维坦》

ھوببېس: «لېۋىئاتان»

拉伯雷:《巨人传》

رابلې: «گىگانتلار تەرجىمالى»

蒙田:《随笔集》

مۇنتەينى: «خاتىرىلەر»

笛卡儿:《方法论》

دېكارت: «مېتودولوگىيە»

斯宾诺莎:《伦理学》

سپىنوزا: «ئارشۇپاگىتىكا»

帕斯卡尔:《思想录》

پاسكال: «پىكىرلەر»

洛克:《论公民政府》;《论人类理解》

لوك: «پۇقرالار ھۆكۈمىتى توغرىسىدا»، «ئىنسانىيەت چۈشەنچىسى توغرىسىدا»

休谟:《人类理智研究》

يۇم: «ئىنسانىيەت ئەقلى توغرىسىدا تەتقىقات»

斯威夫特:《格列佛游记》

سۋىفت: «گۇللىۋېرنىڭ ساياھىتى»

孟德斯鸠:《法的精神》

مونتېسكيۇ: «قانۇن روھى»

卢梭:《论人类社会不平等的起源与基础》;《社会契约论》

رۇسسو: «ئىنسانلار جەمئىيىتىدىكى باراۋەرسىزلىكنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە ئۇنىڭ ئاساسلىرى»، «ئىجتىمائىي شەرتنامە»

亚当·斯密:《国富论》

ئادام سمىت: «دۆلەتنى بېيىتىش نەزەرىيىسى»

康德:《道德形而上学的基本原理》;《实践理性批判》
كانت: «ئەخلاق مېتافىزىكىسىنىڭ تۈپ پرىنسىپلىرى» ، «ئەمەلىي ئەقلىي تەنقىدى»

穆勒:《论自由》;《功利主义》
مىل: «ئەركىنلىك ھەققىدە» ، «مەنپەئەتپەرەسلىك»

黑格尔:《权利的哲学》;《历史哲学》
گېگېل: «ھوقۇق پەلسەپىسى» ، «تارىخ پەلسەپىسى»

达尔文:《人类的起源》
دارۋىن: «ئىنسانلارنىڭ كېلىپ چىقىشى»

马克思与恩格斯:《共产党宣言》
ماركس ۋە ئېنگېلس: «كوممۇنىستىك پارتىيە خىتابنامىسى»

詹姆斯:《心理学原理》
جامېس: «پسىخولوگىيە پرىنسىپلىرى»

弗洛伊德:《文明及其不满》
فروئىد: «مەدەنىيەت ۋە كەمتۈكلۈك»

## باشقا ئەسەرلەر

M. F. A. 蒙塔古:《他的第一个百万年:女人的天然优势》
A. مونتاگۇ: «ئۇنىڭ تۇنجى مىليون يىلى: ئاياللارنىڭ تەبىئىي ئەۋزەللىكى»

奥古斯丁:《论自由意志》
ئاۋگۇستىن: «ئەركىن ئىرادە توغرىسىدا»

C. 贝尔:《论文明》
C. بېل: «مەدەنىيەت ھەققىدە»

N. 别尔嘉耶夫:《人的命运》;《自由与精神》;《奴役与自由》
بېردىيايېۋ: «ئىنسان تەقدىرى» ، «ئەركىنلىك ۋە

روھ»، «مەھكۇملۇق ۋە ئەركىنلىك»
马丁·布伯:《人与人》
مارتىن بۇبېر: «ئادەم ۋە ئادەم»
E. 卡西耶:《人论》
ئېرنىست كاسسىرى: «ئادەم توغرىسىدا»
P. T. 夏尔丹:《人的现象》
P. T. شاردىن: «ئىنسان ھادىسىسى»
G. V. 蔡尔兹:《人类创造自己》
G. چىلدىس: «ئىنسانلار ئۆزىنى ياراتتى»
约翰·杜威:《人类的本质与操行》;《自由与文化》
جون دېۋىي: «ئىنسانلارنىڭ ماھىيىتى ۋە ھەرىكىتى»، «ئەركىنلىك ۋە ھەزارەت»
T. 多布任斯基:《人类自由的生物学基础》
T. دوبرژىنسكىي: «ئىنساننىڭ ئەركىنلىكىنىڭ بىئولوگىيىلىك ئاساسلىرى»
J.C. 费希特:《人的天职》
J.G. فىشت: «ئادەمنىڭ ۋەزىپىسى»
L. K. 弗兰克:《自然与人类本质》
L. فرانك: «تەبىئەت ۋە ئىنسان تەبىئىتى»
威廉·詹姆斯:《论信仰与道德》
ۋىليام جامېس: «ئېتىقاد ۋە ئەخلاق»
E. 卡勒:《人类尺度》
ئېرىك كاھلېر: «ئىنسان ئۆلچىمى»
J. M. 凯恩斯:《论概率》
J. M. كاينىس: «ئېھتىماللىق توغرىسىدا»
R. 林顿:《文化树》
R. لىنتون: «ھەزارەت دەرىخى»
马塞:《一个上帝的人》

گابرىل مارسېل: «بىر خۇدانىڭ ئادىمى»

玛格丽特・米德:《男性与女性》

مارگارېت مىد: «ئەرلەر ۋە ئاياللار»

J. S. 穆勒:《妇女的屈从地位》

J. S. مىل: «ئاياللارنىڭ ئىلاجىسىزلىقى»

尼布尔:《自然与人类命运》

R. نىبۇر: «تەبىئەت ۋە ئىنسان تەقدىرى»

叔本华:《论人类本质》;《悲观主义研究》

شوپېنخائېر: «ئادەمنىڭ ماھىيىتى»، «ئۈمىدسىزلىك تەتقىقاتى»

O. 施宾格勒:《西方的没落》

ئوسۋالد شپېنگلېر: «غەربنىڭ زاۋال تېپىشى»

A. J. 汤因比:《历史研究》

ئارنولد تويىنبى: «تارىخ تەتقىقاتى»

M. 乌纳穆诺:《生命的悲剧意义》

M. ئونامۇنو: «ھاياتنىڭ تراگېدىيىلىك مەنىسى»

J. 维恩:《机会的逻辑》

جون ۋېن: «پۇرسەت لوگىكىسى»

P. 韦斯:《自然与人》

پائۇل ۋېس: «تەبىئەت ۋە ئادەم»

G. 温格伦:《履行天职的路德》

G. ۋېنگرېن: «بۇرچنى ئادا قىلغان لۇتېر»

بۇ كىتاب خەينەن نەشرىياتىنىڭ 2002 - يىلى 4 - ئاي 1 - نەشرى، 2002 - يىلى 4 - ئاي 1 - باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

本书根据海南出版社 2002 年 4 月第 1 版，2002 年 4 月第 1 次印刷本翻译出版。

مەسئۇل مۇھەررىرى: ئازات ئالماس
مەسئۇل كوررېكتورى: ئاسىيە ئەخمەت
مۇقاۋىسىنى لايىھىلىگۈچى: ئەكبەر سالىھ

غەربنىڭ تەپەككۇرى

ئاپتورى: مورتىمىر ئادلېر (ئامېرىكا)
تەرجىمە قىلغۇچى: ئابدۇقادىر جالالىدىن

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى №348)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
ئۈرۈمچى كائىلىن قەغەزچىلىك - مەتبەئەچىلىك چەكلىك شىركىتىدە بېسىلدى
فورماتى: 850×1168 مم، 1/32
باسما تاۋىقى: 12.75
2005 - يىل 3 - ئاي 1 - نەشرى
2005 - يىل 3 - ئاي 1 - بېسىلىشى
تىراژى: 1 — 3000
ISBN 7—228—09346—1
باھاسى: 18.00 يۈەن